

# مەمتىمىن ھوشۇر
# پوۋېستلىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەمتىمىن ھوشۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN7－228－05080－0
I.1893(民文)定价:16.00元

ISBN 7-228-05080-0
9 787228 050802 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مەتىمىن ھوشۇر

# پوۋېستلىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


خاسىيەتلىك قار .................................. 1
سالام، ھېسام ئاكا ............................... 95
ساۋاقداشلار .................................... 159
نوزۇگۇم ....................................... 314

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خاسىيەتلىك قار

زۆھرە! ھېلىمۇ سەن ھېلىقى قېيشىق، كونا ئۆيدە تۇرۇۋاتامسەن؟ قولۇمغا كويزا سېلىنغاندا، چىرقىراپ يىغلىشىپ قالغان ئىككى ئوغلۇم ھاياتمۇ؟ نارەسىدىلەرنىڭ ئاشۇ يىغا ئاۋازى تېخىچە قولىقىمدىن كەتمىدى. شۇ ئىشلارنى ئويلىسام، يۈرىكىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ ئازابلىنىمەن.

بۈگۈن كېچە كارىۋىتىمنىڭ ئاستىدىن ساپما كەشىمنى ئىزدەۋېتىپ، نېمىشقا شۇ كۈنگىچە زۆھرەگە بىرەر پارچىمۇ خەت يازمىدىم؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئايرىلغىنىمىزغا شۇنچە يىللار بوپتۇ. ئارىمىزنى ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يوللار، تاغ ـ داۋان، تۇرلۇك مەملىكەتلەرنىڭ چېگرا توساقلىرى توسۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. لېكىن، كۆزۈمنى يۇمسام، يىراقتىكى شۇ مۇقەددەس ماكان — لايقىپ ئاقىدىغان دەريالار، چوققىلىرىدىن قار كەتمەيدىغان ئاقۋاش تاغلار، ئېتىزلار ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتىدىغان توپىلىق يوللار، پىژغىرىم ئاپتاپتا كۆكۈللۈك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان يوغان ئۈجمە دەرەخلىرى، تار، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلىق مەھەللىلەر ھېلىمۇ ئېنىق كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ... ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ يەر شارىمىزدا ئاددىي بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى خەشەكچىلىكمۇ بولمىسا كېرەك، بەزىدە مەن تەقدىر بورىنىنىڭ مېنى ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىمدىن ئايرىپ، قانداق قىلىپ

شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەيمەن. بالىلىقىم، تەنتەكلىكىم ئۆتكەن شۇ ئانا ماكانىنى، تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىك بېقىشلار بىلەن يۈرىكىمنى ئىللىتقان جاپاكەش ئايالىم — سېنى، كۆڭلىكىڭنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يىغلاپ قالغان سەبىي بالىلىرىمنى بىر كۇنمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. بەزىدە ئۆكسۈپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئەتراپىمدا نېمىشقا ياش تۆكۈۋاتقىنىمنى چۈشەنگۈدەك بىرمۇ ئادىمىم يوق...

شۇ خىياللار بىلەن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئىزدەۋاتقان نەرسەمنى شۇنچە سىيپاشتۇرۇپمۇ تاپالماپتىمەن. ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، ساپما كەشىم قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرۇپتۇ. بۇ كەشنى كىيىپ نەگە بارماقچى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمنى يەنە ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئورنۇمدا قايتا سوزۇلۇپ ياتتىم.

زۆھرە! مەن ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدىنمۇ سۇنۇق كۆڭۈل بولمىسا كېرەك، چۈنكى ئۇ شۇ يورۇق جاھان، شۇ نۇرلۇق قۇياش، شۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان... ھەممىنى تاشلاپ، قايتىپ كەلمەيدىغان بىر سەپەرگە يۈرۈش ئالدىدا تۇرغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ھەسرەتكە، پۇشايمانغا تولغان بولىدۇ. بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بارلىق كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىرەلەشكەن قەدىمى بىر رەسىم ياكى بولمىسا سەھەردە كۆتۈرۈلگەن تۇماندا داۋالغۇپ تۇرغان مەنزىرىلەردەك غۇۋا نامايان بولىدۇ ـ دە، پاك بىر ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ تۇۋا قىلغۇسى كېلىپ قالىدۇ. مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىكى ئەڭ پاك ئادەممۇ سەن. ئېسىڭدىمۇ؟ بىز تۇنجى قېتىم قار يېپىنغان ئاپئاق بىر دالىدا سۆيۈشمىگەنمىدۇق؟ قار — ئاقلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ؟... بەلكىم، يازغان خەتلىرىم

ساڭا يېتىپ بارالماس ياكى سەن قايتا تۇرمۇشلۇق بولغان بولساڭ، تۇرمۇش خاتىرجەملىكىڭنى بۇزۇشنى خالىماي، دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەندەك بىر قاچقۇننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى رەت قىلارسەن. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، يۈرىكىمدىكى ئاداققى سۆزلىرىمنى ساڭا، پەقەت ساڭىلا ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئەگەر راستىنلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، بۇ مېنىڭ خوشلىشىش سۆزلىرىم بولۇپ قالار.

بۈگۈن سەھەردە كېسەل كارىۋىتىم يېنىدا پەيدا بولغان ئاياغ تىۋىشىنى ئۇيقۇلۇق يېتىپ سېزىپ تۇردۇم. ئايالىم (بۇ ھازىرقى رەپىقەم، ئىسمى ھىدايەتخانىم) بىلەن دوختۇر شۇنچە ئاستا پىچىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. دوختۇرنىڭ: كېسەلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، كۆڭلى تارتقان نەرسىسىنى قىلىپ بېرىڭلار، دېگەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى كىم بىلمەيدۇ. بۇ «ئۇزاققا بارماي ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ سىلىق ئېيتىلىشى… دوختۇر چىقىپ كەتتى. ئايالىم بېشىمدا ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىدى. نېمىشقىدۇر «ئۆلۈم!» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا جاراڭلىشى چەكسىز بوشلۇقتا تاراپ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقان بىر ئەكس سادادەك ئاڭلاندى؛ كۆز ئالدىمغا كۆيۈپ تۈگەۋاتقان شام، قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىدىن كۆچكەن بىر يۇلتۇز، شېخىدىن ئايرىلىپ پۇلاڭشىپ چۈشۈۋاتقان بىر تال يوپۇرماق كەلدى ـ دە، ئۇزاقتىن بېرىقى جىددىيلىكىم پەسىيىپ، كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى… دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟! ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. ئۇ شاھنىڭ تاجىغا، گادايىنىڭ نالىسىغا قارىمايدۇ. ئەجەل ھەممىمىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋە بۈگۈن بولمىسا ئەتە، سەھەردە بولمىسا كەچتە چوقۇم سادىر بولىدىغان مۇقەررەرلىك!

ئايالىم شىپىرلاپ يۈرۈپ، كىيىم ئاسقۇدىن بىرنېمىنى ئالغاندەك قىلدى ـ دە، نەگىدۇر غايىب بولدى. بەلكىم ئازدىن كېيىن ئۇ ماشىنا ئېلىپ كېلىپ مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ. «دوختۇر سىزنى چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ، دېدى. ئەمدى ياخشى بولۇپ قالىسىز» دېگەندەك تەسەللى گەپلەرنى قىلىدۇ. دوختۇردىن چىققىنىمنى ئاڭلاپ قوشنا ـ قولۇملار يوقلاپ كىرىدۇ. ئۇلار چىرايلىرىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئەھۋالىمنى سورايدۇ. «ئۆتكەنكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، چىرايىمۇ بىر ئوبدانلا بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىپ، يالغاندىن كۆڭلۈمنى ياسايدۇ. ئىشىكتىن چىقىپلا: «قاراڭلار، ئورۇقلاپ ياغاچتەكلا بولۇپ قالغىنىنى...» دېيىشىپ، بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مەغرۇر يۈرگەن چاغلىرىم توغرىسىدا غەيۋەتكە چۈشۈشىدۇ. ئەگەر مەن راستتىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسام، ئۆيگە قايتىپ چىقىپ باشقىلارنى يەنە ئاۋارىچىلىككە سېلىشىمنىڭ، ياخشى تاماقلارنى يەپ ئۆزۈمنى كۈتۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى؟...

ئورنىمدىن تۇرۇپ، بالنىتسىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆز كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئۇزۇن كەتكەن زالدىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دېگۈدەك مېڭىپ ئۆتۈپ، دوختۇرخانىدىن ئاستىلا قېچىپ چىقتىم. دوختۇرخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قانداقتۇر بىر ئىت يېتىلىۋالغان خانىمغا سوقۇلۇپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. ھەر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئەپۇ سوراشتۇق. خانىمنىڭ ئۆزى شۇنچىلىك سېمىز، يېتىلىۋالغىنى بولسا ئورۇق بىر تايغان ئىدى. خانىم چىرايىمغا قاراپ ھەيران بولغاندەك بولدى. شۇنىڭدىمۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— سىز بۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان بىمار ئوخشىمامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق.

— ناھايىتى ئورۇقلاپ كېتىپسىز، ئايال كىشى تۇرۇپ سىزنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم. خۇدا بىر ساقلىدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق.

— نېمىشقىدۇ، ئورۇقلار مېنىڭ خەيرىخاھلىقىمنى قوزغايدۇ. بۇ كۇچۇك نەسىللىك ئىتلاردىن ئىدى. يېقىندىن بېرى سەۋەبسىزلا ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ. مانا، مۇمكىن بولسا مەن پەدىنىمدىكى گۆشلەردىن سىزگە خالىغانچە بېرىشكە تەييار ئىدىم.

— رەھمەت، ماڭا ئەمدى گۆشنىڭ لازىمى يوق. مەن پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئايالنىڭ قورقىنىدىن كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۆمىدسىزلەنمەڭ، سىزگە شىپالىق تىلەيمەن!

«بۇ خانىم سېمىزلەر كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە شۇنداق بىر كۇلۇبمۇ بار. بۇ كۇلۇبنىڭ ئادەملىرى «سېمىزلار ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ» دەپ ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

ئايالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىلا كىرا ماشىنىسىغا چىقىۋالدىم. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، «خەيرلىك سەھەر» ساتىراشخانىسىنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىم. بۇ شەھەر بويىچە ئەڭ ئەتىگەن ئېچىلىدىغان ساتىراشخانىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ دۇكاننى دەسلەپتە بىر تۈركىيىلىك كىشى ئاچقان، دېيىشىدۇ. شەھەردىكى رەڭگارەڭ چىراغلىرىنى چاقنىتىپ، يېرىم كېچىگىچە ئوچۇق تۇرىدىغان باشقا ساتىراشخانىلارنىڭ ئەكسىچە بۇ ساتىراشخانا ئەتىگەن ئېچىلىپ، بالدۇر تاقىلاتتىكەن. چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرۇشقا پەقەت ئەتىگەنكى ۋاقىتنىلا ئاجرىتالايدىغان ئالدىراش كىشىلەر، تۈنەپ قالغان

يەرلىرىدە ئۆزىگە پەرداز قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەن خانىملار بۇ يەرگە كېلىشەتتىكەن. كېيىن بۇ دۇكان بىرقانچە خوجايىنلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىجارەتنى سەھەردىن باشلايدىغان ئەنئەنىسى ئۆزگەرمىگەنىدى.

«خەيرلىك سەھەر» نىڭ كەڭ دېرىزىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان، چېچى ئەڭ يېڭى مودىدا ياسالغان خانىمنىڭ رەسىمىنى يىراقتىنلا كۆردۈم. يېقىنلاشقاندا بۇ رەسىمدىكى گۈزەلنىڭ يوغان كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، خېرىدارنى دۇكانغا شەرەتلەيتتى. ئىشىكنى ئېچىشىم بىلەن زەي ۋە ھەر خىل ماي، ئەتىرلەرنىڭ قويۇق پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. دۇكان خالىي ئىدى. ساتىراش خانىم ئەينەككە قاراپ قاش - كۆزلىرىنى زىننەتلەۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ قورقۇپ كەتكەندەك بولدى - دە:

— ياخشىمۇ سىز؟... كېلىڭ!...— دېگەن گەپلەرنى ئارانلا ئاغزىدىن چىقىرالىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ كۆزىگە ئەتىگەندە ئىشىك ئېچىپ كىرىۋاتقان ئەرۋاھتەك كۆرۈنگەن بولسام كېرەك، چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. چىرايىمدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ئورۇقلىقىمدىن كۆزۈمنىڭ چاناقلىرى ئىچىگە پېتىپ، ئىككى مەڭزىمنىڭ سۆڭىكى پولتىيىپ چىقىپلا قالغانىدى. ئەلەم بىلەن كۇلۇمسىرەپ قويدۇم. بىر چاغلاردا، مىلتىقنىڭ ستۇۋولى ئالدىدا ئىشلىگەن مەھبۇسلۇق ھاياتىمدىمۇ مۇنچىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانىدىم... مەيلى ئەمەسمۇ، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن سەت - چىرايلىق، ئورۇق - سېمىزلىكنىڭ نېمە پەرقى؟

— چاچ - ساقىلىمنى ياساپ قويۇڭ! — دېدىم ئارقامدا تېخىچە تېڭىرقاپ قاراپ تۇرغان خانىمغا.

ئۇ ھەر كۈنى بۇ دۇكاندا نەچچە ئون ئادەمنىڭ چاچ -

www.uyghurkitap.com

ساقىلىنى سىيپاپ پاختىدەك يۇمشاپ، ئۆزىدىمۇ، كىشىدىمۇ ھېچقانداق سېزىم ھاسىل قىلالماس بولۇپ كەتكەن قوللىرىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن چېچىمنى رەتلەپ:

— چېچىڭىزنى قانداق پاسوندا ياساپ قويسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىختىيارىڭىز، مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇمغا لايىق بىرنېمە قىلىپ قويسىڭىز بولىدۇ. سىز بىلمەيسىز، مەن يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ ئۇزاقتىن بېرى ئازابلانغانىدىم، جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تىنجىپ قالدى. تەقدىر تۇرمە ئەمەس ـ دە، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ مەن بىر چاغدا تۇرمىدىنمۇ قاچقان··· ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا بولسىمۇ سەل ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ قوياي، دەپ ئالدىڭىزغا كىردىم. تۇرمىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسنى كۆرگەنمەن. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ساقال ـ بۇرۇتىنى قىرىپ، ناھايىتى پاكىز يۈرەتتى··· قانداق پاسوندا بولسا بولۇۋېرىدۇ، — دېدىم.

ساتىراش خانىم ئالدىراپ ئالدىمغا پەرتۇق تارتتى، ساقال ـ بۇرۇتۇمغا مازغاپ سۈركەپ ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ پات ـ پات ئەينەكتىن قورقۇنچ ئىچىدە چىرايىمغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ مېنى «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» دىن قېچىپ چىققان بىرنېمە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئىتتىكرەك يولغا سېلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. يۇمشاق ئورۇندۇقتا كۆزۈمنى يۇمۇپ سوزۇلۇپ يېتىپ، ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كەتتىم.

خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا بۇ ساتىراشخانىغا بىر قېتىم كەلگىنىم ئېسىمدە. شۇ چاغدا، ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەنە ئاۋۇ خېرىدارلار ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن سافا ھازىرقىدەك ھاۋارەڭ رەختتە ئەمەس، يېشىل پەرقۇت بىلەن قاپلانغانىدى.

سافادا ياشقىنا ئىككى خانىم بىر رەسىملىك ژۇرنالنى ۋاراقلاپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ چاغدا چېچىمنى ياساۋاتقىنى مۇشۇ ساتىراش خانىممۇ، باشقا بىرىمۇ، ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، ئۇ ھازىرقى بۇ خانىمدىن ياشراق ۋە يۇرەكلىكرەك كۆرۈنگەنىدى. ئۇمۇ ئارىلاپ ئۆچېرەت كۈتۈپ ئولتۇرغان خانىملارنىڭ پارىڭىغا ئارىلىشىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى باشتا مودا كىيىملىرى، يېقىندا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇۋاتقان ئىت بەيگىسى، قانداقتۇر بىر كېچىدىلا مىليونلاپ ئاقچا ئۇتۇۋېلىپ بېيىپ كەتكەن ئامەتلىك بىر خانىم ئۈستىدە بولدى. ئىككى ئايال خېرىدارنىڭ چىرايى ئالدىمدىكى ئەينەكتىن ماڭا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قوڭۇر چاچ، ئاق يۈزلۈك، زەڭگەر كۆز، بۇرۇنلىرى ئىنچىكە، قىپقىزىل لاكلىۋالغان كالپۇكلىرى بەكمۇ نېپىز، پۇتلىرى ئۇزۇن، مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئېيتقاندا، گۈزەل ھېسابلىنىدىغان خانىملاردىن ئىدى. ئىككىنچىسى بولسا، قارىقۇمچاق، يۈزلىرى دۈگىلەك، قوي كۆز، كالپۇكلىرى قېلىنراق كەلگەن، دوستىغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان، ئاسىيا قان تېپىدىكى ئايال ئىدى. تويۇقسىز ئۇلارنىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىۋاتقىنى قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالدى. بۇ يەرگە ھەر تەرەپتىن كېلىپ قالغان كۆچمەنلەر بەزىدە ئۆز ئارا مەخپىي قىلىشىدىغان گەپلىرىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى چۈشەنمەيدىغان ئاشۇنداق تىللاردا سۆزلىشىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى خانىم ساپ تۈرك بولمىغان تەقدىردىمۇ تۈركىيىدە بىر مەزگىل يۈرۈپ جان باققان ئاياللاردەك قىلاتتى. ئۇلار مېنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىدىغىنىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەي پىخىلداپ كۈلۈشۈپ، بەخۇدۇك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. گەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— مۇنۇ چاچ ياستۇقنى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئاق يۈزلۈك خانىم دوستىدىن، — قارا، تەقى - تۇرقىمۇ يامان ئەمەسكەن. كىيىم - كېچەكلەرنى قارىغاندا ئوقۇتقۇچىدەك بولۇپ تۇرغان بىر نېمىدەك قىلىدۇ.

— ساڭا باب كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى قارىقۇمچاق ئايال.

— ماڭىمۇ؟ بىر كېچىلىككە دېسەڭ كۆرۈپ باقساق بولىدۇ… ساڭا نەرى باب كەلمىگۈدەك؟

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن سەسكەندىم.

— ھەممىسى سەن ئۇچراتقانلاردەك قوپال بولۇۋەرمەيدۇ… كېيىن خالاپ قالىسەن.

— قېنى، خالاپ قالغاندا بىر گەپ بولار… سەن ھەر قاندىقىدىن قايتمايسەنغۇ؟

— پۇرسەت بولسا «ياق» دېيىش ئەخمەقلىق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، پەقەت مۇئامىلىسى، قىلىدىغان قىلىقلىرى ئوخشاشمايدۇ. بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنىمۇ شۇ… راستمۇ؟ سەن دەپ باققىنا…

قارىقۇمچاق ئايال ئاغزىنى توسۇپ كۈلۈپ، دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن ئۇلار چىراي - شەكلىم، كىيىملىرىمنى سېلىپ يالىڭاچ بولغاندىن كېيىنكى كۆلكىلىك ھالىتىم ۋە ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندا قانداق قىلىقلارنى چىقىرىشىم توغرىسىدا بىمەنە پەرەزلەرگە چۈشۈپ، تېتىقسىز چاقچاقلار بىلەن كۈلۈپ قېتىپ قېلىشتى.

چاچ - ساقىلىمنى ئالغۇزۇپ بولۇپ كىيىنىپ پۇل تۆلىدىم، ئاندىن ھېلىقى خانىملارغا قاراپ تۇرۇپ تىلىدا:

— خوش، شۇنداق قىلىپ، قايسىڭلار بۈگۈنكى كەچلىك تاماقنى مېنىڭ بىلەن بىللە يەيدىغان بولدۇڭلار؟ — دېدىم.

تېخىچە ماڭا قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرغان ئاياللارنىڭ

چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى ـ دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قېلىشتى. خىجالەتچىلىكتىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. بۇ قىزىرىش ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى ئۇپا ـ ئەڭلىك بېسىپ كېتەلمىگەن تاتىرىشنى يوقىتىپ، ئازراق بولسىمۇ چىن گۈزەللىك بېغىشلىدى. «خۇدايا شۈكۈر! ھەرنېمە بولسا قىزىرىشنى ئۇنتۇمىغانلاردىن ئىكەن» دەپ ئويلىدىم ـ دە، تالاغا قاراپ ماڭدىم. شۇ چاغدا ئۇلاردىن بىرى ئېسىنى يىغىپ:

— كەچۈرسىز، سىز تۈركىيىلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جۇڭگولۇقمەن! — دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇ ئاياللار بۈگۈنمۇ بۇ يەردە بولغان بولسا، بۇ قۇرۇپ ياغاچقا ئايلانغان ئەپتىمگە قاراپ يەنە قانداق مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقان بولاتتىكىن؟!...

ساتىراش خانىم ئىشىنى ئالدىراش تاماملاپ، ئالدىمدىن پەرتۇقىنى يېشىپ ئالدى. ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمگە ئازراق بولسىمۇ ئىسكەت كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ساتىراش خانىم ئارقامدا تېخىچە مېنى ئەندىشە ئىچىدە كۆزىتىپ تۇراتتى. ئېھتىمال ئۇ: بۇ قاچقۇن پۇل تۆلەرمۇ، يوق؟ پۇل تۆلىمىسىمۇ تېزراق كۆزدىن يوقالسا بولاتتى، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قولىغا كۈتكىنىمدىن كۆپرەك پۇل تۇتقۇزدۇم. ئۇ ھەيران بولۇپ:

— يەنە باشقا خىزمىتىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— رەھمەت، ئالدىرايمەن، — دېدىم.

## 2

زۆھرە!

ساتىراشخانىدىن چىقىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم.

ئالدىمدىكى تار كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە چىقتىم. يولدا كىچىك ماشىنىلار ئېقىن سۇدەك ئىلگىرىلىشەتتى. پىيادىلەر يولىمۇ ئەمدى ئىشقا ماڭغان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئاسمانغا قارىدىم. بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. لېكىن، بۇ ئالدىراش ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كۆلۈپ تۇرغان قۇياشقا، كۆپكۆك ئاسمان ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىدە قېتىپ قالغان پاختىدەك ئاق بۇلۇتلارغا، ئاۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىدە تۆۋەنگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرغان كەپتەرلەرگە قاراشقا چولىسى يوق ئىدى. بۇ يەردە ھەممە ئىش شۇنداق ئالدىراشچىلىق، جىددىيلىك ئىچىدە پۈتىدۇ. ئىشقا كېتىۋاتقانلار، كېچىلىك ئىسمېنىدىن قايتقانلار، نەرسە ـ كېرەك ئالماقچى بولۇپ دۇكانمۇ دۇكان باش تىقىپ يۈرگەن خېرىدارلار، ئۇچرىشىش ئورنىغا ئالدىراۋاتقان خانىملار، بەيگە، قىمار مەيدانلىرىنى ئاۋات قىلىدىغان پۇللۇق بايۋەچچىلەر، يۈزلىرىگە غەلىتە بەلگىلەرنى سىزىۋالغان توپ مەستانىلىرى، ھەتتا ئاۋۇ كونا بىر گىتارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، پۈتىنى سۆرەپ كېتىپ بارغان قېرى تىلەمچىمۇ شۇنداق ئالدىراش ئىدى. مۇشۇنداق مۆھلەت ئىچىدە ھاياتلىق ئۆچۈن كۈرەش قىلىش، تالىشىش، جان بېقىش تەقەززاسى مېنىمۇ ئالدىراڭغۇ قىلىپ قويغانىدى. لېكىن، مەن ھازىر نېمىگە ئالدىرايمەن؟ ئۆلۈمگە ئالدىراپ يەتكىلى بولمايدۇ. ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا ئۇ ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ...

ئالدىراش يۈرگەن شۇ ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ، خېلى ۋاقىتقىچە بازار ئايلاندىم. تونۇش ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن باش كىيىمىنى كۆتۈرۈپ سالاملىشىپ ئۆتەتتى. ئەنە ئاۋۇ ياشانغان كىشى چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن يەنە بىر خانىمنى قولتۇقلاپ، نېمىلەر توغرىسىدىدۇر قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. زىبۇ زىننەت دۇكىنىنىڭ ئالدىدا

مۇرىلىرى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگەن بىر خانىم قارشىسىدىكى ساقاللىق كىشىنىڭ دولىسىغا خۇددى ئەرلەردەك ئۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇلۇۋاتاتتى. شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىپ قويغۇدەك بىرەر تونۇشمۇ ئۇچرىمىدى. ئۇستۇمدىكى ئېسىل كىيىملەرنىڭ، يانچۇقۇمدىكى باھالىق چەك - پۇللىرىمنىڭ قىممىتى زادى نېمىگە تەڭ؟ ئەجەبا، ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى، كۆڭلۈمنىڭ سۇنۇق، مىسكىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىنا!؟

شۇنداق، بۇ بىر يات مەملىكەت، يات ماكان، ئۇلار كىملىكىمنى، نەدىن، قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىمنى؛ كەچۈرمىشلىرىم، خاراكتېرىم، ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى نەدىن بىلسۇن. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا بولغان بولسام، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى مەھەللىدىن بازارغا يېتىپ كەلگۈچە ئونلىغان ئادەملەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ ئۆتكەن بولاتتىم. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى قايناق بازاردا ئەمەس، ئادەمسىز چۆل - جەزىرىدە كېتىپ بارغاندەك يېگانە ھېس قىلدىم...

چۈشلۈك تاماقتا «ئالەمگە نەزەر» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ ئەللىك قەۋەتلىك، ناھايىتىمۇ ئاۋات بىر مېھمانخانا. ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئاشخانىدىن جۇڭگوچە سەي، تۈرك تاماقلىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزۈمگە كالا گۆشى قوردىقى بىلەن ئازراق ئۇسسۇلۇق بۇيرۇتتۇم. بۇنداق چوڭ رېستورانلاردا كىشىنىڭ ئالدى يەيدىغان نېمىدىن تولاراق پىچاق، ۋولكا، چوڭ - كىچىك تەخسە، رومكا، شالداما، سۇرتكۈچ قەغەز دېگەندەك بىرنېمىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، تاماق باھاسىمۇ ناھايىتى ئۇستۇن بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، ھېلىقى بىزنىڭ كاسىپلار، ئېلىپ - ساتارلار، دېھقانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن گۇرۇلدەپ تۇرىدىغان بازارلىرىمىزدىكى ئىسلىشىپ كەتكەن، پاكار، ئاددىي

ئاشخانىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ئۇ يەردە ھەربىر ئاشخانا، ھەربىر ئۇستامنىڭ قولىنىڭ تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇ ئەرزەن، لەززەتلىك مانتا، سامسا، پولۇ، لەغمەن، ئۇگرە ئاشلارنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەردىن نەملەشكەن دۇمبىلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ، قىستىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قېنىق دەملەنگەن قىزىق چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، توغرىدىن - توغرا قىلىشىدىغان قوپال، ساددا گەپلىرىنى، قىزىق چاقچاقلىرىنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەيمەن···

تاماقتىن كېيىن ھاردۇق يېتىپ مۈگدەپ قالغان ئوخشايمەن، بىرىنىڭ:

— ئەپەندىم! — دېگەن ئاۋازىدىن ئۆزۈمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئالدىمدا يېشى توختىغان بىر ئەر مۇلازىمەتچى تۇرۇپتۇ، — كەچۈرىسىز، ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم، ساقلىقىڭىز يوقمۇ، قانداق؟ — دېدى ئۇ.

— رەھمەت، سەل ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ.

— چىرايىڭىز ياخشى ئەمەس كۆرۈنىدۇ، سەل ئەنسىرەپ قالدۇق. بۇ يەردە دەم ئېلىش ئۆيى بار. باھاسىمۇ بەك يۇقىرى ئەمەس. ئازراق ئارام ئالامسىز؟

— بىكار ياتاق بولسا ماڭا بىرەرىنى يازدۇرۇپ قويامسىز، ئەڭ ياخشىسى، يۇقىرى قەۋەتلەردىن، خالىيراق بىر ئۆي بولسۇن.

— قانچە كۈنلۈك؟

— بىر كۈن··· ئىككى كۈن بولسىمۇ بولىدۇ. قانچە كۈنلۈك ئۆمرۈم قالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، يېقىن ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

كۈتكۈچى ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

— قىزىق، سىز قايسى دىنغا ئىشىنىسىز؟ — دېدى ئۇ، — ھە، ئۇنداق دېگىنىم سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، ھازىر بەزى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ياشاشنى بىمەنە ئىش دەپ بىلىپ، مەلۇم بىر كۈننى ئۆلىدىغان كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ ئۆلۈۋالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدىغان بوپقالدى.

— مەن ئاساسى بولمىغان ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيمەن، پەقەت خۇدانىڭ بىرلىكىگە بارلىقىغا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمەن. مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، بىزگە بىر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن ۋاقتى - سائىتى توشۇپ، ئۆزى كېلىدىغان ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتىمەن.

— چۈشەندىم، — دېدى ئەر مۇلازىم، — سىزنىڭ بۇ قاراشلىرىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئېتىقاد!

كۈتكۈچى ئالدىراش مېڭىپ بېرىپ، پوكەي يېنىدىكى تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئازدىن كېيىن بىر ياش كۈتكۈچى قىز كېلىپ مېنى يۇقىرى قەۋەتتىكى بىر ياتاققا باشلاپ ئاچىقىپ قويدى. ياتاققا چىققاندا ئاشخانىدىكى مۇگدەشتىن مەندە ئەسەرمۇ قالمىدى. يوغان تەشتەك گۈلنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ساڭا مانا بۇ خەتنى يېزىشقا باشلىدىم:

زۆھرە، ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا، ئادەم ئۆلتۈردى، دەپ ئەيىبلىنىپ سوغۇق كامېرغا تاشلانغىنىمدا، مۇشۇ سېسىق تارچۇقتا ئۆلۈپمۇ كېتەرمەنمۇ، دەپ ناھايىتى قورققانىدىم. كېيىن بىز يىراق چۆللۈكتە ئىككى يىلچە ئىشلىدۇق. ئىش ئېغىر، تاماق ناچار، مەھبۇسلارنىڭ بەزىلىرى ئىششىپ، قورسىقى كۆپۈپلا ئۆلۈپ قالاتتى. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىدى. ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرىدىغانمۇ ئادەم يوق ئىدى. قۇمنى تۆت چاسا قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كولاپ، ئورەككە جەسەتنى چۈشۈرەتتۇق. جەسەت ئۈستىگە بىرەر باغلام قومۇش ياكى جىگدىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى تېپىپ ئەكېلىپ تاشلاپلا كۆمۈپ قوياتتۇق. بەلگە ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا قۇمنى دۆۋىلەپ قوياتتۇق. ئەمما، چۆل شاماللىرى بىر - ئىككى كۈندىلا ھېلىقى قۇم دۆۋىسىنى ئۇچۇرۇپ تۈگىتىپ، چەكسىز قۇملۇق بىلەن پەرقسىز قىلىپ قوياتتى. شۇ ئىشلارنى كۆرگىنىمدە ئاسمانغا قاراپ نالە قىلىپ، «خۇدايا، ھەرنېمە قىلساڭ قىل، ئۆلۈكىمنى بۇ چۆل - جەزىرىگە تاشلاپ قويمىغىن!» دېگەنىدىم. مانا ئەمدى، «جەسىتىم ۋەتىنىمدىن، تونۇش ئادەملىرىمدىن يىراق مۇشۇ يات ئەللەردە قالارمۇ» دەپ ئازابلىنىدىغان بولدۇم. نېمىشقا شۇ چاغدا شۇ زەي كامېردا، ئاشۇ بوران ئۇچۇپ تۇرغان قۇملۇقتا ئۆلۈپ قالمىغاندىمەن، دەپمۇ ھەسرەت چېكىمەن.

زۆھرە، بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە يازاي. مۇبادا، بۇ خېتىم قولۇڭغا تېگىپ ماڭا خەت يازماقچى بولۇپ قالساڭ، كونۋېرتتىكى ئادرېسنى يېزىپ، «ھىدايەتخانىم ئارقىلىق تىلەك ئەپەندىگە تەگسۇن» دېسەڭ بولىدۇ.

## 3

زۆھرە! بۈگۈن كېچە مەن قونغان بۇ مېھمانخانا بىناسى بىر زامانلاردا شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز ئىمارەت ھېسابلىناتتىكەن. مېھمانخانا سىرتىدىن قارىغاندا، ئادەمگە ئەللىك قەۋەتلىكتەك تەسىرات بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قىرىق يەتتە قەۋەت. ئارخىتېكتور ئۇنى شۇنداق كۆركەم ۋە غەلىتە لايىھىلىگەن. بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ھەممە تەرىپى ئەينەك بىلەن قورشالغان بىر كافىخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يەردە ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ پۈتۈن

مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ «ئالەمگە نەزەر» دېگەن نامىمۇ شۇنىڭدىن قالغان. بۇ بىنا توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىمۇ تارقالغان:

«ئالەمگە نەزەر» نىڭ خوجايىنى بۇ بىنانى سالدۇرۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئەللىك ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە شەھەر باشلىقىدىن تارتىپ شەھەردىكى بارلىق مەشھۇر شەخسلەر، كاتتا بايلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان، دېيىشىدۇ. مېھمانلار ئېسىل شارابلارنى ئىچىپ، ئويۇن تازا قىزىغان ۋاقىتتا ساھىبخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، بىر سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ مېھمانخانىنى سىرتىدىن قارىغاندا ئەللىك قەۋەت، ئەمەلىيەتتە قىرىق يەتتە قەۋەت قىلىپ سالدۇردۇم؟ مانا بۇ سوئالىمغا رەپىقەمنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ ئايالى كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا تېڭىرقاپ قاپتۇ، دەماللىققا مۇۋاپىق بىر جاۋاب تاپالماي:

— سىز ئەزەلدىن ئاشۇنداق غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ نام چىقىرىشقا خۇشتارسىز ... ياكى بۇ لايىھىلىگۈچىنىڭ كاللىسىغا كېلىپ قالغان ئاجايىپ بىر پىلان بولۇشىمۇ مۇمكىن ... ياكى بولمىسا، ئىچىڭىزنىمۇ ئەللىك قەۋەت قىلىشقا خىراجەت يەتمىگەندۇ ... — دېگەندەك پەرەزلەرنى تەۋەككۈلگىلا دەپ بېقىپتۇ. خوجايىن:

— تاپالمىدىڭ! — دەپ ئايالىنىڭ ھەممە پەرەزلىرىنى رەت قىپتۇ ۋە مېھمانلارغا قاراپ، — قېنى، قىممەتلىك مېھمانلىرىمنىڭ ئىچىدە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك كىشى چىقامدىكىن؟ — دەپتۇ.

شۇ چاغدا، مېھمانلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ياش، گۈزەل بىر

www.uyghurkitap.com

خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ سىز بۇ بىنانى ئۆزىڭىزنىڭ قىرىق يەتتە ياشقا كىرىدىغان يىلىڭىز ياساپ پۈتكۈزۈشنى پىلانلاپ، قىرىق يەتتە قەۋەت قىلىپ سالدۇرغان. شۇ چاغدا، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ئەللىك ياشقا تولغانلىق خاتىرە كۈننى مۇشۇ بىنادا داغ ـ دۇغىلىق ئۆتكۈزۈشنىمۇ كۆڭلىڭىزگە پۈككەنسىز. شۇڭا، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئەللىك قەۋەتلىكتەك قىلىپ لايىھىلەنگەن. ــ دەپتۇ.

زىياپەت زالىدا ئولتۇرغان پۈتۈن مېھمانلار جايىدا بىرلىگەن بۇ جاۋابقا ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپتۇ. مېھمانخانا خوجايىنى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ:

ــ خانىملار، ئەپەندىلەر، ئايالىم تۇرمۇشۇمدىكى مۇشۇ ئاددىي بىر ئىشقىمۇ ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي، مېنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قويدى. ھازىردىن باشلاپ بۇ خانىمنى ئايالىم، دەپ تونۇمايمەن. ئەگەر تەكلىپىمنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئاشۇ ئەقىللىق خانىم بىلەن توپلىشىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن! ــ دەپ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن ھېلىقى ياش خانىمنى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ يەردە ئادەمنىڭ تەقدىرى بىردەملىك ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەنە شۇنداق كۈلكىلىك ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە ھېلىقى گۈزەل خانىم مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ ئوينىشى ئىكەن، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىشنى ئۆز ئاشنىسىغا ئۆگىتىپ قويغان بولسا كېرەك. خوجايىنىنىڭ ئايالىمۇ بوش كەلمىگەن ئوخشايدۇ. كېيىن ئۇ ئېرى بىلەن ئون يىلغا يېقىن دەۋالىشىپ، ئاخىرىدا بۇ بىنانى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغانىكەن. ئەر خوجايىن ئەيش ـ ئىشرەت، پۇلنىلا قوغلىشىدىغان ئادەم بولغاچقا «ئالەمگە نەزەر» بىر مەزگىل پاھىشە ئاياللار ۋە ھەر خىل

تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ، سىپسىق نامى پۇر كەتكەنىكەن. ئايال خوجايىنىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپلىنىشىپتۇ. ھازىر بۇ بىنانىڭ كۆركەم سىرتقى كۆرۈنۈشى ساقلاپ قېلىنىپ، ئىچى زامانغا لايىق جاھاز ۋە قۇرۇلمىلار بىلەن يېڭىلانغان بولۇپ، شەھەردىكى يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ئارىسىدا يەنىلا ئۆز سۆلىتىنى يوقاتماي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن، «ئالەمگە نەزەر»نىڭ ئۈستىدىكى ئەينەكلىك كافىخانىغا چىقتىم. دېرىزىگە يېقىن بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمگە ئىچىملىك بۇيرۇتتۇم. ئەينەكتىن شەھەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. شەھەر سىرتىدىكى پارچە ـ پارچە يېشىللىقلار، تۇتاش كەتكەن ئورمانلار، تېخىمۇ يىراقتا بولسا غۇۋالىق ئىچىدە ياتقان دېڭىز كۆزگە چۈشەتتى. يۇقىرىدىن قارىغاندا شەھەر كوچىلىرى كىشىگە ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ، تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بولغاچقا كوچىلاردىكى ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ماشىنىلار، ئادەملەر، ھەممە نەرسە غايەت زور شاۋقۇن ئىچىدە تەۋرىنەتتى...

يۇرتۇمدىكى شەھەرلەرنىڭ ئاجايىپ بىر چەت مەھەللىلىرى بولىدىغان. كوچىنىڭ ئوتتۇرىدا تېزەك تاتلاپ دانلاۋاتقان توخۇلار، پېشايۋانلاردا بۇغۇلدىشىپ تۇرغان كەپتەرلەر، قەيەردىدۇر ئانىسىنى ئىزدىگەن بىر قوزىنىڭ مەرىشى، شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرغان مەھەللە ئۆستىڭىدىن ئېتىكىنى يىغىپ سۇ ئېلىۋاتقان قىزچاق، تاسادىپىي ھاڭراپ، پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىدىغان ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازى، قولىغا ئۇزۇن تايىقنى تۇتۇپ ھويلىمۇ ـ ھويلا كىرىپ يۈرگەن دېۋانىنىڭ پېشىنى تالاپ، غەزەپلىك ھاۋشۇۋاتقان ئىتلار...

كېچىلىرى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قاتار تېرەكنىڭ بېشىغا چۈشۈلدىشىپ قونۇپ قاقىلدىشىدىغان قاغىلار، تېرەكنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىپ قالغان تولۇن ئاي، ھارۋىكەشلەرنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان كۆڭۈللۈك ناخشىسى... كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ قالغان شۇ خاتىرىلەرنى ئەسكە ئالسام، قەدىمىي مەملىكەتلەر توغرىسىدىكى گۈزەل بىر رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمەن.

زۆھرە، بىزنىڭ كونا مەھەللىلىرىمىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بۇ مەھەللىنى كىشىلەر «ئويمان مەھەللە» دەپ ئاتىشاتتى. شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ ئورنى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە قىش - ياز سۇ يىغىلىپ تۇرىدىغان بىر ئويمانلىق ئىكەن. كېيىن بازارنىڭ ئەخلەتلىرى، كىملەرنىڭدۇ ئەكېلىپ تۆككەن توپا - تاشلىرى بىلەن تىنىپ، بۇ بىر پارچە يەر قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. ئاندىن شەھەرنىڭ كەمبەغەللىرى، كاسىپلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلاپتۇ. ھەركىم دەرۋازىسىنى خىيالىغا كەلگەن تەرەپكە ئېچىپ، ماڭىدىغانغا ئازراقتىن يول قويۇشۇپ ھويلا تاملىرىنى سوقۇشۇپتۇ. نەتىجىدە بۇ يەردە ھېچبىر لايىھىلىگۈچىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان شۇنداق غەلىتە كوچىلار پەيدا بولغانىكەن. بىر كوچىدا كېتىپ بېرىپ، «خالتا كوچىغا كىرىپ قالدىممۇ، قانداق؟» دەپ ئارقاڭغا قايتماقچى بولىسەن، تاقاشقان يەرگىچە بېرىپ قارىساڭ، سولغا كەتكەن يەنە بىر تار كوچىنى كۆرىسەن؛ پاكار تاملار، قىيشايغان دەرۋازىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇلۇڭدىكى يەنە بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئوڭغا كەتكەن ئىككىنچى بىر كوچا كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كوچىلارغا زادى كېلىپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ، بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە قېتىم چىقىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ

بولىدۇ... مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە مەيدانمۇ بار. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ياغاچتا دائىم پارىڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بىرنەچچە بوۋاينى ئۇچرىتىسەن. بوۋايلارغا سالام بېرىپ مېڭىۋەرگەندە، قانداقتۇر بىر ئەگىملەر، بۇرۇلۇشلاردىن ئۆتسەڭ تېخى بىر ئۆستەڭ سۇمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۇ خۇددى مۆجىزە كۆرسىتىۋاتقاندەك بىردە قايسىبىر هويلىلار ئىچىدىن ئېقىپ چىقىپ يولنىڭ يان تەرىپىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ ـ دە، يەنە قانداقتۇر بىر هويلىلارنىڭ شورىلىرىدىن كىرىپ غايىب بولىدۇ. ئۆستەڭنى ياقىلاپ مېڭىۋەرسەڭ بىردىنلا كەڭ جاھانغا ـ ھەر خىل كۆكتات، بۇغداي، قوناقلار تېرىلغان يېشىللىقلارغا ئۇلىشىسەن.

بىزنىڭ بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە بىرەر هارۋا شاخ ـ ئوتۇن ساتقان دېھقاننىڭ ياكى بىرەر ماشىنا كۆمۈر چۈشۈرمەكچى بولغان شوپۇرنىڭ جېنىغا ۋاي ئىدى. ئۇلار ھەم تېرىكىش، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە كىملەرنىدۇر تىللاپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ، ھەربىر بۇرۇلۇشلاردا ئالدى ـ كەينىگە سا بولۇپ، تاملارنىڭ بېقىنلىرىنى سىجاپ ئۆتۈپ، بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلمەيدىغانلىقىقا مىڭ قېتىم قەسەم ئىچىپ، مەنزىلگە ئاران يېتەتتى.

قىش كۈنلىرى مەھەللىمىز يەنە باشقىچە تۈسكە كىرەتتى. ئۆگزىگە قار چۈشەرگىلى چىققان كىشىگە ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ ياتقان مەھەللە، دۆمچەك ـ دۆمچەك ئۆيلەر، باغلار، مەھەللە چېتىدىكى ئېتىزلار ئۆزگىچە گۈزەل كۆرۈنەتتى. قار قېلىن ياغقان يىللىرى هېلىقى تار كوچىلارغىمۇ قار دۆۋىلىنىشىپ كېتەتتى. بالا ۋاقىتلىرىمىزدا شوخلۇق قىلىپ ئۆگزىدىن قارغا سەكرەپ دومىلاپ ئويىنىشاتتۇق... ئېسىمدە قېلىشىچە، تولاراق نامرات ئادەملەر ئورۇنلاشقان بۇ مەھەللىگە كېيىن ھۆكۈمەت «ئازاد مەھەللە»، «تاڭ نۇرى كوچىسى» دېگەندەك چىرايلىق

ناملارنى قويۇپ باققان، ھەتتا، ھەر بىر دەرۋازىنىڭ بېشىغا «بەخت كوچا» دېگەن يالتىراپ تۇرغان خېتى بار ئىشىك نومۇرلىرىنى قاققان بولسىمۇ، شەھەرنىڭ ئادەملىرى يەنىلا بۇ يەرنى ئادىتى بويىچە «ئويمان مەھەللە» دەپ ئاتىشاتتى.

بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئاجايىپ ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا چوڭلىرىمىزنىڭ ئىشى ئالدىراشمىتتىكىن ياكى بالا تېپىپ، ئىسىم قويۇشنى بىلمەمتىكىن، تۇغۇلغان بالىلىرىغا ئۇتتۇر كەلگەن بىر ئىسىمنى — قانداقتۇر بىر قۇلىقىغا سىڭىشىپ قالغان، ياكى ئاشۇ مىنۇتتا تۇيۇقسىزلا خىيالىغا كېلىپ قالغان ياكى بولمىسا قايسىبىر شۆھرەتلىكرەك ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ قايتىلاپ قويۇۋېرەتتى. بەزىلىرى تېخى قاپىيىگە باي ئۇستا شائىرلاردەك بالىلىرىنىڭ ئېتىنى ئاھاڭلاشتۇرۇپ سادىر، نادىر، قادىر، ئاۋۇت، ساۋۇت، داۋۇت ... دېگەنلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. بۇ بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن قارىساڭ، بىر كوچىدىلا مەمەتتىن ئىككى ـ ئۈچى، سەمەتتىن تۆت ـ بەشى، ئاسىم ـ قاسىم دېگەنلەردىن ئالتە ـ يەتتىسى پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بەزىدە كېچىلىرى كېلىپ جىنايەتچىنى تۇتماقچى بولغان ساقچىلارمۇ ماۋۇ كوچىدىكى ئەخمەتجاننى تۇتىمەن، دەپ باشقا بىر كوچىدىكى ئەخمەتجاننى تۇتۇپ كېتىپمۇ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ساقچىلارمۇ ھەرگىز «خاتا تۇتۇپ قويۇپتۇق» دېگەن گەپنى قىلمايدۇ. ئۇنداق دېگەندە بىرىنچىدىن، ساقچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا ياخشى ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھېلىقى ئەخمەتجاننىڭ سىرتقا چىقىپ كۆرەڭلەپ، قانۇن ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئۈستىدە ھەرنېمىلەرنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ. مۇنداق ئۇقۇشماسلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ساقچىلارنىڭمۇ ئۆز ئۇسۇلى بار. ئالدى بىلەن خاتا تۇتۇلغان ھېلىقى ئەخمەتخاننى رەسمىي سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىدىغان گەپ. ئاندىن تازا

سۇرى بار سوراقچىدىن بىر ـ ئىككىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ: «خوش ئەخمەتاخۇن، قىلغان گۇناھىڭلىنى بىلەمسىلەر؟ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئىقرار قىلغىنىڭ ياخشى!» دەپ قويسىلا بولغىنى. بەزى ئادەملەر شۇنچىلىك ساددىكى، «خاتا تۇتۇلدۇم» دېگەن نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىغىمۇ كىرىپ، چىقمايدۇ... ھېلىقى ئەخمەتجانمۇ كوچىدا گۇر ـ گۇر ۋارقىرىغىنى بىلەن ساقچىلارنى كۆرگەندە دۇدۇقلاپ:

— پوكۇنچىدىن ئىككى يۈز سوم ئالغىنىم راست، ئالمىدىم ئەمەس، ئالدىم. مانا خۇدا تۇرۇپتۇ، تېنىۋالغىنىم يوق... لېكىنزە، يېقىندىن بېرى ئىش ـ ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، بېرەلمەيۋاتىمەن... بەلكىم خوتۇننىڭ ئىشىنى دەمسىلەركىن، خوتۇننى ئىككى بالا بىلەن ئۆيدىن مەن قوغلاپ چىقارمىدىم. مەنمۇ ئادەمغۇ، باللار ئۆزۈمنىڭ تۇرسا، خوتۇن ئۆزى ئانام بىلەن چىقىشالماي باللارنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئەمدى مەن بۇ دۇنيادا شۇ يالغۇز ئانامنى دەپ ياشىمىسام ماڭا بۇ ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى... — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، سوراقچىغا يەر ئاستىدىن ئەيمىنىپ قاراپ قويىدۇ.

— يەنىچۇ؟ — دەيدۇ سوراقچى ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەي.

— يەنە... يەنە... — دەپ كېكەچلىگىنىچە ئەخمەتجان قايسىبىر چاغدا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، — خۇدا تۇرۇپتۇ، ئىشەنمىسەڭلار ھەممىسى مەستچىلىكتە بولغان گەپ. ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، ئاچ قورساقتا شۇنچىۋالامۇ ئىچكەن بارمۇ. قىلغان ئىشلىرىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەتىسى ئۇقسام، مەھەللىنىڭ ئىمامىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتىمەن. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ: «ھاي بەچچىغەر، ئۇنداق قىلما، قولۇڭ قۇرۇپ كېتىدۇ!» دېگىنىگە قارىماي مۇشت ئاتىمەن، دەپ ئۆزۈمنى دەڭسەلمەي ئېرىقتا يۇملاپ چۈشۈپتىمەن. ئۇستۇبېشىم لاي پېتى

www.uyghurkitap.com

ئۆملەپ قوپۇپ، قېيىنئاتامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىسىنى جالاقلىتىپ تېپىپ، ئاغزىمنى بۇزۇپ... ــ دەپ هۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا زادىلا ئېغىزغا ئېلىنىشقا بولمايدىغان سەت گەپلەرنى قىلغىلى تۇردۇ.

ــ بولدى، بولدى! ــ دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ سوراقچى، ــ سېنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىز ئوبدان بىلىمىز. كىچە سېنى بىر ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلى، هوشىنى يىغىۋالسۇن، دەپ چاقىرىپ ئەكەلگەن. قايتىپ بېرىپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ تاپشۇر. مۇندىن كېيىن دىققەت قىل ـ ھە!

ساقچىدىن چىقىپ كېتىپ بارغاندا ئەخمەتجاننىڭ كاللىسىغا ھەرگىزمۇ يەنە «مېنى زادى كىچە نېمىشقا تۇتۇپ كېلىشتى» دېگەن گۇمان كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ تېخى بايا ساقچىغا ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلار ــ قەيەردىدۇر بىر يەردە باشقىلارنىڭ قولىدىن تاسادىپىي ئېلىپ چېكىپ سالغان نەشە، سەھرادىكى قايسىبىر تويدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەستچىلىكتە ئاغىنىلىرى بىلەن ئوغرىلىغان بىر ـ ئىككى توخۇ دېگەندەك نېمىلەرنى ئويلاشقا باشلايدۇ ـ دە، مەھەللىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە ياۋاشلاپ كېتىدۇ...

مۇنداق ئوخشاش ئىسمىدىكى ئادەملەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرەر لەقەمنى ئۇلاپ قويماي بولمايتتى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇ مەھەللىمىزدە لەقەمسىز كىشى يوق، دېگۈدەك ئىدى. مۇنداق خىلمۇ خىل لەقەملەر ئۇلارغا يا ئاتا بوۋىسىدىن مىراس قالاتتى ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانىدا چىراي ـ شەكلى، مىجەز ـ خۇلقى بىلەن ئۆزىگە ـ ئۆزى تېپىۋالاتتى. ئادەتتە، بۇ مەھەللىگە كىچىسى تۇرماق، كۈندۈزى بىرەرسىنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىمۇ ئىزدىگەن ئادىمىنىڭ لەقىمىنى بىلمىسە

تاپالماي خىلىلا قايمۇقىدۇ. ھەر ھالدا مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرى مۇنداق قايمۇققۇچىلارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالىدۇ.

ئادەم ئىزدىگۈچىنىڭ:

— ئەمەتنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دېگەن سوئالىغا ئۇلار:

— قايسى ئەمەتنى ئىزدەيسىز؟ ... چوڭىنىمۇ، كىچىكىنىمۇ، ياكى ھېلىقى ئەمەت چوقۇرنىمۇ؟ ... — دېگەندەك بىرمۇنچە سوئاللار بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

مېھمان ئۆزى ئىزدىگەن ئادىمىنىڭ لەقىمىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ چىراي - شەكلى ياكى شۇغۇللىنىدىغان كەسپى. ھېچبولمىغاندا ئوڭ مەڭزىدىكى خال، ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى بىرەر تال سۆگەل قاتارلىق بىرەر بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەلىسىمۇ كۇپايە. مەھەللىدىكىلەر «ھە، پالانچى ئەمەتنى ئىزدەيدىكەنسىزغۇ» دېيىشىدۇ - دە، توپتوغرا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇشىدۇ.

× × ×

كەچ كىرىپ، شەھەر ئۈستىگە تۈن قانىتىنى ياپتى. كافىخانا ئىچى بارغانسېرى ئادەم كۆپىيىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەمدى بۇ يەردە ھەر خىل كىچىلىك كۆڭۈل ئېچىش، رومكا سوقۇشتۇرۇشلار قىزىپ كېتىدۇ. ئورنىمدىن تۇرۇپ بىر كېرىلدىم - دە، ئىچىملىكلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ياتىقىمغا قايتىپ چۈشتۇم. ياتاقنىڭ كوچا تەرەپتىكى بالكونىغا چىقىپ تۇۋرۇككە يۆلەندىم. تۆۋەندە شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرى سانسىز ئېلېكتر چىراغلىرى بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئاشۇ كوچىلارغا كىرىپ بارساڭ، ماڭا ئوخشاش ۋاقتىنىڭ قىسلىقىدىن خەتنى ئۆزۈن

يازىدىغان ئالدىراش كىشىلەر، خوتۇنىدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان باتۇرلار، پۇلنى خەجلىمەي ساناپ كىر قىلىۋېتىدىغان سېخىيلار، ئاچقۇچىنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇنتۇپ قېلىپ، ئىشىكنى بۇزۇپ ئېچىپ كىرىدىغان ئېسى كۆچلۈك ئەپەندىملەر كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بۇ ئەركىن دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل قەھرىمانلىرىنى ئۇچرىتىسەن. كىشىگە ھەر خىل بوياقلار تۆكۈلۈپ كەتكەندەك تەسىرات بېرىدىغان گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىۋالغان غەلىتە پەرەسلەر، يېرىم يالىڭاچ خېنىملار، ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ئاياللار، ئاياللاردەك ياسىنىۋالغان ئەرلەر... بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار كۆزۈڭنى ئىلەشتۇرۇپ، تانسىخانا، قاۋاق ۋە ھەر خىل كېچىلىك سورۇنلىرىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار، بوۋاقنىڭ ئىڭرىشى، كالىنىڭ مۆرىشى، ھەرىنىڭ غارتىلداشلىرىغا ئوخشايدىغان مۇزىكا ئاۋازلىرى قۇلاق - مېڭەڭنى يەپ، كۈن بويى ئارام تاپمىغان بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىنىمۇ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئەسەبىيلىك، جىددىيلىكتىن نېرۋىلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن بىرمۇنچە ئادەملەر ئاراملىق ئىزدەپ ھەر ھەپتە ئاخىرىدا شەھەر سىرتىغا، دېڭىز بويلىرىغا بېرىشقا ئاران ئۈلگۈرىدۇ.

زۆھرە، يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بېقىپ ھەيران بولدۇم. ساڭا بۇ يەردىكى ئەھۋاللىرىمنى، دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ، يازمىساممۇ ئۆزۈڭ بىلىدىغان كونا مەھەللىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەپ كېتىپتىمەن. مۇنداق خاتىرىلەرنىڭ قىممىتىنى ۋەتىنىدىن ئىلاجىسىز ئايرىلغان مېنىڭدەك مۇساپىرلا چۈشىنەلەيدۇ. يۇرتۇمنىڭ ئاشۇ نامرات، ئاددىي ھالىتىنى بۇ يەردىكى ھەشەمەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىنىمدا؛ ماڭا يەنىلا شۇ ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار، ھەتتا ھېلىقىنىڭدەك جىنايەتچىلەرنى خاتا تۇتۇپ

قويىدىغان تەجرىبىسىز ساقچىلارمۇ قىممەتلىك بىلىنىدۇ...

چارچىدىم. قالغان گەپلەرنى كېيىنكى خېتىمدە يازىمەن، كۈتكۈچىنى چاقىرىپ بۇ خەتنى هازىرلا پوچتىغا سالغۇزۇۋېتىمەن.

زۆهرە، شۇ تاپتا مەنمۇ مۇشۇ كونۋېرتقا سىغقان بولسام، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ۋەتىنىمگە يېتىپ بېرىپ، هېلىقى بېقىنلىرى سىجىلىپ كەتكەن، پاكار توپا تاملاردىن مېۋە شاخلىرى ئارتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان مەهەللە كوچىلىرىغا كۆلۈپ كىرىپ بېرىپ، هەممىنى هەيران قالدۇرسام، قانداق ئاجايىپ ئىش بولغان بولاتتى - هە! ؟... لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنىڭ شۇ ئاددىي بىر پارچە قەغەزگىمۇ ئايلىنالمايدىغىنى ناهايىتىمۇ ئېچىنارلىق ئىش!

## 4

زۆهرە!

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرۇپ، بۇ چوڭ شەهەرنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بېشىغىچە ماڭدىم. شەهەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭدىن يىراقلاشقانچىقىمىكىن، يەر ئاستى يولدىن چىققاندا كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. بۈگۈنمۇ هاۋا ناهايىتى ياخشى ئىدى. مۇشۇ ئەتراپتا بىر كەڭ مەيدان بار، ئۇ يەردە هەر شەنبە چۈشتىن كېيىن قەدىمىي مۇزىكىلارنى ئورۇندايدىغان مۇزىكچىلار پەيدا بولىدۇ. مۇزىكا ئاڭلاشقىمۇ كۆپىنچىسى ياشتا چوڭ بوۋاي - مومايلار، تۇرمۇشتا بەختى كەلمىگەن، رېئاللىقتىن بەزگەن خىيالپەرەسلەر يىغىلىدۇ. بۇ يەردىكى بەزىلەر ئۆزىنى «قەدىمىي پەرەسلەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇلار قەدىمىي نەرسىلەرنى سېغىنىدۇ، يېڭىلىقنى رەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى هازىرقى يېڭى نەرسىلەرنى، ئىلىم - پەن

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى «ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدىغان نەرسىلەر» دەپ قارايدۇ. مەنچۇ؟ مەنمۇ بىر سېغىنغۇچىمەن. ئەمما، قەدىمىينى ئەمەس، ۋەتىنىمنى سېغىنىمەن. مەن ئۇچۇن ۋەتەننىڭ قەدىمي ھالىتىمۇ، ھازىرىمۇ، كەلگۈسىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك… بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە ئازراق ئارام ئېلىپ، خىيال سۈرۈش ئۈچۈن شۇ يەرنى تاللىۋالدىم.

مەن يېتىپ كەلگەندە مەيداندىكى مۇزىكىچىلار قەدىمي بىر كۈينى ئورۇنلاشنى باشلىۋەتكەنىدى. سايىۋەنلەر ئاستىدىكى دۇكىلەك ئۇستەللەرنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان كىشىلەر جىمجىت مۇزىكا تىڭشاۋاتاتتى. چەت ئەللەردە مۇشۇنداق سائەتلەپ زېرىكمەي ئولتۇرۇپ مۇزىكا تىڭشايدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بولسا كۆپىنچە ناخشىسىز ساز بولمايدۇ. بىرەر سازچى قولىغا دۇتار ياكى تەمبۇرنى ئېلىپ بىردەملا قۇرۇق تىرىڭلاتسا، ئەتراپتىكىلەر ئىچى پۇشۇپ «ناخشىسىنىمۇ ئېيتامسەن!» دېيىشىدۇ. ئېھتىمال بۇ ئادەملەر بىلەن بىزنىڭ تەربىيىلىنىشىمىز، مىللىي پسىخىكىمىز ئوخشاشمىسا كېرەك… بوش ئورۇنلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردۇم. كۈتكۈچى ئارقامدىنلا يېتىپ كەلدى.

— سورۇنىمىزنى ئاۋات قىلغىنىڭىزغا خۇشالمىز. بىرەر نەرسە كېرەكمۇ؟

بىر ئورۇندۇقنى ئىگىلەپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئازراق پۇل خەجلىمەيمۇ بولمايدۇ. ئۆزۈمگە بىرەر بوتۇلكا ئۇسسۇلۇق بۇيرۇتتۇم. بۇ يەرنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ھاۋاسى شامال يوق، تىنجىق بولۇۋاتاتتى. مۇزىكىچىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ ئالىقانىدەك كەڭ يوپۇرماقلىرىمۇ گويا شۇ قەدىمي كۈيلەردىن سېھىرلەنگەندەك جىمجىت ئېسىلىپ تۇراتتى… شۇ

بىرقانچە يىللار ئىچىدە بېشىمدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىم مېنى ھالسىزلاندۇرۇۋانىدى. مۇشۇنداق جىمجىتلىقنى، جىمجىتلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئېھتىمال، قورساق بېقىشنىڭلا كويىدا پالاقلاپ يۈرگەن بولسام نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان بولاتتىممىكىن، ئەمما قولۇمدا ھازىر يېتەرلىك دۇنيارىم بار. بۇ باياشاتچىلىق ماڭا ھېچقانداق بەخت ئېلىپ كېلەلمىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش غېمىدىن قۇتۇلغان كۈنۈمدىن باشلاپ مېنى تېخىمۇ خىيال بېسىۋالدى. گويا تەقدىر مېنى باياشاتچىلىق ئىچىدە مەسخىرە قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، يىراقتا قالغان يۇرتۇمنى، نامرات كۆلبەمنى، قىرقىراپ يىغلىشىپ قالغان بالىلىرىمنى ھەر ۋاقىت ئېسىمگە سېلىپ تۇراتتى...

— ئەپەندىم، ئاشۇ قۇشلارغا دان چېچىش ئۈچۈن ئازراق پۇل چىقىرالامسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئالدىمدا تۇرغان ئىچىملىك ۋە بۇزۇقچىلىقتىن چىرايى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىنىڭ ئاستى قارىداپ كەتكەن بىر كىشىنى كۆردۈم. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇياش نۇرى ئاستىدا ئىللىق تاۋلىنىپ ياتاتتى. يۇرتىمدە بولسا ئېغىر بىر بۇلۇت كېزىپ يۈرگەندەك غەشلىك ھۆكۈمران ئىدى... مەيداننىڭ بىر چېتىدە دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنى كۆردۈم. ھېلىقى ئادەمگە ئۈنچىقماي پۇل سۇندۇم.

بۇ مەدەنىي قەلەندەر كېتىشى بىلەنلا ئۇستەل يېنىدا ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، رەتلىك كىيىنگەن، سالاپەتلىك يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىممەت باھالىق ھاسىدىنلا دۆلەتمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى. ياش جەھەتتە ئۇ يەتمىشلەردىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى، چىرايىدىكى سانسىز ئۇششاق قورۇقلار ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزاق بىر مۇساپىنى جاپالىق قەدەملەر بىلەن بېسىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— ماۋۇ بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلامسىزكىن؟ — دېدى ئۇ.

— مەرھەمەت! — دېدىم.

مويسىپىت ئورۇندۇققا جايلىشىپ، قولىدىكى ھاسىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېلىپ تۇرۇشىغا كۇتكۇچى پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىگە بىر ئىستاكان پىۋا بۇيرۇدى، ماڭا قاراپ:

— سىز يەنە باشقا بىرەر نەرسە ئىچەمسىز؟ — دېدى.

— رەھمەت! — دېدىم.

ئاندىن ئۇ ئاغزى بىسىلماي سۆزلەپ كەتتى.

— بۇ يەرگە مەن ھەر شەنبە كېلىپ مۇزىكا تىڭشايمەن. ئادەم قېرىغاندا جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۇرۇشنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. قاراڭ، بۇ ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ماڭا ئوخشاش يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان قېرىلار. ئۇلار ساز تىڭشىغاچ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى، ئۆتمۈشىنى ئەسلىشىدۇ. قارىسام سىزمۇ خىيالغا كېتىپ قاپسىز. ئەمما، سىز تېخى ياش.

— ئۆزۈم ياشتەك كۆرۈنگىنىم بىلەن روھىم قېرىپ كەتتى.

— شۇمۇ گەپ بوپتۇمۇ! ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. بىز ھەممىمىز پۇل تاپىمىز، دەپ ئالتۇندەك دەۋرىمىزنى پالاقلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز، پۇل تېپىپ باي بولغاندا ئۆزىمىزنىڭ قېرىپ، ھېچ ئىشقا چامى يەتمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى كۆرىمىز ـ دە، ھەسرەت چېكىمىز. ھەرقانچە باي بولسىڭىزمۇ ئۇچ ۋاخلا تاماق يەيسىز، پۇلۇم بار، دەپ جىق يېۋالسىڭىز ئاشقازاننى كاردىن چىقىرىسىز؛ كىيىممۇ شۇنداق، ئوشۇق كىيىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزگە يۈك بولىدۇ. ياشلىقنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك، سىزنىڭ تېخى ياشايدىغان

ۋاقتىڭىز، خىيالغا پېتىشقا تېخى ئەتىگەن… ئايالىڭىز باردۇ؟
— بار.
— مانا مەن بىر نەچچە يىلدىن بېرى بويتاقمەن. ئۆيدە يالغۇز زېرىكىمەن… ئايالىڭىز بىلەن بەختلىك ئۆتىدىغانسىز؟
— بىلمەيمەن.
ئۇ ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى.
— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئايال خەقىنى چۈشەنمەك تەس. ئۇلار جاۋابى قىيىن تېپىشماققا، مەزمۇنى چىگىش بىر كىتابقا ئوخشايدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇمىسا كىشى زېرىكىدۇ… مۇھەببەت دېگىنىمىز زادى نېمە؟ بىر ئائىلىدە ئىناق ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭقۇر بىر مۇھەببەت. كۆپىنچە بىز بۇنى ئادەتتىكى ئىش، دەپلا قارايمىز. مانا مەن ئايالىم بىلەن ئوتتۇز يىل ئوبدان ئۆتكەن. ئوتتۇز يىل ئوڭايمۇ؟ ئۇ گۈزەل ۋە ياش خانىم ئىدى.
— سىزدىن كىچىكمىدى؟
— مېنىڭدىن توپتوغرا يىگىرمە ياش كىچىك ئىدى. ئەمما، ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە چېۋەر ئەمەستى. ئۆزىنىمۇ بەكلا تۈزەشتۈرۈپ كەتمەيتتى. ئېھتىمال ئۇ «ئېرىمنىڭ يېشى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ياساپ يۈرۈشۈمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن… نېمىلا بولمىسۇن. ئۇ سادىق، ياخشى ئايال ئىدى. ياش قۇرامىمىزدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ، مەن ئۇنىڭ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغىنىغا ئانچە ئىشەنمەيتتىم. ھاياتىمدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىمنىڭ بىرى ئەنە شۇ ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى… ۋاتىلداپ مۇزىكا ئاڭلىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزدۈممۇ؟… قېرىلىق…
— ياق، ناھايىتى ياخشى بىر ھېكايىنىڭ كىرىش قىسمى باشلانغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق، ئاشۇ ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى...

ئارىمىزدا مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بولدى: بىر كۈنلەردە بايقىسام، ئايالىم ئۆزىگە كۆڭۈل قويۇپ پەرداز قىلىدىغان كىيىمىنىڭ پاسونلىرىنىمۇ يېڭىلاپ، ياسىنىپ يۇرۇيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنلاردا ئۇ ئۆيدىن چىقىشقا ئانچە قىزىقمايتتى، ئەمدى بازاردىن بولىدىغان سودىلىقلارنى ئۆزى يۇگۇرۇپ يۇرۇپ پۈتتۈرىدىغان بولدى. دېرىزە پەردىلىرىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ، لوڭقىلارغا ھەر كۈنى يېڭى گۈللەرنى چىلاپ قوياتتى. تاماقلارنىمۇ ناھايىتى مەززىلىك قىلىپ پىشۇرىدىغان بولدى. مىجەزى خۇشخۇيلىشىپ، ماڭا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىللىقلىشىپ كەتتى. مەن خۇشال بولدۇم. ئەمما، قانچە ئويلاپمۇ تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. كۆڭلۈمدە غۇۋا بىر گۇمان پەيدا بولدى. بىر پايلاقچىنى ياللىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىغا سېلىپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ھېلىقى لەنتى پايلاقچىدىن: ئەپەندىم، خانىمىڭىزنى ئۆيىڭىزدىن ئىككى كوچا نېرىدىكى سودا دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بىر يىگىت ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىدۇ، دەپ تېلېفون كەلدى. ئەتىسى ئايالىم ئۆزىنى تۇزەپ كوچىغا مېڭىشى بىلەن مەنمۇ ئوغرىدەك ماراپ ئارقىسىدىن چىقتىم. نېرىقى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا چوڭ بىر سودا سارىيى بار ئىدى. ئايالىم توپتوغرا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ماگىزىنىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنى يىتتۇرۇپ قويدۇم. ئىككىنچى قەۋەت، ئۈچىنچى قەۋەت، ھەتتا تۆتىنچى قەۋەتكىچە چىقتىم. قايتىپ يەنە بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتۇم. قارىسام، ئايالىم بىرىنچى قەۋەتتە — يېمەكلىكلەر تىزىلغان ئۇزۇن مال جاھازىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. قامەتلىك، كېلىشكەن بىر ياش يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدا پايپېتەك بولۇپ مال تاللىشىپ بېرىۋېتىپتۇ. يىگىتنىڭ كۆزىدە تېخى ئىش كۆرمىگەن ياش



www.uyghurkitap.com

باللاردا بولىدىغان ئەيمىنىش ئارىلاش تەشنالىق چاقناپ تۇرۇپتۇ. ئايالىممۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆز خانىمىمنىڭ كىشىنىڭ كۆزى چۈشكىدەك شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئاخىرىدا يىگىت ئايالىمنى سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئايالىم كەتكەندىن كېيىنمۇ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى...

— يېڭى بىر پاجىئە ئەنە شۇنداق باشلاندى، دەڭ...

— ياق، مەن ئۇلارنى بىرەر ئەسكى ئىش قىلىشماقچى بولۇشتى، دەپ ئېيتالمايمەن. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىكى قىزىرىشلاردىن تېخى ئۇلارنىڭ قەلبىدە پاك، غەرەزسىز بىر يالقۇننىڭ يېڭىدىن ئوت ئېلىشۋاتقىنىنىلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كەچتە ئايالىمنى قاتتىق تىللىدىم. ئۇ ھېچقانداق ئىزاھاتمۇ بەرمەي، ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ ئولتۇردى. سودا سارىيىنىڭ خوجايىنىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ھېلىقى يىگىتنى ئىشتىن بوشاتقۇزۇۋەتتىم... ۋىجدان بىلەن ئېيتقاندا، ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مۇنداق مۇھەببەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار غىل - پال سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، بەزى ئىشلار كۆڭۈلدە مەڭگۈ سىر بولۇپ ساقلىنىپمۇ قالىدۇ. لېكىن، مەن ئايالىمنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدا يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ئۇنى ھاياجانغا، لەرزىگە سېلىشۋاتقان مەنىۋى نەرسىنى ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتەر تاشلىۋەتتى. كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇشقا ئېتىبار بەرمەيدىغان، ئۆي ئىشلىرى بىلەن پەقەتلا كارى يوق، ھەممىگە پەرۋاسىز قارايدىغان بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالدى. بارا - بارا چاچلىرىمۇ ئاقىرىپ، ئاغرىقچان بولۇپ، ئىككى يىلغا قالمايلا ئۆلۈپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com

— ئۆلۈپ كەتتى ! ؟

— شۇنداق، بىر - ئىككى كۈنلا ئورۇن تۇتۇپ ياتتى ئۆلۈپ قالدى...

مويسىپىت بىرھازا جىمىپ كەتتى. مۇزىكىچىلار ئىككىنچى بىر مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتاتتى. ئۇ كەتمەكچى بولغاندەك ھاسا تايىقىنى قولىغا ئالدى - دە، ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈپ قاراپ قويۇپ، يەنە جايىغا ئېلىپ قويدى.

— ئاياللارنىڭ ھەممىسى يامان، دەيدىغانلارغا قارشىمەن، سىزچە قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە ماڭا قاراپ.

— پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى يامانغا چىقىرىدىغانلار ئۆزىنىڭ قويىنىدا ياتىدىغان جورىسىنىڭمۇ، ئۆزىنى تۇغقان ئانىسىنىڭمۇ ئايال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسا بولىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز! — دەپ تەستىقلىدى ئۇ، — مەن بۇ ۋەقەلەرنى سىزگە نېمىشقا سۆزلەپ قالدىم؟... ھە، بايا مەن سىزدىن «ئايالىڭىز بىلەن بەختلىك ئۆتىدىغانسىز؟» دەپ سورىسام، «بىلمەيمەن» دېدىڭىز. دېمەكچىمەنكى، بەختلىك بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى باشقا گەپ ئەمەس، ئىناق ئۆتۈۋاتقان بولساڭلارلا شۇ كەيپىياتنى قەدىرلەش كېرەك...

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە كۈلۈپلا قويدۇم. خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— مەنىسىز پاراڭلار بىلەن سىزنى بىزار قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ.

— ئىبرەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىڭىز، رەھمەت!

— سىز تۈركىيىلىكمۇ؟

— ياق، جۇڭگولۇقمەن.

— جۇڭگو! — ئۇ بۇ سۆزنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى، — ھە، ئاجايىپ دۆلەت.

— جۇڭگوغا بارغانمۇ سىز؟

— بارغان، بەش يىلنىڭ ئالدىدا چەت ئەلگە ساياھەتكە چىققاندا بارغان... قاراڭ، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممە نېمە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئېگىز بىنالار، تېز سۈرئەتلىك يوللار، ياشلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتقىنى... قېرىپ قالغاچقىمۇ بەزى نەرسىلەرگە كاللام يەتمەيدۇ. مەسىلەن، يەر شارى ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقاندا يەنە بىزگە ماشىنا ئادەم دېگەنلەرنىڭ نېمە لازىمى؟ ھېلىقى ئېلېكترونلۇق مېڭە دېگەنلەرچۇ؟... ئاللا ماددىنىڭ ئاتومغا بەند قىلىۋەتكەن كۈچىنى قوزغاپ بومبىلارنى ياسىۋىدۇق، دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلدۇق... بىز يەر شارىنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمىز، تەبىئەتنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتىمىز. ئاخىرىدا بىزنى شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ھالاك قىلىدۇ، تەبىئەتنىڭ ئۆزى جازالايدۇ... ئىشەنمەمسىز؟ تارىخ شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ... ھە، جۇڭگو، جۇڭگودا يەنە نۇرغۇن قەدىمىي نەرسىلەر ئۆز ئەينى ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئاشۇ قەدىمىي قىياپىتى بىلەن كىشىدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدىكەن... مانا، بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام. خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆيۈمگە كېلىڭ، قارشى ئالىمەن... يالغۇزلۇقتا زېرىكىمەن، كېلىڭ، پاراڭلىشىمىز.

— رەھمەت! — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن كارتوچكىنى ئالدىم، — دوختۇر مېنى يېقىن ئارىدا ئۆلۈپ كېتىسەن، دېگەن، ھايات بولسام بارىمەن.

— سىز... نېمىدەپ ئۆلۈپ كەتكۈدەكسىز كەن، — مويسىپىت كۆلۈپ كەتتى، — ئورۇق كۆرۈنسىز... دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپمۇ كەتمەڭ. مانا مەن ئېيتتىم: تېخى ياشايسىز!

دېڭىز تەرەپتىن ئۇرغان شامال باياتىن بېرى بولۇۋاتقان

تىنجىقنى كۆتۈرۈپ كەتكەندى... سۆھبەتدىشىم بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## 5

زۆھرە!

راستىمنى ئېيتسام، ئۆزۈمنىڭ كېسەللىكىمگە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. گۈركىرەپ بوران چىقىپ تۇرغان بىر كېچىدە كۆرگەن دەھشەتلىك چۈشۈم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا، ئېغىر بىر يەر چىڭداش ماشىنىسى گۈرۈلدەپ كەلگىنىچە مېنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەندى. مەن «ئۆلدۈم!» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ساق قالغىنىمغا ھەيران بولدۇم. قەغەزدەك ياپىاقلىنىپ يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن بولسامۇ، يۈرىكىم يەنىلا ھاياجاندا دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى... قانچە غەيرەت قىلىپمۇ ئورنىمدىن تۇرالمىدىم. بىردەمدىلا ئەتراپىمغا ئۈششاق باللار ئولاشتى. ئارىدىن يېشى چوڭراق بىرى مېنى يەردىن سويۇپ ئالدى. قەغەزدەك ياپىاقلىنىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ «پاھ، لەگلەك قىلىپ ئۇچۇرۇپ باقساق، قالتىس بىر ئادەم لەگلەك بولغۇدەك!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەتراپتىكى باللارمۇ خۇشال بولۇپ چۇرقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆپچۆرەمدە ئىش قايناپ كەتتى. كىمدۇ بىرى بىر كالىلەك كاناپ يىپ تېپىپ كەلدى. بىر قانچىلىرى قولى - قولىغا تەگمەي تارازا، قۇيرۇقلارنى چىگىشتى. قايسىبىرلىرى قىزىقچىلىق قىلىپ ئىككى مۈرەمنىڭ ئارىلىقىغا بىر داقىراتمىمۇ بېكىتىپ قويدى... بىر چاغدا پەيدىنمۇ يەڭگىل بولۇپ لەپىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۈم. ئايھاي، نېمىدېگەن ئاجايىپ مۆجىزە! ئۆمرۈمدە ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس

قىلغان مىنۇتلىرىممۇ شۇ بولغان بولسا كېرەك. ئۈستۈمدە پاختىدەك ئاق بولۇتلار، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا چەكسىز كۆك ئاسمان، بۈيۈك قۇياشتىن بولسا تال - تال نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. تۆۋەندە چاقماقتەك تىزىلغان بىنالار، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللار… تۇيۇقسىز كۆزۈم كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان دېڭىزنىڭمۇ ئۇ تەرىپىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارلىق بىر چوققىغا چۈشتى. ھاياجاندىن يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. «قار، قار! مەن قارنى كۆردۈم…» دەپ توۋلىۋەتتىم.

قار، پۈتۈن دالىلار مۇزدەك، ئاپئاق قار بىلەن پۈركىنىپ ياتىدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى بۇ يەردە زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، قار ماڭا بەكمۇ سىرلىق، مۇقەددەس نەرسە بىلىنىدۇ. يىراقتىكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكانىمنى دائىم قار بىلەن بولغان تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ئۆزۈمگە باغلايمەن… كىچىكىمدىن قارنى ياخشى كۆرەتتىم. قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا تالاغا قارايتتىم. يېڭى قار ياغقان بولسا خۇشاللىقىمدىن دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋېلىپ سەكرەپ كېتەتتىم. قار توختىغاندىن كېيىن قاتتىق سوغۇق بولۇپ، يوپۇرماقسىز دەرەخ شاخلىرىدا، دېرىزىلەردە خىلمۇ خىل قىرو گۈللىرى ھاسىل بولاتتى. چانىلىرىمىزنى سۆرەپ مەھەللە چېتىدىكى دۆڭلۈكلەرگە قاراپ يۈگۈرۈشەتتۇق. خۇشاللىقتىن مەڭزىلىرىمىز ئوت بولۇپ ياناتتى… ھەيرانمەن، قار — شۇ ئاپئاق، تازا، ئاجايىپ نەرسە بۇ يەردە نېمىشقا يوق!؟

كۈچلۈك باھار شامىلى مېنى كۆتۈرۈپ ئەنە شۇ كۆكتە تۇتۇپ تۇراتتى. مەن يەنىمۇ يىراقلارغا ئۇچۇشنى، تېخىمۇ ئېگىزگە پەرۋاز قىلىشنى، ھېلىقى قۇملۇقلار بىلەن ئورالغان قاقاس يۇرتلارغا، بۈيۈك چوققىلىرى دائىما قار - مۇز بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغلار تەرەپكە كېتىشنى خالايتتىم. لېكىن، گېلىمگە باغلانغان يىپ ماڭا كاشىلا قىلاتتى. «سادىغاڭ كېتەيلەر، مېنى قويۇۋېتىڭلار، قويۇۋېتىڭلار! مەن ئاشۇ دېڭىزلارنىڭمۇ ئۇ چېتىگە، قارلىق تاغلار تەرەپكە كېتىشنى خالايمەن!» دەپ ۋارقىرايتتىم. تۆۋەندىكىلەر پەريادىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار زارلىنىشلىرىمنى ئۆزلىرى بېكىتكەن دارقىراتمىدىن چىققان نەغمە دەپ بىلىپ، «قاراڭلار، ماۋۇ لەگلەكنىڭ چىرايلىق سايرىشىنى!» دېيىشەتتى. لەگلەكنىڭ يىپىنى گاھ يىغىپ، گاھ قويۇپ بېرىپ، مېنىڭ قىلغان نالەمدىن ھۇزۇرلىنىشاتتى. خۇددى مېنى مەسخىرە قىلغاندەك، قۇشلار ئۈستۈمدىن ئەركىن ئۇچۇپ ئۆتۈشۈپ، چەكسىز بوشلۇقنىڭ قەيەرلىرىدىدۇر غايىب بولۇشاتتى… ئاھ، دۇنيادا قۇشلاردىنمۇ بەختلىك نەرسە بارمىدۇ؟ ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى، ئۇلار ئۇچۇن چېگرا مەۋجۇت ئەمەس، قانات قاققۇدەكلا ماجالى بولسا خالىغان يېرىگە ئۇچۇپ چۈشەلەيدۇ… چېگرىلار بىز ئۇچۇن زادى نېمىگە ھاجەت؟ نېمە ئۇچۇن بىز بۇ سۆيۈملۈك يەر شارىمىزنى سىم-توساقلار بىلەن توسۇپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈۋالىمىز!؟…

ئاشۇ غەلىتە چۈشنى كۆرگەندىن باشلاپ ئۆزۈمنى راستىنلا ياپپاقلىنىپ، پەيدەك سالماقسىز بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىدىغان بولدۇم. يېگەن-ئىچكىنىم چىرايىمغا چىقمايدىغان بولدى. تېمىمدىن ئەت قاچتى. ئۆلۈمگە رازى بولۇپ قالدىم. خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ھېلىقى يەر چىڭداش ماشىنىسىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى قۇلىقىمدىن كەتمىدى.

## 6

زۆھرە!

كېچە دېڭىزغا يېقىن بىر جايدىكى مېھمانخانىدا قوندۇم.

ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ شۇ ئەتراپتىكى پوچتىخانىغا باردىم. ساڭا يازغان خەتلىرىمنى پوچتىغا سالدىم. بۇ ئىش مەيۈس كۆڭلۈمگە ئارام بەرگەندەك بولدى... ھازىر ياتاققا قايتىپ كېلىپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپتىمەن. مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا قويۇش مەيدانىدا ھەر خىل رەڭدىكى ماشىنىلار قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن يەكشەنبە، دېڭىز بويىدا ئادەم كۆپ بولىدىغان كۈن. بۇ مېھمانخانىدىن بەشيۈز مېتىرچە تۆۋەنلەپ ماڭغاندا دېڭىزغا ئۇلىشىسەن. ئۇ يەردە ئەڭ ياخشى بىر چۆمۈلۈش مەيدانى بار، يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرگەن ئەرلەر، ئاياللار، قارا بەدىنىنى ئاقارتماقچى بولۇپ چۆمۈلۈۋاتقانلار، ئاق بەدىنىنى قارايتماقچى بولۇپ كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ ياتقانلار، يالىڭاچ بەدەنلەردىن ھۇزۇرلانغۇچىلار... ئىشقىلىپ، ئۇ يەردىن ھەممە ئىنقىلىمدىكى ئادەملەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

شۇ تاپتا ئولتۇرۇپ، مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرىنى ئەسلەپ قالدىم. مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆزۈمچە يازغۇچى بولۇش خىيالىم بار ئىدى. بىر چاغلاردا مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ لەقىمى، مىجەز، خاراكتېرى ئۈستىدە خاتىرىمۇ يازغانىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەھەللىمىزدە تۇراخۇن دېگەن بىر ئادەم بولىدىغان، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «تۇراق پاتقاق» دەپ چاقىرىشاتتى. تۇراخۇننىڭ ئۆمرى لاي ئېتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ لاي ئېتىشكىمۇ شۇنچىلىك ئۇستا ئادەم ئىدى. كېسەككە لاي ئەتمەكچى بولسا ئۇ ئاۋۋال توپىنى ئوبدان يۇمشىتىپ، تاش ـ داشقاللىرىنى تېرىۋېتىپ، سۇ قۇيۇپ بىرلا ئۆرۈيتتى ـ دە، لاي تەييار بولاتتى. ئۇنىڭ قۇيغان كېسەكلىرى شۇنچىلىك بىجىرىم ۋە سۇپەتلىك چىقاتتى. چوڭلار: «تۇراقنىڭ ئەتكەن سامانلىق لېيىنى ئۆگزىگە يېيىتسا سېمونتتەك جاراڭلاپ تۇرىدۇ. پەقەت يېرىلمايدۇ؛ سىلىق سۇۋاقۇا ئەتكەن لايلىرى

ئۇستىدە تامچە ئۇستاملارنىڭ ئەندىۋىسى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك مىڭىپ كېتىدۇ» دەپ ماختىشاتتى. دوغىلاق، مىقتا كەلگەن بۇ ئادەم كىشىنىڭ كۆزىگىمۇ گويا لاي ئېتىش ئۇچۇنلا تۆرەلگەندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ بىز بىلەن ئەترەتتە بىللە ئىشلىدى. ئۇ يەردىمۇ كۈنى ئەترەتنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا لاي ئېتىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ياۋاش ئادەم ئىدى. قاچانلا قارىساڭ ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى لاي يۇقى بولاتتى. باشقىلار ئۇنى «هوي، تۇراق پاتقاق!» دەپ چاقىرسا ئۆزىمۇ كۈلۈپلا قوياتتى.

«ئابدۇرېھىم گۇي» دەيدىغان يەنە بىر ئادەم بولىدىغان، مەھەللىدىن چىققاندا — چوڭ كوچىنىڭ ئېغىزىدا ئۇنىڭ ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدىغان كىچىككىنە بىر دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاننىڭ تۆت تېمى ۋە ئىشىكىدىكى قوپال مىخلارغا ياماق چۇشۇۋېرىپ توقاملىشىپ كەتكەن كامېر ۋە ھەر خىل كۆچقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېسىۋېتەتتى. دۇكىنىنى ئېچىپ، ئىشىك ئالدىغا ناسوس، ئامبۇر، يېلىم قاچىسى، چوپسا ۋە ھەر خىل ۋېنتلار سېلىنغان قۇتىلىرىنى ئەچىقىپ يېيىپ قويسىلا ئوقتى يۈرۈشۈۋېرەتتى. «گۇي» دېگەن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈنىگە مىڭ قېتىم چىقاتتى. ھەر قانداق ئاغىنىسىنى ئۇ «ھەي پالانچى گۇي!» دەپلا چاقىراتتى. ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىۋېتىپمۇ: «ناسوس دېگەن گۇينى قايسى گۇي ئالدى... ئامبۇر دېگەن گۇي ھېلىلا مۇشۇ يەردە تۇراتتىغۇ... ماۋۇ قايسى گۇينىڭ ۋېلسىپىتى...» دەيتتى. ھاراقنىمۇ ئوبدانلا ئېچىپ قوياتتى.

كېيىن، مەھەللە ھۆكۈمىتى «ئەترەتكە چۈشۈپ ئىشلەيسەن» دەپ ئۇنىڭ رېمونتچىلىق دۇكىنىنى تاقىتىۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ھاراقنى تازا ئىچىپ كېلىپ، «هوي گۇيلار، ئەمدى مۇشۇ رېمونتچىلىق دېگەن گۇينىمۇ قىلغۇزۇشمامسەن!...» دەپ مەھەللە باشلىقلىرىنى پوخادىن

چىققۇچە تىللىدى. ئاخىرىدا يەنە ئەترەتكە باردى. ئەترەتكە ئىشلىگەندىن باشلاپ تېخىمۇ هاراقكەش بولۇپ كەتتى. باشقىلار بىلەن هاراق ئىچىشكەندە ئۇ: «قېنى، هارىقىڭنى ئىتتىكرەك قۇيۇشماسەن گۇيلار!» دەپ ساقىنى ئالدىرىتاتتى. هاراق تۈگىسە: «هاراق دېگەن گۇي تۈگەپ قالاي دېگەنمۇ نېمە؟ قايسى گۇي ماگىزىن دېگەن گۇيغا بېرىپ كېلىدۇ؟» دەپ ئەڭ بۇرۇن يانچۇقىنى كولايتتى، ئەگەر ئۇ ئۆزى ساقى بولۇپ هاراق قۇيۇپ قالسا ناهايىتىمۇ قىزىق ئىشلار بولاتتى. «قېنى غاچ - غۇچ ئىچمەمسىلەر گۇيلار، ئىچمەمسىلەر!» دەپ ئۆچىرىتتى كەلگەنلەرنى ئالدىرىتاتتى. هاراق تۈگەپ، ئىككىنچى بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، بايا هاراقنىڭ كىمگە كېلىپ توختىغىنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى - دە، «هاراق قايسى گۇيغا كەلگەنتا؟... بولدىلا، ئابدۇرېهىم دېگەن گۇيدىنلا باشلاي!» دەپ ئۆزى گۇپپىدە ئىچىۋېتەتتى. شۇڭا هەرقانداق سورۇندا هەممىدىن بۇرۇن مەست بولاتتى، يەنە هەممىدىن كېيىن قايتاتتى.

بىز بىلەن ئارىتام قوشنا ئابلا دېگەن بىر ئادەممۇ بار ئىدى. ئۇنى خەقلەر «ئابلا پىت» دېيىشەتتى. ئابلا ئاكا كەمبەغەل بولسىمۇ ناهايىتى تىرىشچان، مېهماندوست ئادەم ئىدى. ئانچە - مۇنچە ياغاچچىلىق قىلىپ، بۆشۈك ياساپ جېنىنى باقاتتى. ئۇنىڭغا نېمىشقا «پىت» دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇپ قالغىنىنى چۈشەنمەيتتىم. رەهمەتلىك مومام بىر كۈنى ماڭا بۇ لەقەمنىڭ كېلىش تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«پىت» دېگەن لەقەم ئابلا ئاكىغا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بىر زامانلاردا شەهىرىمىزدە «پىت بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازارمۇ بولغانىكەن. ئەلۋەتتە بۇ بازاردا پىت سېتىلمايدىكەن، ئەسكى - تۈسكى كىيىم - كېچەك، تۆمۈر - تەسەك سودىسى بولاتتىكەن. ئۇ يەردە كۆپىنچە شەهەرنىڭ

نامراتلىرى ئېلىم - بېرىم قىلىشاتتىكەن. كونا زامانلاردا پىت دېگەن بۇ جانىۋار شۇنداق نۇرغۇن بولاتتىمىكىن، مومامنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، شۇ زاماندىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭمۇ كىيىم - كېچىكى ناھايىتى ئاۋارە ئىكەن. ئۇلار سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پىت باقسا، قارسىلدىغان ئاۋازى تۆۋەندە كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرگە ئاڭلىناتتىكەن (مومام قىزىقچىلىق قىلىپ بەزى گەپلەرنى ئاشۇرۇۋېتەتتى). ئۇ چاغلار، يامۇلنىڭ ئىچىدىكى ياغاچنى شادا قىلىپ ياساپ قويغان قەپەسلەرگە زىنداندىكى جىنايەتچىلەرنى ئاچىقىپ سولاپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن. بۇ ئىش يامۇلغا كىرگەن - چىققانلارغا ئىبرەت بولسۇن، دەپ شۇنداق قىلىناتتىكەن. قەپەسنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىچارىلەرنىڭ شۇنچە ئورۇقلۇقىغا قارىماي، پىتلىرى دەھشەت يوغان بولاتتىكەن. قەپەسكە ئاپتاپ چۈشكەندە جىنايەتچىلەر پىتنىڭ دەستىدىن ئولتۇرالماي، كىيىملىرىنى سېلىپ يېنىغا قويۇپ قويسا، پىتلىرى كىيىمنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتىكەن...

ھېلىقى ئابلا ئاكىنىڭ بوۋىلىرى بىر زامانلاردا ئاشۇ پىت بازىرىدا ئوقەت قىلىپ كۈنىنى ئالغان بولسا كېرەك، ئابلا ئاكىغا دادىسىدىن ھېچنېمە قالماي، شۇ «پىت» دېگەن لەقەم قاپتۇ. ئابلا ئاكا ئۆزىنى لەقىمى بىلەن ئاتىغاننى ئاڭلىسا ناھايىتى ئاچچىقى كېلەتتى. لېكىن، مەھەللىمىزدە لەقەمسىز ئادەم بولمىغاچقا، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن لەقىمىگە يۆلەپ چاقچاق قىلىشاتتى. ئابلا ئاكىنىڭ تەڭتۇشلىرىمۇ بەزىدە ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— كىمنىڭ قوينىدىن چىقتىڭ ھوي! — دەيتتى.

— ئاپاڭنىڭ!... — دەيتتى ئابلا ئاكا زەردە بىلەن.

ئاغىنىلىرى:

— ئەتىگەندە نېمانچە چاقىسەن هوي، شۇنىڭغا قارىغاندا كېچىچە ئاچ قاپسەنكەن - دە! — دەپ كۈلكە قىلىشاتتى.

مەھەللىدىكى كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ يەنە بىرى «ئىسمايىل زاڭ» ئىدى. ئىسمايىل ئاكا ساتىراشلىق قىلاتتى. «زاڭ» دېگەن لەقەم ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن كېلىپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئۇ رولى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك غەلىتە بىر چەت ئەل ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يۈرەتتى. ۋېلىسىپىتنىڭ ئىگىرىگە چۈچىلىق ياپقۇچ يېپىپ، راملىرىغا ئالا - يېشىل لېنتىلارنى باغلىۋېتەتتى. پىرقىرىغاندا دۈپدۈگىلەك دائىرە هاسىل قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالا - چەكمەن قىلىۋەتسۇن، دەپ ۋېلىسىپىتنىڭ ئىسپىسلىرىغىمۇ هەر خىل رەڭدىكى قەلەيلەرنى ئورۇۋالاتتى. خۇددى ئۈزۈن يوللۇق مۇسابىقىغا چۈشىدىغان ۋېلىسىپىت تەنهەرىكەتچىلىرىدەك رولىنىڭ ئالدىغا چىراغ بېكىتىپ، رامنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك بىر ناسوسنىمۇ قىستۇرۇۋالاتتى. هەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا خۇددى باش ئەلچىخانىنىڭ پىكاپىغا ئوخشاش كىچىك بىر بايراقچىنى قادىۋالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى مەيدە يانچۇقىدا تاغاقنىڭ، سول تەرەپتىكى مەيدە يانچۇقىدا ئاپئاق قول ياغلىقنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. ئويمان مەھەللە ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قىلىقلارنىڭ هەممىسى زاڭلىششتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئىسمايىل ئاكىنىڭ بازار ئىچىدە ساتىراشخانىسى بار ئىدى. بۇ دۇكاننىڭ ئىچىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ئىدى. دۇكاننىڭ پۈتۈن تۆت تام، هەتتا تورۇسلىرىغىمۇ خىلمۇ خىل رەسىم، گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى چاپلىۋېتىلگەنىدى. دۇكانغا تازىلىق قىلىش توغرا كەلگەندە ئىسمايىل ئاكا تاملارنى ئاقارتماي، رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن رەسىملەرنى چاپلاپ چىقاتتى.

ساتىراشخانىنىڭ ئىشكى ئۈستىدە «ئىسمايىلجان ساتىراشخانىسى — شەھەر بويىچە بىر» دېگەن ھۆسنخەت يالتىراپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئاكىدا مۇشۇنداق ھەممە نەرسىسىگە ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان بىر ھەۋەس بار ئىدى. يانچۇقىدىكى قەلەمتىراچ، تامدا ئېسىقلىق دۇتارنىڭ سېپى، ھېلىقى ۋېلىسىپىتنىڭ راملىرىدا ئۇنىڭ ئىسمى يېزىقلىق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئولتۇرغان پارتىلىرىغا، مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يوغان تېرەككە، ھەتتا، قاچاندۇر بىر چاغدا ساياھەت قىلىپ چىققاندا، ھەربىر قونغان ياتاقلىرىنىڭ تاملىرىغا، تۇرپاندىكى مۇساگۇلۇڭ مۇنارى، قەشقەردىكى ئاپئاق غوجام، ھېيتگاھ مەسچىتلىرىگىمۇ ئىسمىنى ئويۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىناتتى... لېكىن، ئىسمايىل ئاكا ئۇستا كاسىپ ئىدى. چاچ - ساقاللارنى ناھايىتى سىلىق ئالاتتى. ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلىرى ئىتتىك، لۆڭگە، پەرتۇقلىرى دائىم پاكىز تۇراتتى.

ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقلىرى بىلەن ئېسىمدە قالغان يەنە بىر ئادەم ياسىن يالغان. ياسىن ھەقىقەتەنمۇ «يالغان گەپ تاپالمىغاندا راست گەپ قىلىپ سالىدىغانلارنىڭ بىرى» ئىدى. بەزىدە ئۇ يالغاننى شۇنچىلىك قىزىشىپ سۆزلەپ كېتەتتىكى، ئۆزىنىڭ يالغىنىغا ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالاتتى.

— ئەكەلگىنە، پۇلۇڭ بولسا ئەللىك كوي بېرىپ تۇرغىنا، — دەيتتى ئۇ ئۇچرىغانلا بىرىنى توختىتىپ، — ئەتىلا ساڭا ئاتمىش كوي قىلىپ قايتۇرۇپ بېرەي!

ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ قىپقىزىل يالغانلىقىنى بىلگەچكە، ئەللىك كوي تۇرماق ئەللىك پۇڭىنىمۇ ھېچكىم قەرز بەرمەيتتى. ياسىن يالغان قاچانلا قارىساڭ ناھايىتى ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى.

— ياسىناخۇن، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ

سورىغانلارغا ئۇ:

— تۈنۈگۈن قىرىق - ئەللىك كويغا ئازراق تېرە ئېلىۋىدىم، بۈگۈن ساتسام تەڭمۇ تەڭ پايدا قاپتۇ، — ياكى بولمىسا، — ئۆتكەن ھەپتە سەھرادىن بەش - ئالتە قوي ئەكىرىپ قاسساپلارغا تارقىتىپ بېرىۋىدىم، شۇلارنىڭ پۇلىنى يىغالماي يۈرىمەن… — دېگەندەك يالغانلارنى قويۇۋېتەتتى. شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا ئۆيىگە كىرىپ ئائىلىدىن تاماكىغا پۇل سورايتتى.

ئەمەلىيەتتە ياسىننىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئائىلىنىڭ مائاشىغا تەڭ شېرىك بولۇپ بىكارلا يۈرەتتى. كۆپىنچە مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ، باشقىلار بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى.

— ھېلىقى «سەرگەردان» دېگەن كىنونى يېڭىدىن قويۇۋاتقان چاغ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلايتتى ياسىن يالغان، — قارىسام، كىنوخانىڭىنىڭ ئالدى دېگەندە ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئادەم. ئىشىك دېگىنىڭىنىڭ ئالدىغا يېقىن بارغىلى بولمىدىغان. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، قولۇمدىكى چاپاننى ئۇكامغا تۇتقۇزۇپ، ئالدىمغا سېلىپ، مەنمۇ بىر قىستاپتىكەنمەن، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. قارىسام، ئۇكام دېگەن شۇمتەك خەقنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆتۈپلا كىنوخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بوپتۇ. مەنمۇ بىلەتنى سۇناي دەپ تۇرسام، پۇتۇمنى بىرى شۇنداق قاتتىق دەسسىمەسما، ئاغرىقى مېڭەمگە چىقىپ كەتتى. «قانداق گۇيدۇ بۇ؟» دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمدا تامدەك ئېگىز بىر قارا نېمە تۇرمامدا، ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى بىر ئىتتىرىپتىكەنمەن، بىر - ئىككى مېتىر كەينىگە داجىپ كەتتى. خەقنىڭ ئارىسىدا بولمىغان بولسا چوقۇم ئوڭدىسىغا چۈشەتتى. ھېلىقىمۇ يامان نېمە ئوخشايدۇ. كاپپىدە قىلىپ كانىيىمدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالدى. نېمانداق يوغىناپ كەتتىكى دېسەم، ئەتراپىدا تۆت ـ بەش ئاغىنىسى بار ئىكەن، ھېلىقىلار مېنى ئارىغا ئېلىپ ئىتتىرىپ ـ سۆرەپ چەتكە ئېلىپ چىقتى. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ تازا قارا كۇچكە تولغان ۋاقتىم. جۇدۇنۇم غۇژژىدە تۇتتى. چاپىنىمنى غاچچىدە سېلىپ ئۇكامغا تاشلاپ بېرىپ، ھېلىقى ياقامغا ئېسىلىپ تۇرغان نېمىنى كەلتۇرۇپ بىر قويۇپتىكەنمەن، گۇپپىلا چۈشتى. ئارىسىدا نوچىراقىمۇ شۇ ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمىلەپ يۇرگىنىنى كۆرۇپ، قالغىنىمۇ يېنىمغا كېلەلمەي قالدى. «بولدى قىلايلى ئاغىنىلەر ھە، بولدى… بىر مۇشتقا بىرىڭلار پايلىماي ئۆمىلەپيۇرسەڭلا. يا بۇ مۇشت دېگەننى پارچىلاپ ئاتقىلى بولمىسا… ئۇنىڭدىن شىمىشكەڭلىنى چېقىپ، ئاستا كىرىپ كىنورىڭلىنى كۆرۇڭلار!» دېۋېدىم، ھەممىسى شۇككىدە بولۇپ قالدى……..

ياسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقانلار:

— گېپىڭنىڭ ھېلىقى پېرى چېنىپ قالدى ياسىن، ھېلىقى پېرى، — دېيىشەتتى.

— قەيىرى؟! — دەپ ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى ياسىن.

— ھېلىقى چاپىنىڭنى غاچچىدە سېلىپ ئۇكاڭغا تاشلاپ بەرگەن يېرىڭ… ئۇكاڭ چاپىنىڭنى كۆتۇرۇپ كىنوخانىغا كىرىپ كەتمىگەنمىدى؟

ياسىن ئۆزىمۇ كۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ «گېپىم راست» دەپ تالىشىپ تۇرۇۋالىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى.

— بىر قېتىم ئاتلىق كېتىپ بېرىپ چۆلدە ئېزىپ قالدىم دېمەمسىلەر، — دەپ ئىككىنچى بىر ھېكايىسىنى باشلايتتى ياسىن، — كېتىپ بارىمەن، كېتىپ بارىمەن، بۇ چۆلنىڭ ئايىغى كۆرۇنەي دېمەيدۇ، بىر چاغدا بىر كۆلنىڭ بويىدىنلا چىقىپ قالدىم. «خۇدايا توۋا، بۇ چۆلدا بۇ كۆل ئەجەب پەيدا بولۇپ قالدا!» دېدىم. كۆل بولغاندىمۇ قانداق كۆل

دېمەمسىلەر، سۈيى سۈپسۈزۈك، ئاستىدىكى لەش ئوت دېگەننىڭنىڭ ھەممىسى يايپېشىل بوپ، مانا مەن، دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ ئوچۇملا سۇ ئىچتىم. بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرسەم، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ، تىككىدە بولۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى بېلىقنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك مىسكىن، قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئويلىسام بۇ بېلىقنىڭ چىرايىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. «ھەي بۇ تونۇش بېلىقتەك قىلىدىغۇ، نەدە كۆرۈۋىدىمكىنا؟» دەيمەن. تازا ئېسىمگە ئالسام، ھېلىقى بىز بىر يىلى ئولاش ـ چولاش دەريا بويىغا ئوينىغىلى چۈشكەندە هاراقلا زاكۇسكا قىلىپ يېۋەتكەن بېلىقىمىز شۇ. «ۋاھ، بۇ بېلىق قانداقىسىگە تىرىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟» دېدىم. ئۆزۈمنى بىر سۇر باسقاندەك بولدى. ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي قېچىپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام، پۇتلىرىم قاپىرىپ، سۇ كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ......

شۇ چاغدا، ئاڭلاۋاتقانلار چۇرقىرىشىپ ياسىن يالغاننىڭ سۆزىنى بۆلەتتى:

— ھوي ياسىنجان، ئات قېنى، ئات؟ ئاتلىق كېلىۋاتاتتىڭلار ئەمەسمۇ......

— ھە راست ئات، ئات نەدە قالدى؟! — دەيتتى ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كۇلۇشۇپ كېتەتتى.

زۆھرە، نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە شۇ ئادەملەرنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن؟ مۇساپىرچىلىق جېنىغا پاتمىغان ئادەملەرگە بۇنى چۈشەندۈرمەك تەس.

چەت ئەلدىكى چېغىمدا ئۇچراتقان جاڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ يىگىتنى پات ـ پات ئەسكە ئېلىپ قالىمەن. مەن ئۇنى

ۋوگزال مەيدانىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا كېتىپ بارغان بولسىمۇ، مېنىڭ بىلەن ۋەتەنداش ئىكەنلىكىنى چىرايىدىنلا تونۇۋالدىم. ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ، خەنزۇ تىلىدا:

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدىم.

ئۇ تورمۇزلىغاندەك چىپپىدە توختاپ، ھەيران بولۇپ يېنىغا قارىدى. مېنى كۆرۈپ ناھايىتىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ياخشىمۇسىز؟ ... جۇڭگودىن كەلدىڭىزمۇ؟ قاچان كەلدىڭىز؟ ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېگەن بىرمۇنچە سوئاللار بىلەن مېنى كۆمۈۋەتتى.

بىز ئەتراپنى بىللە ئايلاندۇق. كېيىن ئۇ مېنى بىر رېستورانغا باشلاپ مېھمان قىلدى. ئۇ يەردە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئەسلى ئۇ ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدا ـ بىزدە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلدە بۇ تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بۇ يەردە بىر رۇس قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ھازىر ئىككى بالىسى بار ئىكەن، تۇرمۇشىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. ئۆيدىكى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىكەن. بىچارە ئۆز تىلىدا سۆزلەشكۈسى كېلىپ كەتسە ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىدىكەن. خەنزۇچە خەتلەرنى ئۇنتۇپ قالدىممۇ، قانداق؟ دەپ يەرگە سىجاپ ئولتۇرىدىكەن...

— جۇڭگوغا قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدىمەن ئۇنىڭغا.

— نامرات ئانىسىدىن يۈز ئۆرىگەن ۋاپاسىز بالىدەك ئېغىر كۆڭلەردە ئۇنى تاشلاپ كەلدىم، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىپ بارىمەن، — دەپ يەرگە قارىدى ئۇ. ئاندىن ماڭا قاراپ، — سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

نېمە سەۋەبتىن قېچىپ ئۆتكىنىمنى ئېيتقۇم كەلمىدى. ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بۇ سوئالنى قايتىلىمىدى... ئاندىن ئۇ تۇرغان ئورنۇمنى كۆرۈۋالماقچى بولۇپ ماڭا ئەگىشىپ ياتىقىمغىچە كەلدى. ئۇ ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، ئىندىنىمۇ... ئۇدا ئۈچ كۈن مېنى يوقلاپ كەلدى. ھەر كەلگەندە بىر مۇنچە تەييار يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پاراڭلىشىپ كېتەتتى. چالا ـ پۇچۇق سۆزلىگەن خەنزۇچە گەپلىرىمنى زوقلىنىپ ئاڭلايتتى. ھەر قېتىم مېنى ئۆيىگە باشلاپ بارماقچى بولۇپ زورلايتتى:

ــ كۆكتات يېيىشنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ قورقماڭ، مەن قوي گۆشىدە تازا تەملىك قىلىپ جۇڭگوچە سەي قورۇپ بېرىمەن. ھويلىغا ھەر يىلى ھەممە سەيلەرنى تېرىيمەن. بۇ يەردىكىلەر كۆكتاتنى ئاز يەيدۇ. چىڭسەي، لوبۇ، شىياڭسەيلەرنى قورۇپ يېسەم بالىلىرىم بۇرۇنلىرىنى تۇتۇپ «ئۆينى سېسىق پۇرىتىۋەتتىڭ!» دەپ سوقۇشىدۇ. ئۇلار يوق چاغدا قورۇپ يەپ، خۇمارىمنى بېسىۋالىمەن... ــ دەيتتى.

ئۇنىڭ ھەر كۈنى كېلىۋېرىشى مېنى قورقۇتۇپ قويدى. چېگرىدىن يېڭى ئۆتكەن ۋاقىتلىرىم بولغاچقا ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم. جاڭغا تۇيدۇرمايلا ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. بىر قېتىم ئۇنىڭ مەندىن سوۋغات سورىغان ۋاقىتتىكى مىسكىن ھالىتىنى پەقەت ئۇنتالمايمەن.

ــ جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن بىرەر نەرسىڭىز بولسا ماڭا سوۋغات قىلسىڭىز بولامدۇ؟ ــ دەپ ئۆتۈنگەنىدى ئۇ.

مەندەك بىر قاچقۇننىڭ يانچۇقىدا قانچىلىك دەسمايە بولماقچى. ئىلاجىسىز ئۇنىڭدىن:

ــ نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ نېمە بولسا مەيلى. بىر ـ ئىككى خەنزۇچە خېتى بار بىرنېمە بولسىلا بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

ئۇنىڭغا يېنىمدا ئېلىپ يۈرگەن بىر تىرناق ئالغۇچنى سۇندۇم. جاك ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىدىن سوۋغات ئېلىۋاتقاندەك ئىككى قوللاپ ئالدى، كۆرۈپ تاغدەك خۇشال بولدى. تىرناق ئالغۇچنىڭ ئۈستىدە «جۇڭگو» دېگەن ئىككىلا خەنزۇچە خەت بار ئىدى...

ئاشۇ خەنزۇ يىگىتنىڭ ھېسسىياتىنى مەن تېخى ئۇ چاغلاردا ئانچە چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدىم. مانا ھازىر مەنمۇ يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئۆزۈم بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پىچىرلىشىدىغان، ئادەمسىز خالىي جايلارغا بېرىپ، مەجنۇنلاردەك ئۆز يۇرتۇمنىڭ ناخشىلىرىنى توۋلايدىغان، مەھەللىدىكى ئاشۇ ساددا ۋە ئۇنتۇلماس ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ قىزىق گەپ - سۆزلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئەسلەپ كۈلىدىغان بولۇپ قالدىم...

## 7

زۆھرە!

شۇ تاپتا مەن دېڭىز قىرغىقىدا ئولتۇرۇپتىمەن. شەنبە، يەكشەنبە كۈنىدىكى ۋاڭ - چۇڭلاردىن كېيىن، بۈگۈن بۇ ئەتراپ قايتا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. سۇ يۈزى ئۇششاق جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار سانسىز بۈژغۇنلارنى قىرغاققا ئۇراتتى؛ دولقۇن قايتقاندا بولسا، دېڭىز سۈيىنىڭ قىرغاقتىكى قۇمغا سىڭىپ ۋىشىلدىغان ئاۋازى قۇلاقتا قالاتتى. بىپايان، چەكسىز دېڭىزغا ئۇزاق قارىغانسېرى گويا ئادەم ئۆزىنى قۇرۇقلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. قۇياش دولقۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى قالدۇرۇپ، غايەت زور بىر ئوت شارىغا ئايلىنىپ دېڭىزغا



www.uyghurkitap.com

چۆكمەكتە ئىدى... ئارقامدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى. بۇرۇلۇپ قارىدىم. كۆز ئالدىمدا يېشى ئوتتۇز بەشلەر چامىسىدىكى بىر خانىم تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدىمۇ قىزغۇچ شەپەق نۇرى ئەكس ئېتەتتى.

— خەيرلىك كەچ! — دېدى ئۇ، — يالغۇز ئولتۇرۇپسىز؟

— قۇياشنىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن.

ئايال ئىجازەتسىزلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مېنىڭ مۇنداق خوتۇنلار بىلەن خوشۇم يوق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشۇ چىرايلىق بەدىنىدە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل كېسەللىرىنى يۇدۇپ يۈرۈيدۇ... قۇياش ئاستا ـ دېڭىزغا چۆكۈپ، يىراق ئۇپۇقتا پەقەت قىپقىزىل بىر پارچە يالقۇنلا قېلىپ قالدى.

— ئەمدى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئايال، — سىز ئۆيىڭىزگە قايتارسىز؟

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق، بۇ يەرگە مۇساپىرمەن.

— مېنىڭ بوۋام «بىز ھەممىمىز بۇ يەرگە مۇساپىرمىز» دەيدىغان. ھازىر ئۆزىنى بۇ يەرنىڭ غوجىلىرى بىز دەۋالغانلارمۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بۇ قۇرۇقلۇققا بايلىق ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى ئۆز ۋاقتىدا قىرىۋېتىلگەن، قالغانلىرى ناھايىتىمۇ ئاز... خالىسىڭىز بىرنىڭكىگە بارايلى. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈم بار.

— سىز مېنىڭدىن قورقمامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمىدەپ قورققۇدەكمەن!؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئەپتىمگە قارىڭ، مەن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن...

— ناھايىتى ياخشى. ماڭىمۇ دەل سىزگە ئوخشاش پات ئارىدا ئۆلۈپ قالىدىغان ھەمراھ لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— نېمىشقا؟

— مۇنداق ئادەم قايتا كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلمايدۇ، ئارقامدىن سۆز - چۆچەكمۇ ئاز بولىدۇ. مەنمۇ ئۇنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن...

— شۇ بۈگۈن كېچە يېنىڭىزدا ئۆلۈپ قالسامچۇ؟

— بۈگۈن كېچە ئۆلۈپمۇ قالمايسىز، بارغۇدەك ماكانىڭىز يوق ئادەممۇ ئەمەسسىز.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن ھەممىنى بىلىمەن، خانىمىڭىز ماڭا سىزنى كۆزىتىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن پۇل تۆلىگەن...

— ئايالىم؟!

— شۇنداق، سىزنىڭ ئايالىڭىز... سىز دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى ئەتىگەندىلا «خەيرلىك سەھەر» ساتىراشخانىسىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى ساتىراش خانىمنى چۆچۈتۈۋېتىپسىز. ئاندىن «ئالەمگە نەزەر» مېھمانخانىسىدا تاماق يېۋېتىپ مۈگدەپ قاپسىز، توغرىمۇ؟

— توغرا.

— ئاندىن سىز مېھمانخانىدىكىلەردىن ئۆي بېرىشنى تەلەپ قىپسىز، «يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىپسىز. مېھمانخانىدىكىلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. سىز ئۇ يەردە ئۆزۈڭىزدىن ئۇزۇن خەتلەرنى يېزىپسىز. «ئالەمگە نەزەر» نىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئولتۇرغىنىڭىزدا، مېھمانخانا باشقۇرغۇچىسى سىزنى مۇشۇ يەردىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالمىغىيدى، دەپ گۇمان قىلىپ، كۆزىتىشكە ئىككى ئەر كۈتكۈچىمۇ قويۇپتۇ... يەر ئاستى تۆمۈريولغا يېقىن مەيداندا، مۇزىكا تىڭشاۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغىنىڭىزدا مەن سىزنى تېپىۋالدىم. ئۇ يەردە سىز بىر قېرى كىشى بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىڭىز، شۇنىڭدىن بېرى ئارقىڭىزدا مەن... بىر ئىشنى

سورىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، سىز دوختۇرخانىدىن نېمىشقا قاچتىڭىز؟

— دوختۇرنىڭ مېنى ئۆلىدۇ، دېگەن مەزمۇندىكى ياپما گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن، ئۆلۈش ئالدىدا بولسىمۇ ئادەملەرنى، يورۇق دۇنيانى ئارىلاپ ئۆلۈپ كېتەي، دېدىم. قاراڭ، بۈگۈنكى قۇياش بىلەن ھازىرلا خوشلاشتۇق. مەن تېخى ھايات تۇرۇپتىمەن. رىزقىم پۈتمىگەنلا بولسا، ئەتە كۆلۈپ چىققان قۇياش بىلەن يەنە كۆرۈشىمەن… بىلەمسىز، شۇ قۇياش مېنىڭ يىراقتا قالغان يۇرتۇمغا نۇر تۆكۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ… قار، قارنىچۇ، قارنى كۆرگەنمۇسىز؟ ئەپسۇسكى، بۇ يەردە قار يوق. ئاپئاق قارنى بىر قۇچاقلىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى. قۇياش چىققاندا قار ئاجايىپ چاقناپ كېتىدۇ…

ئايال ئىككى قولىنى كەينىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ ماڭا بىر ھازا قاراپ قالدى ـ دە:

— سىزنى مەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر خەتەردىن ئاگاھلاندۇرسام قانچە پۇل تۆلەيسىز؟ — دېدى.

— ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالغىنىمدىن خەۋىرىم بار، — دېدىم.

— سىز دوختۇرنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، — دېدى ئايال، — دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، دوختۇرخانىدىكى بارلىق تەكشۈرۈشلەر سىزنىڭ ئىچكى ئورگانىزملىرىڭىزدا ھېچقانداق كېسەلنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپتۇ.

— ئۇنداقتا…

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم باشقا بىر خەتەر.

— قېنى ئېيتىڭا، بەش يۈز دوللار بېرەي.

— بەك ئاز بولۇپ قالدى، كەم دېگەندە ئىككى مىڭنى سانىسىڭىز بولىدۇ.

— ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغۇدەك

www.uyghurkitap.com

بولسام، دېگىنىڭىزنى ئېلىڭ.

— دوختۇر سىزدىكى كېسەلنى «روھىي كېسەل» دەپ خۇلاسىلەپ، سىزنى ئېلىپ چىقىپ «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» غا كۆرسىتىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلغانىكەن. مەسىلەن، سىز شۇ دوختۇرخانىدىمۇ كېچىلىرى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىراپ تۇرغان ئادەمدەك ھەدەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن سايما كەشىڭىزنى ئىزدەيدىكەنسىز. كەش ئالدىڭىزدا تۇرسىمۇ كۆرمەيدىكەنسىز. يېنىڭىزدا ئادەم يوق چاغلاردا ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلىشىدىكەنسىز... روھىي كېسەل دېگەننى ئاڭلاپ ھىدايەتخانىممۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. دوختۇرخانىدىن چىقىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. خانىم بىلەن قېيىناتىڭىز ئوتتۇرىسىدا ئازراق سۈركىلىش بولغاندەك تۇرىدۇ. قېيىناتىڭىز ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشقا ناھايىتى تىرىشىدىغان ئادەم. ئۇ سىزنى روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. چۈنكى، ئۇ سىزنىڭ بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى تېرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئەخمىقانە ئىشلار دېگىنىمىز، مەسىلەن سىزنىڭ كوچىلاردا بەزى غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈشىڭىز ياكى بولمىسا ئىتتىك كېتىپ، بارغان ماشىنا، پويىز دېگەندەك بىرنېمىلەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىڭىزنى كۆرسەتسە كېرەك. مانا مۇشۇ يەردىمۇ سىز خەتەرگە ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇپسىز، كاللىڭىزغا بىرەر بىمەنە خىيال كىرىپ، ئەنە ئاۋۇ ئېگىز قىرغاققا چىقىپلا ئۆزىڭىزنى دېڭىزغا ئاتسىڭىز ئىش تامام، دېگەن گەپ — دە... مەنمۇ ئارقىڭىزدا يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن، دەپ قالدىم. مەسىلەن، سىز يول ماڭسىڭىز خۇددى تامنىڭ

ئاستىدا قىلىپ يالپاقلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قىپ-يىپياش ماڭىدىكەنسىز، خېلى كەڭ ئىشىكلەردىنمۇ يانتۇ بولۇپ كىرىدىكەنسىز... گېپىمنىڭ باش - ئاخىرى نېمە بوپ كەتتى - ھە؟، ھىدايەتخانىم سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا باشقىچە قاراشتا ئىكەن. ئۇ سىزنى يىراقتا قالغان بالا - چاقىلىرىنى تولا خىيال قىلىپ شۇنداق بولۇپ قالغان، دەپ پەرەز قىلسا كېرەك. دادىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلسە، سىز دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىپ قاپسىز. ماڭا سىزنى ئىزدەپ تېپىپ، كۆز - قۇلاق بولۇپ قويۇشنى تاپشۇرغانىدى. «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەننىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى سىز ئوبدان بىلىسىز. قانداق، مەن سىزنى چوڭ بىر خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپتىمەنمۇ؟

— ھەقىقەتەن چوڭ خەتەر ئىكەن!... ئەمما، دوختۇر توغرا ئېيتىپتۇ. روھىي كېسەل بولمىغان تەقدىردىمۇ، روھىمنىڭ گۇمران بولۇۋاتقىنى راست. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار مېنى بەك ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. يىراق بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىرايمەن، لېكىن بارالمايمەن؛ ئۆلۈشنى خالايمەن، ئەمما ئۆلۈۋالالمايمەن. مېنى قىينايدىغان ئازابمۇ شۇ...

ئارىمىزنى بىردەملىك سۈكۈت باستى. ئەمدى دېڭىز ئۈستى قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، دولقۇنلارنىڭ قىرغاققا يېنىك ئۇرۇلۇپ شالاقشىشى جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، — دېدى خانىم، — يۈرۈڭ كېتەيلى.

— مەن سىزدىن قورقۇپ قالدىم، — دېدىم.

— قورقماڭ! — دەپ ئورنىدىن قوپتى ئايال، — مەن سىزنى قېيىناتىڭىزغا تۇتۇپ بەرمەيمەن. ھىدايەتخانىم سىزنى ھازىرچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىسە مەيلى، زۆرۈر بولغاندا ئۆزۈم ئىزدەيمەن، دېدى. خانىمىڭىز كۆڭلى يۇمشاق ئايال، ئۇ

سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى بىلىپ تۇرسىلا بولىدۇ…
— نەگە بارىمىز؟
— دېدىمغۇ، مېنىڭ ئۆيۈمگە بارايلى.
— سىزنىڭكىگە بارالمايمەن.
— بەرىبىر يولىمىز بىر…
— قانداقچە؟
— مەنمۇ كېچە سىز قونغان مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىز ئۈچىنچى قەۋەتتىن ئۆي ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ مەن ئىككىنچى قەۋەتتە، سىزنىڭ ئاستىڭىزدىكى ئۆيدە، كېچىچە ئاياغ تاۋۇشىڭىزنى ئاڭلاپ ياتتىم.
ئۆلۈمدىن قورقمىغىنىم بىلەن «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەننى ئاڭلاپ قورقتۇم. بۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاخقا كىرگەن بىلەن باراۋەر گەپ. ئۆمرۈمدە تارتقان كۆلپەتلىرىمنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى ساراڭلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئىش قاپتۇمۇ!؟… قاچىمەن! ئاۋۋال يېنىمدا ئالۋاستىدەك تۈيۈقسىز پەيدا بولۇپ قالغان مۇنۇ خوتۇندىن قۇتۇلۇش كېرەك… شۇ چاغدا كاللامغا: «دەل ئىزىمغا چۈشكەن مۇشۇ پايلاقچىنىڭ ئۆزىنى ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك» دېگەن پىكىر كەلدى. بۇنىڭ ئامالى: ھازىرچە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈيمەن، ئۇنى پاراڭغا سالىمەن، ئەگەر ئۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ يوقاپ كەتسە، مەنمۇ يوقاپ كېتىمەن…
ھېلىقى ئايال بىلەن بىللە ماڭدىم. يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. خانىم راستتىنلا ئىككىنچى قەۋەتتە، مەن ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ نەق ئاستىدىكى خانىدا تۇرىدىكەن. بۇ ئۆي تېخى مەن تۇرغان ئۆيدىن ئازادىرەك، جاھازلىرىمۇ كۆركەملىكرەك ئىكەن.
— خوش، — دېدى پايلاقچى خانىم مېنى ئۆيىگە

باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، — سۇ تەييارلاپ بېرەي، يۇيۇنۇۋالامسىز؟... خالىسىڭىز مەن ئۆزۈم يۇيۇپ قوياي.
«بۇ قانداق چاقچاق بولدى» دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.
— قورۇنماڭ! — دېدى ئۇ، — مانا بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنىمۇ، يۇيۇپ قويسام يۇيۇش ھەققىنىمۇ خانىمىڭىز تۆلەيدۇ.
— رەھمەت! — دېدىم.
— ئىختىيارىڭىز، ئەمىسە بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇپ تۇرىسىز — دە، مەن يۇيۇنۇۋالاي.
ياستۇق قويۇلغان يۇمشاق سافاغا كېلىپ يانپاشلىدىم. ئايال نېرىقى ئۆيگە كىيىملىرىنى سېلىپ، ئىچ كىيىملىرى بىلەن ۋاننا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سۇنىڭ شارقىراپ چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ، بىرقانچە يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان بىر ۋەقەنى ئېسىمگە ئالدىم.
تۇرمۇشۇمنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلە — تىرىلىشىمگە قارىماي ئىشلەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم ئىدى. بىر كۈنى، قاراڭغۇ كېچىدە شەھەرنىڭ چەت بىر يېرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۈچ كىشىگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلار «توختا!» دەپ ئالدىمنى توستى. ئىككىسى ئىككى يېنىمدىن كېلىپ ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن بىلىكىمنى قىسىپ تۇتۇپ تۇردى. ئۈچىنچىسى ھەممە يانچۇقلىرىمنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى سىيرىۋالدى — دە، مېنى قويۇپ بېرىشتى. بۇ مېنىڭ بىر ئاي ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، يەنە بىر ئايغىچە سارغىيىپ ئاچ يۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. ھېلىقى بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگۈردۈم. يېتىشىپ بېرىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇردۇم:
— چوڭ بولساڭلار ئاكىلار، كىچىك بولساڭلار

ئۇكىلىرىم، ماڭا رەھمىڭلار كەلسۇن. مەن كەمبەغەل ئىشلەمچىمەن. ئاشۇ پۇلۇمنى ئېلىۋالساڭلار يەنە بىر ئايغىچە مەن نېمە يەيمەن؟... سىلەرمۇ ئادەمغۇ، سىلەردىمۇ ۋىجدان بولۇشى كېرەكقۇ؟... پۇلى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغانلارنىڭكىنى بۇلىساڭلار بولمامدۇ؟... ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ بېرىۋېتىڭلار...

يەنە نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن. ئارىسىدىن بىرى چىقىپ ياقامنى سىقىپ، كېكىردىكىمگە پىچىقىنى تەڭلىدى - دە:

— جېنىڭنى ئامان قويغانغا خۇش بول، ماڭ يوقال! — دەپ ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى.

ئورنۇمدىن قوپۇپ، ھېلىقىلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يۈگۈردۈم.

— يەنە نېمە دەيسەن؟ — دېدى ئۇلار ھەيران بولۇپ توختاپ.

— ياق، پۇلۇمنى ئەمەس، پۇلۇمنى دەپ كەلمىدىم... ئويلىسام، سىلەرنىڭ مۇشۇ كەسپىڭلارمۇ دەسمايە كەتمەيدىغان ئوبدان ئىش ئىكەن. مېنىمۇ ئاراڭلارغا قېتىۋالساڭلار...

شۇنداق دېگىنىمنى بىلىمەن، ھېلىقى ئۈچى مېنى يامغۇردەك مۇشت ياغدۇرۇپ، تېپىپ، دەسسەپ ياتقۇزۇپلىۋەتتى - دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىيىملىرىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشتى. ئىڭراپ قانچىلىك ياتقانلىقىمنى ئۇقمايمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا بىر ئايال كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. بۇ ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بولغان، بۇرۇنلىرى كەڭ، كالپۇكلىرى قېلىن كەلگەن، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. ئۇ ھالىمغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلدى. يالىڭاچلاپ ۋاننىغا سېلىپ يۇدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ماڭا سوپۇن سۈركەپ،

بىر تەرەپتىن ئاغزى بىسىلماي سۆزلەيتتى.
— ھە، مېنى مېھرىبان خانىم ئىكەنسىز، دەمسەن؟ — دەيتتى ئۇ، — رەھمەت. يولى كەلگەندە باغرى تاشتىن قاتتىق خوتۇنمەن. ئىشىنەمسەن، مېنىڭ ئانامۇ، دادامۇ ئاق تەنلىك، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇرۇن قارا تەنلىكلەرنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەن. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قارا تەنلىك ئىشلەمچىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تازا كۈلۈپتۇ. كېيىن ئۆزىمۇ رەڭگى قارا تەنلىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغانراق بىر بالىنى— مېنى تۇغۇپتۇ. ئانام مېنى تۇغۇپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازاب تارتتى. دادام ئانا - بالا ئىككىمىزنى يەتكۈچە خورلىدى. ئانام ئۆلگەندىن كېيىن مېنى «پۇشتۇمدىن بولغان بالا ئەمەس» دەپ مىراسسىز قالدۇرۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەقلىمنى تېپىپ، تازا كۈچۈمگە كەلگەن ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. دادامغا «مېنى قىزىم دەپ ئېتىراپ قىلمىسىڭىزمۇ، ئاشۇ ئانام ياتقان كارىۋاتتا بىر كېچە بولسىمۇ يېتىۋالاي!» دەپ يالۋۇردۇم. شۇ كېچە ئۇ مېنى ئاياغ ئاستى قىلدى... ئىشىنەمسەن؟ سەھەردە، سېنى يۇيۇۋاتقان مۇشۇ قوللىرىم بىلەن ھېلىقى نەرسىنى— ئۆزۈمنىڭ دادامنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدۇم... ھاياتىمدا مەن تارتقان ئازاب ئانامنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. مەن ھەم ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەسخىرىسىگە، ھەم قارا تەنلىكلەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىدىم. ئاللا بۇ ئالەمنى شۇنداق ئاق، قارا، يېشىل، سېرىق قىلىپ رەڭمۇرەڭ ياراتتى. ئەمما، بەزى ئادەملەر ئۇنى بىر خىل رەڭدە قىلالمايلا ھەلەك...

بۇ ئايال مېنىڭ يېرىلغان، ئىششىغان يەرلىرىمگە دورا سۈرتتى. بىر ھەپتىگىچە ئۆيىدە باقتى... كېيىن، مەن پۇللۇق بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا ئۇنى بىر رازى قىلماقچى بولۇپ ئىزدەپ باردىم، تاپالمىدىم. ئۇ ھېلىقى مەن ياتقان ئۆيدىن كۆچۈپ

كەتكەنىدى. نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى.

زۆھرە، نېمىشقىدۇر مۇساپىرلىق ھاياتىمدا كۆپىنچە مەن ئەرلەرنىڭ دۈشمەنلىك نەزىرىگە، ئاياللارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئۇچراپ كەلدىم.

## 8

پايلاقچى ئايال يۇيۇنۇپ چىقىپ كەچلىك تاماق ھازىرلىدى. ئالدىمغا جوزا راسلاپ ئۆزىمۇ كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— قانداق، چىرايلىقمىكەنمەن؟ — دەپ سورىدى.

— چىرايلىقكەنسىز، — دېدىم.

بۇ خۇشامەت گەپ ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بۇ خانىم مېنىڭ قارىشىمدا، ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى (بۇ يەردە ھازىر ئەرلەر تاماكا تاشلاپ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىڭ كويىدا يۈرگەندە، مۇشۇنداق تاماكا چېكىدىغان دەردمەن ئاياللار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ). ئۇنىڭ ئالدىغا سوزۇلغان ئۇزۇن پۇتلىرى، ئۇخلاش كىيىمى ئاستىدىن بىلىنىپ تۇرغان كۆكرەك، ساغرىلىرى ناھايىتى كېلىشىملىك ئىدى.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت! — دېدى ئۇ، — ئالدىڭىزدا تاماكا چېكىۋەردىم، ئەپۇ قىلغايسىز… سىزمۇ بىرەر تال چەكمەمسىز؟

— بىر چاغلاردا چەككەنىدىم، تاشلىۋەتتىم.

— ئىرادىلىككەنسىز. مەنمۇ تاماكا تاشلايمەن، دەپ كۆپ ھەپىلەشكەنىدىم. بىر قېتىم بىر ئابرۇيلۇق دوختۇرنىڭ تاماكىنىڭ زىيىنى ھەققىدە يازغان كىتابىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ يېزىشىچە، تاماكا چەككەن بىر كىشى بىلەن تاماكا

چەكمەيدىغان يەنە بىر كىشىنى ئۈزاق يىل كۆزەتكەنىكەن. ھېلىقى تاماكا چېكىدىغان كىشى تاماكا چەكمەيدىغىنىدىن تۆت يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. «شۇنچىلىك گەپمىدى؟… تۆت يىل ئوشۇق ئۆمۈر كۆرىمەن، دەپ بىر ئۆمۈر تاماكا چېكىش لەززىتىدىن قۇرۇق قالايمۇ!» دېدىم ـ دە، تاماكامنى چېكىۋەردىم. بۇرۇنقىدەكقۇ كۆپ چەكمەيمەن، بىر چاغلاردا ناھايىتى كىرىشىپ كەتكەنىدىم.

— سىز توي قىلمىغانمۇ؟

— قىلغان، خالىسىڭىز سىزگە ئۆمۈر تارىخىمنىمۇ سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن.

— سۆزلەڭ، قىزىقىپ ئاڭلايمەن.

— بالا ۋاقتىمدا نامرات بىر ئائىلىدە چوڭ بولغانتىم، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، — ئەمما، ناھايىتى گۈزەل ئىدىم. ئاپام مېنى تېخى تۇرمۇشقا چىقماي تۇرۇپ تۇغقانىكەن. دادامنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن. كېيىن، ئاپام مېنى مومامغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ئەرگە تېگىپ يوقالدى. مومام «چىرايلىق قىز دۈشمەنلىك بولىدۇ» دەپ ماڭا ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملەرنىلا كىيدۈرۈپ قوياتتى. كېيىن موماممۇ ئۆلۈپ كەتتى. نەق ئون سەككىز ياشقا تولغان ۋاقتىمدا مېنى بىر قېرى ئالماقچى بولدى. ئۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە باي ئادەم ئىدى. ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىدىن بولغان بالىلىرىمۇ مېنىڭدىن نەچچە ياش چوڭ ئىدى. بۇ تويغا مەن رازى بولدۇم.

— دېمەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇ يولنى تاللىدىڭىز — دە؟

— شۇنداق بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېلىقى قېرىغا تېگىشكە ماقۇل بولدۇم. «بۇ قېرىنىڭ كۆپ بولسا يەنە ئون يىللىق ئۆمرى قالغاندۇ، ئازراق ۋاقىتنى لېۋىمنى چىشلەپ ئۆتكۈزسەم، كېيىن ئۇنىڭدىن مىراس قالغان دۇنيا بىلەن ئۆزۈم

www.uyghurkitap.com

خالىغانچە ياشارمەن» دەپ ئويلىدىم. سىز يىراق بىر يەردە، ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر ئارال بار، دەپ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئەنە شۇ ئارالدا قىرنىڭ داچىسى بار ئىدى. ئۇ مېنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەرگە تەگدىم، دەپ ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىنىمۇ قوشۇپ سېتىۋەتكەنىكەنمەن. دەسلەپتە بىرەر يىل ئارالنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىگە، قىممەتلىك ئۆي، جاھاز، كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلەرگە مەست بولۇپ يۈردۈم. ئاز ئۆتمەيلا ھەممىدىن زېرىكتىم.

— سىزنىڭ ئۇ ئادىمىڭىز نېمە ئىش قىلاتتى؟

— ئۇ كارخانىلارغا قوشقان ھەر خىل پاي - چەكلىرىنىڭ پايدىسىنى يەپ ياتىدىغان قېرى ئىكەن. قەغەزلىرىنى پۇلغا ئالماشتۇرىدىغان چاغلاردا يىراق - يېقىنلارغا بارىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچ يەرگە بارمايتتى. ھەر يەكشەنبە كۈنى داچىدىن بەش، ئالتە كىلومېتىر نېرىدىكى كىچىك بازارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ياشانغانلار كۇلۇبىدا قارتا ئوينايتتى ياكى ھاراق ئىچەتتى. مېنىڭ كۈنۈم تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتەتتى. تېلېۋىزوردا كۆرىدىغىنىم ئەركىن بىر دۇنيا، ئۆزۈم بولسا تۈرمىدە ئولتۇرغاندەك داچىدىن نېرىغا بارالماي كۈننى كەچ قىلاتتىم. ئۆيدىن چىقسام ھەر كۈنى كۆرىدىغىنىم ئاشپەز ئايال بىلەن داچىدا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە ئىشلەمچىلەرلا ئىدى. ئون يىل شۇنداق ئۆتتى.

— توپتوغرا ئون يىل دەڭ؟

— شۇنداق، مەن ئۇ ئون يىلنىڭ ھەربىر كۈننى ساناپ ئۆتكۈزدۈم. ھېلىقى قېرىغا ئەجەل يېقىن كېلىش نەدە؟ ئۇ بارغانسېرى ياشىرىپ كەتتى، مەن روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كەتتىم...

بىر كۈنى ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرسام ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش بىر كىشى پەيدا بولدى. قارىسام، ياش ۋە كېلىشكەن

يىگىت ئىكەن.

— خانىم، مەنزىرە رەسىملىرىدىن بىرەر پارچە سېتىۋالامسىز؟ — دېدى ئۇ.

— كۆرۈپ باقاي، — دېدىم.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، رەسىملىرىنى يېيىپ كۆرسەتتى. ھەممىسى ناچار سىزىلغان رەسىملەر ئىكەن. مەن مۇنداق رەسىملەرنى سېتىۋالامسامۇ، داچىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، مەن رەسىملەرگە ئەمەس، رەسسامنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قالدىم. دېگەن باھادا پۇل تۆلەپ، بىر پارچە رەسىم سېتىۋالدىم. يىگىت ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم دەل قېرىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىنى تېپىپ كېلەتتى. بىز چىقىشىپ قالدۇق. مەسلىھەتلىشىپ قاچماقچى بولدۇق. بىر كۈنى، ئۆيدىكى بارلىق نەق پۇللار، پۇلغا يارىغۇدەك قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ بىر - ئىككى چامادانغا جايلىدىم - دە، ھېلىقى يىگىت بىلەن قېچىپ كەتتىم.

بىز يىراققا قاچتۇق. ھېلىقى رەسسام بايقۇشنىڭ رەسىم سىزىدىغان بىرنەچچە پەلكۈچىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. چەت بىر يېزىدا توختاپ، دەريانىڭ بويىدىن ئاددىي بىر يۇرۇش ئۆينى سېتىۋالدىم. ئىككى ئايچە مەن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈردۈم. كېيىن قېرىنىڭ ئەتراپقا ئەۋەتكەن ئادەملىرى بىزنى سېزىپ قالدى. قېرى ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ دەۋا قىلىپ، مېنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى.

— بوۋىيىڭىز بىلەن يەنە ئەر - خوتۇنچىلىقىڭىز باشلاندىمۇ؟

— نەدىكىنى، ئۇ مېنى ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن: «كۆڭلۈڭدە سەن مېنى يەنە خوتۇن قىلىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

باشقىلارنىڭ قويىندا ياتقان پاسكىنىنى خوتۇن قىلىشقا ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. كۆرىسەن، ئەتىلا پۇل خەجلەپ سېنىڭدىن چىرايلىقراق يەنە بىرىنى ئەكېلىمەن. مەن پەقەت سېنى رەسۋا قىلىپ، ئۆزۈمنى بىر تېپىپ قويۇش ئۈچۈنلا قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن بارلىق پۇل-ماللارنى قايتۇر!» دېدى.

ئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇشنى رەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى كەمبەغەل رەسسامنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتكەنىدىم. قېرى ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ، مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بەردى. «باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتتىم.

— ھېلىقى رەسسامچۇ، سىزنى يوقلاپ تۇرغاندۇ؟

— ئەلەم قىلغىنىمۇ شۇ بولدى. مەن ئۇنى «جەزمەن كېلىدۇ» دەپ تەلمۈردۈم. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ مېنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى. تۈرمىدىن چىقىپ، كۆڭلۈمدىكى ئاغرىنىشىمنى چىقىرىۋېتىپ، يەنە توپتوغرا ئۇنى ئىزدەپ باردىم. بارسام، يىگىتىم مېنىڭ پۇلۇم بىلەن دەريا بويىدىكى ھېلىقى ئۆيلەرنى يېڭىلاپ باشقىدىن ياسىتىپ، ئەتراپىتىن يەر سېتىۋېلىپ، ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپ كېتىپتۇ. چىرايلىق بىر خېنىمغا ئۆيلىنىپمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. مېنى ئۆيگە كىرگۈزۈشمىدى، تالادىلا قالدىم.

ئايال يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى.

— ئەمدى سىز رەسسامنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ سۆز قىستۇردۇممەن، — چۈنكى ئۇ سىزنىڭ پۇللىرىڭىزغا كەلگەن ئۆيلەر - دە؟

— ئۇنداق ئادەم بىلەن دەۋالىشىپ يۈرۈشنى لايىق كۆرمىدىم، — دېدى ئۇ، — كولپەتلىك تۇرمۇشۇم شۇنىڭدىن

باشلاندى. قارىسام، ئۆزۈم ئەركىن، يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق. توفى، مۇنداق ئەركىنلىك قۇرۇپ كەتسۇن! پۇلۇڭ بولمىسا ئەركىنلىكىڭنىڭ ئۆزى سەرگەردانلىق... شۇ كۈندىن باشلاپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن قايتمىدىم. ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق - دە! ...باشقىلارنىڭ قويىندا ياتتىم، ئۆزۈم خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم... ھازىر كۈنۈم ياخشىلىنىپ قالدى. ئەرگە تېگىشنى ئويلاپمۇ باقمايمەن. ھېلىقى ئىككى ئەركەكنىڭ ۋاپاسىزلىقى ماڭا ئەر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تونۇتتى... ئەمما، بەزىدە زېرىكىمەن، پۇل ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈل ئۈچۈن بىرەر ئەركەك بىلەن بىللە بولىمەن - دە، ئۇنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتىمەن... پۇل ئىشىغا كەلسەك، ھازىر مېنىڭ باشقىچە يوللىرىم بار. مەسىلەن، مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىمەن... مانا سىز مەن يەتكۈزگەن بىر ئېغىز ئۇچۇر بىلەن ماڭا ئىككى مىڭ دوللار قەرزدار بولدىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ بىر خەتەردىن خەۋەر تېپىپ قالدىڭىز... سىزنى چارچىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياق، ناھايىتى قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەردىڭىز.

— رەھمەت، بولمىسا دەم ئالايلى، سىز مۇشۇ يەردىلا قونۇپ قېلىڭ.

— مەيلى، سىزگە مالاللىق يەتمىسە... — دەپ رازى بولدۇم.

شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى يېنىمىزدا تۇتۇپ تۇرالىساق خاتىرجەم بولاتتۇق. ئۇ مېنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەيتتى. مەن ئۇنىڭ قېيىناتامغا خەۋەر بېرىپ قويۇشىدىن قورقاتتىم.

— سىز ئىچكىرىكى ئۆيدە كارىۋاتتا يېتىڭ، مەن مۇشۇ يەردە سافادا ياتاي، — دېدى خانىم.

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت، كارىۋاتتا ئۆزىڭىز يېتىۋېرىڭ، بۇ يەردە مەن ياتاي! — دېدىم.

چۈنكى تېلېفون مۇشۇ تاشقارقى ئۆيدە ئىدى. پايلاقچى خېنىم تالاغا چىقماقچى بولسىمۇ بۇ يەردىن ئۆتمەي ئىلاجى يوق ئىدى.

## 9

زۆھرە!

يات ئايالنىڭ ئۆيىدىكى ئۇزۇن سافادا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. مۇنداق ئۇدۇل كەلگەن يەردە قونۇپ قالىدىغان ئىشلار مۇساپىرلىق ھاياتىمدا كۆپ سادىر بولغان. بايا بۇ خانىم سۆزلىگەن ئۆمۈر تارىخى بەلكىم راستتۇر ياكى ئۇ مېنى پاراڭغا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقارغاندۇ. ئۇنىڭ «پۇل بولمىسا ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى سەرگەردانلىق» دېگەن بىر جۈملە سۆزى كاللامدىن كەتمىدى… تۇغۇلغان ماكانىمدىن چىقىپ بۇ يەرلەرگە كەلگۈچە مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدىم، كەمسىتىلدىم، خورلاندىم. ئۆلگۈدەك تىرىشىپ ئىشلەپمۇ باشقىلار ئالغان ھەقنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا ئالدىم. كېكەچلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەم ئىشلەپ، ھەم ئوقۇپ تىل ئۆگەندىم. يىلتىزى يوق قامقاقتەك شەھەرمۇ - شەھەر يۈمىلاپ، ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختىدىم… كېيىن پۇلمۇ تاپتىم، لېكىن ھازىرغىچە ئەركىن بولالىغىنىمنى ئۇقمايمەن. يات ئەلدە، يات ئادەملەر ئارىسىدا ھامان قورۇنىمەن… شۇ تاپتا ئۆزۈمنى پايلاپ يۈرگەن بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە يېتىپتىمەن. «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەن چىرايلىق نامى بار، ئەتراپى تىكەنلىك ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان مەدەنىي تۈرمىگە كىرىپ قېلىش

خەۋپىم كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇۋېتتۇ...

كۆز ئالدىمغا ھىدايەتخانىم كەلدى. ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئالغان ئايالىم. ھىدايەتخانىم زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، قانائەتچان، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دادىسى ھىممەت ئەپەندى بۇ يەردىكى كاتتا بايلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىگەن ئادەم— ئۇلارنىڭ بوۋىسى ھاشىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھاياتىمۇ ئاجايىپ بىر تارىخ.

ھاشىم ئەسلىدە بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئاددىي چاكىرى ئىكەن. ئۇ ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ ئوتتۇز يىل ئاشۇ سودىگەرنىڭ ئىشىكىدە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىپتۇ. سودىگەرنىڭ بالىلىرى تۇرماق، نەۋرىلىرىنىمۇ ھاپاش قىلىپ چوڭ قىپتۇ. خوجايىنىنىڭ بىرقانچە يەردە ئۆي - جايلىرى، تۆت خوتۇنى بار ئىكەن. ھاشىم قىرىق ياشتىن ئاشقاندىمۇ باينىڭ ئۈنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش خىيالىغا كىرىپ باقماپتۇ. ھاشىم بالا ۋاقتىدا شۇ سودىگەرنىڭ ئانىسىغا قانداق زورلۇق قىلغىنىنى، كېيىن ئانىسىنىڭ نومۇسقا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىنىمۇ بىلىدىكەن. ھاشىم ئۈنچىقماي كالىدەك ئىشلەيدىكەن. ئەمما، بۇ ئۈنچىقماسلىقنىڭ ئاستىغا سودىگەرگە بولغان كۈچلۈك نەپرەتمۇ يوشۇرۇنغانىكەن...

بىر قېتىم ھاشىمنىڭ خوجايىنى ھەج قىلماقچى بولۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يولدا خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن پەقەت سادىق مالىيى ھاشىمنىلا ئېلىۋاپتۇ. ھاشىم يول بويى باينى كۈتىدىكەن، ئۇلاغ ھەيدەيدىكەن، قونالغۇلارغا چۈشكەندە تاماق ئېتىدىكەن. مەملىكەت چېگرىسىدىن چىقىپ، ئادەمسىز بىر ئۇزۇن چۆلدە كېتىپ بارغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار چېدىر تىكىپ چۆل ئوتتۇرىسىدىلا تۈنەپتۇ. باي بىلەن ھاشىم

ئۇتتۇرىسىدا نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا، ھاشىم باينىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ياساۋېتىپ، ئۇنى ئۇستىرا بىلەن بوغۇزلاپلىۋېتىپتۇ. جەسەتنى چېدىر ئىچىنى كولاپ كۆمۈپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېشەك بىلەن قېچىرغا ئارتىپ مېڭىپتۇ. ئەمدى ئۇ سەپەرنى مۇقەددەس مەككىگە ئەمەس، باشقا تەرەپكە قاراپ داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ گۇمانلىق نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر يەردىمۇ ئۇزاقراق تۇرالماي، ئادەم تونۇمايدىغان يۇرتنى ئىزدەپ، ئاخىرى مۇشۇ ئەلگە كېلىپ توختاپ قالغانىكەن.

ھاشىم قاتتىق ئىشلەيدىغان، تىرىشچان ئادەم ئىكەن. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ يەر ئېلىپ، يەر سېتىپلا بېيىپ كېتىپتۇ. بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھاشىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بولغانىكەن. ئۇ پۇللىرىنىڭ سانىنى بىلمىگۈدەك بېيىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ ئۇماچ ئىچەتتىكەن. بالا ۋاقتىدا رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ قوناق ئۇنىنى سوغۇق سۇغا چېلىپلا، بىر نەچچە تال چامغۇر، ئازراق پىياز، بولسا ياڭاقتەرەك ئېرىتكەن ماينى تاشلاپ، بوش ئوتتا پىلتىقلىتىپ قايىنتىپ پىشۇرۇپ بەرگەن ئۇمىچىنىڭ تەمى ئۇنىڭ ئاغزىدىن كەتمەيدىكەن. كېيىن نۇرغۇن ئۇماچلارنى ئىچكەن بولسىمۇ تەمى ئۇنىڭغا ئوخشىماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھاشىم ئانىسى ئېتىپ بەرگەن شۇ ئۇماچنىڭ تەمىنى قوغلىشىپ بىر ئۆمۈر ئۇماچ ئىچكەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى پىخسىقلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن غەيۋەتلەرگە سەۋەب بولغان، دېيىشىدۇ. ھاشىم ئاشۇنداق راھەتلىنىشنى بىلمەيدىغان، ئورۇق، تىنىمسىز ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى راھەت بولسا كېرەك، ئۇ تاكى كۆزى يۇمۇلغۇچە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇچۇن بايلىق يىغىپ توختىمىغان. يەنە بەزىلەر، ھاشىمنى ئارام ئالغۇزمىغان نەرسە ئۇ بوغۇزلىۋەتكەن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھېلىقى سودىگەرنىڭ كۆزى ئىكەن، جىنى چىقىش ئالدىدا ھاشىمغا نەشتەردەك قادىلىپ قالغان بۇ كۆزلەر كىچىلىرىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەي ئويغىتىۋېتەتتىكەن... دېيىشەتتى.

قېيىناتام ھېممەت ئەپەندى دادىسىنىڭ يولى بىلەن ماڭمىغان. ئۇنىڭغا يېمەي - ئىچمەي دۇنيا يىغىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. بۇ ئادەم ياشلىقىنى كەيپ - ساپانى قوغلىشىپ ئۆتكۈزۈپ، يېشى قىرىقتىن ئۆتكەندە بارلىق ئەخمىقانە ئىشلىرىنى توختاتقانىكەن. ھېممەت ئەپەندى قولىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن دادىسىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقاچقا، ھەرقانداق مۇساپىرغا قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىمايتتى. ئائىلىسىنىڭ ياخشى نامىنى ساقلاشنى ئەۋزەل بىلەتتى.

ئۇ ياشلىقىنى شاللاقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، باللىرىنى قاتتىق تۇتاتتى. ھىدايەتخانىم ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك، ئامراق قىزى ئىدى. بۇ قىزىنىمۇ ئۇ پۈتۈنلەي ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنىدى. ھىدايەتخانىم ئىلگىرى ئىككى نىكاھلىق بولغان، پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئىككىلا ئېرى تاشلاپ كەتكەن ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنى خۇدانىڭ تەقدىرى، دەپ بىلەتتى. ھېممەت ئەپەندى بولسا بۇ ئىشنى «ياشلىقىمدا قىلغان ئەسكىلىكلىرىم ئۈچۈن ئاللا مېنى باللىرىم ئارقىلىق جازالىدى!» دەپ چۈشىنەتتى... بۇ يەردە كۆچمەنلەر بىلەن ئۆزىنى يەرلىك دەپ ئاتىۋالغانلار بىر - بىرىگە قىز بېرىشمەيدىغان ئادەت ھازىرغىچە ساقلانغان. ھېممەت ئەپەندى ئامراق قىزىنىڭ تۇل ئولتۇرۇشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، مېنى ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن؛ قىزى ھىدايەتخانىمنى نىكاھلاپ ئېلىشىمنى ئۆزى تەكلىپ قىلغانىدى. ماڭا ئۇ: «سېنىڭ كىملىكىڭنى، كىمنىڭ بالىسى

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىڭنى، ئۆتمۈشتە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭنى سورىمىدىم. يىلتىزىمىز بىر ئىكەن، ئاتا - بوۋام بىلەن ۋەتەنداش ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئۆي كۆپايە... سەندىن قىزىمنى بېقىشنى تەلەپ قىلمايمەن. دۇنيا دېگەننى ئۇ ئالەمگە يۇدۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، يەپ ياتساڭمۇ پۇل - پۇچەكلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ... گۇناھلىق ئىشلارنى قىلساڭ، ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ ئۆزى جازالايدۇ. سەندىن بىرلا ئۆتۈنۈشۈم — قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ئورۇنسىز ئازار بەرمە!...» دېدى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گەپلەر شۇنچىلىك قىسقىلا بولدى. مەن ئۇنىڭغا كۆيئوغۇل بولۇپ قالدىم...

زۆھرە، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ بېرىپ «قېيىناتامنىڭ ئەمدى مېنى نېمە ئۈچۈن روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە تۇتۇپ بەرگۈسى كېلىپ قالغاندۇ!؟» دېگەننى ئويلىدىم. ئېھتىمال ئۇ مېنى قىزىغا ئەر بولۇش لاياقىتىدىن قالغان، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ساراڭغا چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن!

## 10

زۆھرە!

ناتونۇش ئايالنىڭ ئۆيىدىكى بىر كېچىنى مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن تاڭغا ئۇلىدىم. ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرغان چېغىمىزدا ھېلىقى خانىم:

— كېچە نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ چىققىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىدەپ جۆيلۈدۈم؟ — دېدىم.

— كېچە سىز ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي ئۇياق - بۇياققا

ئۆرۈلدىڭىز. ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ بىرنەچچە قېتىم «قار، قار!» دەپ ۋارقىراپ كەتتىڭىز. ئەمما، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ساپما كەشنى ئىزدىمىدىڭىز.

— قىزىق، مېنى كىچىچە ئۇخلىماي كۆزىتىپ چىققان ئوخشىمامسىز؟

— ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ، ھەربىر شەپىگە قۇلاق سېلىپ ياتتىم.

— نېمىشقا؟

— قانداقلا بولمىسۇن، مەن دېگەن ئايال ـ دە! ... ئايال كىشى يات بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز ياتقاندا نېمىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، دەيسىز؟

— مەسىلەن، سىز نېمىلەرنى خىيالىڭىزغا كەلتۈردىڭىز؟

— بىر كىتابتىن مەن «ئاللا كۈندۈزنى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن، كېچىنى دەم ئېلىشى، بىر ـ بىرىدىن يوشۇرىدىغان خۇپىيانە ئىشلىرىنى قىلىشىلىشى ئۈچۈن ياراتقان» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغان... مەسىلەن، سىز ئىچىڭىز پۇشۇپ ئۇخلىيالماي مېنى چاقىرىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ياكى قانداقتۇر بىر بولمىغۇر خىياللار كاللىڭىزغا كىرىۋېلىپ، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. كېچىسى دېگەندە نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەيسىز... ئەمما، ئەخلاق جەھەتتە ئىشەنچلىك ئادەمدەك كۆرۈنىسىز. ئېيتىڭا، نېمىشقا «قار، قار!» دەپ ۋارقىرايسىز؟ خانىمىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆيدىمۇ سىز بەزىدە شۇنداق جۆيلۈپ ۋارقىراپ كېتەتتىڭىزكەن... كەش ئىزدەيدىغان ئىش دوختۇرخانىدىن باشلىنىپتۇ...

— سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولىدۇ، — دېدىم، — تۇغۇلغان يۇرتۇمدا تۆت پەسىل ناھايىتى ئېنىق ئۆتىدۇ. باھاردا قاتتىق بورانلار چىقىدۇ، قارلار ئېرىپ، يەر ـ جاھان قايتىدىن

ئويغىنىدۇ، ئاندىن باھار قۇشلىرى يېتىپ كېلىدۇ، داللاردا رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر ئېچىلىپ كېتىدۇ. يازدا بولسا بۇ يەردىكىدىن قېلىشمىغۇدەك ئىسسىقلار بولىدۇ. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە قىيان سۇلىرى تولۇپ ئاقىدۇ، مېۋىلەر شىرنە باغلاپ پىشىدۇ. كۇزدە پۇتۇن تەبىئەت ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، يوپۇرماقلار تۆكۈلىدۇ. قىشتا قېلىن قار چۈشۈپ، داللار ئاپئاق تونغا پۈركىنىدۇ... ھاياتىمدا قار بىلەن باغلىنىپ كېتىدىغان ئاجايىپ ئىشلار بولغان. مەسىلەن، مەن سىزگە ئېيتسام، مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمدا ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئايالىم قالغان. تۇنجى سۆيگەن شۇ ئايالىم بىلەن مەن قارلىق بىر دالىدا مۇھەببەتلەشكەن، لەپىلدەپ قار چۈشۈپ تۇرغان بىر كېچىدە تويلاشقان... يەنە شۇنداق بىر قارلىق كېچىدە قاتىل بولۇپ قالدىم. قارلىق بىر دالىدا تۇرمىدىن قاچتىم... بالا ۋاقتىمدا قارنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. كېيىن قاردىن بىزار بولدۇم. قاراڭ، تەقدىر مېنى مەسخىرە قىلغاندەك، مانا قار چۈشمەيدىغان بىر جايغا ئەكېلىپ تاشلىدى. ئەمدى قارنى سېغىنىدىغان بولدۇم...

— قىزىق گەپلەر ئىكەن. ئوچۇقراق ئېيتىشىڭىزغا مۇمكىن بولارمۇ؟... مېنىڭ قىزىقىۋاتقىنىم، سىز قانداق بولۇپ قاتىل بوپ قالدىڭىز؟ بالا ـ چاقىلىرىڭىزنى نېمىشقا تاشلاپ كەلدىڭىز؟

— بۇ ئۇزاق بىر تارىخ خانىم، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويىمەنمىكىن؟

— سىزنى يېنىمدا سالامەت تۇتۇپ تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىگە ھىدايەتخانىم پۇل تۆلەيدۇ. ئۆزىڭىزگىنىلا مالاللىق يەتمىسە سۆزلەۋېرىڭ. غەلىتە ۋەقەلەر يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇگۇنمۇ شۇنداق بىر ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلايدىغاندەك قىلىپ تۇرىمەن. ئەلۋەتتە بۇ تىرىك



www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي ئىشلار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىق بولۇشى مۇمكىن.

— قىزىق بولۇشى ناتايىن، بىر قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشايدىغان كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر. ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام، تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ئۇقۇشماسلىقلارنىڭمۇ كىشىنىڭ ھاياتىغا كۈتمىگەن پاجىئەلەرنى ئېلىپ كېلىدىغىنىغا ھەيران بولىمەن... گەپنى يىراقتىن باشلىسام، مەنمۇ بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىدىم. دادام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، مەن ئانامنىڭ بالىلىرى توختىماي، ئاخىرىدا تۇرۇپ قالغان يالغۇز لا ئوغلى ئىكەنمەن. مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم «تىلىۋالدى». مەن تۇغۇلغاندا ئانام خۇدايىمنىڭ مېنىمۇ كىچىك ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋۋال بىر قازاق ئائىلىگە بېرىۋەتكەن بولۇپ، كېيىن ئۆزى دېرىزىدىن چۈشۈپ ئوغرىلاپ ئېلىپ ئاچىققانىكەن. خۇدادىن تىلىۋالدىم، دەپ ئىسمىمنى «تىلىۋالدى» قويۇپتىكەن.

ئانام بىچارە مېنى ناھايىتى جاپادا بېقىپ چوڭ قىلدى. ئوقۇتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا ئوقۇپ پۈتتۈردۈم. ئانام قېرىپ ئاغرىقچان بولۇپ، ئىشلىگۈدەك ھالى قالمىغانىدى. ئاپامغا قارايمەن، دەپ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشتىن قالدىم. ئەترەتكە كىرىپ ئىشلىدىم. «ئەترەت» دېگەننى سىز «دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر كوللېكتىپ» دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ. كېيىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى. يالغۇز قالدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا ياخشى ئۆتۈشكەن بىر قىز ساۋاقدىشىم بار ئىدى. قىشنىڭ قار يېغىپ تۇرغان بىر كېچىسى توي قىلىپ ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى بالىلىق بولدۇق. جان سانىمىز كۆپەيگەنسېرى تۇرمۇشىمىز ئېغىرلاشتى. ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلىسەك دەپتىرىمىزگە قۇرۇق نومۇرنى خاتىرىلەپ قوياتتى، قولىمىز پۇل كۆرمەيتتى، ھەممە نېمىنى ئەترەتتىن قەرزگە ئالاتتۇق...

كىيىن، ئەترەتنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ خاڭدىن كۆمۈر توشۇدۇم. بۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ نەق تاپاۋەت قىلغىلى بولاتتى. بىرەر مىشكاپ ئۇششاق كۆمۈرنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېلىپ، ئۆيىنىڭ قىشلىق كۆمۈرنى غەملىۋالاتتۇق. ماخودىن ئاتقا دەپ بىر - ئىككى باغ بېدىنى ئوشۇق ئېلىۋېلىپ، يولدا سېتىپ پۇل قىلاتتۇق. بەزىدە ئاتنىڭ يېمىنىمۇ ئوغرىلايتتۇق. مەنلا ئەمەس، ھەممە ھارۋىكەش شۇنداق قىلاتتى... ھارۋىكەشلىكنىڭ جاپاسى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىگە چۇشلۇق راھىتىمۇ بار ئىدى. غاچىلداپ تۇرغان سوغۇقتا داۋانلاردىن ئات - ھارۋىنى سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەڭ يولغا چىققاندا، كىشىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار روشەن پارلاپ كەتكەندەك بولاتتى... كەمبەغەللىكىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى بولىدۇ. كۆمۈرنى چۇشۇرۇۋېتىپ، ھېلىقى بېدە ساتقان پۇللارغا بالىلارغا دەپ ئالغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئىسسىق ئۆيگە كىلىپ، بالا - چاقا بىلەن ئولاش - چولاش بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، خاتىرجەم ئۇخلاپ، ئەتىسى ھاردۇقى چىقىپ قالغان ئاتلارنى ھارۋىغا قېتىپ يەنە يولغا چىقىش كۆڭۈللۈك ئىدى.

ئەترەت قوشۇمچە كىرىم قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنىمۇ كۆتۈرە ئالاتتى. بىر قېتىم بىر كادىرنىڭ ئۆيىگە كۆمۈر ئاپىرىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. ئىسمىدىن چىقمايدۇ، تازا جىبدەللەپ قار يېغىۋاتقان بىر كۈن ئىدى. كۆمۈرنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران يەتكۈزۈپ كەلدىم. دەرۋازىنى قاقسام ھېلىقى كادىرنىڭ ئايالى چىقتى. كۆمۈرنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ھارۋىنى سا قىلىپ، كۆمۈرنى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈرۈپ بەردىم. ھېلىقى ئايالنىڭ كۆمۈرگە قاراپ:

— يولدىشىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىۋېدى، بۇ كۆمۈر

كىچىچە مۈشۈ قاردا تالادا تۇرارمۇ؟ ! ــ دەپ بېشى قاتتى. مەن:
ــ بىرەر قول هارۋا يوقمۇ؟ قول هارۋا بولسا تېپىلىك، مەن ئەكىرىشىپ بېرەي، ــ دېدىم.

هېلىقى ئايال خۇشال بولۇپ، بىر قول هارۋىسىنى سۆرەپ چىقتى. يالغۇز ئايالكەن، دەپ ئىچىم ئاغرىپ، كۆمۈرىنى توشۇپ، كۆمۈرخانىسىغا رەتلىك قىلىپ تىزىۋەتتىم. ئايال خۇشاللىقىدا چاي قىلىپ، سەي قورۇپتۇ. كۆمۈرلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇشۇمغا يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇشقا ئىسسىق سۇ بېرىپ، ئۆيگەن باشلىدى. كىرسەم يېڭى ئەكەلگەن كۆمۈرنى سېلىپ، ئۆي دېگەننى تازا ئىسسىتىۋېتىپتۇ. تەرلەپ ئولتۇرۇپ سەي بىلەن ئەتكەن چاي ئىچتىم. ئاندىن ئايالغا چاقچاق قىلىپ:
ــ سەينى تازىمۇ ئوبدان قورۇپسىز. ئاكىمىزنىڭ تىقىپ قويغان هاراقلىرىدىن يوقمۇ؟ بىرەر يۇتۇم يۇتۇۋالغان بولسام سوغۇقتا تازا قاملىشاتتى ـ دە! ــ دېدىم. ئايال:
ــ هاراق دەمسىز؟ مەن قاراپ باقاي، ــ دەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ياخشى هاراقتىن بىر بوتۇلكا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالدىمغا قويۇپ قويدى، ــ ئەمىسە ئۆزىڭىز ئازادە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىۋېرىڭ، مەن بالامغا هەمراھ بولاي، ــ دەپ ئىشىكنى يېپىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، هاراق، سەي، تاتلىق ـ تۈرۈملەر تىزىلغان ئۈستەلدە ئۆزۈم تەنها قالدىم «خوش تىلىۋالداخۇن، مېهمان بولۇشۇڭنى بىل! » دەپ هاراقنى گۈپپۈلدىتىپ قۇيۇپ ئىچىشكە باشلاپتىمەن. شۇ چاغدا كۆز ئالدىمغا قېيىشىپ كەتكەن كونا ئۆيدىكى خوتۇن ـ بالىلىرىم كەپتۇ. نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى مۇنچىلىك ئىسسىق، داستىخىنى مول، مېنىڭ ئۆيۈمدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆي ـ جاهازلىرى شۇنچە كۆركەم، تاملىرىدا گىلەم، مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر پارچە يىرتىق كىگىز، كونا يوتقان ـ كۆرپىلەردىن

باشقا ھېچنېمە يوق؟… دېگەنلەرنى ئويلاپتىمەن.

ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدىن باشلاپلا ھەر خىل كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيتتىم. چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى قىزىقاتتىم. قاچانمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز شۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشار، دەيتتىم… دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى كىشىلەر مەن تۇغۇلماستىن بۇرۇنلا بۆلۈشۈپ بولغانىكەن. مەن سىزگە ئېيتسام خانىم، ئەقلىمنى تېپىپ بىرىنچى بولۇپ چۈشەنگىنىم — بۇ دۇنيادا ئىگىسى يوق نەرسە بولمايدىكەن، دېگەن ھەقىقەت بولدى. ماۋۇ جاي كىمنىڭ؟ پالانچاخۇننىڭ، ماۋۇ دۇكان كىمنىڭ؟ پوكۇنچاخۇننىڭ، ماۋۇ دەل - دەرەخلەر كىمگە قاراشلىق؟ پوستانچىغا… مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىش ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. قارىسام ھەممە ئورۇننى مەندىن ئىلگىرىرەك تۇغۇلغانلار ئىگىلەپ بولغانىكەن. بىر كۈنى شەھەرنىڭ كوچىسىدا ھارۋامنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، خېلى سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ ياقىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. نېمە گەپكىن، دەپ ھارۋامنى توختىتىپ ئۇقسام، ھېلىقى ئىككىسى تام قوشنا ئىكەن. «نېمىشقا مېنىڭ ئۆگزەمنىڭ ئۈستىدىن توك سىمىڭنى ئۆتكۈزىسەن!» دەپ سوقۇشۇۋېتىپتۇ. «خۇدايا توۋا!» دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالدىم. مانا خەقلەر ئاسماننىمۇ بۆلۈشۈپ بولغانىكەن. ئۇنداقتا خۇدايىم مېنى بۇ ئالەمگە نېمىشقا ياراتتى؟ تۆرەلگەن ئىكەنمەن، دۇنيادا ماڭا تېگىشلىكمۇ نەرسىلەر بولۇشى كېرەك - دە؟… قېنى، ماڭا تەئەللۇق نەرسىلەرنى زادى كىم ئىگىلىۋالدى!؟…

شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ ھېلىقى بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋېتىپتىمەن. بىزنىڭ ئۇ يۇرتلارنىڭ ھارىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ خانىم. شۇ ئايالنىڭ ئۆيىدىن قانداق قايتىپ چىققىنىمنى، ئات - ھارۋىنى ماخوغا قانداق ھەيدەپ بارغىنىمنى ئۇقمايمەن. ماخودىن قايتىپ كېلىۋېتىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرغەزەپ ئاۋازىنى جاھىللىق بىلەن ئالىدىغان «ھەي ئەترەت باشلىقى، بۇياققا چىق، سەن بىلەن ھېسابلىشىمەن. بۇ دۇنيادىكى ماڭا تەئەللۇق نەرسىلەر قېنى؟ نېمىشقا مەن باشقىلارنىڭ ئەسكى ئۆيىدە قوشنا ئولتۇرىمەن، سەن تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىڭ ئۈچۈن جايلىق يەر ئىگىلىۋالىسەن! ؟» دەپ خېلى چاتاق چىقىرىپتىمەن. ئەترەت باشلىقى مېنىڭ مەستلىكىمنى بىلىپ تالاغىمۇ چىقماپتۇ.

قىشنىڭ تۈنى شۇنچە ئۇزۇنمىكىن، ئۆيگە كېلىپ يەنە خۇدۇمنى بىلمەي ئۇبدان بىر ئۇخلاپتىمەن. سەھەردە بىرى تۈرتۈپ ئويغىتىۋەتتى. كۆزۈمنى ئاچسام، ئۇستۇمدە ساقچىلار قاراپ تۇرۇپتۇ. قولۇمغا كويزا سېلىشتى. «نېمىگەپ، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟» دېيۋىدىم، شۇ يەردىلا تاياق يېدىم. ئايالىم، بالىلىرىم قىرقىرىشىپ يىغلىشىپ قالدى. كېچىدىن ياغقان قار توختىماي چۈشۈۋېتىپتۇ. ئۇلار مېنى سۆرەپ ئاچىقىپ ماشىنىغا سېلىشتى. قارنى ئويلىساملا ھەممە ۋەقە بىر — بىرلەپ ئېسىمگە چۈشىدۇ.

ساقچىغا كېلىپ بىلدىمكى، شۇ كېچە مەن كۆمۈر ئاپارغان ئۆيدىكى ھېلىقى ئايالنى بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېتىپتۇ. قاتىل ئايالنى مېنىڭ شۇ ھويلىدا ئۇنتۇپ قالغان كۆمۈر ئۇسۇدىغان گۈرجىكىم بىلەن باش قىسمىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. مەن تاماق يېگەن ئۇستەلدە بىر كىر قول ياغلىقىمۇ قالغانىكەن. ساقچىلار مەندىن باشقا بىرەر گۇمانلىق ئادەمنىمۇ تۇتۇپ كېلەلمىدى. شۇ قارلىق كېچىدە ھېلىقى ئۆيگە بارغان بىردىنبىر ئادەممۇ مەن بولۇپ چىقتىم. گۈرجەك بىلەن قول ياغلىق قاتىل ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولدى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ ھېلىقى مېھماندوست بىچارە ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىمغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمىدىم؛ ئادەم ئۆلتۈرمىگىنىمگە ساقچىلارنىمۇ ئىشەندۈرەلمىدىم. سوراقچىلار «سەن يامان نىيىتىڭنى ئىشقا

ئاشۇرالماي ئۆلتۈرۈۋەتكەنسەن!» دەپ ئۇردى، قىيناشتى. كەمبەغەلچىلىكتە باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋالغان مال ـ دۇنياسىغا كۆزۈم قىزارغان بولسىمۇ، ئۆزگىلەرنىڭ ئاياللىرىغا كۆزۈم قىزارغان ئادەم ئەمەسمەن. بۇ تەرەپتىن قەلبىم پاك، ئۆزۈمنىڭ سۆيۈپ تاللىۋالغان ئايالىم، ياخشى كۆرىدىغان باللىرىم بار ئىدى… گەپلىرىمگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. ئادەم ئۆلتۈرگەن، دېگەن گۇمان بىلەن يىگىرمە يىللىق قاماققا كېسىلدىم.

ــ دەھشەت! ــ دەپ ئورنىمدىن قوپۇپ كەتتى خانىم بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، ــ ئاززاق ھاراق قۇيايمۇ، قانداقىنى ئىچىسىز؟

ــ رەھمەت! ــ دېدىم، ــ شۇ ئىشتىن كېيىن ھازىرغىچە ئاغزىمغا بىر يۇتۇم ھاراق ئالغان ئەمەسمەن…… ھەئە، ھەرقانداقىنى…

ــ بولمىسا، باشقا بىرنېمە قۇياي.

ــ ئازراق مېۋە شەربىتى ئىچىپ قوياي.

ــ خوش، كېيىن سىز تۈرمىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭىز؟ ــ دېدى ئايال ئالدىمغا بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتىنى قويۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ ھەقىقىي قاتىل بىر كۈنى پاش بولۇشى كېرەككقۇ؟

ــ سىز ئوقۇغان كىتابلاردا شۇنداق بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا جاۋابى يوق تېپىشماقلار ناھايىتىمۇ تولا… بۇمۇ بىر تېپىشماقتەك ئىش بولدى. ھەقىقىي جىنايەتچى يوشۇرۇنۇپ قالدى، مەن بىگۇناھ قولغا ئېلىندىم. تۈرمىدىن قېچىشنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئويلىدىم… خانىم، بىز تەرەپتە «تەڭرى تېغى» دەپ بىر تاغ بار. بۇ «ئالىلانىڭ تېغى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاغنىڭ بۇيۈك چوققىلىرى قىش ـ ياز ئاپئاق قار ـ مۇز بىلەن پۈركىنىپ ياتىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ دەريالىرى ئاشۇ مۇقەددەس تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن مۇزدەك قار سۇلىرى بىلەن تولۇپ ئاقىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى

بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى دۇنيا، جەنۇب تەرەپتە چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلار، قۇملۇقلار ئارىسىدا ئۇزۇك - ئۇزۇك بوستانلىق يۇرتلار بار؛ شىمالى تەرەپتە بولسا تۇتاش كەتكەن قارىغايزارلىقلار، ياپيېشىل ئوتلاقلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. دەسلەپتە مەن مەھبۇسلار بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللەردە ئىككى يىلچە ئىشلىدىم. ئۈچىنچى يىلى بىز شىمالى تەرەپكە ئۆتۈپ تاغ تەشتۇق. بۇ تاغنى تېشىش ھۆكۈمەت ئۈچۈن نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدى، بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئىشقىلىپ، قەھرىتان بىر قىشنى شۇ يەردە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئەتىيازغا يېقىنلاشقاندا تاغنىڭ قاپتاللىرى خېلى ئىسسىپ قالدى. تاغ ئېتەكلىرىدىكى قارلار چىپىلداپ ئېرىپ، جىرالاردا شىرغىپ سۇلار ئېقىشقا باشلىدى. بىز تاماقنى تۆۋەندىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا يەيدىغان بولدۇق. بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئىچىدە ئوغرىلار، قاتىللار، باسقۇنچىلار، سىياسىي جىنايەتچىلەر دېگەندەك ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلارغا زادىلا ئارىلاشقۇم كەلمەيتتى. ئۆزۈمنى ھامان بىگۇناھ، پاك ھېسابلايتتىم. تاماق ۋاقتىدىمۇ قاچامنى كۆتۈرۈپ بىر چەتكە بېرىپ تاماق يەيتتىم، خىيالدىن نېرى بولالمايتتىم. ماڭا ئىسسىق چاي، سەي قورۇپ بېرىپ، ئاخىرىدا پاجىئەگە ئۇچرىغان ھېلىقى ئايالنى، شۇ ئايالنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئىز قالدۇرماي كەتكەن قاتىلنى، قولۇمغا كويزا سېلىنغاندا يىغلىشىپ قالغان باللىرىمنى... يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايتتىم. ئويلاپ خىياللىرىمنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايتتىم. نازارەتچىلەرمۇ مۇنداق غەيرىي مىجەزىمگە ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى. تاغ ئىچىدە مەن يۇقىرىراق بىر يەردىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قارىغاي كۆتىكى يېنىغا بېرىپ تاماق يەيتتىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تۆۋەندىن ھېلىقى قارىغاي كۆتىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يالغۇز ئاياغ يولمۇ پەيدا

بولغانىدى.

قوياش خۇددى باھاردىكىدەك ئىسسىتىپ تۇرغان بىر كۈنى ئىدى. بىر چۇشلۇك تاماقتا ھېلىقى ئوچۇقچىلىقتا چىققانىدۇق. كۆتەك ئۈستىدە تاماق يېۋاتقىنىمدا قولىقىمغا گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئاستىمدىكى يەر تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، كىچىك بىر شامال مېنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى بىر ئېگىزلىككە ئېلىپ چىقىپ دومىلىتىۋەتتى. تۈۋەندىن قار تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ، ئاستا ـ ئاستا بېسىلىپ قالدى. نېمە ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي يىقىلغان ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تۈۋەنگە قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. بايا، قارشى تەرىپىمدىكى تاغ بىر قىشچە تەشكەن يەردىن ئاجراپ، قار كۆچكەنىكەن. تۈۋەندىكى ئوچۇقچىلىقتىكى ھېلىلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىشىپ تاماق يېۋاتقان مەھبۇسلار، نازارەتچىلەر، كۆچمە ئاشخانا، گەمىلەرنىڭ ھەممىسى قار ئاستىدا قاپتۇ. ئۇ يەردە يېڭى بىر ئېگىزلىك پەيدا بولۇپ چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. بىر دەمنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. پۈتۈن ئەتراپ قايتا جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، ئۆزۈم تەنھالا تۇراتتىم. بىردىنلا كاللامغا «قاچ! بۇ ئاللانىڭ قېچىشىڭغا يارىتىپ بەرگەن پۇرسىتى بولۇشى مۇمكىن!» دېگەن پىكىر كەلدى ـ دە، قاچتىم.

كېيىن، بۇ يەردىن بىرمۇ ئادەمنى كولاپ ئالالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئادەملەر قار سۈرەپ كەلگەن قېلىن تاش ـ تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ھۆكۈمەت شۇ يەردىلا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، بارلىق مەھبۇسلارنى ئۆلگەنلەر قاتارىدا رويخەتتىن ئۆچۈردى. مەن بالىلىرىمنى كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا بولساممۇ ئۆيۈمگە قايتالمىدىم. چۈنكى، مەن «ئۆلگەن» ئىدىم. ئەگەر تونۇش بىرەرسى مېنى كۆرۈپ قالسىلا ئىش بۇزۇلاتتى. مەن بۇ مەملىكەتتىن مەڭگۈگە، مەڭگۈگە يوق بولۇشۇم كېرەك

ئىدى...

ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە مەلۇم ۋاقىت مۆكۈنۈپ يۈردۈم. قار كېتىپ، داللار ئېچىلىشى بىلەنلا دۆلەت چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتۈپ كەتتىم. سەرگەردانلىق ھاياتىم ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. ھەر تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى يۈز ياشتىن ئېشىپ، قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا ھېس قىلىمەن. خانىم بىلەمسىز؟ مېنى خىيال، ھەسرەت تۈگەشتۈردى. مەن روھىي جەھەتتىن گۇمران بولدۇم. يۇرتنى، بالا ـ چاقىلىرىنى ھەر كۈنى سېغىنىدىغان، ئەمما، ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارالمايدىغان ئادەمنىڭ ئازابىنى سىز چۈشىنەمسىز؟... بەزىدە مەن ئۆزۈمنى راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك، ئويغاق تۇرۇپمۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بەلكى ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىچكەن ھاراق بىلەنلا ساراڭ بولغاندىمەن. مېنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھ بولغان ھېلىقى بىر گۆرجەك، ئۇستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان كىر قول ياغلىق نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇ ئايالنى مەن راستىنلا ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەندىمەن. بولمىسا مەن نېمىشقا قاچتىم؟ ھەقىقىي جىنايەتچى قېنى؟ نېمىشقا شۇنچىۋالا ئادەم تۇپراق ئاستىدا قالدى، مەن يەنە ئامان قالدىم؟ نېمىشقا مېنىڭ ھاياتىمدىكى ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ؟ مېنىڭ قەلبىمدە قار ئاقلىقىنىڭ، پاكلىقىنىڭ سىمۋولى ئەمەسمىدى؟... بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيمەن. بەلكىم بىز ھەممىمىز شۇنداق خاتا بىر تۈيغۇنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان بەندىلەردۇرمىز...

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختىدىم. ئارىمىزنى جىمجىتلىق باستى.

ــ ئاجايىپ ئىشلار ئىكەن، ــ دېدى خانىم بىر ھازا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ـــ تاماكا چېكىشىمگە رۇخسەت قىلامسىز؟

ـــ چېكىۋېرىڭ.

ـــ قاراڭ، شۇنچە ئادەم ئۆلۈپ، يەنە سىز ئامان قاپسىز، ئامەتلىك ئىكەنسىز.

ـــ ئامەت! ... كىچىك ۋاقتىمدا بىر رەمچى موماي ئالقىنىمنى كۆرۈپ، «بالام سەن ئامەتلىككەنسەن!» دېگەنىدى. مانا ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتتى. ھازىرغىچە ئۇ ئامەتنىڭ نەدىلىكىنى كۆرمىدىم. ئويلىسام، ئۆمرۈم قېچىش، يوشۇرۇنۇش بىلەنلا ئۆتۈپتۇ. بوۋاقلىقىمدا قۇتۇلغان يەنە سارالارغا ساپ سۈيىدەك تاسادىپىيلىق ئۆمۈرۈم ... سىز قېينىدىكى ئاتام بىلەن خانىمنىڭ بىرگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ماڭا ئازراق بولسىمۇ ئىچى ئاغرىسۇن. ئۆلسەممۇ ساغلام ئادەملەر ئارىسىدا، ئەركىنرەك يۈرۈپ ئۆلەي! ...

زۆھرە!

پايلاقچى خانىم ئۆزىگە ئازراق تولۇقلاپ پەرداز قىلىپ، ھىدايەتخانىم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ياتاقتا كۈتۈپ تۇرماقچى بولۇپ قالدىم. خانىم كېتىشى بىلەنلا چىقىپ، مېھمانخانىدىن ھېسابىنى ئۈزدۈم ـ دە، كېتىپ قالدىم. يەنە يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ باشقا بىر تەرىپىگە يېتىپ باردىم. خالىي بىر جايدىكى مېھمانخانىغا چۈشۈپ، ساڭا يېزىۋاتقان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خەتلىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم. ھازىر يۇرتۇمغا، سىلەرگە يېزىۋاتقان مۇشۇ خەتلىرىملا كۆڭلۈمگە ئارام ۋە تەسەللى بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەته بۇ يەردىنمۇ كېتىمەن. ئارقامغا چۈشۈۋالغان پايلاقچىلار تاپالمايدىغان يىراق بىر جايغا بېرىپ يوشۇرۇنىمەن.

## 11

زۆھرە!

پايلاقچى خانىمنىڭ ياتىقىدىن قېچىپ چىقىپ، يىراق - يېقىنلاردا يەنە بىر ئايچە مۆكۈنۈپ يۈردۈم. بىر كۈنى، ھىدايەتخانىم بىلەن قېيىناتام مەن تۇرغان ئورۇننى تېپىپ كېلىشتى.

— سىزنى ناھايىتى كۆپ ئىزدىدۇق، — دېدى ھەممەت ئەپەندى كۈلۈپ، — يۇرتتىن، بالىلىرىڭىزدىن خەت كەلگەنىكەن...

— قېنى؟! — دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— كەچۈرىسىز، — دېدى ئايالىم، — سىزنى ئىزدەپ تاپالماي، خەتتە مۇھىم بىر گەپ بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئېچىپ قويۇپتۇق...

— خەت قېنى؟!

خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن بۇلاپ دېگۈدەك ئالدىم، شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

× × ×

«تىلىڭالدى!

يازغان خەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندە تاپشۇرۇپ ئالدىم، كېچىچە قايتا - قايتىلاپ ئوقۇدۇم، قاتتىق ھاياجانلانغىنىمدىن يىغلىدىم، كۈلدۈم. ئەتىسى ئىشقا بېرىپ

خىيالىمدىمۇ ئوقۇدۇم··· تىلىۋالدى، سىز راستىنلا تىرىكمۇ؟ زادى مۇشۇ كەڭ ئالەمنىڭ بىر يېرىدە بارمۇسىز؟··· مەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم.

سىز ئادرېسىنى خاتا يېزىپسىز. يىراقتىن كەلگەن خەت بولغاچقا، قايتۇرۇۋېتىشكە پوچتىكەشىنىڭ كۆزى قىيماي، نۇرغۇن سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر تېپىپ كەپتۇ. ھازىر بۇ يەردىكى كوچا ئىسىملىرى ئۆزگىرىپ، ئىشىك نومۇرلىرى ئالمىشىپ كەتتى. ئېيتىپ كەلسەم، يېڭىلىقلار تولا. شەھەرنىڭ نۇرغۇن كوچىلىرى كېڭەيتىلىپ، ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. كوچا ياقىلىرىغا قاتار ـ قاتار ئېگىز بىنالار سېلىنىپ كەتتى. بۇ يېڭىلىقلار كۆز ئالدىمىزدا ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقاچقا بىزگە يەنە ئانچە بىلىنمەيدىغان ئوخشايدۇ. چەت ئەللەردىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەر: «شەھەرنىڭ قىياپىتى باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇزاقتا بارماي چەت ئەللەردىنمۇ ئېشىپ كەتكۇدەكسىلەر» دەپ ماختىشىدۇ. سىز خېتىڭىزدە يازغان كونا مەھەللىمىزنىڭ ھېلىقى ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلىرى ئانچە ئۆزگەرمىدى. كىشىلەر توپا تاملارنىڭ ئورنىغا خىشلىق تاملارنى ئەتتى. كونا دەرۋازىلارنىڭ تولىسى يېڭىلىنىپ كەتتى. كوچىلارنى تېخى شۇ پېتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كوچىلار تۈزلەپ، كېڭەيتىمىز، دېسە نۇرغۇن ئۆيلەرنى چېقىشقا توغرا كېلىدىكەن. ھازىرچە شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ بۇنىڭغا ئىقتىسادى يېتىشمەيدىكەن. يەنە بەزى باشلىقلىرىمىز شەھەردىكى مۇشۇنداق بىرقانچە كونا مەھەللىلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنىمۇ ئويلىشىپتۇدەك، مەھەللىمىزنىڭ «ئويمان ـ مەھەللە» دېگەن كونا نامىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگۇدەك···

مەھەللە ئۆز پېتى بولغان بىلەن مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. سىز بىلىدىغان چوڭلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئاغىنىز

ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان ئۇششاق باللار بىر چىرايلىق يىگىت بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى مەنمۇ پەرق قىلالماي قالىمەن... راست، مەن نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ باللىرى توغرىسىدا يازمايمەن؟ ھەر ئىككىلا ئوغلىڭىز ــ يالقۇن بىلەن دولقۇننىڭ ھازىر بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالدى. باشلاپ - ئۇشلايدىغان دادىسى بولمىغاچقىمىكىن، ناھايىتى بەڭۋاش چوڭ بولۇشتى. ئىككىلىسى تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپلا «ئاپا، بىز سېنى باقىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن چىقىۋالدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتالمىغىنىمنى ئويلىسام يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشىدۇ. مانا، سىز خېتىڭىزدە يازغان «پاتقاق» لەقىمى بار تۇراخۇن ئاكام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئانىسى ھازىر كىمنى كۆرسە: قاراڭلار، پاتقاقلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقتى، دەپ پەخىرلىنىپ يۈرۈيدۇ. تۇراخۇن ئاكامنىڭ باللىرىنى ھازىر ھېچكىم «پاتقاق» دەيدىغانغا تىلى بارمايدۇ.
مەھەللىمىزدىكى كونىلارنى ئېسىڭىزدە شۇنچە ساقلاپ قالغىنىڭىزغا ھەيران بولدۇم. ئابدۇرېھىمكام گۆي ھازىر قېرىپ قالدى. ھاراقنى تاشلاپ، مەسچىت جامائىتى بىلەن يۈرىدىغان بولدى. ئاچچىقى كەلسە ھازىرمۇ ئاغزىدىن گۆي دېگەن گەپلەر چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى رېمونتخانىسى ھازىرمۇ بار. دۇكاننى باللىرى ئاچىدۇ. بىر كۈنى ئابدۇرېھىمكام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ: «مۇنۇ گۆيلار تىلىۋالدىنى قاراپ تۇرۇپلا جىنايەتچى قىلىپ قويغان... سىڭلىم زۆھرە، باللىرىڭنىڭ بىرەرسىنى بولسىمۇ بىزنىڭ دۇكانغا ئەۋەت، بىكار يۈرمىسۇن» دەپ چوڭ ئوغلىمىز يالقۇننى ئېلىپ كەتكەنىدى. يالقۇن ھازىر ئابدۇرېھىمكامنىڭ باللىرى بىلەن بىللە ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدۇ. باللارنىڭ تاپاۋىتى ياخشى.

خېتىڭىزدە ئىسمايىلكام زاڭ توغرىسىدىمۇ يېزىپسىزغۇ؟ كىچىك ئوغلىمىز دولقۇن ئىسمايىلكامنىڭ قولىدا ساتىراشلىقنى ئۆگەندى. تاپاۋىتى ئاكىسىنىڭكىدىنمۇ ياخشى. ئىسمايىلكامنىڭ بازار ئىچىدىكى دۇكىنى هازىر ناهايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتتى. سىز مېنى «ساتىراشخانا دېگەن ھەر قانچە زاڭلاشسىمۇ كۆتۈرىدىغان يەر» دەپ كۇلدۇرەتتىڭىز. راستتىنلا شۇنداقكەن. ئىسمايىلكام كونا دۇكاننى چېقىپ يېڭىلاپ سالدى. دۇكاندا ئىككى ـ ئۈچ شاگىرت باللاردىن باشقا، ئىچكىرىدىن كەلگەن، مەخسۇس ئايالللارنىڭ چېچىنى بوياپ، بۇدۇرە قىلىدىغان خېنىملارمۇ ئىشلەيدۇ. دۇكان كىچە سائەت ئونلارغىچە ئوچۇق بولىدۇ. دولقۇننىڭ ئېيتىشىچە، دۇكاننىڭ ئىشكىدە ئالا ـ يېشىل چىراغلار يېنىپ تۇرغۇدەك، دۇكان ئىچىدە قاتلىما ئورۇندۇق، تام تۇۋىلىرىدە يۇمشاق سافا تاملاردا ھەر خىل چاچ پاسونلىرىنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ رەسىملەر چاپلاقلىق ئىكەن. ئۇدۇل بىر تام باشتىن ـ بويىغىلا ئەينەك ئىمىش... ئىسمايىلكام زاڭنى ھازىر ھەممىسى «ئىسمايىل لاۋبەن» دېيىشىدۇ. «لاۋبەن» دېگىنى «ئىسمايىل خوجايىن» دېگىنى ئوخشايدۇ. ھازىر ئۇ ئۆزى ساتىراشلىق قىلمايدۇ. دۇكاندىكىلەرگە يوليورۇق كۆرسىتىپ، قىزىل بىر موتسىكلىتنى تاتاتلىتىپ مىنىپ، دۇكاننىڭ كەم ـ كۆتە نەرسىلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىپ يۈرىدۇ. ئىسمايىلكامنىڭ ھېلىقى بەزى قىلىقلىرى ئۆزگەرمىدى. ئىسمايىلكام يېقىندا مەھەللىدىكى كونا ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، ئاستى ئۈستىنى تاختايلىق قىلىپ يېڭى ئۆيلەرنى سالغۇزغانىدى، دەرۋازىسىغا كەلگەندە، كىشىلەرنى بىر ھەيران قالدۇراي دېدىمۇ، قىزىل، يېشىل، كۆك دېگەندەك ئالا ـ يېشىل سىردا بوياپ، بىر ئوبدان يېڭى دەرۋازىنى قۇراق كۆرپىگىلا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ تېخى ئېشىپ قالغان سىرنى كۆتۈرۈپ، مەھەللە مەسچىتىنىمۇ شۇنداق

بويىۋەتمەكچى بولۇپ چىقىپتىكەن، مەزىناخۇنۇم: «ئـۆزۈڭنىڭ زاڭـلاشقىنىـڭنـى ئاز دەپ ئـەمدى مەسچىـتنـى نېمە قىلماقچىسەن!» دەپ قوغلىۋېتىپتۇ.

كونا تام قوشنىڭىز ئابلاكام پىتمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابلىزنىڭ سودىگەرچىلىك قىلـىـمەن، دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكىنىگە خېلى يىـللار بولۇپ قالدى. مەھەللىگە بىر قېتىممۇ كەلمىدى، ئاڭلىساق، ئۇ ئىچكىرىنىڭ گۇاڭجۇ دەمدۇ، شېنجېن دەمدۇ، شۇنداق بىر يەرلىرىدە قاڭقىپ يۈرۈپتۇ. بەزىلەر هالى خاراپكەن، دېيىشىدۇ، بەزىلەر بېيىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدۇ. ئۇ ئۆزى: «پۇلنى تازا تېپىپ، ئاتا - بوۋامنىڭ پىت دېگەن لەقىمىنى يۇمىغىچە ئۆيگە قايتمايمەن!» دەپ يۈرگۈدەك...

خېنىمىزدە ئەسلىگەن ياسىن يالغان هازىر مەھەللىمىزدىن چىققان چوڭ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ئىچكىرىگە كىرىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى هېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىشـچە، سودا دېگەنگە يالغان ئارىلاشمىسا پەقەت بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئوقـتـىـگە دەسمىـمۇ كەتمىگۈدەك؛ باشقىلارنىڭ مېلىغا خېرىدار تېپىـپ بېرىپ، ئالارمەن بىلەن ساتارمەننى بىـر - بـىـرىگە ئۇچراشتۇرماي ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىپلا بېيىپ كېتىپتۇدەك. ياسىن يالغاننىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ قانچىرەكى راست، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. يېقىندا ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن دەۋالىشىپ يۈرۈپ، بازار ئىچىدىكى بىر كونا جاينى قايتۇرۇۋالدى. ئۇ يەرگە ئۇستىنى مېھمانخانا، ئاستىنى سودا دۇكىنى قىلىپ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سالغۇزدى. ئۇچراشقانلارغا ئۇ: «ئەسلىدە بۇ بىنا چېرتيوژدا بەش قەۋەت ئىدى. مەن يوق ئۈچ قەۋەت بوپ قاپتۇ. يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنىمۇ چېقىپ، ئون

قەۋەتلىك قىلىپلا سالغۇزىمەن. مەھەللىدىكى بىكارچى باش بالىلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە ئىشقا ئورۇنلاشۇرىمەن» دەپ پو ئېتىپ يۈرىدۇ. ھازىر ئادەملەر ئۇنىڭ يالغان گېپىگىمۇ خېلى ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى.

تىلىۋالدى، سىزگە نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىم. قىلىدىغان مۇھىم گەپلەر بىر ياقتا قېلىپ، باشقىلا گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىپتىمەن. ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى. يىغىلىپ قالغان سۆزلىرىم تولا. ھەممىنى بىراقلا ئېيتقۇم كېلىدۇ. قايسىنى بۇرۇن، قايسىنى كېيىن ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن.

خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، سىز كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنسىز، ئۆتكەن ئىشلار ئاللىبۇرۇن ھەقىقەتلىنىپ بولغان. سىز كۆپىنىڭ ئالدىدا پاك ئادەمسىز. ئىشنى بېشىدىن سۆزلەي:

سىز ھېلىقى ئايالغا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىپ، ھاراقنى تۆگىتىپ ئىچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېرى كەپتۇ. ئۇستەل ئۈستىدىكى ئېشىپ قالغان تاتلىق ـ تۈرۈم، سەي، چاي، قىيشايغان بوتۇلكىلارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ھۇركۈپتۇ. «نېمىنىشقا سەن مەن يوق چاغدا يات بىر ئەر كىشىگە ھاراق قۇيۇپ بېرىسەن! » دەپ، تالادا ئىشىكنىڭ يېنىدا تامغا تىكلەكلىك تۇرغان گۇرجەكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، خوتۇنىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپلا قويۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئايالىدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىدىغان بىرنەرسە ئىكەن. شۇڭا ئۇ قونۇپ ئىشلەۋاتقان يېرىدىن يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز قايتىپ كىرگەنىكەن. بۇ قارا نىيەت خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئىزنى يىتتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئىشلەۋاتقان يېرىگە كېچىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۆلارنىڭ يەتتە ـ سەككىز ياشلار چامىسىدا بىر قىزى بار ئىكەن، بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن

كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

كېيىن، سىز يىگىرمە يىلغا كېسىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتىڭىز، ھېلىقى قاتىل ئايالى ئۆلۈپ بىر يىل بولا ــ بولمايلا، ئۆزى بۇرۇن باردى ــ كەلدى قىلىشىپ يۈرگەن بىر ئايال بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. كېيىنكى خوتۇنى قىزىنى ياخشى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، قىزىنى ئاپىرىپ قېيىناتىسىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى، ھېلىقى قىزچاق بوۋىسى بىلەن بىزنىڭ ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغانىكەن، بوۋىسى بىز تەرەپنى كۆرسىتىپ، «ئاپاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مانا مۇشۇ قورۇدا ئىدى» دېگەن گەپنى قىپتۇ. قىز بوۋىسىغا: «بوۋا، ئاپامنى ھېلىقى كۆمۈر ئەكەلگەن ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، دادام ئۆزى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن!» دەپتۇ. قىزنىڭ بوۋىسى ئۆزىمۇ كۆيئوغلىدىن سەل گۇمانلىنىپ يۈرگەنىكەن. نەۋرىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «نېمە دېدىڭ!؟» دەپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قىز ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بوۋىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئادەم نەۋرىسىنى دەرھال ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەقەنى باشقىدىن سۆزلىتىپ ئۈنئالغۇغا ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپتۇ.

ئىش ئېنىقلىنىپ، ھېلىقى قاتىل قولغا ئېلىندى. ئەپسۇسكى، بۇ چاغ سىز تاغ غولىغاندا كۆمۈلۈپ قالغانلار قاتارىدا ئۆلگەن ھېسابلىنىپ، بىز نەزىر ــ چىراغلىرىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بولغان ۋاقىت ئىدى. قانۇن ئورۇنلىرى مەھەللىدە چوڭ يىغىن ئېچىپ، سىزنىڭ ئاقلىنىش قەغىزىڭىزنى قولۇمغا بەردى. قۇرۇق قەغەزنى تۇتۇپ يىغلىدىم. شۇ كۈنلەردە ئىككى بالام بىلەن تازا قىيىنچىلىق تارتىۋاتاتتىم. مەھەللە ھۆكۈمىتى باللار ئۈچۈن ھەر ئايدا ئاز ــ تولا قۇتۇلدۇرۇش پۇلى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتىم.

تىلىۋالدى، ئىغىر كۈنلەر يەنە ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن. باللارمۇ ئاخىر چوڭ بولدى. مەھەللىدىكىلەر بالىلىرىمىزنى يەنە ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئىشسىز قويمىدى. مانا ھازىر ئۆيدىكى ھەممىمىز ئىشلەيمىز. مەنمۇ رەسمىي دۆلەت ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. ھېلىقى سىز كېچىسى دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ سوقۇشقان ئەترەت باشلىقىمىز ھازىر قېرىپ، باشلىقلىقتىن قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ: «تىلىۋالدى ئەترىتىمىزنىڭ كونا ئەزاسى ئىدى. شۇ بالىغا قاتتىق ئۇۋالچىلىق بولدى» دەپ ئۆزى يول مېڭىپ يۈرۈپ، بىزگە بىر جايلىق يەر ھەل قىلىپ بەردى. بۇلتۇر ئۇ يەرگە چىنىدەك چىرايلىق ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىۋالدۇق. ھازىر ھەممە نېمىمىز تەل. ئەگەر سىزلا كېلىپ قوشۇلسىڭىز ئارمىنىمىز قالمايتتى.

سىز تۇرغان ئۇ يەرگە نېمىشقا قار ياغمايدۇ؟ مەنا خەرىتىنى ئاختۇرۇپ، ئادرېسقا يازغان يېرىڭىزنى زادىلا تاپالمىدىم. كاللام ئېلىشىپلا كەتتى. بالىلىرىم «ئاپا، نېمە ئىش قىلىۋاتقانسەن! » دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى. ئىمىر - چىمىر خەتلەر، سانسىز چېگرا سىزىقلىرى··· راست ئېيتىسىز، پۇقرا ئۈچۈن بۇ سىزىقلارنىڭ نېمە لازىمى؟ ! ··· سىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى يېزىپسىز، مەن بۇقۇلداپ يىغلىدىم. شۇ كۈنلەرگە يېتىپ كەلگۈچە تۈلچىلىقتا تارتقان جاپالىرىم ئازمۇ. ئەمدى سىزنىڭ ھاياتلىق خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ۋاقتىمىزدا، خۇدا قايتا بىر جۇدالىقنى بېشىمىزغا سالارمۇ؟ ! ···

تىلىۋالدى، بىر ئىلاجىنى قىلىپ تېز قايتىپ كېلىڭ. سىز ئۇ يەردىكى ئايالىڭىز ھەققىدە يېزىپسىز، ئۇ چوڭ بولسا ھەدەم، كىچىك بولسا سىڭلىم بولسۇن. خالىسا بىللە ئېلىپ كېلىڭ. باللار ھەممىمىزنىڭ بالىلىرى··· باللارنىڭ توي ئىشىچۇ؟ مەن سىزگە تېخى بۇنى يېزىشنى ئۇنتۇپتىمەن. خۇددى

بىز سىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قۇدىلىشىدىغان يەرلىرىمىز بىلەن پۈتۈشۈپ، توي كۈننى بېكىتمەي تۇرغانىدۇق. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز دادىسى قول قوشتۇرۇپ تۇرسا، مەن ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق بەخت بولامدۇ؟… تىلىۋالدى، بىر چاغلاردا سىز ماڭا «سېنى بەختلىك قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەننىدىڭىزغۇ؟ ئويلىسام، شۇنچە جاپالارنى تارتىپتىمەن. ئاخىرىدا بولسىمۇ ئازراق خۇشال قىلىڭ!…»

× × ×

كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلار قۇيۇلدى. بۇ ئاددىيلا بىر پارچە خەت ئەمەس، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم توغرىسىدىكى تۈنجى خۇش خەۋەر، تۇغۇلغان يۇرتۇمنىڭ، بالىلىرىمنىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىكەن. كۆڭلۈمدىكى مىسكىنلىك كۆتۈرۈلۈپ، مېنىڭمۇ ئىگىلىرىم بارلىقى بىلەن پەخىرلەندىم.

قېيىناتام كۆكسى - قارنى كەڭ ئادەم. ئۇ:

— تىلەك ئەپەندى، ۋەتەنگە قايتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قايتىمەن! — دەپ كەسكىن ئېيتتىم.

— بوپتۇ، بېرىڭ، — دېدى ئۇ سەممىي رازى بولغان ھالدا، — ئۇ يەردە بالىلىرىڭىز، ئايالىڭىز تۇرۇپتۇ. ۋەتەن دېگەن ئۇلۇغ نەرسە. ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى بىز كۆپ تارتقان. سىزنى چۈشىنىمىز… ھىدايەت سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىكى خوتۇن. ئۇنى ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ، قويۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ؛ رۇخسەت خېتىنى بېرىۋەتسىڭىزمۇ ئىختىيار سىزدە. ھەممە ئىش ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

ئايالىم كېلىپ مۇرەمگە ئېسىلىپ، ئۇنچىقماي كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ ئەردىن بەختى كەلمىگەن شۇنداق سەۋرىلىك ئايال.

— بوپتو بىرلىك، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ قولىقىمغا ئاستا، — باللىرىڭىزنى كۆرۈڭ. مېنى ئۇنتۇپ قالماسسىز؟… سىزگە بىرەر پەرزەنت تۇغۇپ بېرەلمىگىنىمگە ئازابلىنىمەن.

زۆھرە، مانا ئاردىن يەنە ئىككى ئايچە ئۆتتى. شۇ كۈنلەردە مەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ۋەتەنگە قايتىش رەسمىيىتىم ئاخىر پۈتتى… بۇ يەردە قۇياش ھېلىمۇ ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ يۇرتلاردا ھازىر كەچكۈز بولۇپ، بەلكىم قارمۇ چۈشۈپ قالغاندۇ؟ نېمىشقىدۇر خىيالىمدا شۇ مۇقەددەس ماكانغا ئاپئاق قار لەپىلدەپ چۈشۈپ تۇرغان بىر قۇتلۇق كۈندە قەدەم باسسام، دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

زۆھرە! سەن خېتىڭدە: ئېسىڭىزدىمۇ، سىز مېنى بەختلىك قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىز؟ دەپ يېزىپسەن، شۇ ۋەدەمنى قاچان، قەيەردە لەۋزە قىلغانلىقىم ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ. قۇياش كۈچسىز نۇرىنى چېچىپ كۈلۈپ تۇرغان بىر قىش كۈنى ئىدى. بىز قارلىق دالىدا كېتىپ باراتتۇق. ئەتراپىمىزدىكى قارلار قۇياش نۇرىدا خۇددى بىرى ئۈستىگە ئۇۋۇتىلغان ئەينەك پارچىلىرىنى چېچىۋەتكەندەك يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. سەن شەھەردىن ئون كىلومېتىرچە نېرىدىكى بىر يېزىدا تۇرىدىغان تاغاڭنىڭ ئۆيىگە كېتىپ باراتتىڭ، مېنىڭ يېزىدا قىلىدىغان ئىشىم بولمىسىمۇ، سېنى تاغاڭنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا بىللە ماڭغانىدىم. يولدا بىز بىر دېھقاننىڭ ئۆكۈز ھارۋىسىغا چىقىۋالدۇق. ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىز ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ھېلىقى دېھقان بىزگە قاراپ:

— باللىرىم، سىلەر قارنى نېمىشقا ياخشى

www.uyghurkitap.com

كـۆرىسـلەر؟ ــ دېدى.

ــ قار ئاق، قار ياغقاندا جىمى جاھان كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدۇ، ــ دېيىشتۇق، راستىنى ئېيتقاندا تۇزۇكرەك جاۋاب بېرەلمىدۇق. دېھقان كۇلۇپ:

ــ شەھەرلىكلەر بىلەن چۈشەنچىمىز ئوخشىمايدىكەن. مانا، مەنمۇ بىر چاغلاردا شەھەردە ئوڭدا يېتىپ نان يەيدىغان بىكار تەلەپلەردىن ئىدىم. يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندە «يېزىغا چىقىڭلار!» دەپ تەشۋىق قىلدى. «ئادەم ئۆمرىدە بىرلا قېتىم توي قىلىدۇ، مانا يېڭى زاماندا سىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم تويۇڭلار بولدى!» دەپ مەيدىلىرىمىزگە گۈللەرنى تاقاپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ، بۇ يەرگە ئاچىقىپ قويدى. شۇنىڭدىن بېرى مانا بۇ ئاسمىنى كەڭ يەرلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق، ــ دېدى.

دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۇلۇشتۇق. ئاندىن ئۇنىڭدىن:

ــ ئەمىسە، سىز قارنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ ــ دەپ سورىدۇق.

ــ ياخشى كۆرىمەن! ــ دېدى ئۇ، ــ قار خۇدانىڭ رەھمىتى، مول - ھوسۇلنىڭ كاپالىتى. ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك نەرسە. ئۇ قىشچە يەر - جاھاننى قۇچاقلاپ يېتىپ، زېمىنغا چۈشكەن ھاياتلىق ئۇرۇقىنى سوغۇقتىن قوغدايدۇ...

بىز بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە چەشەندۇقمۇ، چۈشەنمىدۇقمۇ، ئىشقىلىپ يەنە كۇلۇشتۇق. ئاندىن سەن قولىقىمغا:

ــ مۇشۇ مىسلداپ ماڭىدىغان كالا ھارۋىسى دېگەن بىلەن پەقەت خوشۇم يوق. پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئاتلار قېتىلغان ھارۋا

بولسا، كىشىنى قويۇندەك ئۇچۇرتۇپ كەتسە، ئاجايىپ ھۇزۇر بولاتتى، ــــ دېدىڭ.

يېرىم يولغا بارغاندا بىز دېھقانلارغا رەھمەت ئېيتىپ ھارۋىدىن چۈشۈپ قالدۇق. يېقىن ئارىلىقنى تاللاپ، ئاياغ يول بىلەن ماڭدۇق. يول بويى يۈگۈرۈشۈپ، بىر ـ بىرىمىزگە قار ئېتىشىپ، تويۇقسىز قوچاقلىشىپ قالدۇق. كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى ئېيتىشتۇق. ھېلىقى ۋەدىنى مەن شۇ چاغدا بەرگەنىدىم. شۇ غەمسىز، كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلىسەم، ھېلىمۇ كېچىلىرى «قار، قار!» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىمەن.

زۆھرە، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتىنى پۈتتۈرگۈچە بىر ئىدارىدىن يەنە بىر ئىدارىگە، بىر ئەمەلدارنىڭ ئالدىدىن يەنە بىر ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، ئىشنىڭ تولىلىقىدا كاللامغا كىرىۋالغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم. ئىشتىھايىممۇ ئوبدان بوپ قالدى. باشقىلار: «ئەپەندىم، يېقىندىن بېرى چىرايىڭىز ياخشىلىنىپ قاپتۇ، سىزگە يەنە ئەت قونۇشقا باشلاپتۇ...» دېيىشىدۇ. ماكانسىزلىقنىڭ دەردى ئۈستىخاندىن ئۆتكەندە ئۆز يۇرتۇمنىڭ چۆللىرىدە ئۆلۈپ قالمىغىنىمغا، مەھبۇسلار بىلەن تاغ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلغان چاغلىرىم بولغانىدى. قارىغاندا يەنە تەقدىرنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بار ئوخشايدۇ. تەڭرىدىن تىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى تىلىكىم ــــ ئۆلسەممۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراققا يېتىپ بېرىپ ئۆلەي!

زۆھرە، كېچە مەن يەنە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە قارلىق چوققىلارغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەكمەن،



www.uyghurkitap.com

بىر دىنلا پەيدەك يەڭگىل بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتىمەن... بىر چاغدا، ئۆزۈم ئويناپ چوڭ بولغان ۋادىلارغا ئاپئاق قار بولۇپ يېغىۋاتقۇدەكمەن. قىشچە شۇ زېمىننى مەھكەم قۇچاقلاپ يېتىپتىمەن، كېيىن، ئۇستۇمدە ئىللىق قۇياش پارلاپتۇ. شادلىقتىن جىسمىم ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ تۇگەپتۇ. باھار كەلگەندە، مەن ئېرىپ سىڭگەن تۇپراقتىن رەڭمۇرەڭ گۇللەر ئۇنۇپ چىقىپتۇ...

خەير، كۆرۈشكىچە سالامەت بولۇڭلار

1992 ـ يىل 3 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# سالام، ھېسام ئاكا

ئەي ـ ي، ئەجەب بىر خەلق ئىكەنمىزغۇ! بىز ياشاۋاتقان شۇ كەڭ زېمىن ئۈستىدە قانچە بورانلار كۆتۈرۈلۈپ، قانچە شىۋىرغانلار قۇتراپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بېشىدىن تالاي ئېغىر كۈنلەر ئۆتكەنىكەن، شۇندىمۇ، ناخشا ـ سازدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىغانىكەنمىز. ئالەمگە يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋىقى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئانا شۇ پەرزەنتىنى ناخشا بىلەن بۆشۈككە بۆلەيدۇ، قويلىرىنى كەڭ ئېدىرغا يېيىۋەتكەن چوپان كىچىككىنە نېيىنى لېۋىگە قويۇپ، تاغ باغرىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكىلىۋاتقان يېزا قىزىنى كۈيلەيدۇ، تۈن يېرىمىدا شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېلىۋاتقان راۋابچىمۇ سىرلىق بىر ئىلھامنىڭ كۈچىدە زەخمىكىنى ئوينىتىپ، قاراڭغۇ كېچىنى شوخ قوشاقلار بىلەن بېزەيدۇ، جىمجىت قەبرىستانلىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان دەرۋىش ھايات توغرىسىدا بىر ئۆمۈر يىغقان پىكىرلىرىنى قولىدىكى ساتارنىڭ تارلىرى بىلەن ئاجايىپ نەغمىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. سىز بۇ خەلقنىڭ ناخشىلىرىنى ئاتلار پۇشقۇرۇپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدىمۇ، ئازاب چېكىگە يېتىۋاتقان گۆندىخانىلاردىمۇ، ئادەملەر گۈرۈلدىشىپ يۈرگەن قايناق بازارلاردىمۇ، ئاشىقلار پىچىرلىشىۋاتقان ئايدىڭ كېچىلەردىمۇ... ھەرقاچان، ھەر يەردە ئاڭلايسىز...

ئەخمەت سەنئەت ئۆمەكتىن قوغلاندى بولغان كۈنى

تەمبۇرنى قۇچاقلاپ، بازارنىڭ چېتىدىكى بىر تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇنداق خىياللارغا كەتكەنىدى. «سىرىق ناخشا» ئېيتقان «گۇناھى» ئۈچۈن شۇ كۈنلەرگە قالغان بولسىمۇ، يەنە شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ، بارماقلىرىغا ناخۇلنى مەھكەم باغلاپ، ئاجايىپ پەدىلەرگە چالغۇسى، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ھەسرەتلەرنى ناخشا قىلىپ توۋلاپ بىر يېنىكلىۋالغۇسى كېلەتتى. «ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ماڭا سەنئەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان مېھمانلار بىلەن تولغان قىزغىن بىر سورۇن بولسا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — نازۇك پەدىلەرگە چىرتىپ، تەرلەپ تۇرۇپ قانغۇچە بىر ناخشا ئېيتىۋالسام، شۇ مەيداندا يەنە ئوبدان قىزىقچىدىن بىرى بولسا، ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن كىشلەرنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈپ، مۇڭلۇق سازنىڭ تەسىرىدىن بوشاشقان ئادەملەرنىڭ روھىنى يەنە جانلاندۇرسا...»

لېكىن، ئەخمەتنىڭ كۆز ئالدىدا چاقچاق ئەۋجىگە ئالغان سورۇن ئەمەس، تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن تولغان بازار تۇراتتى. بۇ ئادەملەر چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بىر - بىرىگە خۇدۇكسىنىپ قارايتتى. كوچا تاملىرى چوڭ خەتلىك گېزىت، «يالقۇنلۇق» شوئارلار بىلەن بېزەلگەنىدى. رادىئولاردىن ۋەزىيەتنىڭ ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن چوڭ ياخشى ئىكەنلىكى كۆچەپ چۇشەندۈرۈلىدىغان زېرىكەرلىك نۇتۇقلار ئاڭلىناتتى. ئەنە شۇنداق «چوڭ ياخشى» ۋەزىيەتتە كىشلەر بىر تۈپ بەسەي، بىر سىقىم ئاچچىق قاق ئۈچۈن ھۆكۈمەت دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئۆچىرەتتە تۇرۇشاتتى. ھەممە يەرنى ۋەھىمە، سۆرۈنلۈك قاپلىغانىدى، ھەممىنىڭ قەلبىدىن ھەقىقىي شادلىق يۈتكەن، چىرايىدىن چىن كۈلكە ئۆچكەندەك قىلاتتى... ياق، بۇ ئادەملەرنىڭ كۈلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟! كۈلگۈنچەكلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنساننىڭ يەنە بىر ئاجايىپ خۇسۇسىيىتى. شۇ كۇلكە بىلەن ئۇلار شادلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ، شۇ كۇلكە بىلەن كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان ھەسرەتلىرىنى يېنىكلەشتۇرىدۇ، شۇ كۇلكە بىلەن رەزىللەرگە يوشۇرۇن ئوق ئاتىدۇ...

ئۆزىنىڭ سۇر ئېشىكىنى مىنىپ، شەرقنىڭ پۇتكۇل يېزا، شەھەر، چۆل - باياۋانلىرىنى كېزىپ يۇرگەن نەسىرىدىن ئەپەندى، تۇرپاننىڭ ئوتتەك قىزىق تۇپىلىق يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۇپ، مۇزدەك كارىز سۇلىرىدىن ئوچۇملاپ ئىچكەن موللا زەيدىن، قايناق قەشقەر بازارلىرىنى ئارىلاپ، چايخانىلارنى ئاۋات قىلغان سەلەي چاققان... يەنە شۇنداق قانچە قىزىقچىلار تەتۈر زامانىنى، رەزىللىككە تايىنىپ جان باقماقچى بولغان غوجاملارنى كۇلكە بىلەن قامچىلىغان ئەمەسمىدى! ... ئەخمەت ئەنە شۇ ئاجايىپ سۆز ئۇستىلىرى توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما، ئۇلارنى كۆرۇش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىكەن. ھېسامچۇ؟ ھېسام بىلەن ئەخمەت قانچە ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولغان. ھېسامنى تارىختىكى قىزىقچىلار قاتارىدا ساناشقا بولامدۇ، بولمامدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئەخمەت ئاجىزلىق قىلاتتى.

بىز ھەر دائىم تىرىك تالانت ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز، ئۇلار تۇپراققا كۆمۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار توغرىسىدا چۇقانلارنى كۆتۇرىمىز.

ئەخمەت بۇگۇن ئۆزىنىڭ بۇ توپا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ نېمىدەپ مۇنچىۋالا پەيلاسوپلارچە پىكىر قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى... ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق - ھە! ھېسامنىڭ نېمىشقا تۇيۇقسىز ئېسىگە چۇشۇپ قالغانلىقىنى ئەخمەت ئەمدى چۇشەندى. شۇ تاپتا ھېسام 100 قەدەمچە نېرىدا تۆت - بەش ياش بالىلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغانىدى. قاراڭ، تەبىئەتمۇ بۇ ئاجايىپ ئادەمگە

چاقچاقلاشقاندەك ئۆزگىچە بىر چىراي ئاتا قىلغان، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، چىرايىنى كۆرۈپمۇ ئىختىيارسىز كۈلىسىز.

ئەخمەت گويا ھەممە خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇمبىلىرىدىكى توپىلارنى قېقىپ، ھېسام تەرەپكە ماڭدى. ھېسام ئەتراپىدىكىلەرنى گەپ بىلەن كۈلدۈرۈۋاتاتتى.

— ئايروپىلانغا چۈشۈپ، ئۆيۈمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى ھېسام، — خوتۇن پېشايۋاندا تۇرۇپتىكەن، مېنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھېسام، سىز ئۇ يەردە ئويۇنىڭىزنى ئويناڭ، بىز بۇ يەردە گۆشكە پۇل يوق ئولتۇرايلى - ھە! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

خوتۇندىن قورقمىغىنىم بىلەن ئاززاق چۆچۈيتتىم، غاررىدە قىلىپ ئايروپىلاننى تۆۋەنلىتىپ، ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىنلا خوتۇنغا بىر سومنى سۇنۇپ بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم. يېرىم يولغا بارغاندا ئايروپىلان زادىلا ماڭمايدۇ. نېمە بولدىكىن، دەپ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ قاراپ باقسام، ئايروپىلان يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇتقا پېتىپ قالغانىكەن. ئايروپىلاندىكى ئاغىنە باللارنى «ئەي بولمىدى، چۈشۈڭلار، چۈشۈڭلار!» دەپ چاقىردىم. ئاغىنە باللار بىلەن «ھە - ھۇ!» دەپ مۇرىدەپ يۈرۈپ كاساپەتنى بۇلۇتتىن ئاران چىقىرىۋالدۇق. ئاندىن ئۇ تەرەپكە پەس بولغاچقا غۇيۇلداپ كەتتۇق...

ھېسام ئاتقان بۇ پوغا ئەتراپتىكىلەر پىخىلدىشىپ كۈلمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى ئەخمەتكە چۈشۈپ قالدى.

— ئەخمەت ئۇكا ھوي، سالمىدىن چۈشكەندەك توككىدە قىلىپ، قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ (بۇ ئەخمەتنىڭ داڭگال دېگەن لەقىمىگە قارىتىلغان چاقچاق ئىدى.)

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھېسامكا، سېنى سېغىنىپ...

— ماقۇل ئەمىسە، كېيىن كۆرۈشەرمىز ھە ئۇكىلار، — ھېسام ئەتراپىدىكىلەر بىلەن شۇنداق دەپ خوشلاشتى - دە، ئەخمەتكە قاراپ ماڭدى، — چىرايىڭ بىر قىسمىلىغۇ ئۇكا؟

— سەنئەت ئۆمەكتىن ھەيدىۋېتىشتى.

— نېمىشقا؟

— ئەي، نېمىسىنى ئېيتىسەن ھېسامكا، دەپ كەلسەم گەپ تولا...

— بولدى، بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى ئۇكا، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟ بىزنىڭ قورساق ناغرا چالغىلى تۇرغىلى نەۋاخ. يۈرە، بىرەر قاچىدىن ئىسسىقراق بىرنېمە يەيلى.

— شۇنداق قىلساق تازىمۇ ياخش بولاتتى. بىراق، يانچۇقتا بىر تىيىن يوق دېگىنە.

— سەندە بولمىسا، مەندە بار.

— سەندە قانداق پۇل بولسۇن؟

— جىقمۇ ئەمەس، ھەر ھالدا ئىككىمىز قورساق تويغۇزغىلى يېتىدۇ. بۇ پۇلنىڭ مېنىڭ يانچۇقىمنى قانداق تېپىپ كېلىپ قالغانلىقىنى ماڭغاچ پاراڭ قىلىپ بېرىمەن. بولمىسا ئاشخانىلارنىڭ تامىقى ھېلىلا تۈگەيدۇ.

× × ×

— تۈنۈگۈن بىر قىزىق ئىش بولدى، دېگىنە، — دەپ گەپ باشلىدى ھېسام ئەخمەت بىلەن كېتىۋېتىپ، — قاتناشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام، كىراكەش نودەركام «ھېسام ئۇكا. مۇشۇ ھارۋامغا بىردەم قاراپ تۇرغىنا، جۇمە ئوقۇپ چىقىۋالاي» دېدى. چوڭ ئادەمنىڭ گېپىنى يىرالماي «ماقۇل»



www.uyghurkitap.com

دەپتمەن. ئېشەكنىڭ چۇلغۇرنى تۇتۇپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرسام، سەن بىلمەيسەن، بىزنىڭ كونا مەھەللىدە قاسىم قاتتىق دەپ بىر كىشى بولىدىغان، شۇ ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. مۇرىسىدە ئېغىر بىر تاغار. «ئۇكام ھېسام، ئەجەبمۇ ئوبدان ئۇچراشتىڭا. مۇشۇ تاغارنى ھارۋاڭغا سېلىپ، غاچچىدە قىلىپ بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ بەرسەڭ» دەيدۇ. «قاسىمكا، ماۋۇ ھارۋا كىشىنىڭ ھارۋىسى، ئاپىرىپ بەرسەممۇ بېرەي، ئازراق ھەق بەرمىسەڭ بولمايدۇ، قانچە بېرىدىغىنىڭنى باشتا ئوچۇق ئېيتىۋەت!» دېدىم. نېمىشقا دېسەڭ، سەن بىلمەيسەن، لەقىمىگە لايىق بۇ ئادەم ناھايىتى قاتتىق دېگىنە. قۇدۇقتا بەش تىيىنى چۈشۈپ كەتسە، بېلىگە ئارغامچا باغلاپ چۈشۈشتىن يانمەيدۇ. تاغار يەلكىسىنى خېلى باسقان ئوخشايدۇ.

— پۇل ئالساڭمۇ ئال، سەن بىلەن بىز تونۇش بولغاندىكىن لايىقىدا بىرنېمە دەرسەن. ئاناڭ ھەر قېتىم بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە نان يېقىشىپ بەرگەندە ‹بالامغا› دەپ ئىسسىق توقاچتىن پۈتۈن بىرنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىدىغان. ھە، گەپ قىلە، قانچە ئالىسەن؟ — دېدى.

— ئۈچ كوي! — دېدىم.

— نېمە دەيسەنوي؟! — دەپ تاغىرى بىلەن ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى قاسىمكام، — سەككىزموچەن بېرەي، سەكىزموچەن!

— ئوردا مەھەللە دېگەن يېقىن يەرمۇ قاسىمكا؟ ئويلاپ گەپ قىلىڭە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تىببىي مەكتەپنىڭ[1] ئالدىدىن ئۆتىدىغان گەپ. خۇدا ساقلىسۇن، ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار ۋاڭ - ۋۇڭ

---

① 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تىببىي مەكتەپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا غۇلجىدا ئەلەم كۆرىشى ئەڭ قاتتىق بولغان ئورۇنلار. 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش بىناسى شۇ يىللىرى كۆيۈپ تۈگىگەن.

قىلىپ ئېتىشىپ قالسا...

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئېتىشسا بىر - بىرىگە ئېتىشسا، سېنىڭ بۇ قوتۇر ئېشىكىڭگە قارىتىپ ئاتاتتىمۇ! ھەر قاچان بىر كوينى كۆزلەۋاتسەن - ھە؟ بوپتۇ، بىر سوم ئالساڭمۇ ئال. قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا، دەپتىكەن. كەتسە ئۆزۈمنىڭ قېرىنداشلىرىغا كېتىدىكەنغۇ، داداڭ بىلەن بىزچۇ ئۇرۇق - تۇغقاندەكلا ئۆتكەن، دەپ تاغىرنى غاچچىدە ھارۋىغا تاشلىدى قاسىم قاتتىق.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ. نۇدەركامنىڭ مۇنۇ ئېشىكى تازىمۇ قاشاڭ دەڭا. سىزنىڭ بىر سومىڭىزنى ئالغۇچە «خىت» دەپ ئېغىزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن خاپا بولماي باشقا ھارۋىكەشلەرگە كىرا قىلىڭە، — دېدىم.

باشقىلارغا دېسە بەش كوي سورايدىغىنىنى بىلگەن قاسىم قاتتىق ھارۋىغا چىقىپ، تاغىرنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۇۋېلىپ:

— ئوردا مەھەللە دېگەن ئەنە، كىچىك بالا قاتتىقراق سىيسىمۇ يېتىدىغان يەردىغۇ. قانچىلىك خى - - - ت دەپ كېتەرسەناۋاي؟ — دېدى.

— بوپتۇ، ھەربىر «خىت» دېگىنىم بەش تىيىنغا ھېساب بولسۇنمۇ؟ — دېدىم.

قاسىم قاتتىق تاغىرنىڭ ئۈستىدە تازا بىر ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى - دە:

— بىر خىت دېگىنىڭگە بىر تىيىن بېرەي. — دېدى.

— بوپتۇ، ئوغۇل بالىچىلىق، مەھكەمرەك ئولتۇرۇڭ - ھە! — دەپ تاياقنى ئېلىپ، ئېشەكنى «خىت - خىت - خىت...» دەپ ھەيدىدىم، — ساناڭ - ھە، قانچە خىت بولدى؟ — دېدىم.

قاسىم ئاكام «بىر - ئىككى - ئۈچ» دەپ سانىغلى تۇردى.

كۆپ تاياق يەپ قاشىرىپ كەتكەچكىمۇ، نودەركامىنىڭ ئېشىكىنىڭ تاياقنى شۇنداق كۆتۈرسەڭ ئىتتىك ماڭماقتا يوق، سۆڭگىچىنى مايماق چىقىرىپ تولغىنىپ، هارۋىنى يولنىڭ بىر تەرىپىگە ئېلىپ قاچىدىغان خۇيى بار ئىكەن. ئېشەكنى توختىماي نوقۇپ «خىت» دېگىلى تۇردۇم. قاسىم ئاكام «تۆت، بەش، ئالتە... ئون... يىگىرمە ... ئوتتۇز ...» دەپ ساناپ بولالماي قالدى ۋە:

— هوي، هوي، توختا! — دېدى ئاخىر.

— هە، نېمە بولدى؟

— مۇنداق خىت دېگىلى تۇرساڭ ساڭا هۇسەنباي هاجىمنىڭ پۇلىمۇ توشماس

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— ئەگىلىـــــشلەرگە كەلگەندە، ئېشەك ماڭماي توختاپ قالغان چاغلاردا <خىت> دېمەمسەن...

قاسىم ئاكام بىلەن شۇنداق دەتالاش قىلىپ مېڭىپ، 6 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق. ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەك، نەق مەكتەپنىڭ ئالدىغا بارغاندا كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئېتىشىپ كەتمەسمۇ، لاغىلداپ تىترەپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. قاسىم ئاكامغا قارىسام، بېشىنى تاغىرىنىڭ يېنىغا تىقىپ، هارۋىنىڭ ئۈستىدە دۈملا يېتىۋاپتۇ. باياتىن بېرى مېنىڭ بىلەن «تولا خىت دەپ كەتتىڭ» دەپ سوقۇشۇۋاتقان ئادەم:

— نېمە قاراپ تۇرسەنۋي، — ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دەيدۇ.

— هە، قانداق قىلىمەن؟ — دېسەم،

— «خىت» دېمەمسەن دۆيۈز، «خىت!» — دەپ كۆزىنى 100 ۋاتلىق لامپۇچكىدەك پارقىرىتىپ ۋارقىراپ كەتتى.

هوشۇمغا كېلىپ، ئېشەكنى بولۇشىغا ساۋاپ، توختىماي

«خىت» دېگىلى تۇرۇپتىكەنمەن، قاسىمكامنىڭ ئېشەكى ئالدىغا كېلىپ بىراقلا توختاپتىمەن. قاسىم قاتتىق:

— يائاللا، خۇدا ئۆزى بىر ساقلىدى - دە! — دەپ هارۋىدىن ئىنجىقلاپ چۈشۈپ، — ئۇكا، هېلىقى «خىت» نى سانايدىغان ساناقتىنمۇ ئېزىپ كەتتۇق - هە؟! — دەيدۇ.

— يوقسۇ قاسىمكا، سىز ئېزىپ كەتكەن بىلەن مەن ئازمىدىم، — دېسەم،

— هە قېنى، جۇغى - جەمئىي قانچە «خىت» دېگەنسەن؟ — دېدى.

— توپتوغرا مىڭ بولدى، — دېدىم مەن.

— ئەجەب بىرى كەممۇ بولماي، ئوشۇقمۇ بولماي، توپتوغرا مىڭ بوپتۇ — هە؟!

— ئەسلى مىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن، پارچە سانىنى تاشلىۋېتىپ مىڭلا دېدىم.

— مىڭ خېتىڭ بىر تىيىندىن قانچە بولىدۇ؟

— ئون خىت بىر تىيىندىن بولسا ئون تىيىن، 100 خىت بىر كوي. خوش، 1000 خىتىمىز ناهايىتى ئون كوي دېگەن گەپ.

— ۋايجان، نېمە دەيدىغانسەن! — دەپ پېشانىسىگە شاققىدە بىرنى سالدى قاسىمكام قاتتىق، — ئون كوي بېرىدىغان بولسام مېنى بۇ يەرگە سامالىيوتتىمۇ ئەكىلىپ قويمايتتىمۇ!؟

— شۇنى دېمەمسىز، سامالىيوتتا كەلمەي، ئېشەك هارۋىدا كەلگەندىكىن ئۆزىڭىزمۇ ئەخمەق دەڭا.

— ئۆزۈڭ باشتا ئۈچ كوي دېگەن، مەن بىر كوي دېگەن. هە بوپتۇ، هە، ئىككى كوي ئال... بوپتۇ، مانا ئۆزۈڭ سورىغان ئۈچ كوي! — دەپ تاغارغا قولىنى سۇندى قاسىمكام.

— قاسىمكا، چاقچاق ئەمەس، ئون كوي سانىمىسىڭىز تاغارنى تۇتقۇچى بولماڭ. يولدىن كەلگۈچە گۆرنىڭ ئاغزىغا



www.uyghurkitap.com

نەچچە بىرىپ، نەچچە كەلگەنلىكىمىزنى كۆزىڭىز كۆردى. تاغىرىڭىزنى قايتۇرۇپ ئاپىرىپ، 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىغىلا تاشلاپ قويىمەن، قانداق ئەكېلىشۋالسىڭىز ـ ـ ـ ئز ئەكېلىشۋېلىڭ! ــ دەپ ئىشەكنىڭ بېشىنى ئارقىغا قايرىۋىدىم، قاسىم قاتتىق تاتىرىپ كەتتى ۋە:

ــ ئالە، باش ـ كۆزۈمدىن سادىغا! ــ دەپ تەتۈر قاراپ تۇرۇپ بەش كويلۇقتىن بىرنى تاشلىدى. تاغىرنى ئېلىپ، يەردە ياتقان بەش كويلۇق پۇلنىڭ يېنىدىن ئازابلىنىپ دەسسەپ ئۆتۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ــ پاھ، ھېكايەدەكلا بىر گەپ ئىكەن بۇ. ھېسامكا، ئۆزۈڭ توقۇدۇڭمۇ، راست بولغان ئىشمۇ بۇ؟ ــ دېدى ئەخمەت ھەيران بولۇپ.

ــ مانا، ئاشخانىغىمۇ كەلدۇق، ــ دېدى ھېسام.

× × ×

ئۇ كۈنلەردە شەخسىي ئاشخانا دېگەن يوق ئىدى. ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرى ئەتىدىن ـ كەچكىچە بېسىق بولاتتى. ھېسام بىلەن ئەخمەت ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قوينىغا هاراقنى تىقىۋېلىپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن قاراڭغۇ بازارچىدىن ئىككى يېرىم كويغا يېرىم بوتۇلكا هاراق ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىشتى. ئاشخانا ئىچىدە لوبۇ بىلەن قورۇغان شۇ سۇپەتسىز تاماققا تالون ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغانلار خېلىلا بار ئىدى.

ــ ھېسامكا، تاماققا كىردىڭىزمۇ؟ ئالدىغىراق كېلىڭ. بىرنەچچەيلەن ئۇنى كاسسىنىڭ ئالدىغا چاقىردى. ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر تەرىپى تۈراقلىق ئالاھىدە جوزىدا

بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ يەڭ بەلگىلىرىنى تاقىۋالغان بىرنەچچىسى ئولتۇراتتى. ئۇچراشقاننى بولاپ، هازىر ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرى خېلى تومپايغانىدى. بۇ بايۇەچچىلەرنىڭ شۇ تاپتا هاراقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ، ئۆپكىدەك ئىششىغان بولۇپ، مايلىشىپ پارقىراپ تۇرغان كالپۇكلىرى ئۇلارنىڭ خېلىلا ئوبدان، سۆپەتلىك تاماق يېگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. هېسام تاماقتا تالون ئېلىپ چىقىشتا بايۇەچچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئۇنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ چاقىردى:

— هوي هېسام، تالون ئېلىپ نېمە ئاۋارە بولاتتىڭ، ماۋۇ جوزىغا كەلگىنە، ئاشقان - تاشقان لەڭمەننى يەپمۇ تويۇپ قالىسەن.

— سېنىڭدىن لەڭمەن ئاشامدۇ، — دېدى هېسام، — ئاشقان لەڭمەننى بېلىڭگە باغلاپ چىقىپ كېتىپ، ئۆيگە ئاپىرىپ كىر يايىدىغان نېمىسەن!

ئاشخانا ئىچىدە كۈلكىدىن قىقاس چىقىپ كەتتى. بولۇڭدىكىلەر شۇ بىر چاقچاق بىلەنلا ئۇجۇقتى.

— ياشا هېسامكا، — دېدى بىر تاڭجاڭ بالا، — ئەكەل تالونىڭنى، تامىقىڭنىڭ سېيىنى ئوبدان قىلىپ قورۇتۇپ ئاچىقىپ بېرەي.

ئۇلار بوش جوزىلارنىڭ بىرىگە چۆكتى.

— ئۇكا، هاراقنى ئازراق ئىلىتىپ ئىچمەيلىمۇ، سىلىقراق ئۆتىدۇ.

— مەيلى، ئۇنىڭ ئىشى ئاسان.

ئەخمەت ئاشخانا ئىچىدىن يوغان بىر ئاپقۇر ئاشنىڭ سۈيىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. هاراقنى قايناق ئاشنىڭ سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، تاماقنى كۈتكەچ پاراڭغا چۈشۈشتى.

— شۇنداق قىلىپ، سەنئەت ئۆمەكتىن قوغلىدى، دە؟ — دەپ سورىدى هېسام ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— نېمىسىنى ئېيتىسەن ھېسامكا، قانداق قىلىپ سازەندە بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. كىچىكىمدىن ناخشا ـ ساز دېسە جېنىمنى بېرەتتىم. توي تارتىپ ئۆتكەن «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» چىلەرگە ئەگىشىپ مەھەللىمۇ مەھەللە يۈگۈرەيتتىم. مەشرەپ بولغان ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدىن تاڭ ئاتقۇچە كەتمەيتتىم... ئاخىردا ئۆزۈمنىڭمۇ بىر سازچى بولۇپ قالىدىغىنىمنى نەدىم بىلەي! بەزىدە شۇ تەمبۇر دېگەن نېمىنى بىر ئۇرۇپ چېقىۋېتەيمۇ، دەپ كېتىمەن. بۇ دوزاخ چۆمۈچىنى تىرىڭشىتىپ قانچە ـ قانچە مەشرەپ، قانچە تويلارنى قىزىتىپتىمەن. لېكىن، ماڭا ئۇنىڭدىن نېمە ياخشىلىق كەلدى دەيسەن. شۇنىڭ دەستىدىن ئاخىردا مانا ئايدا بېرىدىغان 50 كوي پۇلدىنمۇ قۇرۇق قالدىم، بۈگۈن يەنە ئاچچىقىمدا تەمبۇرنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچىمۇ بولغانىدىم، لېكىن قىيالمىدىم، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئويلاپ باقسام، كۆڭۈل خۇشۇممۇ، ئاشىقىممۇ، سىرداشىممۇ شۇ تەمبۇر ئىكەن. ئولتۇرۇپ ئاچچىقىمدا يەنە كېلىشتۈرۈپ بىر پەدە چېلىۋەتتىم ـ دە، ئاندىن ئۇنى قولتۇقۇمغا قىسىپ بازارغا كەلدىم. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام سەن كېلىپ قالدىڭ.

ھېسامنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى بەزىدە ئوتتەك يېنىپ، بەزىدە ھەييارلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كۆزلىرى شۇ تاپتا قەيەرگىدۇر بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان، چىرايىدىكى مۆجىزىلىك قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان بولۇپ، ئۇمۇ خىيالغا چۆككەنىدى، ئەخمەت تۇرۇپلا ئۇنىڭغا دەردىنى تۆككىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. چۈنكى، ھېسامنىڭ ئىشسىز يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولغانىدى، ئەخمەتنىڭ دەردى ئۇنىڭ دەردىگە يېپ ئېشىپ بېرەلمەيتتى. كىچىكىدىن غۇلجىنىڭ «شەھەر ئىچى» مەھەللىسىدە چوڭ بولۇپ، شەھەرنىڭ قانچىلىغان ھېيت ـ بايراملىرىنى شەھەر ئىچىدىكى ئېگىز

پەشتاقتا ناغرا چېلىپ قىزتىقان ھېسام شۇ كۈنلەردە ئۆز شەھىرىگە قارا نوپۇس بولۇپ تەمتىرەپ يۈرەتتى.
تاماق كەلدى.
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن ئۇكا؟ — دېدى ھېسام تاماق يەپ ئولتۇرۇپ.
— ئۈرۈمچىدە بىر ئاكام خىزمەتتە بولىدىغان، شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرنەچچە زامان جېنىمنى جان ئېتىپ تۇرايمىكىن، دەيمەن. شۇنداقمۇ دەيمەن، يېنىمدا ماشىنا كىرا ئىسغىمۇ پۇل يوق. بۇگۈن مۇنۇ تەمبۇرنى سېتىۋېتەيمىكىن، دەپمۇ ئويلىدىم، يەنە كۆزۈپ قىيمىدى. بۇ كۈنلەردە كىممۇ ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تۈزۈك پۇل سانار، دەيسەن.
ھېسام جوزىنىڭ يېنىغا يۆلەكلىك تۇرغان تەمبۇرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇزۇن يىل تۇتۇلغان بۇ تەمبۇرنىڭ سۆڭەكتىن نەپىس نەقىشلەر قويۇلغان سېپى پارقىراپ تۇراتتى.
— قوي ئۇكا، ئۇنچىلىك بېشىڭنى قاتۇرۇپ كەتمە، بۇگۈن كۈن كەتتى. ھازىر قورساقنى تويغۇزۇپ چىقىپ، بىر يەرنى تېپىپ ئازراق كۆڭلىمىزنى ئاچايلى. ئاندىن سېنىڭ بويتاق پاكىزاڭغا بېرىپ راسا بىر ئۇخلاپ، ئەتە بىزنىڭ يېزىغا چىقىپ كېتەيلى، مەھەللىدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇۋاتقان ماشىنىلار بار، ئۇقۇشۇپ، سېنى بىرەرىگە سېلىپ قوياي. ھاراقتىن بىرەر رومكىدىن قۇيىمامسەن.
ئەخمەت بىر سىركايىنى تېپىپ كېلىپ، ئىچىنى پاكىز سۈرتتى. ئاشنىڭ سۈيىگە چىلاقلىق ھاراقنى شۇنداق كۆتۈرۈشكە «بۇلدۇق - بۇلدۇق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاچىدىكى ئاشنىڭ سۈيى لىققىدە بولۇپ قېلىپ، ئەخمەتنىڭ قولىغا قۇرۇق بوتۇلكا چىقتى. قىزىق ئاشنىڭ سۈيىدە بوتۇلكىنىڭ تۈۋى چۇشۇپ قالغانىدى. ئىككىيلەن جىلىچىلىكتە

بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

— مانا، كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ، دېگەن مانا شۇ. قاسىم قاتتىق پۇلىنى پەقەتلا رازى بولماي بەرگەن ئىكەن - دە!

— خەير، ئامال يوق، تامىقىمىزنى يەيلى.

— ئۇكا، ئاشۇ ئاش سۇيىنى بىر تېتىپ باققىنا، تەمى قانداقراق بولۇپ قالدىكىن؟

ئاشنىڭ سۇيىنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ، چۇچۇمەل بولۇپ قالغانىدى. تاماقتىن كېيىن، ئىككىيلەن قىزىقچىلىق قىلىپ ھېلىقى ئاشنىڭ سۇيىنى بۆلۈشۈپلا ئىچىۋېلىشتى.

— قانداق ھېسامكا. ئاشنىڭ سۇيى خېلى تۇتۇۋاتامدۇ؟ — دېدى ئەخمەت ئاشخانىدىن چىققاندا.

— ئىككى يېرىم كويغا توختىغان ئاش سۇيى بولغاندىكىن تۇتىدۇ - دە! — دېدى ھېسام.

دېمىسىمۇ ئاشنىڭ سۇيى ئۇلارنى خېلىلا قىزىتقانىدى.

— ئەمدى نەگە باردۇق؟

— سېنىڭ بىلەن مېنىڭ رىزقىم ئەلنىڭ داستىخىنىدا، — دېدى ھېسام، — سازچى بىلەن چاقچاقچىغا زار بولۇپ تۇرغان سورۇندىن بىرنى تاپىمىز. سەن ھارغاندا مەن چاقچاق قىلىمەن، مەن ھارغاندا سەن ساز چالىسەن.

× × ×

ھېسام يول بويى ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىپ، ئەخمەتنى قارادۆڭ مەھەللىسىنىڭ تار بىر كوچىسىغا باشلاپ كەلگەندە ئەتراپ ئوبدانلا قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى.

— مۇشۇ يەردە سازغا خۇمار بىر ياخشى ئادەم بار، — دەپ

www.uyghurkitap.com

كىچىكىرەك بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ھالقىسىنى شاراقشىتتى ھېسام.

ھويلىدىن بىرەيلەننىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم؟

— بىز، بىز قادىرانىكا، دەرۋازىنى ئاچسىلا!

ئۆي ئىگىسى ھېسامنى ئاۋازىدىنلا تونۇدى بولغاي، زەنجىر شاراقشىپ چۈشۈپ، دەرۋازا ئېچىلدى.

— ھوي، ھېساممۇ بۇ؟ مانا پەيزىڭلار بار، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە.

ساھىبخان مېھمانلارنى قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتكۈزۈپ، 10 ـ لامپا يورۇتۇپ تۇرغان چاققانغىنا بىر ھۇجرىغا باشلىدى. ئۆيدە تۆت ـ بەش ئادەم بار ئىدى. بۇ ئەنسىز كۈنلەردە كېچىدە قېقىلغان دەرۋازا ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان قىزغىن سۆھبىتىنى بۆلىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلار جىمجىت بولۇشۇپ ئىشىككە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. يېڭى مېھمانلار كىرىشىگىلا: «ھە، ھېسامىدىناخۇنلار ئىكەنغۇ!» دەپ دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئورۇن بەردى. دۇئادىن كېيىن، ھەممەيلەن يۈزلىرىنى سىپىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئەھۋال سوراشتى. ئەخمەت سەپسېلىپ، ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بازاردا كۆرۈپ يۈرگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئەخمەتنىڭ ئوڭ يېقىدا ئولتۇرغان مۇنۇ ۋىجىك كىشى بازاردا ياماقچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ياماقچىلار قاتارىدا ئۇنىڭمۇ يولنىڭ چېتىگە قويۇقلۇق ساندۇقى بولىدىغان، باللار كېچىلىرى بازارلاردىكى ئاشۇنداق چوڭ ـ كىچىك ساندۇقلارنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينىشاتتى. ئەتىگىنى ئۇستاملار كېلىپ، كۆتمەك سۈپۈرگە بىلەن ساندۇقنىڭ ئالدىنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن يىرتىق بوتىي، ياماق چۈشكەن ھەر خىل ئاياغلار، تۆشۈك

كالاچ، باغلام ـ باغلام پۇرۇچ، پارچە ـ پۇرات چەم، كونا ئۆتۈكلەرنىڭ قونچى، چوڭ ـ كىچىك قىلىپلار، قەلەمتىراش، يىپ، موم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئەتراپقا يېيىۋېتىشەتتى ـ دە، ئاخىرىدا شۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزى چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئىشلىرىنى باشلىۋېتەتتى. ھازىر، «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىش» ھەرىكىتىدە بۇ ساندۇقلارمۇ چېقىپ تاشلانغانىدى··· ھېسامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ كۆتمەك بۇرۇت ئادەمنى قەمىردىن «قەندىلچى» دەيتتى. ئۇنىڭ ياسىغان پەشمەتلىرىنى كىشىلەر «دانىسى قانچە پۇل؟» دەپ ئەمەس، «غېرىچى قانچە؟» دەپ سودىلىشىپ يەيدىغان. ئۇ يەنە رەڭمۇرەڭ مەمپەزە، كەسمە ھالۋا دېگەندەك تاتلىق يېمەكلىكلەرنى چىقىراتتى. ئەمدىلىكتە، ماگىزىندىن 100 گرام شېكەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ «شېكەر يېمىسە ھازىرلا ئۆلىدۇ» دەيدىغان قەغىزى لازىم بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە قەمىردىن ئاكامنىڭ قەندىلچىلىكىمۇ سۇغا چىلاشقانىدى··· بايا ھېساملارغا دەرۋازا ئېچىپ بەرگەن قادىرئاخۇن بىلەن ماۋۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەم ماشىنىچى ئىدى. تۆردىكى كۆرپىدە لاپچىيىپ ئولتۇرغان سېمىز كىشىنى بازاردىكىلەر ئىبراھىم «بەڭگى» دېيىشەتتى. ئىبراھىم ھۆكۈمەتنىڭ كومىسسىيون دۇكىنىدا ئىشلەيتتى. مۇنۇ ئولتۇرغان كاسىپلار ھازىر ئۆيدە تىككەن ماللىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ چىقىپ سېتىشقا ئامالسىز بولغاچقا، ئەنە شۇ ئىبراھىمنىڭ دۇكىنىغا ئۆتكۈزۈشەتتى. ئىبراھىم بەڭگى ئوتتۇرىدىن نۇرغۇن پايدا ئېلىپ، مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلدىلا سەمرىپ، تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى. يېڭى مېھمانلارنىڭ كەلگىنىگە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خۇش بولۇشتى.

ــ ئەجەبمۇ زېرىكىپ ئولتۇراتتۇق، خۇدا يەتكۈزدىمۇ سىلەرنى؟ ــ دېدى قەندىلچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— ھېسامىدىنئاخۇن بىلەن مۇنۇ تەمبۇرچى ئىنىمىزمۇ بىللە ئىكەن. خۇدا بۇيرۇسا، بۈگۈن بىر پەيزى ئاڭلايدىكەنمىز - دە! — دەپ يېقىنراق سۈرۈلدى ياماقچى.

ئۆي ئىگىسى قوللارغا سۇ ئېلىپ، داستىخان سالدى. ئاندىن ئىككى - ئۈچ تاۋاقتا گۆشسىز بۇغداي پولۇسى ① ئەكىردى.

— قېنى خوش، ئېلىڭلار! — دېدى قادىرئاخۇن خىجالەت بولغاندەك بولۇپ، — ھېسامدەك ئەزىز مېھمانلارنىڭ كېلىشىدىن بىخەۋەر غورىگىللا بىر تاماق قىپتىكەنمىز...

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، تازا ئوبدان بوپتۇ.

— شۇنداق، «ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى بەر» دېگەن گەپ بار.

ھەممەيلەن پولۇغا قول سۇنۇپ، تارتىنماي تۇتۇش قىلدى.

— يائاللا، — دېدى ئىبراھىم كومىسسىيونچى بۇغداي پولۇنى ياراتمىغاندەك قىلىپ، بىر - ئىككى كاپام ئېلىپلا قولىنى سۈرتۈپ، — بابا، ھېسام بىلەن مۇبۇ ئىنىم كىرىپ كەلسە، بۇلارنىڭ قولىدىكى تەمبۇر كۆزۈمگە مىلتىقتەك كۆرۈنۈپ كېتىپ جان - پىنىم چىقىپ كەتتى، دېسە.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىبراھىم بىر - ئىككى تال چېكىپتىكەنسەن - دە! ؟ — دېدى ھېسام.

مېھمانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ، ئىبراھىم بەڭگىگە قاراشتى.

— قا - قا - قاچانقى گەپنى قىلىدىغانسەن ھېسام، بىز چېكىدىغان ئىشتىن قول ئۈزگىلى نەچچە يىللار بولۇپ كەتتى.

— بۇلتۇرلا دۆڭمەھەللىدە ئۈزۈم بارىڭنىڭ ئاستىدا بولغان ئىشنى بىزنى بىلمەيدۇ، دېمە، — دەپ ھېكايە قىلدى

① بۇغداي پولۇسى — ئاشنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن گۈرۈچكە بۇغداي ئارىلاشتۇرۇپ دۇملەيدىغان پولۇ.

ھېسام، — بىر كۈنى كەچتە، مۇشۇ ئىبراھىم تۆت - بەش ئاغىنىسى بىلەن دۆڭمەھەللىدە بىر ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدا راسا چېكىپتۇ. قايتىدىغان چاغدا، ئارىدا بويى ئېگىزرەكتىن بىرى ئىتتىك قوپۇپ بېشىنى باراڭغا ئۇرۇۋېلىپ: «ئېڭىشىڭلار ھوي ئاغىنىلەر، ئېڭىشىڭلار، باراڭ بار ئىكەن!» دەپتىكەن، ئىبراھىم كەيپچىلىكتە شۇ يەردىن ئېڭىشكەنچە قارا دۆڭنىڭ چوڭ كوچىسىغىچە كەپتۇ. ئاقسۇ مەسچىتىدىن خۇپتەندىن يانغان جامائەت ئۇچراپ: «ئىبراھىمئاخۇن، نېمە گەپ بۇ، دوڭغىيىپ قاپسىلىغۇ؟» دېسە، ئىبراھىم: «باراڭ تۈگىدىما؟!» دەپ بېشىنى كۆتۈرگۈدەك.

كاسىپلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋېلىشتى. ئىبراھىم بەڭگى ئىنجىقلاپ:

— بىرگە ئوننى قاتىسەن - دە، ھېسام، نەدە قارا دۆڭگىچە ئېڭىشىپ كېلىمەن. ناھايىتى ھويلىدىن چوڭ يولغىچە ئېڭىشىپ چىقىپتىمەن، — دېۋىدى، كۈلكە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

تاماقتىن كېيىن داستىخان يىغىلىپ، قايتا سېلىندى. ساھىبخان ئاچچىق دەملەپ چاي قىلىدى. ھېسام قولىغا بىر پىيالە چاينى ئېلىپ، يەنە بەڭگىلەر ھەققىدە ھېكايىگە چۈشۈپ كەتتى.

— تىنچلىق بولسا، بۇ — بۇگۈن كېچە، مې - مېنى ئوخشىتىدىكەنسەن - دە! ھە - ھە، بوپتۇ گەپ قىلە، — دەپ تامغا يۆلەندى ئىبراھىم.

— بۇرۇن بىر مەھەللىدە تۆت بەڭگى بولغانىكەن، — دەپ گەپ باشلىدى ھېسام، — تۆتى مەھەللىنىڭ چېتىگە چىقىپ، يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ چېكىپتۇ. تازا چېكىپ شىركەيىپ بولغاندا بىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىياغاچقا قاراپ: «ئاغىنىلەر، ئاۋۇ شاختا قونغان قۇشقاچنى تۇتۇۋالايمۇ؟» دەپتۇ. ئاغىنىلىرى: «توختىئاخۇن، يوغان گەپ قىلماڭلار،

www.uyghurkitap.com

تۇتالمايسىلەر» دەپتىكەن، توختىئاخۇن: «نىمىنى، قاراپ تۇرۇڭلار ـ ھە!» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قارىياغاچقا يامىشىپتۇ.

توختىئاخۇن تۆۋەندىكى بىر شاخقا ئەپلەپ دەسسەپ كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى قۇشقاچقا قولىنى سۇنۇشىغىلا قۇشقاچ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. توختىئاخۇن دەسسەپ تۇرغان شاخ قارسىدە سۇنۇپ، يۇقىرىدىكى بىر كېسىۋەتكەن شاخنىڭ پۇتىقىغا ئىشتىنىدىنلا ئىلىنىپ قاپتۇ. ... قالغان ئۈچ بەڭگى نەشىسىنى چېكىپ، چاتىرىقىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر كەمدە ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، توختىئاخۇن قارىياغاچتا كانارغا ئاسقان گۆشتەك پۇلاڭلاپ تۇرغۇدەك. ئۈچ بەڭگى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ماۋۇ توختىئاخۇننىڭ قارىياغاچقا چىقىۋېلىپ كىچىك بالىدەك گۇلەڭگۈچ ئويناۋاتقىنىنى، چۈشۈڭلا ۋاي توختىئاخۇن» دەپ ۋارقىرىشىپ، پۇتىدىن تۇتۇپ بىر تارتىپتىكەن، توختىئاخۇننىڭ بېشى قارىياغاچتا قېلىپ، گەۋدىسى گۇپپىدە قىلىپ ھېلىقى ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، توختىئاخۇن مىدىرلىماي ياتقۇدەك. بەڭگىلەر ئۇنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى سىيلاپ، «ھوي توختىئاخۇن، توختىئاخۇن» دەپ ئېغاتقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بىرى، «ھوي ئاغىنىلەر، توختىئاخۇننىڭ بېشى يوق تۇرىدۇغۇ؟!» دەپتىكەن. ھەممە بەڭگى ئاغزىنى ئېچىپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر بەڭگى: «ھەي ئاغىنىلەر، بىز مەھەللىدىن چىققاندا مۇشۇ توختىئاخۇننىڭ بېشى بارمىدى، يوقمىدى؟» دەپتىكەن، بۇ گەپ بىلەن ئۈچ بەڭگى تالاش ـ تارتىشقا چۈشۈپ قاپتۇ. بىرى «بېشى بار ئىدى» دېگۇدەك، يەنە بىرى «توختىئاخۇن ئۆيدىن چىققاندىلا مۇشۇنداق بېشى يوق چىققاندەك قىلغان» دېگۇدەك. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خېلى ئۇزاق تالىشىپ، ئاخىر توختىئاخۇننىڭ

ئۆيگە بېرىپ سوراپ باقماقچى بولۇپ، مەھەللىگە قاراپ مېڭىپتۇ. توختىئاخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ: «توختىئاخۇن، هاي توختىئاخۇن!» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

بىر كەمدە، توختىئاخۇننىڭ ئايالى چىقىپ «توختىئاخۇن ئۆيدە يوق!» دەپتۇ.

«نەگە كەتتى؟» دەپتۇ بەگلەر.

«ۋايتاڭەي، ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى نەۋاق...»

غەيرەتلىكرەك بىر بەگى ئېسىنى يىغىپ «هوي سىڭلىم هوي، توختىئاخۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە بېشىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەنمۇ ياكى ئۆيدە قالغانمۇ؟» دەپتىكەن، بۇ بەگلەر مېنى نېمە ئەخمەت قىلىدۇ، دەپ تېرىككەن خوتۇن: «بېشى ئۆزى بىللە بىلەن چىقىپ كەتمەي، ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتەتتىمۇ!» دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەگلەر: «ھە، ئاغىنىلەر، توختىئاخۇننىڭ بېشى ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىپتىكەن» دەپ خاتىرجەم بولۇپ قايتىشىپتۇ.

بۇ هېكايىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— هوي هېسامتاي! — دېدى كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن قادىرئاخۇن ئۇستام، — نەشە چەككەن ئادەم ئۇنچىلىكمۇ خۇدىنى بىلمەي قالماس؟

— خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغىنى راست ئوخشايدۇ، — دېدى هېسام، — هاشىمئاخۇن دەپ بىر خاڭجاڭ بولىدىغان. قەغەزگە يۆگەپ چەكسە دېگەن يەرگە بارمايدۇ، دەپ قاپاققا سېلىپ تارتىدىغان. بىر كۈنى، هاشىمئاخۇنكام راسا چېكىپ، ئېسىدە يوق، خاڭغا قاراپ يالىڭاياغلا مېڭىپ كېتىپتۇ. چوڭ كوچىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقان شەھەرنىڭ ئاياللىرى «ۋيىەي، مۇنۇ ئادەمنىڭ چوپچوڭلا تۇرۇپ يالىڭاياغ يۈرگىنىنى!» دەپتىكەن. هاشىمئاخۇن شۇ ماڭغانچە مېڭىپ، شەھەردىن

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، ئاقئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىگە يېتىپ بارغاندا كەينىگە قاراپ «ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولىدۇ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يەنە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ــ مانا مۇشۇ ئىبراھىمنى ئالايلى، ــ دېدى ھېسام...

ــ سۆزلە ھە، سۆزلە! ــ دېدى ئىبراھىم، ــ مەجلىسنى تولا ئاڭلاۋېرىپ چاقچىقىڭنىمۇ سېغىنىپ قاپتۇكەنمىز، سۆزلە.

ــ ئىبراھىم بىر كۈنى تازا چېكىپ، خالا جايغا قاراپ مېڭىپتۇ. خالا جايغا يېقىن كەلگەندە يۆتىلى تۇتۇپ كېتىپ «ئەھە» دەپ بىر يۆتىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، «خالا جايدا ئادەم بار ئوخشايدۇ» دەپ قايتىپ كەپتۇ.

قادىرئاخۇن ئۇستام كۈلۈپ دومىلاپ كەتتى. ئىبراھىم قورسىقىنى تۇتۇپ پىشىلداپلا قالدى.

ــ ھا ـ ھازىرقى گەپ قىد ـ قىپقىزىل يالغان ـ دە!

ــ ئەمدى بولدى قىل ھېسام، ئۇچىيىمىز ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولدى، ئەمدى ساز ئاڭلايلى، ــ دېدى ماشىنچىلار-دىن بىرى.

ــ بۇ گەپ توغرا بولدى، ھە قېنى، ساز ئاڭلايلى، ئەخمەت ئۇكا، پەيزىڭنى بىر كۆرسىتە! ــ دەپ ئارقىغا سۇرۇلدى ھېسامىمۇ.

ئەخمەت تەمبۇرنى ئېلىپ تەڭشىدى ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپ، تارنى «رۇخسار» مۇقامىغا چەكتى.

جۇنۇن ۋادىسىغا مايىل كۆرەرمەن جان ئۈزارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزىگارىمنى...

كىرسىن لامپا تۇرۇۋسقا ئۇزۇن ـ قىسقا كۆلەڭگىلەرنى تاشلاپ، داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان كاسسىپلارنىڭ مىسكىن

چىرايىغا سارغۇچ شولا تاشلايتتى. مۇقام تىڭشاۋاتقانلار چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى، ئۆي ئىچىنى ئېغىر بىر جىمجىتلىق باستى…

دېمەك قاي سارى ئەزىم ئەتكۈلۈك، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر،
قازا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى.
…………

مۇقام ئاخىرلىشىپ، ئەخمەت ئەمدىلا ئۇنىڭ نەغمىلىرىدىن باشلاپ تۇرۇۋىدى، ھويلىدا ئەنسىز دۈپۈرلىگەن ئاۋاز پەيدا بولدى. ھەممەيلەن بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ دېرىزە تەرەپكە قۇلاق سېلىشتى. «سېرىق ناخشا ئېيتتىڭ» دېگەن بەتنامىنىڭ دەردىنى بولغۇچە تارتقان ئەخمەت پەدىنى دەرھال يۆتكىدى.

بەشتە ياخشى پاتەمخان،
ئىش ئەمگەكتە نەمۇنچى…

جالاققىدە قىلىپ ئىشىك ئېچىلىپ، بىلىكىگە يەڭ بەلگىسى تاقىغان ئۈچ - تۆتەيلەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار دەرۋازىنىمۇ قاقماي، تامدىنلا ئارتىلىپ چۈشكەن بولسا كېرەك. تەمبۇرنىڭ ئاۋازى جاراڭىدە قىلىپ توختىدى. ھەممەيلەن ئالاقزادە بولۇپ كىرگەنلەرگە قاراشتى.

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— ئۇكىلىرىم، بۇلار مېنىڭ مېھمانلىرىم، — قادىر ئاخۇن ئۇستام يورغىلاپ دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى، — ھەممىسى ياخشى ئادەملەر، ئەنە ئاۋۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان ھۆكۈمەتنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان ئىبراھىمئاخۇن. ماۋۇلار مېنىڭ قوشنىلىرىم…

www.uyghurkitap.com

ــــ كېچىدە بۇ يەرگە يىغىلىشىۋېلىپ نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر؟!

ــــ ئانچە ـ مۇنچە پاراڭ بىلەن ئاۋۇ ئىنىمنىڭ تەمبۇرىنى ئاڭلاپ...

ــــ بۇ ئىككىسى نەنىڭ ئادەملىرى؟ تونۇشتۇرۇشۇڭ بارمۇ؟ ــــ دەپ ئۇدۇل ھېسامنىڭ ئالدىغا كەلدى ھېلىقىلارنىڭ بىرى.

ــــ گۇڭشې ئەزاسى، ئۇكا.

ــــ قايسى گۇڭشې؟

ــــ «قىزىل بايراق» گۇڭشې «قىزىل يۇلتۇز» دادۈي «قىزىل قۇياش» شياۋدۈي، قىزىل...

ھېسام شۇنداق «قىزىل» دىن ئالتە ـ يەتتىنى تىزىپ دېۋىدى، يەڭ بەلگىسى تاقىغانلارمۇ ئۆزىنى كۈلكىدىن ئارانلا تۇتۇۋالدى.

ــــ گەپدانلىق قىلماي تونۇشتۇرۇشۇڭنى چىقار!

ھېسام يانچۇقلىرىنى ئۇزاقتىن ئۇزاق ئاختۇرۇپ بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ بەردى. بۇ يانچۇقتا تۇرۇپ تىتىلىپ، پەقەت يېرىمىلا قالغان تونۇشتۇرۇش ئىدى.

ــــ بۇ نېمەڭنىڭ يېرىمى قېنى؟

ــــ يېرىمى ئۆيدە، ــــ دېدى ھېسام پەرۋاسىز ھالدا، ــــ مەن يوق چاغدا مەھەللىدە تەكشۈرۈش بولۇپ قالسا خوتۇنغا لازىم بولۇپ قالار، دەپ يېرىمىنى ئۆيگە قويۇپ قويغان.

ئىبراھىم بەڭگى پىخىلداپ كۈلۈپ سىلكىنىپ كەتتى. كاسىپلار بولالماي، كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ تام تەرەپكە قارىۋېلىشتى. «ئىنقىلابچىلار» نىڭ ئارىسىدىكى يېشى چوڭراق بىرى ھېسامنى تونۇسا كېرەك، ئالدىغا ئۆتۈپ:

ــــ بولدى، ماۋۇ ئىككىڭ ئۆيۈڭگە قايت! ــــ دېدى.

× × ×

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ «ئۇھ!» دەپ يېنىك بىر نەپەس ئېلىشتى.

— خۇدا بىر ساقلىدى - دە! — دېدى ئەخمەت، — ئىش يامىنىغا ئايلانغان بولسا، يىغىۋېلىش ئورنىغا بېرىپ، بىكاردىن بىكار هارام تاياق يەيتتۇق.

— تاياق بىلەن قۇتۇلساڭ مەيلىغۇ، ئاز دېگەندە بىر ئاي كېسەك تۆكىدىغان گەپ.

ئاسمانغا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلگەنىدى. قەيەرلەردىدۇر ئىتلار هاۋشىشاتتى... ئەخمەتنىڭ نېمىدۇر ئېسىگە كېلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق كېچە - هە!

— نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن؟

— هېلىقى تونۇشتۇرۇشنىڭ گېپىگە...

— شۇنىڭغا تېخــــچە كۈلۈۋاتامسەن؟ ئۇنــــى دېسەڭ، شەهەردىن يېزىغا، يېزىدىن شەهەرگە تولا يۆتكىلىۋەرگەچكە ماڭا تونۇشتۇرۇش كېسىپ بېرىدىغانلارمۇ زېرىكتى. بىر قېتىم ساقچىغا تونۇشتۇرۇش سوراپ كىرسەم، «هېسام، ساڭا تولا تونۇشتۇرۇش كېسىپ قەغەزمۇ تۇشۇمىــدى» دېۋىــدى، «ئالدىڭلارغا تولا كېلىپ مەنمۇ خىجالەت، نوپۇسۇمنى تۆمۈردىن قىلىپ بوينۇمغا ئېسىپلا قويامسىلەر» دېگەنىدىم. قېنىــى تەمبۇرۇڭنى بىرەر پەدىگە تىرىڭلاتقاچ ماڭە.

— هازىرلا بىر بالا - قازادىن قۇتۇلدۇق، هېسامكا، ئۆيگە بارغاندا ئىشىكنى مەهكەم ئېتىپ قويۇپ تاڭ ئاتقۇچە چېلىپ بېرەي.

شۇ چاغدا يىراقتىن بىر مەستىنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى.

سېنى دەيمۇ، ئايەي،
سېنى دەيمۇ، يەي...

ناخشىچى كوچىنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى. ئاي سۈتتەك يورۇتۇپ تۇرغان چوڭ كوچىدا ئۇ ئېنىــــى كەڭ تولغاپ، بىردە يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە، بىردە بۇ تەرىپىگە يەڭداپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى.

سېنى كۆرمەي، ئايەي،
ئۆلەرمەنمۇ، يەي...

— ئاپلا! — دېدى ھېسام، — ماۋۇ كېلىۋاتقان يۈسۈپساندۇقچىمۇ نېمە! ؟ خۇداغا ئامانەت، ئادەتتە ساق بولسا بىر ئادەم بىلەن سالاملاشمايدۇ، مەست بولۇپ قالسا ئېسىلمايدىغان ئادىمى يوق. بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ، تونۇمىغان بولۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى، ئۇكا.
ئەخمەت تەمبۇرنى قولتۇققا قىستى. ئۇلار يولنىڭ چېتى بىلەن ئۇنچىقماي مېڭىشتى.

سېنى كۆرمەي، ئايەي،
ئۆلەپ كەتسەم، يەي...

يۈسۈپ ساندۇقچى يولنىڭ چېتى بىلەن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ناخشىسىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى-دە، ھېسامنى تونۇپ قالدى.
— مانا، مانا، نىيەتنىڭ خالىسلىقىنــــى قاراڭلار. ھېسامتايلارغۇ بۇ! ... قەيەرگە ماڭدىڭلار؟

— …

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ يۇرۇڭلار، يۇرۇڭلار، ھازىرلا بىزنىڭ ئۆيگە،

— كۆڭلۈڭگە رەھمەت يۇسۇپ، بىر ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىۋاتىمىز، چارچىدۇق. سەنمۇ ئىغىر ئويناپ قويغاندەك تۇرىسەن. بېرىپ ئارام ئال.

— غۇلجىنىڭ قىزىقچىسى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۇلى، — يۇسۇپ كەلگەنچە كېلىپ ھېسامغا يېپىشتى، — سېنى ئۆيگە ئاپىرىپ بىر مېھمان قىلىش نىيىتىم بار ئىدى دېگىنە… ياق، دېمە، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق جۇمۇ!

— ئاداش يۇسۇپ، ھازىر قايسى ۋاخ بولدى؟

— قايسى ۋاخ بوپتۇ؟

— يېرىم كېچە بولدى، يېرىم كېچە. ئۆيۈڭگە بېرىپ ساڭا پەيزى قىلىپ بەرگۇدەك ھالىمىزمۇ يوق…

— ھوي، ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسەڭمۇ بىز بىلىدىغان ھېسام جۇمۇسەن! كۆپ «ھېسام» دەپ كۆتۈرگەچكە «ۋاي ھېسام» بولۇپ يۇرۇۋاتىسەن. ئۆيۈمگە بارساڭ دۇمبەڭگە تۈز ئارتىپ قوياتتىممۇ…

— نېمە قىل دەيسەن؟

— چىرايلىق ئىززىتىڭنى قىلىۋاتقان گەپ. ئۇنى دېسەڭ، ئويۇن - تاماشاغا مەنمۇ بۇرنى - قۇلىقىمغىچە چىلىشىپ كەلدىم… ئۆيگە بارىمىز. ئىسسىق ئۆيدە ئارامخۇدا ئۇخلايسىلەر، باشقا گەپ يوق، قالغان گەپنى ئەتە تاڭ ئاتقاندا قىلىشىمىز…

ئۇلار بۇ مەستكە ھەر نېمە دەپمۇ گەپ يېگۈزەلمىدى.

— قانداق قىلىمىز ھوي، ئۇكا، — دەپ ئەخمەتكە قارىدى ھېسام.

— مەنغۇ سەن قاياققا ماڭساڭ تەمبۇرۇمنى قولتۇقلاپ شۇ

ياقﻘا ماڭىدىغان ئادەم.

— ھەببەللى، ماۋۇ ئىنىم بولىدىغان گەپنى قىلدى. ئېتىڭ نېمىتا ئۇكا؟

— ئەخمەت.

— ھە، ئەخمەت تەمبۇر، دەپ نامىڭنى سىرتىڭدىن ئاڭلىغان. قېنى يۇرۇڭلار ئەمىسە.

يۇسۇپ ئۇلارنى سۆرەشتۇرۇپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ھېسامنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى، ھېچنېمىدىن پەرۋايى يوق. يەنە ھېلىقى تۆگىمەس ناخشىسىنى ئېيتاتتى. ھېسام بۇ قوپال مەستتىن قورقىنىدىنلا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئەتەي ساندۇقچىنى دوراپ كېتىپ بارامدۇ ياكى ھېسامنىڭ ئەزەلدىن مېڭىشى شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ ئەخمەتنىڭ كۆزىگە ئۇلار ئىككىلىسى دەلدەڭشىپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار قانداقتۇر بىر كوچىلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ساندۇقچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. يۇسۇپ دەرۋازىنى جالاقشىتىپ ئۇرۇپ، ئۆيقۇغا كەتكەن خوتۇنىنى ئويغاتتى.

— مانا كىملەر كەلدى قارا، — دەپ ماختانغىلى تۇردى ساندۇقچى — ھېسامنى باشلاپ كەلدىم، ھېسامنى. مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ «ھېسام بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن، بىزنىڭ ئۆيگە ھە، دەپلا قويسام كېلىدۇ» دېگەنمۇ، دېمىگەنمۇ؟

— مېھماننى باشلاپ كەلگەن ۋاقتىڭىزنى قاراڭ، — دەپ خىجالەت بولدى ئايال — ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان...

— بولدى، بولدى، ھېسام دېگەن ئۆز ئادەم، ماۋۇ ئىنىمىزمۇ شۇنداق. تۇزۇت گېپىڭنى قوي. «سېنى كۆرمەي، ئايەي...» قېنى ئۆيگە كىرىڭلار.

يۇسۇپ «سېنى كۆرمەي...» گە غىڭشىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇنىڭ چوڭلا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بولۇپ قالغان ئىككى قىزى ئۇخلاۋاتاتتى.
— قوپۇڭلار، قوپۇڭلار! مېھمان كەلدى، ئۆيدىكى بوشتىڭلار! — دەپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى يۇسۇپ.
بىچارە قىزلار رۇباشكا بىلەنلا چاچراپ تۇرۇشۇپ، قالغان كىيىملىرىنى مەيدىسىگە بېسىپ، خىجىللىقتىن ئاناردەك قىزىرىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.
— نېمانچە ئالدىرايدىغانسىز يۇسۇپ. مېھمانلارغا تېخى چاي قىلارمىز. ئاندىن ياتىدىغان يەرنى مەن ئۆزۈم جۆندەپ بېرەتتىم.
— بولدى، چېپىڭنى قوي خوتۇن. بۇلار چاي ئىچمەيدۇ. ناھايىتى چارچاپتۇ… يولدا ۋەدىمىز شۇنداق بولغان. شۇنداققۇ دەيمەن ھېسام؟
— شۇنداق.
— ھازىر ئورۇن سېلىپ بېرىسەن، ئۇخلايدۇ، قالغان مېھماندارچىلىقنىڭ ئەتە بولىدۇ. شۇنداققۇ، دەيمەن ھېسام؟
— شۇنداق.
— ھە، قېنى ئەمىسە ئۇخلاڭلار، ئاغىنىلەر. «بېيىھىش يۈزى، ئايەي، كۆرەرمەنمۇ يەي…»
يۇسۇپ ناخشىسىنى غىڭشىپ چىقىپ كەتتى. بىچارە خوتۇن غاچ - غۇچلا قىلىپ ئورۇن راسلىدى. ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن مېھمانلار ئايىغىنى يېشىپ، قالغان كىيىملىرى بىلەنلا ئۆزلىرىنى يوتقاننىڭ تۆپىسىگە تاشلىدى.
— خۇدانىڭ رەھمىتى چوڭ جۇمۇ؟ — دېدى ئەخمەت.
— قانداق؟ — دېدى ھېسام.
— قارا، بىزنىڭ بويتاق پاكىزىغا بارغان بولساق، يىرتىق يوتقاننى ئىككىمىز يېپىنىپ ياتاتتۇق. ھېسامغا شۇ يوتقاننى يېپىپ قويۇپ، ئۆزۈم چاپاننى غېرىپچىسىغا تاشلاپ ياتارمەن، دەپ ئويلاپ كېتىۋاتاتتىم. مانا، خۇدا ئۆزى پەي ياستۇقلار بىلەن

تاۋار يوتقانلارغا يېتىشتۈردى.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، مۇنۇ يۇسۇپ گاڭگۇڭغا ئوشۇق بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئەتە بىزنى تۇتۇۋېلىپ بىر كۈن ئاۋارە قىلمىسا بولاتتىغۇ... ئۇخلا، ئەتىكى ئىشنى ئەتە كۆرەرمىز،

بىر چاغدا ئەخمەت قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتى-دە، ھەيران بولدى. يۇسۇپ ساندۇقچى كالتە ئىشتان، ئاسما مايكا بىلەن ھېسامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى.

— مېنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىم تۇرسا، — دەپ ۋارقىراۋاتاتتى ساندۇقچى، — ھەرقايسىڭنىڭ يېرىم كېچىدە ئۆيۈمگە كېلىپ قونىدىغان نېمە يولۇڭ بار، گۇيلار!؟...

قارىغاندا، بۇ ساندۇقچى مەستچىلىكتە مېھمانلارنى ئۆزى باشلاپ كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— يۇسۇپ ھوي، مۇشۇ بوغۇشۇڭدا قانچە سۇپۇرگە چىقارمەن؟ — دەيتتى بىچارە ھېسام ئىشنى كۈلكىگە ئايلاندۇرماق بولۇپ.

ئەخمەت چاچراپ تۇرۇپ ساندۇقچىنى تارتتى. ھېسام ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ، غاچچىدە قىلىپ دالان ئۆيگە چىقىۋالدى. ساندۇقچى ئەمدى ئۆرۈلۈپ ئەخمەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— ھوي سازچى دېگەن قەلەندەر بويتاق. مېنىڭ ئۆيۈمدە ساڭا نېمە بار!؟...

شۇ چاغدا، يۇسۇپنىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ۋاي يۇسۇپ، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟! مېھمانلارنى ئۆزىڭىز باشلاپ كېلىپ مۇشۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ؟...

ئەخمەت ساندۇقچىنى مەيدىسىدىن بىر ئىتتىردى-دە، قوزۇقتا تۇرغان تەمبۇرنى شاققىدە قولىغا ئېلىپ، ئىككى سەكرەپلا ئۆيدىن چىقىۋالدى. دېرىزىدىن ئۇلارنىڭ ئاياغ، باش

كىيىملىرى ئۇچۇپ چىققىلى تۇردى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇسۇپنىڭ چوڭ قىزى دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئاياغلىرىنى ئالدىراپ كىيىشىپ، باش كىيىملىرىنى قوللىرىدا تۇتقىنىچە دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

— ھېسامكا، خاپا بولماڭلار، دادام مەست بولۇپ قالسا ئاشۇنداق قىلىقى ئەسكى، — دېدى يۇسۇپنىڭ چوڭ قىزى.

قىز ئۇلارنى دەرۋازىدىن چىقىرىۋېتىپ، دەرۋازىنى يەنە ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالدى. ئارقىدىنلا هويلا ئىچىدە يەنە ساندۇقچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قوشنا - قولۇملارنىڭ ئىتلىرىمۇ بۇ ۋاڭ - چۇڭدىن ئەنسىز هاۋشىشقا باشلىدى. يۇسۇپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ ھېسامنى ناھايىتى ئەسكى تىللار بىلەن تىللىغىلى تۇرغانىدى.

— ئاپلا، ماۋۇ ئاغىنىنىڭ ساراڭلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ توختا، بىزمۇ بۇنى تازا بىر ئەخمەق قىلايلى، — دېدى ھېسام.

ئۇلار دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، ساندۇقچىنى قىزى بىلەن ئايالىنىڭ سۆرەشتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆردى.

— هوي يۇسۇپ دېگەن پايپاق، نوچى بولساڭ مايافقا چىقمامسەن! — دەپ ۋارقىرىدى ھېسام يوچۇقتىن.

يۇسۇپ ئايالى بىلەن قىزىنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ، ئوقتەك ئۆزىنى ئېتىپ، قۇلۇپلاقلىق دەرۋازىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئەخمەت بىلەن ھېسام دەرۋازىنىڭ يېنىغا ئۆزىنى ئېلىپ، جىمجىت تۇرۇۋالدى. ساندۇقچىنىڭ ئايالى بىلەن قىزى يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۇنى يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ ئۆيگە سۆرەشتۇرۇپ ماڭدى. ئۇلار ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندا، تالادىكىلەر يەنە:

— هوي يۇسۇپ دېگەن لاتا، ئوغۇل بالا بولساڭ تالاغا چىقمامسەن! — دەپ ۋارقىراشتى.

www.uyghurkitap.com

يۈسۈپ خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئىككى تەرەپكە ئىرغىتىۋېتىپ، ئاغزىنى بولۇشىغا بۇزۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ ھويلىنىڭ تاملىرىنى بويلىغىلى تۇردى. ساندۇقچىنىڭ ئايالى ھويلىدا تۇرۇپ:

— ۋاي سادىغاڭ كېتەي ھېسام، كېتىڭلار، بولمىسا ئۆلۈم جىدىلى چىقىپ كېتىدۇ! — دەپ يالۋۇرۇپ ۋارقىرايتتى.

— ئاچقۇچ، ئاچقۇچ، ئاچقۇچ قېنى؟ ھوي جوھۇتنىڭ خوتۇنى، دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچى قېنى؟ — دەپ ھۆركىرەيتتى يۈسۈپ.

يۈسۈپنىڭ ئايالى بىلەن قىزى ئۇنى تارتىشتۇرۇپ، ھەر قېتىم ئۆيگە ئەكىرىپ كېتەي. دېگەندە ھېساملار كوچىدا تۇرۇپ ۋارقىرايتتى. يۈسۈپ ھويلىنىڭ ئىچىدە تېپىرلاپ يۈگۈرگىلى تۇرغاندا جىم بولۇۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يۈسۈپنى بىرەر سائەت ئەخمەق قىلغاندىن كېيىن ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشتى.

تاڭمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ھارغانلىقىدىن بېشىغا بىردىن ياستۇقنى قويۇپ، داق كىگىزنىڭ ئۈستىگىلا ئۆزىنى تاشلاپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىشتى... بىر چاغدا ئۇلار كىمدۇر بىرىنىڭ ئىشىكنى قاتتىق تاقىلداتقىنىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ھېسام بىلەن ئەخمەت بېشىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئاللىبۇرۇن تاڭ ئېتىپ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ كەتكەن بولسا كېرەك، قۇياشنىڭ كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشكەن شولىلىرى بوز كىگىز ئۈستىدە ئۇششاق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ جىمىرلايتتى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر مەھەل قېنىپ ئۇخلىغۇسى بار ئىدى. ئورۇنسىز بىر چاغدا كېلىپ ئىشىكنى ئۇرغان كىمدۇ؟

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەت.

— مەن، مەن. ئاچە ئۇكا.

— مەن دېگەن كىم؟
— مەن يۈسۈپ، ھېسام مۇشۇ يەردە قوندىما؟
ئەخمەت ھېسامغا قاراپ:
— ئەمدى راسا بىر بوغۇشىدىغان بوپتۇق - دە! — دېدى.
— ئىشكنى ئېچىۋەت! — دېدى ھېسام، — ھۆرۈ - پۆرۈ دېسە ئىككىمىزنىڭغۇ كۈچى يېتەر. بولمىسا قوشنا - قولۇملارنى چاقىرىپ چىشقىچە بىر سالايلى.
ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن يۈسۈپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ سالام بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، خىجالەت ئارىلاش كۈلۈپ، سۈپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئولتۇردى.
— ھەقىچان مۇشۇ ئىنىمنىڭ ئۆيىدىغۇ، دەپ ئىزدەپ - سوراپ ئاران تېپىپ كەلدىم. خۇداغا شۈكرى، بار ئىكەنسىلەر.
— ھە، قەدىمىڭ بۇ يەرگە يېتىپ قاپتۇغۇ؟
— ئاخشام تازا قاملاشمىغان ئىش قىپتىمەن. ئابلىز بايۋەچچىنىڭ ئۆيىدە ئاچ قورساققىلا ئىچىپتىكەنمىز، ئۆيگە قانداق كەلگىنىمنى ئۇقمايمەن. قارىمامسەن بۇ سەتچىلىكنى، سىلەرنى يولدا ئۆزۈم تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە باشلاپ بېرىپ، يەنە ئۆزۈم قوغلاپ چىقىرىپتىمەن... ئەزبىرايى! ئىشەنمەيسىلەر، مانا خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. قىلغانلىرىمنىڭ بىرىمۇ ئېسىمدە يوق، راست ساراڭ بوپتىمەن... ئەتىگەن خوتۇن بىلەن قىزلىرىم ئارىغا ئېلىپ، قىلغانلىرىمنى يۈزۈمگە سېلىپ ناھايىتى ئۇيالدۇردى. زادى مۇشۇ ھاراق دېگەننى بۇنىڭدىن كېيىن ئاغزىمغا ئالسام ئىت بولۇپ كېتەي، دەۋەتتىم...
— ئىتمۇ بولۇپ كەتمە، مەھەللىمىزدىكى ئىتلارمۇ يېتىپ ئاشىدۇ... ئاخشام قىلغانلىرىڭنى كېيىن يولى كەلگەندە سۆزلىشۋالارمىز.
— بولدى ھېسام، ئەتىگەندە بالا - چاقامدىن ئىشتكەن ئاھانىتىممۇ خېلى يېتىپ ئاشىدۇ. ئالدىڭلارغا ناماقۇللۇققا

كەلدىم. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. مانا ماۋۇ ئىنىمىزمۇ بار ئىكەن. بۇ گەپنى باشقا يەرلەردە دەپ، مېنى رەسۋا قىلىپ يۈرمەڭلار.

— ئالدىڭدا يالغان گەپ قىلساق بولمايدۇ، يۈسۈپ، بولغۇلۇق بولدى، دېگىنە، ئەمدى ئۈنى بىر سورۇندا قىزىقچىلىق قىلىپ سۆزلەپ سالمايمىزمۇ دېگىلى بولمايدۇ...

— سادىغاڭ كېتەي ھېسامتاي، بۇ قېتىم بىر يۈزۈمنى قىلساڭ، دېدىمغۇ، خۇدا تۇرۇپتۇ، ھەممىسى مەستچىلىكتە بولغان ئىش... يانچۇقۇمدا 20 كوي پۇلۇم تۇردۇ، شۇنى بۈگۈن كەچكىچە خەجلەپ بىرىپ سىلەرنى مېھمان قىلاي. سىنى ھېسام، بىرگە ئۇننى قېتىپ يايمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. شۇ گەپنى باشقا يەردە دەپ سالمىساڭلار.

— ئەكەل، ئاشۇ 20 كوي پۇلۇڭنى قولىمىزغىلا بەر. ئاخشامقى ئىشىڭنى ھېچ يەردە دېمەيلى، — دېدى ھېسام.

ساندۇقچى يانچۇقىدىن تاراقلاپ تۇرغان بەش كويلۇق پۇلدىن تۆتنى چىقاردى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بەش كويلۇقتىن بىر قەغەزنى ئايرىپ قېلىپ، قالغان 15 كوينى ھېسامغا ئۇزاتتى.

— ئىشەنسەڭ يانچۇقۇمدا مۇشۇ 20 كويدىن باشقا بىر تىيىن قالماپتۇ. ماۋۇ بەش كوينى مەن بۈگۈن ئۆيگە چاي-تۇز قىلاي، قالغان 15 كوينى سىلەر خەجلەڭلار. ئەمىسە گېپىمىز گەپ بولسۇن- ھە!

يۈسۈپ پۇلنى كىگىز ئۈستىگە تاشلىدى- دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى.

— ئەي، ئاۋۇ بەش كويىنىمۇ يامان ئايرىۋالدى- دە! — دېدى ھېسام، — بولمىسا سىنىڭ ماشىنا كىرايىڭ پۈتۈپ قالاتتى. خەير... يۈر ئۇكا، بازارغا چىقىپ قورساق تويغۇزايلى. ساڭا يەنە بىر يەردىن يول چىقىپ قالار.

ھېسامنىڭ ئىچىدە گەپ ياتامدۇ، دەيسىلەر. بازاردا ئۇ ئاخشام بولغان ۋەقەنى بىرقانچە يەردە يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ نۇرغۇن ئادەمنى كۈلدۈردى. چۈشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۇسۇپ ساندۇقچى يەنە غىق مەست ئۇچراپ قالدى.

— ھۇي يۈزى قولڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ نېرىدىن تۇرۇپلا، — ھېلىقى گەپنى يەنە يېيىۋېتىپسەنغۇ!؟

— ئۆزۈڭ بەش كوينى كەم بەردىڭ، ناھايىتى بەش يەردىلا دېدىم. خاتىرجەم بول، ئەمدى ھېچ يەردە دېمەيمەن، — دېدى ھېسام.

يۇسۇپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— بۈگۈن شەھەردىن يوقىلايلى، — دېدى ھېسام، — مۇنۇ يۇسۇپ يەنە ئىچىدىغان بولسا خۇدىنى يوقىتىپ كېلىپ ئەسكىلىك قىلىشتىن يانمايدۇ.

× × ×

ئۇلار شەھەردە قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ يېزىغا قاراپ ماڭدى. يولدا شەھەرگە سامان ئەكىرىپ قايتقان بىر ياش بالىنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋېلىشتى. ھېسام ياماق چۈشكەن كونا تاغارنىڭ ئۈستىگە يانپاشلىدى. ئەخمەت ھارۋا ئۈستىدىكى بىر باغ چۆپنى ئاستىغا تارتىپ، بەداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى.

ھارۋىكەش بالا خېلى كېلىشكەن يىگىت بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى ۋە بۇ چىگىش چاچلارغا ئىلىنىپ تۇرغان سامان پارچىلىرى ئۇنى غەلىتە تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

— كىمنىڭ بالىسى سەن، ئۇكا؟ — دەپ سورىدى ھېسام ئۇنىڭدىن.

— ئارامەھەللىدىكى ئىبراھىمنىڭ.

— ھە، ئىبراھىم پاخالنىڭمۇ؟ بۇنىڭ دادىسى ناھايىتى ياخشى ئادەم، ئۆمرى سامان ـ مەنگەن سېتىپ ئۆتكەچكە لەقىمى پاخال. داداڭزە پاخالنى باسىدىغان يەر تاپالماي سېنىڭ بېشىڭغا بېسىپتۇ ـ دە!؟

ئەخمەت ھارۋىكەش بالىنىڭ بېشىغا قاراپ كۈلۈۋەتتى. بالا ئالمان ـ تالمان ئۆزىنى تۈزەشتۈردى ـ دە:

— ھېسامكا، ئادەم شاڭخو قىلماي قىزىق بىر پاراڭلارنى قىلىپ بېرىڭا، — دەپ كۈلدى.

ھارۋا شەھەردىن چىقىپ يېزا يولىغا چۈشكەنىدى. ئېتىزلاردا بۇغداي مايسىلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يىراقلاردىكى كۆكۈچ چوققىلار ئۈستىدە ئاپئاق بۇلۇتلار قېتىپ قالغانىدى.

— ئانام رەھمىتى كۆپ بالا تۇغقانىكەن، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ كەتتى ھېسام، — ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاخىرىدا مەن تۇرۇپ قالغانىكەنمەن، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، مەندىن ئىلگىرى تۇغۇلغان قېرىنداشلىرىم بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بولغاچ، كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىپ قالغانىكەن، ئېسىمدە قېلىشىچە ئاپام كوچىلارغا چىقىپ ئوينىغۇدەك بولغىنىمدىن باشلاپ «تىلى يامانلارنىڭ تىلى، كۆزى يامانلارنىڭ كۆزىدىن خۇدايىم ساقلىسۇن!» دەپ بوينۇمغا ئۈچ بۇرجەك تۇمار، ھەر خىل كۆز مۇنچاقلارنى ئېسىپ قويىدىغان. كىچىكلا تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشنى كىم خالايدۇ دەيسىلەر؟ ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشىدىن بەك قورقۇپ يۈرىدىغان بولدۇم، نېمىشقىدۇر چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاشخانىدا پۈرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قاسقانلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇلغان غەللە قېشىدا ئولتۇرۇپ پۇل سانايدىغان ئاشخانا خوجايىنىنى كۆرسەم قاچاتتىم. ئۇنىڭ قېشىغىچە باسۇرۇپ

كېيىۋالىدىغان مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى 200 ۋاتلىق لامپوچكىدەك يېنىپ تۇراتتى. «كۆزى يامان» ئادەمنىڭ كۆزى ئاشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ ــ دە، دەپ ئويلايتتىم. بۇ ئاشپەز خېرىدارلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى جىقراق سۇپۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، مانتىنىڭ ئىچىگە ھەرنېمە سېلىشتىن يانمايتتى. بىر قېتىم، مەن بىر دېھقاننىڭ شۇ ئاشخانىدىن مانتا يەپ: «مانتاڭنىڭ ئىچىدىن لاتا چىقتىغۇ، بۇ قانداق گەپ؟» دەپ ھېلىقى خوجايىننىڭ ئالدىغا بارغىنىنى كۆرگەنىدىم. ھېلىقى ئاشپەز خىجالەت بولماقتا يوق، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېھقاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ: «ئون تىيىنلىق مانتىنىڭ ئىچىدىن لاتا چىقماي تاۋار چىقاتتىمۇ ئەمىسە!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ھور چىقىپ تۇرغان قاسقاندىنمۇ يوغىناپ كەتكەنىدى.

قوشنا ھويلىدا ئاستىغا ئەيلەنگەن يۇمشاق ئۆچكە تېرىسىنى سېلىپ، پېشايۋاندا كۈن بويى بىكار ئولتۇرىدىغان بىر موماي بولىدىغان، ئۇنىڭ كىرپىكسىز كۆزلىرىمۇ دائىم شارىكتەك پىرقىراپ، ئۆتكەن ــ كەچكەنگە غەلىتە قارايتتى. باشقىلاردىن «بۇ خوتۇن رەم ئېچىپ، قەسىدە ئوقۇيدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايتتىم. ئۇنى خىلمۇ خىل جۇۋانلار ئىزدەپ كېلىشەتتى، بۇ خوتۇنلار مومايىنىڭ ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كېتىپ، يەنە شۇنداق ئالدىراش قايتىشاتتى. بىكار چاغلىرىدا موماي يەنە ھېلىقى تېرىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئاڭلىسام، ئۇ خوتۇنلارنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان ئەرلىرىنى ئىسسىتما ئوقۇپ ئىسسىتىپ بەرگۈدەك… بۇ مومايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن قورقۇپ زادىلا ئۆتەلمەيتتىم…

چوڭ يولدا ماشىنا، ھارۋىلار ئۇزۇلمەي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ھېسامنى كۆرگەن تونۇشلار:

ــ ھوي ھېسامتاي، يول بولسۇن! ــ دەپ ۋارقىراپ

قوياتتى.

— ئۇكا هارۋاڭنى ئېتىز بىلەن كېتىدىغان يولغا تارتمامسەن. چوڭ يولدىكى ۋاڭ - چۇڭ گەپنى كەپكە قوشمىدى، — دېدى هېسام.

هېسامنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالغان هارۋىكەش هارۋىسىنى ئۇنچىقماي يانغا بۇراپ، ئېتىز يولغا چۈشۈپ كەتتى. يول توپىلىق بولسىمۇ تىنچ ئىدى. ئەتراپتىن دالا قۇشلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك چۇرۇقلىشىشى ئاڭلىناتتى.

— هېلىقى گېپىمنى داۋاملاشتۇرسام، — دېدى هېسام، — كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كەتمىسۇن، دەپ ئاپام ماڭا كونا قۇراق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قوياتتى. مەنمۇ كۆزى يامانلارنىڭ نەزەرىگە چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئەتەي چىرايلىرىمنى پۇرۇشتۇرۇپ، پۇتۇمنى سۆرەپ ماڭاتتىم. كىم بىلسۇن، بارا - بارا شۇنداق مېڭىش ماڭا ئادەت بولۇپ قالدى. چىرايىمنى پۇرۇشتۇرۇپ يۇرۇۋېرىپ يۈز - كۆزلىرىم قورۇق دەستىدىن تورلۇق قوغۇندەك بولۇپ كەتتى. نېمە بولسا بولسۇن، كىشىلەرنىڭ يامان كۆزىدىن نېرى بولۇپ، ئامان - ئېسەن قاتارغا قېتىلىپ قالدىم. چىشلىرىمنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئاراشلىقىنى دېمەمسىلەر. بۇنىڭغۇ مەن ئۆزۈم ئەتەي شۇنداق قىلىۋالغىنىم يوق. ياراتقان ئىگەممۇ ماڭا تىل تېگىپ كەتمىسۇن، دەپ شۇنداقراق چىشلارنى ئىلتىپات قىلغان ئوخشايدۇ. تۇغۇلۇشۇمدىنلا چىشلىرىم غېجەكنىڭ قولىقىدەك ئۆيەر - بۇ يەردىلا ئىدى. تېخى 14 ياشقا كىرمىگەن ۋاقتىمدا، شاۋدۇن بايۋەچچى دېگەن بىرى مېنى زاڭلىق قىلىپ، «هېسام، يەپ تاشلىۋەتكەن ئالماڭغا بىر قارىغىنا، هۇرۇن دېهقان سوقا سالغان يەرگىلا ئوخشاپ قاپتۇ» دېگەنىدى.

شاۋدۇننىڭ لەقىمى شاپاق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا:

— هە، شاۋدۇنكا، مەن يېگەن تاۋۇزنىڭ شاپىقىنى

ھەرقانداق يەرگە ئاپارساڭ «ھېسام غاجاپتۇ» دەپ تونۇپ، قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، ــ دەپ قويۇپ بالاغا قالغىلى تاسلا قالغانىدىم.

ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، دېگەن گەپنى قانداقراق بىر دانا ئېيتىۋىدىكى، ئۆلمەپتىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسى بېشىمغا چۈشۈپتۇ. مانا ئەمدى بېرىپ ـ بېرىپ ئاراڭلاردا بىر قىزىقچى بولۇپ قالغىنىمنى ئېيتايمۇ... ئانام رەھمەتى ناھايىتى ساددا ئايال ئىدى. كىم مېنى ئىزدەپ كەلسە «ھە، ھازىرلا كەلدى، ئۆيدە بار» دەپ چاقىرىپ قوياتتى. نېمە گەپ دەيسەن، شۇ كۈنلەردە قەيەرگە بارساڭ قۇرۇق ھاراق ئىچمەكتىن باشقا گەپ يوق. بارغاندىن كېيىن، ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق قىلىپ، سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرمىسەڭ يەنە بولمايدۇ. بەزىدە ئادەمنىڭ چارچاپ ھالى قالمايدۇ. بىر كۈنى ئاپامغا:

ــ ئاپا، قىچارغان يەرنىڭ ھەممىسىگىلا بېرىۋەرسە جان توشۇمايدۇ. مۇنداق ئادىمىگە قاراپ «بار، يوق» دە، دېسەم:

ــ ھە، شۇنداق قىلساڭ بولىدۇ، بالام، ــ دېدى.

بىر كۈنى ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ «ئۇھ» دەپ يانپاشلاپ تۇراتتىم، دەرۋازىنى بىرى قاقتى. ئارقىدىن بىرىنىڭ «ھېسام بارمۇ؟» دېگەن ئاۋازى چىققاندەك بولدى. ئاپام رەھمەتى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىلا تۇرۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ:

ــ ھېسام، مەھەللىمىزدىكى ئابدۇرېھىمجان قىچقىرىپ كەپتۇ، بار دەيمۇ، يوق دەيمۇ؟ ــ دېمەسمۇ. شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئابدۇرېھىمكاممۇ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

رەھمەتلىك ئاپام كۆپ جاپارىمنى تارتقانىدى، شۇنچىلىك ساددا ئايال ئىدى. بىر يىللىرى ئۇ ماڭا «ئوقەت قىلىشنى ئۆگەن» دەپ سوت ساتىدىغانغا بىرنەچچە كومزەك قىلىپ

بەرگەندى. ناغرىچىدىن سۈتنى[1] ئېلىپ، «سۈت، سۈت!» دەپ ۋارقىراپ، سۇ دەرۋازىغا ئەكېلىپ[2] ساتاتتىم. ساتالمىغىنىمنى تار كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ ئىچىۋېتىپلا يېنىپ كېلەتتىم. ئاپام

— بالام، بۈگۈن بەك بالدۇر قايتىپسەنغۇ؟ — دېسە،

— ھە، سودا يامان ئەمەس بولدى، — دەپلا قوياتتىم، ئەمما سۈتنىڭ پۇلىنى سانىسا كەم چىقاتتى. بىچارە ئاپام مېنى خىجالەت بولۇپ قالمىسۇن، دەپ يۈزۈمگە سالمايتتى.

بىر كۈنى ئۇ: «بالام، سەن ئىچىۋالمايدىغانغا كىرسىن ساتساڭ بولغۇدەك» دېگەندى.

ئاپام رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتكەندە قىلغان ئىشىمنى دېمەمسىلەر، بىلىمگە ئاقنى مەھكەم باغلاپ، تاۋۇتنى پىرقىراپ يىغلاۋېتىپ، شۇنداق دەرۋازا تەرەپكە قارىسام تالادا بىرى مېنى شەرەت قىلىۋېتىپتۇ. چىقسام ياسىن تەمبۇر ئىكەن، ئۇ «ئەلھوكمىلىللا!» دەپ كۆرۈشۈپ بولۇپ: «ئاداش ھېسام، بىر يۈزلۈك ئادەم چاقىرىپ قويغانىدى، ھېسامنى ئەكەلمىسەڭ بولمايدۇ، دېگەن. شۇ يەرگە بېرىپ كەلسەك» دەيدۇ. «ھوي، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟! ئىشەك ئۆلۈۋاتسا بىرنېمىسى غېجەك چاپتۇ، دېگەندەك گەپقۇ بۇ. ھازىر تۇرسام قانداق بارىمەن؟» دېسەم، «ئۇقتۇم، ئاپاڭنى ئەتە جۇمەنامىزىغا ئاچىقىدىكەنسىلەر. بېرىپ بىر - ئىككى سائەتلا ئولتۇرۇپ بېرىپ قايتساڭ» دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. خەير، ماقۇل دەپ كېتىپ قاپتىمەن. ماۋۇ ساراڭلىقنى كۆردۈڭلارمۇ. بىر - ئىككى سائەت ئولتۇرىدىغان ئىش نەدە. ئۆيگە يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىراقلا كەپتىمەن. چوڭلار ناھايىتى ئەيىبلەپ كەتتى. ھېلىمۇ بىز ئۇرۇق - تۇغقانلىق بولغاچ، مەن كەلگۈچە باشقىلار يىغلىغاچ

① ناغرىچى — مەھەللە ئىسمى.
② سۇ دەرۋازا — مەھەللە ئىسمى.

تۇرۇپتۇ...
هارۋىكەش بالا كۈلۈپ تېلىقىپلا قالدى. ئىشەكمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، بىر خىل يۇرۇشتە سىلىق كېتىپ باراتتى.
شۇ قېتىم، ھېلىقى ئولتۇرۇشقا مېنى باشلاپ بېرىپ ياسىن تەمبۇرنىڭ قىلغان ئىشىنى دېمەمسىلەر. زىياپەت ناھايىتى كاتتا بولدى. بىزنى چاقىرغان ساھىبخان مېھمانلىرىغا مېنىڭ پاراڭلىرىمنى ئاڭلاتماقچىكەن، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ تازا كۈلدۈردۈم. ياسىن تەمبۇر ھە دەپ قويۇپ گەپ تىڭشاپ، زادى تۈزۈكرەك بىر پەدىگە چالغىلى ئۈنىمىدى. ئادەتتە بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئاياللار كۆپرەك سورۇندا ئوبدان چالىدىغان مىجەزى بار ئىدى. ھېچبولمىغاندا، ئاياللار ئىشىك ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ، دېرىزىلەردىن مارىشىپ تۇرسا تازا ئېچىلاتتى. بۇ يەردە ئۇ بىر داستىخانغا، بىر تالاغا قاراپ، ھە دېسىلا تىرىڭ ـ تىرىڭ قىلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ، سازىنى تەڭشەپ، زادىلا پەيزى كۆرسەتمىدى. مەن تالاغا چىقىپ، ساھىبخاننى بىر چەتكە تارتىپ:
— بۇ ئاغىنىمىزنىڭ مۇشۇنداق بىر مىجەزى بار. ئىككىمىز بىر ھىيلە قىلايلى، كۆتمەك چىغ سۈپۈرگە بارمۇ؟ — دېدىم.
— بار، — دەپ سۈپۈرگىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى ساھىبخان.
سۈپۈرگىنىڭ بېشىغا قىزىل ياغلىقتىن بىرنى چىگىپ، دېرىزە يېنىغا خۇددى بىر ئايال ماراۋاتقاندەك قىيايپەتكە كەلتۈرۈپ تىكلەپ قويدۇم ۋە ئۆيگە كىرىپ:
— ياسىنجان، قېنى چېلىڭلار. قوشنا ـ قولۇملارنىڭ خوتۇنلىرى دېرىزە كەينىگە ئولىشىپ كېتىپتۇ. نېمىشقا چالمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدىم.
ياسىن بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قاراپ، ھېلىقى

دېرىزىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان «چوكان» نى كۆرۈپ، تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ بىر چېلىپ كەتتى، دېمەمسىلەر، هاي، هاي! ··· كېيىن قايتقاندا يولدا:

— ياسىنجان، بۈگۈن تەمبۇرنى قالتىس چېلىۋەتتىڭ جۇمۇ. بىر سەتەڭ دېرىزە يېنىغا كېلىۋېلىپ زادىلا كەتمىدى! — دېسەم،

— ھە، تونۇش ئايال ئىدى، — دەيدۇ.

ھارۋىدىكىلەر قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېسام:

— ئەخمەت، سەنمۇ شۇنداق سازەندىلەردىن بولۇپ قالما ـ ھە! — دەپ قوشۇپ قويدى.

× × ×

ھارۋا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئېتىز يوللىرىدا ئولتۇرغانلارنى چايقاپ بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن شىغىل يېيىتىلغان تەكشى بىر يولغا چىقتى ـ دە، يەنە سىلىق مېڭىپ كەتتى.

— ھېسامكا، سىنى ئۆيلەندى، دەپ ئاڭلىغۇدۇق، كېيىن قانداق بولۇپ كەتتا؟ — دەپ ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى ھارۋىكەش بالا.

— خوتۇنۇمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم، بۇمۇ بىر قىزىق گەپ، — دېدى ھېسام، — بىر چاغدا بىر خوتۇن ئېلىۋىدىم، نېمىسىنى ئېيتىسىلەر، ھە دېسىلا ياقىغا ئېسىلىپ سوقۇشىدىغان چىقىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ خۇشى تۇتۇپ كېتىپ: «ھېسام، ئۇستىڭىزدىكى چاپان بەك كونىراپ كېتىپتۇ. ئۆيدە ساقلاپ يۈرگەن ئوبدان رەخت بار. سىزگە بىر چاپان تىكتۈرۈپ بەرسەم قانداق؟» دەيدۇ، «ئوبدان گەپكەن خوتۇن، نىيىتىڭگە رەھمەت. راستلا چاپان تىكتۈرۈپ بېرەي دېسەڭ ياقىسىنى كىچىكرەك قىلىپ تىكتۈر» دېدىم. خوتۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيران بولۇپ: «نېمىشقا؟» دېدى. «كېيىن ئۆزۈڭ ئېسىلىپ يوغىنىتىۋالىسەن ئەمەسمۇ!» دېۋىدىم، ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

ئۆزىمىغۇ بەستى يوغان، قاۋۇل خوتۇن ئىدى. بىر كۈنى جېدەللىشىپ قالدۇق. قولاق تۈۋىمگە بىرنى قويۇۋىدى، پوكلا چۈشتۇم. قوپۇپ سوقۇشاي دېسەم كۈچۈم يەتمەيدۇ. «خەپ!» دېدىم. ئۇيقۇسىمۇ قاتتىق خوتۇن ئىدى. نامازشاممۇ بولدى، يوتقاننى لەپەڭشىتىپ ياتقىلى قوپاتتى. يېشىنىپ شۇنداق ئورۇنغا كىرىشىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ بېقىنىغا بىرنى تېپىپ، تالاغا قېچىپ چىقىۋالدىم. شۇ چىققانچە مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى ساتىراشخانىغا بېرىپ، دۇكانغا يىغىلغان بىكار تەلەپلەر بىلەن خۇپتەندىن يانغۇچە گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپ، ئەمدىغۇ خوتۇننىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالغاندۇ، دەپ ئۆيگە كەلسەم، خوتۇن ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىۋاپتۇ. ئىشىكنى تارتسام ھېچقانداق ئاۋاز يوق. ئاخىر زەنجىرنى بولۇشىغا شاراقلاتقىلى تۇردۇم. بىر چاغدا خوتۇن چىراغنى يېقىپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆزىمۇ پۇلغا ئامراق خوتۇن ئىدى. يېنىمدىكى 20 كوي پۇلدىن خەۋىرى بولسا كېرەك، «يېنىڭىزدىكى پۇلنى بەرسىڭىز ئاچىمەن» دېدى. «ھە، ئاچمامسەن بېرەي،» دېسەم: «ئاۋۋال بېرىڭ، ئاندىن ئاچىمەن» دېدى.

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئون كوي پۇلنى سۇنۇپ بېرىۋىدىم، پۇلنى ئېلىۋېلىپ: «يەنە بىر ئون كويلۇقنىمۇ بەرمىسىڭىز ئاچمايمەن» دېگىلى تۇردى. «خەير» دېدىم، تالادا قونۇشنىڭ ئورنى يوق. ھېلىقى ئون كويلۇقنىمۇ سۇنۇپ بەردىم··· خوتۇن ئىشىكنى ئېچىپ، ئورۇننى چىرايلىق سېلىپ بەردى. يېتىپ ئۇخلىغان بولۇپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرسام ھېلىقى پۇلنى خوتۇن تامدىكى مىختا ئىلىقلىق تۇرغان پىلاتىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ئورنىغا كېلىپ ياتتى. خوتۇن تازا

خورەككە چۈشكەندە ئاستا قوپۇپ بېرىپ، پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىمغا سېلىۋالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە قوپۇپ، يۈزۈمنى يۇيۇپلا تالاغا ماڭسام خوتۇن: «قەيەرگە بارىسىز، چاي ئىچمەمسىز؟» دېدى. «ھە··· ياق··· چاينى بۈگۈنچە ئۆزۈڭ يالغۇز ئىچىپ تۇرىدىغان بولدۇڭ ـ دە، خوتۇن. ئەتىگەندە بىرىگە يولۇقىدىغان ئىشىم بار ئىدى،» دېدىم ـ دە، غىپپىدە قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ چىققانچە ئۆيگە چۈشتىمۇ كەلمەي، كەچتە يەنە بىرىنىڭ ئولتۇرۇشىنى قىزىتىپ، يېرىم كېچە بولغاندا كەلسەم، خوتۇن چىراغنى يېقىپ قويۇپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. «نېمە بولدۇڭ؟» دېسەم: «ھېسام، بىر گەپنى سىزگە ئېيتسام ئاچچىقىڭىز كېلەرمۇ، قانداق؟» دېدى. «ھە، نېمە گەپ ئىدى ئۇ؟!» دېدىم.

«قاراڭ، ئاخشام سىزدىن ئالغان پۇلنى مۇنۇ چاپاننىڭ يانچۇقىغا سالغاندەك قىلىۋىدىم. سىز چىقىپ كەتتىڭىز، چاينى ئىچىپ بولۇپ ئارىلىقتا بازارغا ئوتياش ئالغىلى چىقتىم. قايتىپ كېلىپ قارىسام يانچۇقتا پۇل يوق. بىر يەرگە چۈشۈرۈپ قويدۇممۇ ياكى يانچۇقچى ئېلىۋالدىمۇ، بىلمەيمەن» دېدى. «بىرنى قويسا! ــ دەپ ۋارقىراپ قولۇمنى شۇنداق كۆتۈرۈۋېدىم خوتۇن قورققىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ پۇل تۇتما، پۇل تۇتما، دېسەم ئۇنىمايسەن، خوتۇن كىشى پۇل تۇتسا مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ئەمەسمۇ!··· مە، ماۋۇ ئون كوينى چاي ـ تۇز قىل!» ــ دەپ ئاخشامقى 20 كوينىڭ ئون كوينى يەنە ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ، شۇ 20 كوي پۇل بىلەن بىچارىنى ئىككى ئاي خوتۇن قىپتىمەن، نېمىسىنى ئېيتاي ئۇكىلار، خوتۇن دېگەنمۇ ئۆيدە يەيدىغانغا بىرنەرسە بولسا تۇرىدىكەن. «ئەي خوتۇن، ساڭا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىمەن» دېسەم ئۇنىماي ئاخىر ئۇمۇ

خېتىنى ئالدى. ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن بولىدىغان يەرلىرىمۇ خېلى بار ئىدى، خەير...

ھېسام ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا بولغان - بولمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئاشۇنداق قىزىق قىلىپ توقۇپ سۆزلەيتتى. كۆڭلى كەڭ، مەرد بولغاچقا ئۆزىنى شاڭخو قىلىشتىن قورقمايتتى. سورۇنلاردا ئۇنىڭ چاقچىقىنى بىرەرى كۆتۈرەلمەي تېرىكىپ قالاي دېسە، گەپنى شاققىدە ئۆزى ئۈستىگە ئاغدۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى چاقچاق قىلغىلى تۇراتتى...

× × ×

ھارۋا يەنە چوڭ يولغا چىقىپ قالدى. يولۇچىلارنىڭ ئالدىدا يېڭىمەھەللىنىڭ تېرەكلىرى كۆرۈندى. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، مەھەللە تەرەپتىن پادىدىن قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تاماققا چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئىس تۇرۇلۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بوشلۇققا يېيىلىپ كېتەتتى. ھېسام بىلەن ئەخمەت قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇ ئارىدا يول ئۈستىدە كېتىپ بارغان بىرنەچچەيلەن:

— ھوي ھېسامتاي، يول بولسۇن، نۇرمەھەممەت شۇجىنىڭ ئۆيىگە ماڭدىڭلارما؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇجىنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش بار ئىد - - - كەن، ئۇقمىدۇققۇ؟ — دەپ ھارۋىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ھېسام.

— ئولتۇرۇش، ئولتۇرۇش! — دەپ ئۆتۈشۈپ كەتتى ھېلىقىلار.

— ئۇكا، ھارۋاڭنى شۇجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تارتىپ، بىزنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكىنە، — دېدى ھېسام، — قورساقنى شۇ يەردە بىر ئەستەرلىۋالايلى...

www.uyghurkitap.com

نۇرمەھەممەت شۇجى شۇ ئەتراپتىكى ئابرۇيلۇق شۇجىلارنىڭ بىرى ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ ناھىيىدىن كەلگەن ئاغىنىلىرىگە ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ھېسامالار تازا ئاش تارتىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. «ھوي، شەھەردىن ھېسامالار چىقىپتۇ!» دېگەن گەپ بىلەن ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ساھىبخانىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بىرنەچچەيلەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. پۈتۈن ھاياتى ئويۇن - چاقچاق سورۇنى ئۈستىدە ئۆتكەن ھېسامغا قاچانلا بولمىسۇن خەلق ئۆيىنىڭ تۆرى تەييار، ھېسامنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەخمەتمۇ ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا تۆرگە ئۆتتى. قوللار چايقىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش كەلدى. «خۇدايىم كەچ قويسا قويىدۇ، ئاچ قويمايدۇ» دېگەن مانا مۇشۇ. «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ پولۇغا تۇتۇش قىلدى ئۇلار.

ھېسام ئۈچۈن ئادەمنىڭ يېتى يوق، ئۇنىڭ تونۇشمايدىغان ئادەملىرىمۇ ئاز. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا بارلىق ئادەملەرنى بىر - بىرىگە ئۆز قىلالايدۇ. ئۇ قاتناشقان سورۇن تەبىئىي جانلىنىپ كېتىدۇ...

— ئايالىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى نۇرمەھەممەت شۇجى يېنىدىكى بىرەيلەندىن گەپ ئارىسىدا.

— دوختۇرغا ئاپارسام 40 كىلو قان سالدى، ھازىر خېلى ياخشى، — دېدى ھېلىقى كىشى.

ئېھتىمال ئۇ «400 گرام قان سالدى» دېمەكچى بولسا كېرەك. «40 كىلو قان سالدى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈۋەتتى.

— كۈلىدىغان يېرى يوق شۇجى، — دېدى ھېسام، — ئۆتكەندە مەن بولالماي دوختۇرغا بارسام، تونۇش دوختۇر ئىدى، 100 كىلو قانغا چىلاپلا قويغان...

ئۆي ئىچىدە قاتتىق كۈلكە چىقىپ كەتتى.
ئاش يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، سورۇندىكىلەر «قېنى، شەھەرنىڭ سازچىلىرىدىن بىر پەيزى ئاڭلىمايلىمۇ» دېيىشتى. يېزىنىڭ بىر دۇتارچىسى بىلەن بىرنەچچە ناخشىچىلىرى ئەخمەتنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. ئۇلار بىر پەدە سازدىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى. ناخشىچىلار ئىچىدە بىرى سەل نورمىدىن ئوشۇق ئىچىپ قويغان بولسا كېرەك، «ئەۋرىشىم» گە كەلگەندە ناخشىنى ناھايىتىمۇ سوزۇپ بۇزۇپلىۋەتتى. بۇ ناخشىچىنىڭ چىرايى ساپسېرىق بولغاچقا ئۇنى «ھەسەن سېرىق» دېيىشەتتى. ناخشا ئاخىرلاشقاندا ھېسام:
— ھەسەن ئاداش، بىز خېلى جايلاردا ئەۋرىشىمنى ئاڭلىغان، لېكىن مۇنداق ئۇزۇن ئەۋرىشىمنى ئاڭلىماپتىكەنمىز. مۇشۇ ئەۋرىشىمنى ئىككى مېتىردىن قىلىپ كەسسە قانچە خوتۇنغا ئىشتان چىقار؟ — دېدى.
ھەممەيلەن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋېتىشتى. ھەسەن سېرىق تېرىككەندەك بولدى - دە:
— ھېسامتاي، سەن ناخشىنى نېمە بىلىسەن. ئەۋرىشىمنى مانا مۇشۇ مەھەللىدە مېنىڭ دادامدەك ئېيتىدىغىنى يوق ئىدى. دادامنى بىلىدىغانسەن؟ — دېدى.
— بىلىمەن، — دېدى ھېسام، — داداڭنى ئوبدان بىلىمەن. داداڭ رىشالىچى ئىدى، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ تۇخۇم يىغىپ، ئېقىدا رىشالە ئېتىپ، سېرىقىدا سېنى ياسىغان.
بۇ چاقچاق بىلەن مېھمانلار كۈلۈپ دومىلىشىپ كەتتى. ھېسام كۈلگەندە ئاغزى يوغان ئېچىلىپ، چىشلىرىنىڭ ئاراچلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالاتتى. ھەسەن سېرىق دەرھال ھېسامغا ھۇجۇمغا ئۆتتى.
— بولدى، ئاغزىڭنى يۇم ھېسام، ئاۋۇ چىشلىرىڭنىڭ ئاراچلىرىغا بىر - ئىككى تام بولسىمۇ سوقۇۋالساڭ

بولمامدۇ!؟

— ھە، ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ يەرگە تام سوقتۇرۇپ، بىر — ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ قويايمىكىن، دېگەن پىلانىممۇ بار…

— ئۆيۈڭ پۈتكەندە، مەھەللىنىڭ باللىرى بىلەن دۇتار — تەمبۇرلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاغزىڭنىڭ ئىچىدە راسا بەزمە قىلىدىكەنمىز — دە!…

— ئۇ چاغدا بىر تۇكۇرسەم يەرگە شالاقىدە چۈشىسىلەر — دە!

يەنە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھەسەننىڭ چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپ كەتتى.

— شۇنىمۇ چاقچىقىم بار، دەپ قىلدىڭما، ھەسەن؟ — دېدى ھېسام، — ئاپاڭنىڭ قورسىقىدا سەللا ئۇزۇن تۇرغان بولساڭ پوقىلا ئايلىنىپ كېتىدىغان نېمىكەنسەن…

كۈلكىدىن بىرنەچچەيلەننىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ھەسەننىڭ تېرىكىپ قالاي دېگىنىنى سەزگەن ھېسام دەرھاللا گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى.

— بىر مەھەللىدە ھاشىم پوقاق دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن، — دەپ ھېكايە باشلىدى ھېسام، — پوقىقىنىڭ يوغانلىقىدىن بۇ ئادەم يىراقراق بىر يەرگە بارماقچى بولسا ھارۋا كىرا قىلىپ، پوقىقىنى ھارۋىغا سېلىپ، ئۆزى يېنىدا پىيادە ماڭىدىكەن. بىر كۈنى ھاشىمئاخۇن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. ھېلىقى قارىياغاچ جىن بار قارىياغاچ ئىكەن. جىننىڭ باللىرى پەسكە ئوينىغىلى چۈشۈپ، قارىياغاچ سايىسىدە ئۇخلاپ قالغان ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. «بۇ ئادەمنىڭ گېلىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ماۋۇ يوغان نەرسە نېمىدۇ؟» دەپ قىزىقىپ، ھاشىمئاخۇننىڭ پوقىقىنى ئېلىپ، قارىياغاچنىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ھاشىمئاخۇن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرسا



www.uyghurkitap.com

يېپيېڭىكلا بولۇپ قالغان. شۇنداق گېلىنى سىلىسا پوقىقى يوق ئىمىش. «خۇدايا شۈكرى، كېسىلىمگە ئاخىر ئىگەم شاپالىق بېرىپتۇ» دەپتۇ ـ دە، مەھەللىــگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. شۇ مەھەللىدە يەنە بىر بايۋەچچى بار ئىكەن، ئۇ بىچارىنىڭمۇ قوش مۇشتەك پوقىقى بار ئىكەن. ئۆزى خوتۇنبەز نېمە ئىــكەن، پوقىقىدىن ناھايىتى نومۇس قىلىدىكەن. بايۋەچچى ئىشىك ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا ھاشىمئاخۇن خۇشال يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك، قارىسا پوقىقى يوق، «ۋاھ، بۇ قانداق گەپ!» دەپ ھاشىمئاخۇننى ئارقىسىدىن ۋارقىراپ توختــتــۋاپتــۇ ۋە «ھاشىمئاخــۇن، ھــوي ھاشىمئاخــۇن!» دەپتۇ ئــۇ. «ۋاي نېمە؟!» دەپتۇ ھاشىمئاخۇن. «پوقىقىڭلا قېنى، پوقاق؟». «ۋاي گەپ قىلمىسىلا بايۋەچچە، خۇدايىمنىڭ بىــر كېسەلگە شىپالىق بەرگۈسى كەلسە بىردەملىك ئىش ئىكەن. مەھەللىنىڭ بېشىدىكى يوغان قارىياغاچنىڭ سايىسىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغىنىپ قارىسام پوقىقىــم يېنىــپ كېتىــپتۇ» دەپتۇ ھاشىمئاخۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى بايۋەچچە يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىغا ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە، قارىياغاچنىڭ سايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ھېلىقى ھاشىمئاخۇننىڭ پوقىقىنى دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ كەتكەن جىنلار پوقاقنى تېخىچە ئويناپ يۈرۈپتىكەن. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئانىسى كېلىپ قېلىپ «نېمىنى ئويناۋاتىســلەر؟» دەپ سوراپتۇ. بالا جىنلار بولغان ئىشنى دەپ بەرگەنىكەن، ئانىسى «ئادەملەرنىڭ بىرنېمىسىگە چېقىلماڭلار. مېڭىڭلار، جايىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

بالا جىــنلار قــارىــياغــاچنىــڭ ئاستــىغــا چۈشــۈپ، ھاشىمئاخۇننىڭ ئورنىدا ياتقان بايۋەچچىنى بايقىمايلا پوقاقنى بايۋەچچىنىڭ پوقىقى ئۈستىگە چاپلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

بايۋەچچە شۈنداق كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، پوقىقى يوغىناپ كەتكەن، «ئاللا ـ كاللا!» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ. شۈنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ پوقىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ھېسامنىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن يەنە بىر يۈرۈش ناخشا ـ ساز بولدى. ئاندىن يەنە چاقچاق داۋاملاشتى. بايىقى ھەسەن سېرىق ھاراقنى ئىچىۋېرىپ ئوبدانلا قىيىپ قالغانىدى.

ــ ھې ـ ھې ـ ھېسام، مې ـ مېنى بىر ئوخشىتىپ باققىنا قېنى، قد ـ قد ـ قد ـ قانداق ئوخشىتىسەنكىن، ــ دەپ ھېسامنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى.

ــ سېنى ئوخشاتسام، ــ دېدى ھېسام، ــ چىرايىڭغا قارىغاندا، دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى چۈشۈپ، بېلىق تۇتالماي، قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، ئاپارغان سازىڭنى يېۋېتىپ كېلىدىغان تۇگمەنچى ئورۇسنىڭ بالىلىرىغا ئوخشايدىكەنسەن.

ــ مە ـ مە ـ مەنغۇ قانداقلا بولمىسۇن دەريا بويىغا بېرىپ، سۇدا يۈرۈپ بېلىق تۇتىدىكەنمەن، سېنىڭ قولۇڭدىن شۇ ئىشمۇ كەلمەيدۇ، ــ دېدى ھەسەن، ــ خوتۇنۇڭ داسقا سۇ قۇيۇپ بەرسە چوڭقۇرمۇ، تېيىزمۇ؟ دەپ ئاۋۋال تاش تاشلاپ بېقىپ، ئاندىن چۈشىدىغان نېمىسەن.

ــ خوتۇنۇڭ داسقا سۇ قۇيۇپ بەرسە بېلىڭگە قاپاق باغلاپ چۈشىدىغان نېمىسەن، ــ دېدى ھېسام.

شۇنداق كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بۇ ئولتۇرۇش تۈن يېرىمىغىچە داۋاملىشتى.

× × ×

كىشىلەرنىڭ «سازچى دېگەن مېھمانغا ھارۋىلىق بېرىپ،

پىيادە قايتىدۇ» دېگەن گېپى بار. تولا چاغلاردا شۇنداق بولىدۇ، توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ قىلىدىغانلار سورۇننى قىزىتىدىغان سازەندىلەر بىلەن قىزىقچىلارنى نە ـ نەلەردىن هارۋا ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆيىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. بىراق، قايتىدىغان چاغدا هەممىسى مەست بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنى «خوش!» دەپ قويغىلى ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ.

نۇرمەهەممەت شۇجىنىڭ ئۆيىدىكى مېهمانلار ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تارقىدى. هېسام بىلەن ئەخمەت قايتىپ كېتىدىغان مېهمانلار بىلەن بىللە ئۇزاپ تالاغا چىقىپ قالدى. ئۇلارنى «نەگە بارىسىلەر؟ قونۇپ قالمامسىلەر؟» دېيىش هېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇشۇپ قالدى. هېلىمۇ ياخشى، خۇدانىڭ كەچ قالغان يولۇچى، غېرىب ـ مىسكىن، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئېيى ئاسماندا پانۇستەك ئېسىلىپ تۇراتتى. تولۇن ئاي ئۇيقۇدا ياتقان ئېتىزلار، قارىيىپ تۇرغان باغلار، مەهەللىلەر... هەممە نەرسىنى سارغۇچ نۇرغا كۆمگەنىدى.

ــ خەير ئۇكا، كەتتۇق! ــ دېدى هېسام، ــ لېكىنزە، ئالدىمىزدا بىر قومۇشلۇق بار دېگىنە، شۇنىڭدىنلا ئامان ـ ئېسەن ئۆتىۋالساق، ئۇ يېقىغا غىنقىراپ كېتىمىز...

دېگەندەك، ئۇلار چوڭ يولدىن ئايرىلىپ، هېسام تۇرۇۋاتقان مەهەللىگە قاراپ مېڭىپ، قومۇشلۇققا كەلگەندە يولدىن ئېزىپ قالدى. قاياققا ماڭمىسۇن قېلىن قومۇشلۇق، ئاياغ ئاستى پاتقاق ئىدى. ئاي بەزىدە بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆككەندە ئەتراپنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتەتتى.

ــ توختىغىنا هېسامكا، شىلدىرلىغان نېمە ئاۋاز؟ ــ دېدى ئەخمەت.

ــ خۇدا ساقلىسۇن ئۇكا، بۇ قومۇشلۇقتا ياۋا چوشقا بار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئاڭلايدىغان، ـــ دېدى ھېسام.

ئۇلار توختاپ تىڭشىدى. ھېلىقى شالدىرلىــــغان ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئاتلىق پەيدا بولۇپ قالدى. ئاتلىق كىشىمۇ ئالدىدىكى ئىككى كۆلەڭگىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى بولغاي:

ـــ قايسىڭلارسىز ؟ ! ـــ دەپ ئەنسىز ۋارقىرىدى.

ـــ مەھەللىمىزنىڭ مەزىنى ئىـــكەنغۇ، ـــ دېدى ھېسام ئاتلىقنى ئاۋازىدىن تونۇپ، ـــ بىز مەزىناڭكا، بىز. قارىمامدىلا، يولدىن ئېزىپ قالدۇق. شۇجىنىڭ ئۆيىدىن ئولتۇرۇشتىـــن قايتىۋىدۇق، ئۆزلىرى...

ـــ يۇقىرىقى مەھەللىدىن كېلىشىم. ھېسامىمۇ سەن؟ ھە، قېنى ئاتقا مىنگىشىۋال. سىلەرنى يولغا چىقىرىپ قوياي.

ئەخمەت ھېسامنىڭ ئاتقا مىنىشىگە ياردەملىشىپ ئۇنى يۆتىدىن يۆلىدى، مەزىن ئاخۇنۇم قولىدىن تارتتى. ھېسام سەل كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا مەزىن ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى ـ دە:

ـــ نېمە ئىچىتىڭ كاپىر؟ ! ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەن ھېسام:

ـــ شۇجىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىمىساق زورلاپ، ھېلىقى نېمىدىن ئازراقتىن ئوتلاپ قويۇۋىدۇق...، ـــ دېدى.

ـــ يوقال كۆزۈمدىن!

ـــ ھەي مەزىناڭكا، ھەممىمىز بىر مۇسۇلمانغۇ؟ ! خۇدا ھەققى ياخشىلىق قىلىپ، بىزنى يولغا چىقىرىپ قويسىلا...

ـــ ھارامدىن ئېغىزلانغان ئادەم بىلەن بىر ئات ئۈستىدە ئولتۇرالمايمەن. بوپتۇ، بىرىڭ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىل، يولغا چىقىرىپ قوياي.

ـــ تېپەمدۇ؟

ـــ تېپىدىغان ئات بولسا سەن ئۆلۈمتۈكلەرنى قۇيرۇقىغا ئېسىل دەرمىدىم!

ھېسام ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلدى. ئەخمەت تەمبۇرنى قولتۇقلاپ ئارقىدىن ئەگەشتى. ئات سەللا ئىتتىك مېڭىپ كەتسە ھېسام ئالدىغا دەلدۇگىنىپ يىقىلاتتى، ئاتتىن ئاجراپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنە چاچراپ قوپۇپ ئاتقا قاراپ يۈگۈرەيتتى... شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۇلار قومۇشلۇقتىن چىقىۋالدى. مەزىن ئۇلارنى يول ئۈستىگە ئاچىقىپ قويۇپ، ئېتىنى قامچىلاپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قالدى.

— خۇداغا شۇكرى! — دېدى ھېسام، — ئەمدى يەنە ئازراقلا ماڭساق بىزنىڭ مەھەللە دېگەن سۆز.

ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى قارا پاتقاق چاچراپ بۇلغانغانىدى. ئەتىگەندە بۇ كىيىملەرنى ھېسامنىڭ كىچىك ئاپىسى داسقا چىلاپ يۇدى. سۇدا ئۇبدان چايقاپ، كۈن چىقىشى بىلەنلا ئۆگزىدىكى دۆۋىلەكلىك چۆپنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويىدى.

— ئاخشام قانداق كەلگەننىڭلارنى بىلەمسىز ـ ـ سىلەر بالىلىرىم، — دېدى ھېسامنىڭ كىچىك ئاپىسى قىزىقچىلىق قىلىپ، — دەرۋازىنى بىرى قاقتى، شۇنداق ئاچسام ئىككى پاتقاق ئادەم كىرىپ كېلىۋاتامدا، ئاللا، بۇ نېمە كارامەت!؟ دەپ قاپتىمەن. ھېسامنى مېڭىشىدىن تونۇمىغان بولسام ئاللا ـ توۋىنى سېلىپ، ئارقامغا قاراپ قاچاتتىم.

ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالغۇدەك كىيىملىرى بولمىغاچقا، ئۇلارمۇ ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ئۆگزىگە چىقىپ، چۆپنىڭ ئۈستىدە ئەتىگەنلىك ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتتى. قۇرۇق چۆپتىن پىچاننىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. ئۆگزىدىن پۈتۈن يېزا، ئېچىلغان ئېتىزلار، ئېتىزدا ئوتلاپ يۈرگەن كالىلار، ئېتىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئېچىلىپ قالغان ساپسېرىق ئاپتاپپەرەسلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىر مەشرەپتە بىر پوچى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم، — دەپ

سۆز باشلىدى ھېسام سوزۇلۇپ يېتىپ، ــ گەپنى خېلىـ ـى قاملاشتۇرىدىغان نېمىكەن: «ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا، ئاكوپتا ياتاتتۇق، ــ دەپ پونى باشلىدى ھېلىقى پوچـــى، ــ غارىدە قىلىپ گومىنداڭنىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ بومبا تاشلاپ، بەك ئاۋارە قىلىپ كەتتى. زەمبىرەكچىلىرىمىز شۇنچە ئېتىپمۇ تەگكۈزەلمىدى. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، يۈگۈرۈپ قوپۇپ مىلتىق بىلەن قارىغا ئېلىپ ۋاڭگىدە قويۇپتىكەنمەن. ھېلىقى ئايروپىلان پۇكلەپ تاشلىۋەتكەن مالىخايدەك ئالدىمىغىلا چۈشتى».

«ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا، ــ دەپ مەنمۇ پـونـ ـ ـى باشـلىـدىم، ــ تاماكىغا سەرەڭگە ئىزدەپ بىـــر دۆڭنىـــڭ ئۈستىگە ئاتلىق چىقىپ قالمايمەنمۇ، دۆڭنىڭ ئارقىســـىدا گومىنداڭنىڭ پوتىيى بار ئىكەن، پىلىموت بىلەن تاتاتلىتىپ ئوقتا تۇتۇپلا كەتتى. قامچامنىڭ سېپى بىلەن ئۇدول ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەربىر ئوقنى تاس ـ تاس ـ تاس قىلىپ ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، .ئاخىرقى بىر پاي ئوقنى كاپلا قىـــلىـــپ تۇتۇۋېلىپ، تاماكامنـــى تۇتاشتۇرۇۋېلـــپ تاشلىـــۋەتسەم پـوتەيدىـكى گـومىنداڭچىلا قاراپلا قېلىـــشقانىـدى، ــ دېۋىدىم، ھېلىقى پـوچى: «شـۇ چاغدا لەڭشاڭدا بولۇپ ① كەتكەن سـوغـۇق، ــ دەپ يەنە لاپ ئۇرغىلى تـۇردى، ــ تالاغا سىيگىلى چىقساق قولىمىزغا بىر كالتەك ئاچىقىپ چوقۇپ تۇرۇپ سىيىمىسەك، سۈيدۈك يەرگە چۈشكۈچە توڭلاپ قالاتتى» «لەڭشاڭدىكـى سوغۇق سوغۇقمۇ! ئايرودرومدا بولغان سوغۇقنى دېمەمسەن. ئاكوپنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن پاراڭلاشساق، قىلىشقا گەپلىرىمىز توكۇر ـ توكۇر قىلىپ توڭلاپ ئالدىمىزغا چۈشەتتى،» دېۋىدىم، ھېلىقى پوچى جىملا

---

① لەڭشاڭ ــــ ئورۇن ئىسمى.

بولدى.

جەمئىيەتتە كۆرەڭ ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس، دېگىنە ئەخمەت. سادىق دەپ بىر تۇماقچى بولىدىغان، بىر مەشرەپتە ئۇ: «مېنىڭ دادام ئۇنداق باي ئۆتكەن، مۇنداق باي ئۆتكەن. پالانى يەرگە بەگ بولغان» دەپ ماختانغىلى تۇردى.

— داداڭنىڭ ئېتى نېمە ئىدى؟ — دېسەم، «كېۋىر بەگ، سوراپ قالدىڭغۇ ھېسام تونۇمسەنىيا؟» دەيدۇ.

— كېۋىر بەگ دەمسەن؟ مېنىڭ دادامنىڭ قول ئاستىدا نۇرغۇن بەگلەر ئىشلىگەن. ئەجەب كېۋىر بەگ دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمىز، — دېۋىدىم، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى.

ھېسام ئۆگزىدىن بويىنىنى سوزۇپ ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمگەن ئەتراپقا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويدى.

— بازاردىكى خەمىت خەسىسنى بىر ئوخشاتقان يېرىڭىز بار ئىكەنغۇ ھېسامكا، — دەپ ئېسىگە سالدى ئەخمەت.

— نېمىسىنى ئېيتىسەن ئۇكا، — دېدى ھېسام ئەخمەتكە ئۆرۈلۈپ قاراپ، — مۇشۇ چاقچاقىنىڭ كاساپىتىدىن قانچە مەشرەپلەردىن قوغلاندىمۇ بولغانمەن... خەمىت خەسىس مېنى بىر قېتىم ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى... ئۇ ئىش مۇنداق بولغان: خەمىتكام نەزىر قىلىمەن، دەپ بازاردىن بىر قوينى ھەيدەپ چىقىۋېتىپتىكەن، قارىسام، ھېلىقى قوي شۇنچىلىك ئورۇق. «خەمىتكا بۇ قىشچە روزى تۇتقان قويمۇ، قانداق؟» دېۋىدىم، تازا بىر ئالىيىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى نەزىر قىپتۇ، باردۇق. جامائەت يىغىلىپ بولغاندا خەمىت خەسىسنىڭ كىچىك ئوغلى كىرىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. قولنى يۇيۇپ بولۇپ ئولتۇرىمىز، ئولتۇرىمىز، داستىخان سالىدىغان ئادەم يوق. بىر چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى كىرىپ، ئولتۇرغانلارنى «بىر، ئىككى ئۈچ ...» دەپ ساناپ

قويۇپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىر چاغدا ئوتتۇرانچى ئوغلى كىرىپ، مېھمانلارنى «بىر، ئىككى، ئۈچ ...» دەپ ساناپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئېڭەكنى تۇتۇپ ئولتۇردۇق. ئارقىدىن خەمىتكام كىرىپ «ھوي قولغا سۇ ئېلىڭلار!» دەپ يەنە قول يۇغۇزدى. بىركەمدە ئالدىمىزغا بىر قاچىدىن سۈيۇقئاش ئەكىردى. تۇنۇگۈنكى روزى تۇتقان ئورۇق قوينىڭ ئۇستىخىنىنى سېلىپ ئەتكەن ئاش ئىكەن.

— خەمىتكا! — دېسەم: «ھە،» دېدى. — مۇشۇ سويۇقئېشىڭغا قولىمىزنى ئىككى قېتىم يۇغۇزدۇڭ، ئەگەر پولۇ قىلغان بولساڭ ھەممىمىزنى يالىڭاچلاپ غۇسلا قىلدۇرىدىكەنسەن - دە! — دېۋىدىم، ئاران تۇرغان جامائەت قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆينى كۆتۈرۈۋېتىشتى... تېرىككەن خەسىس:

— چىقە ئۆيۈمدىن، سېنى كىم چاقىرىپتۇ! — دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىققاندى.

«خەپ!» دېدىم. بىر كۈنى بىر ئولتۇرۇشتا خەمىت خەسىس بىلەن بىللە بولۇپ قالدىم، «قانداق، قوغلاندى؟!» دەپ مېنى شاڭخو قىلىپ تىلىنى چاينىغىلى تۇردى. «خەقنىڭ ئۆيىدىنغۇ مېنى قوغلاپ چىقىرالماسسەن، قاراپ تۇر، سېنى بىر شەرمەندە قىلىپ، مەنمۇ قوغلاپ چىقارمىسام...» دېدىم - دە، ئاززاق قىزىتىۋېلىپ:

— پول تاپسا خەجلىمەي، ساناپ كىر قىلىۋېتىدىغان خەسىس.

دېۋانىگە بىر تىيىن بەرسە، ئىككىسى كېتىپ قالمىسۇن، دەپ كۈنگە تۇتۇپ قارايدىغان خەسىس.

بالىسىغا ئون تىيىن بەرسە، چىقىمدار بولدۇم، دەيدىغان خەسىس

بەش تىيىنلىق بىڭگۈرنى ياغچىنى قايتۇرۇپ بەرسەم تۆت تىيىنغا بېرەمسەن، دېگەن خەسىس.

پـۇل بار يانچـۇقىغا ئىت باغلاپ قـويـۇپ ياتــــدىغان خەسىس··· دەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇن نەچچە چاقچاقنى بىراقلا تىزىپ قويۇۋىدىم، خەمىتكام بولالماي قان بېسىمى ئۆرلەپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئىككى ئوغلى كىــــرىپ زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى···

ھېسامنىڭ مۇنداق ھېكايىلىرى تۈگىمەيتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەسلىدە شۇنداق قىزىقمۇ ياكى قىزىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغىلا ئۇچرامدۇ، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتــى··· ھېسام خەمىت خەسىس توغرىسىدىكى پارچىنى ئەمدىلا تۈگىتىــــپ تۇراتتى، كىمدۇر بىرى دەرۋازىنى قاقتى. ھېسامنىڭ كىچىك ئاپىسى دەرۋازا تۈۋىدە بىرى بىلەن گۇدۇڭشىلاشقاندەك بولدى ـ دە، بىردەمدىن كېيىن شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ:

ــــ ھېسام، دادۇيجاڭ ئادەم ئەۋەتــــپتــۇ. شــەھــەردىــن چىققىنىڭنى ئاڭلاپتىكەن، «ئۆيدە مېھمانلىــرىم بار، ھازىرلا كەلسۇن!» دەپتۇ، ــــ دېدى.

ــــ كۆرمىدىڭمۇ، بۇ ئەپتىمىز بىلەن قانداق بارىمىز!؟ ــــ دېدى ھېسام تېرىككەندەك بولۇپ.

ــــ ئۇنداق بولسا، چاقىرىپ كەلگەن ئادەمگە نېمە دەيمەن؟

ــــ نېمە دەيتتىڭ، ئاخشام شەھەردىن چىققۇچە ھېساملار ھۆل بولۇپ كېتىپتىكەن، ئۆگزىگە ئاچىقىپ يېيىپ قويدۇم. قۇرۇغاندا بارسۇن! دېمەمسەن.

× × ×

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى كېيىملەرنى بىردەمدىلا قۇرۇتتى. چۈشتىن كېيىن ھېسامنىڭمۇ ئاچچىقى يېنىپ قالغاندەك بولدى.

ــــ چەت ئەللەردە سەنئەتچىلەرنى بېيىپ كېتىدىكەن، دەپ ئاڭلايمەن، ــــ دېدى ھېسام، ــــ بىزنىڭ بۇ يەرلەردە مانا بىزدىن

نامرات ئادەم يوق، دېگىنە ئۇكا. بىر كۈن كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ، گالىلىرىڭ يىرتىلىپ كېتەي، دەيدۇ، مېنىڭمۇ خەقنى كۈلدۈرىمەن، دەپ ھېچ ھالىم قالمايدۇ. ئاخىردا بىزنى ئاخشامقىدەك «خوش!» دەپ ئۈزىتىپ قويغىلىمۇ ئادەم چىقماي قالىدۇ. ھە دېسە ئولتۇرۇشقا دەپ ئەكېتىدۇ، ئۆيىمىزدىكى بالا ـ چاقىلىرىمىز نېمە يەپ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ، ھېچكىم سۈرۈشتە قىلىپ باقمايدۇ. تېخى ئولتۇرۇشقا بارمىساڭ ئاچچىقى كېلىدۇ… بىر ئامال قىلىپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتسەك بولامدىكىنتاڭ! ؟ شۇ چاغدىمۇ بۇ يەردىكى ئاغىنىلەر بىزنى «ئولتۇرۇش قىزىمايۋاتىدۇ» دەپ ياقىمىزدىن تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ، جۇمۇ… بوپتۇ يۇر، داۋۇيجاڭنىڭ ئولتۇرۇشىغا بارساق بارايلى. شۇ يەردە ئاشلىق توشۇغىلى كەلگەن شوپۇرلاردىن بىرەرى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، داۋۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ــ بۇ مەھەللىدىكىلەر چاقچاقلىرىمنى تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەن دېگىنە، ــ دېدى ھېسام كېتىۋېتىپ، ــ لەقەمنى خىزىر قويىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ خۇددى بۇ مەھەللىدە خىزىر بىر ـ ئىككى يىل تۇرغاندەك، بۇ يەردە لەقەمسىز ئادەم يوق. بۈگۈن چاقچاقنى لەقەمگە يۆلەپ بىرنېمە قىلىمىز.

ئۇلار داۋۇيجاڭنىڭ پېشايۋانلىق ھويلىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ھويلىدىكى قازان بېشىدا بىرنەچچەيلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. «ھېسام كەلدى، ھېسام. قېنى مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالايلى» دېيىشىپ، داۋۇيجاڭنىڭ يۈگۈر ـ يېتىمغا پالاقلايدىغان ئادەملىرىدىن بىر ـ ئىككىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ھېسامنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىققان داۋۇيجاڭ پېشايۋاندا تۇرۇپلا ۋارقىرىدى:

— ياشاپ كەت ھېسام، ئەمما كەلمىگەن بولساڭ قاتتىق رەنجىيتتىم ـ دە!

— ئولتۇرۇشۇڭغىغۇ كەلدىم، — دېدى ھېسام، — ئەمما، مېنىڭمۇ بىر ھاجىتىم بار. شۇنى توغرىلاپ بەرسەڭ بولىدۇ.

— نېمە ئىش؟

— ئاڭلىسام، مۇشۇ يەردە ئەتە ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان شوپۇرلارمۇ بار ئىكەن. مۇنۇ ئىنىمنى ماشىنىسىغا سېلىپ قويساڭ، ئۇرۇمچىگە ئالغاچ كەتسە.

دادۇيجاڭ قولتۇقىغا تەمبۇرنى قىسىپ تۇرغان ئەخمەتكە قاراپ قويدى ـ دە:

— جىق ئەمەس، ئەتە بۇغداي ئېلىپ ماڭىدىغان شوپۇردىن بىرىلا بار. يۈكىنىمۇ بېسىپ تەييار قىلىپ قويدى. مۇشۇ يەرگىلا قىچقىراي، ئۆزۈڭ بىرنېمە دېمەمسەن؟

دادۇيجاڭ شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆي ئىچىدىن بىرىنى چاقىردى. ياش بىر يىگىت چىقىپ، ھېسام بىلەن ئەخمەتكە قول بېرىپ كۆرۈشتى.

— مۇنداق گەپتى دىگىنە ئۇكا، — دېدى ھېسام شوپۇرغا، — ماۋۇ بىزنىڭ ئىنى بولىدۇ. دادىسى رەھمەتلىك بار ۋاقتىدىمۇ بىزنىڭ بېشىمىزنى كۆپ سىلىغان. ھازىر بۇ ئىنىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇرۇمچىدە بىر ئاكىسى بار، شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ پاناھلانسام، دەيدۇ. ياق دېمەي ماشىناڭغا سېلىۋېلىپ، دېگەن يېرىگىچە يەتكۈزۈپ قويساڭ.

— شۇنچىلىك گەپمىدى؟ چاتاق يوق ھېسامكا، — دېدى شوپۇر يىگىت، — نامىڭىزنى ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشسەك، دەپ كۆپ ئارزۇ قىلاتتۇق. بۈگۈن تازا بىر كۆلدۈرسىڭىز، ئىنىڭىزنى كابىنكىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تىيىن چىقىمدار قىلماي ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

ئەخمەتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— چاتاق يوق ئۇكا، بۈگۈن سېنىڭ ئۈچۈنلا ئېچىلمەن! — دېدى ھېسام.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە.

ئۆيدە لىققىدە مېھمان بار ئىدى. ھېسامغا دەرھاللا تۆردىن ئورۇن بوشىدى. ئەخمەت مەھەللىنىڭ سازچىلىرى ئولتۇرغان بۇلۇڭغا بېرىپ چۆكتى. ھېسامنىڭ يېنىدا بېشىنى قىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن تۇرسۇن شاپاق ئولتۇراتتى.

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ دۇئا قىلدى ھېسام ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — دادۇيجاڭ، مېھمان چاقىرىپسىلەر، قول ئىلكىمدە بولمىغانلىقتىن ئاز بولسىمۇ، دەپ مانا ماۋۇ سويمىنى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇ يېنىدىكى تۇرسۇن شاپاقنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ. تۇرسۇننىڭ پېشانىسى دەزمالنىڭ تاپىنىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ھەممە پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— نېمە بولدۇڭ، ھازىر كىرگەندە بىر قىسما دەسسەپ كىردىڭما؟ — دېدى تۇرسۇن.

— يولدا شاپاققا تېيىلىپ، پۈتۈم مىتكوت چىقىپ كەتتى.

— مۇشۇ تۇرقۇڭدا سېنى ھەرقانداق خامانغا قارانچۇق قىلىپ سانجىپ قويسا بىرمۇ قۇشقاچ قونمايدۇ، دېگىنە.

— ھە، بىزدەك قارانچۇق بولغاچقا، سەندەك شاپاقنى قاغا چوقۇلماي ساق يۈرسەن ـ دە.

ئۆي ئىچى كۈلكە بىلەن جانلىنىپ كەتتى. ھېسام ھەربىر چاقچاقتىن كېيىن كۈلگەندە، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، مۆجىزىلىك تۈسكە كىرەتتى.

— ھېسام، — دەپ چاقچاققا قوشۇق سالدى نېرىدا ئولتۇرغان ئۆمەر تاز، — ئۆتمۈش جەمئىيەت بولسا گەدىنىڭگىچە قورۇق بولۇپ كېتەتتىڭكەن ـ دە!

— ئۆتمۈش جەمئىيەت بولسا سەن بېلىڭگىچە تاز بولۇپ كېتەتتىڭ، — دېدى ھېسام.

ھېسام ئېيتقاندەك، بۇ سورۇندىكى چاقچاق لەقەمنى قوغلىشىپ ئەنە شۇنداق قىزىپ كەتتى. ھاراق بىلەن سەي تارتىلىپ، بىر يۈرۈش ناخشا ـ ساز بولغاندىن كېيىن، چاقچاق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

بۇ مەھەللىدە ئىمىنئاخۇن دەيدىغان بىر چوڭ ئادەم بار ئىدى. ئوشۇق ئەمەس، ئىككى ـ ئۈچ رومكا ھاراق ئىچسىلا مەست بولۇپ قالاتتى. شۇڭا مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «ئىمىن مەست» دەيتتى. شۇ تاپتا ئىمىنئاخۇن ئولتۇرغان يېرىدىن ھېسام تەرەپكە بويۇنداق قارىدى ـ دە:

— توۋا! دەيمەن ھېسام ئۇكا. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مەن مەست بولۇپ قالسام قولۇمدىكى ۋېلىسىپىتىممۇ تەڭ مەست بولۇپ كېتىدۇ. مەستچىلىكمۇ خىلمۇ خىل بولىدىكەن دېگىنە، بەزىدە ئۆزۈم ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن. بىلىپ تۇرۇپ مەست بولۇپ كېتىمەن، — دېدى.

— ئادەم دېگەننىڭ مىجەزىمۇ ئوخشىمايدۇ دېگىنە ئىمىناكا، — دېدى ھېسام، — شەھەردە ھاراق بار دېسە، سەھرادىن ماشىنىغا ئېسىلىپ كىرىدىغان مەستلەر بار، ئاسماندا ئولتۇرۇش بار دېسە، شوتىسى نەدىكەن دەيدىغان مەستلەرمۇ بار. دادۇيدىن قۇتۇلدۇرۇش ئېلىپ ھاراق ئىچىدىغان مەستلەرمۇ بار دېگىنە... ساق چاغدا بىر سوم خەجلىگىلى ئۇنىماي، مەست بولۇپ قالغاندا ئون سوم خەجلىۋېتىدىغان مەستلەرمۇ بار.

ئىمىنئاخۇن مېھمانلار بىلەن پىخىلداپ كۈلۈپ دومىلاپ كەتتى.

— تا ـ تا تېپىپ ئېيتتىڭ، — دېدى ئۇ، — پۇلى تۈگەپ كەتسە ئېشىكىمنى چۈۋۈپ ساتىمەن، دەيدىغان مەستلەرمۇ بار.

— ئۇنى دېسەڭ ئىمىنكا، پۇلى تۈگەپ كەتسە خوتۇنىنىڭ

يانچۇقىغا ئوغرىلىققا چۈشىدىغان مەسىلەرمۇ بار.

ــ يە ـ يە ـ يەنە بىرنى كەلتۈر...

ــ ھېچ ئامال قىلالمىسا بوتۇلكىنى چايقاپ ئىچىدىغان مەسىلەرمۇ بار.

ــ يە ـ يە ـ يەنە بىرنى...

ــ خوتۇنى خورەك تارتسا، قوپۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان مەسىلەرمۇ بار... ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى «كىمنىڭ كېلىنى بۇ؟» دەيدىغان مەسىلەرمۇ بار... مەست ۋاقتىدا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ساقايغاندا يارىشىۋالىدىغان مەسىلەرمۇ بار...

مەسىلەر توغرىسىدىكى بۇ گەپلەر ھېسامنىڭ ئاغزىدىن كەينى ـ كەينىدىن چىققىلى تۇردى. كۈلكىدىن ھېلىقى شوپۇر يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بىر قانچەيلەن كۈلۈپ قورسىقى ئاغرىپ تالاغا يۈگۈرۈشتى. دادۇيجاڭ ھۇزۇر قىلىپ، «ياشا ھېسام، رازىمەن!» دېۋەتتى... شۇنچىۋالا كۆپچىلىك كۈلسىمۇ، پەقەت بۇلۇڭدىكى ئاپئاق ساقچى كىيىمنى كىيگەن بىر كىشىلا چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇراتتى. بۇ ئادەم دادۇيدىكى «ئىسيان» كۆتۈرۈپ جان بېقىپ يۈرگەن قۇلاق كەسكۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۇقىرى ئورۇندىكى بىر تۇغقىنىنىڭ كۈچى بىلەن ساقچى كىيىمىگە ئېرىشكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ بولۇۋاتقان بۇ چاقچاقلارنىڭ قانچىسى سىياسەتكە ئۇيغۇن، قانچىسى خىلاپلىقىنى ئايرىيالماي ھەلەكچىلىكتە ئولتۇراتتى.

ــ ئۇكاۋۇي، شۇنچە چاقچاقلارنى قىلىۋەتتۇق، مىت قىلىپ كۈلۈپمۇ قويمايسەنغۇ، ئادەممۇسەن، بىر خالتا ئۇنمۇ؟ ــ دېدى ھېسام.

يەنە پاراققىدە كۈلكە چىقىپ كەتتى. ھېلىقى «بىر خالتا ئۇن» ئاچچىقىدا زۇۋانغا كېلىپ:

ــ چاقچىقىڭغا كۈلمىگەنلەرنى غىدىقلاپ كۈلدۈرەتتىڭمۇ،

ئەخمەق! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

قىزىپ قالغان ھېسام ئۇنىڭ بۇ «ئەخمەق» دېگەن سۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ ھېيتتا پوجاڭزا ئېتىپ، چاغاندا ساڭزا سالىدىغان ئەخمەق.

ئاپىسىنى ئەرگە بېرىپ، تويىنى ئوينايدىغان ئەخمەق.

كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بېلەت سېتىپ، ھۇنىرىم بار، دەيدىغان ئەخمەق.

ماگىزىنغا كۆزەتچى قىلىپ قويسا، سودىگەر بولدۇم، دېگەن ئەخمەق.

يىڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ، ئايغا چىقىمەن، دېگەن ئەخمەق.

چېچىنى گەدىنىگىچە قويۇۋېلىپ، ئالىم بولدۇم، دېگەن ئەخمەق.

ئۇششاق باللارنىڭ سالپاڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ، ليوتچىك بولدۇم، دېگەن ئەخمەق.

ئىككى پېتىكىنى ئىككى مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم، دېگەن ئەخمەق...

دەپ توختىماي كەلتۈرگىلى تۇردى. ئۆي ئىچىدىكىلەر ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈپ، بىرقانچىسى «ۋاي بولدى ھېسام، كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرۈدىغان بولدۇڭ!» دەپ ۋارقىراشتى. سېمىز مېھمانلاردىن بىر ـ ئىككىسى قورسىقىنى تۇتۇپ ئىنجىقلىشىپلا قالدى.

شۇ ئارىدا ئۆمەر تاز ھېسامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىچىپ خېلىلا تەڭشىلىۋالغانىدى.

ــ بۇگۈن خېلىلا پەيزىڭ بار ھە، ھېسام، ــ دېدى ئۆمەر، ــ بايام مېنى خېلى بىرنېمىلەر دەپ باقتىڭ، قېنى، يەنە ئوخشىتىپ باق، قانچىلىك ئوخشىتىسەنكىن.

ھېلىقى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئاق كىيىملىك كىشى چاقچاق

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرەلمەي تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ھېسام ئۆمەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ـ دە، غاچچىدە چاقچاقنى ئۆمەرنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى:

ــ بېشى تەرلىسە، گەدىنىنى يەلپۈيدىغان تاز.

تالادا شامال چىقسا، ئۆيدە تۇرۇپ دوپپىسىنى تۇتىدىغان تاز.

200 سوملۇق ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشسە ۋېلىسىپىتقا قارىماي، ئىككى سوملۇق شەپكىسىگە يۈگۈرىدىغان تاز.

چىرايىمغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ غورا يېمەيدىغان تاز.

بېشىمغا چىۋىن قونمىسۇن، دەپ قولىقىغا چىشقىسەي قىستۇرۇۋالىدىغان تاز...

داۋۇتجاننىڭ ئۆيىدىكى بۇ ئولتۇرۇش شۇ تەرىقىدە تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى. شوپۇر يىگىتنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئېچىلغانىدى.

ــ رەھمەت ھېسامكا! ــ دېدى ئۇ ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا ھېسامنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، ــ يائاللا، ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك قاتتىق كۈلۈپ باقمىغاندىمەن... ھېلىقى ئىنىڭىز قېنى؟ ھازىرلا مېنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن. ئازراق كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، سەھەردە مېڭىپ كېتىمىز.

ــ ئەمىسە بۇ ئىنىم ساڭا ئامانەت ئۇكا.

ئەخمەت قاراڭغۇدا تەمبۇرنى قولتۇقىغا قىسىپ، شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ــ ئەخمەت، توختىغىنا، ــ دېدى ھېسام، ــ ماۋۇ ئۈن كوينى يېنىڭغا سېلىپ قوي، يولدا كېرەك بولۇپ قالار.

ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئالمايمەن ھېسامكا.

ــ ئالمىساڭ رەنجىيمەن، مېنىڭ يوللۇقۇم... نەدىن كېلىپ قالغان پۇل؟ دەمسەن. ھېلىقى يۇسۇپ ساندۇقچى بىزنى بىر كېچە ئاۋارە قىلىپ بەرگەن پۇلنىڭ بازاردا خەجلەپ ئاشقىنى... مەندىن

غەم قىلما ئۇكا، خۇدا مېنىڭ رىزقىمنى ئەلنىڭ داستىخىنىغا چاچقان. بىرنېمە قىلىپ كۈنۈم كېتىدۇ… خەير، ئاقىۋەتلىك بولۇڭلار!

ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ ھېسام بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

× × ×

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتتى. زامان ئۆزگىرىشى بىلەن ئەخمەت رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ شۆھرىتى تېزلا ئاشتى. ئۇ كوئېنلۇن باغرىدىكى ئېتىزلاردا، جەنۇبنىڭ ۋاڭ - چۇڭلۇق شەھەرلىرىدە ناخشا ئېيتاتتى؛ پايتەخت ۋە چەت ئەل سەھنىلىرىدە ئۇنىڭ تەمبۇرىنىڭ ساداسى ياڭرىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتىغا قايتىش، ھېسام بىلەن قايتا ئۇچرىشىش نېسىپ بولمىدى… ئېغىر كۈنلەردە، ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتقان، ئاجايىپ يۇمۇرلىرى بىلەن خەلقنى كۈلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شۇ قارا يىللاردىكى سۇنۇق كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ شادلاندۇرغان ئاشۇ ئاجايىپ كىشىنى ئەخمەت قاتتىق سېغىناتتى… «ناخشا - ساز بىلەن ئويۇن - چاقچاقنى بىرلەشتۈرۈپ ئاشۇنداق كۆڭۈل ئېچىشنى كىملەر ئىجاد قىلدىكىن!؟…» ئۇ ھېسام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە بولغان بىرنەچچە كۈنلۈك خاتىرىلەرنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى… بەزىدە ئەخمەت دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، يىراقلارغا قاراپ خىيالغا كېتەتتى. يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەن يېنىك شامالّلار ئارقىلىق «سالام ساڭا ھېسام ئاكا!» دەپ غايىبانە سالام يوللايتتى.

1987 - يىل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ساۋاقداشلار

«ئاھ، ئانا مەكتىپىم! . . .»
ــــ بىر ستۇدېنتنىڭ خاتىرىسىدىن

1

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ كېلىۋاتقان بۇ پاسسازىر ئاپتوبۇسىدا يولۇچى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بوش ئورۇنلارنىڭ بىرىدە يېشى ئوتتۇز بەش ـ قىرىقلار چامىسىدىكى بىر كىشى يالغۇز ئولتۇراتتى. ياندىن قارىغاندا، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن ئۇششاق قورۇقلار ئۇنىڭ يېشىنى چوڭدەك كۆرسىتەتتى. ئۇدۇلدىن قارىغاندا، كەڭ پېشانىسى ئاستىدىكى نۇرلىنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى بىلەن ئۇ تېخى ياش، جاسارىتى كەتمىگەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بۇ كىشى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىسى ئەلى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ تۇرمىدىن ئاقلىنىپ چىقىپ، ئورنىغا قايتىشى ئىدى.

گىياھسىز تاغلار، باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تاشلىق چۆل ماشىنا ئەينىكى يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتەتتى. يولۇچىلار كىشىگە ھېچقانداق تەسىرات بەرمەيدىغان بۇ تۇگىمەس جەزىرىگە قاراۋېرىشتىن زېرىكىپ مۈگدەشمەكتە ئىدى. . .

ئەلى باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ

ئارقىغا ئۆتۈۋالغانىدى. ئۇ بۇ كەڭرى جاھاننى قانغۇچە كۆرۈشنى، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئازادە خىيال سۈرۈشنى خالايتتى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر ئۈستىدە ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭدىن گەپ سورىشىدىن زېرىككەنىدى. «تۇرمىدىن چىقتىم» دېگەن گەپ ئېغىزدىن چىقىشى بىلەن ھەممە ئادەم قىلىۋاتقان گەپلىرىنى توختىتىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا قارىشاتتى. قايسىبىرلىرى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن نېرىراق كېتىشەتتى؛ قايسىبىرلىرىغا بۇ ئىش ناھايىتى قىزىق تۇيۇلۇپ، «تۇرمىدىن چىقتىم، دەڭ، قاچان چىقتىڭىز؟ ئوغرىلىق قىلغانمۇ ياكى ئاچچىقىڭىزدا بىرەرىنى... قىيناشتىمۇ؟ قانچە يىل ياتتىڭىز؟...» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشاتتى. ئادەم دېگەننىڭ تەبىئىتى غەلىتە بولىدۇ، تۇرمىگە كىرىشنى ھېچكىم خالىمىسىمۇ، ئۇ يەردىكى تۇرمۇشنى بىلىشكە ھەممە ئادەم قىزىقىدۇ. بىر ئايال ئەلىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن ئېرىنى ئېسىگە ئېلىپ يىغلاپ كەتتى. قايسىبىر قونالغۇدا كۆزەينەك تاقىغان بىر ياش يىگىت ئەلىگە: «تۇرمىدە كۆرگەن كۈنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز» دەپ يېپىشىۋالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۇرمىدە ياتقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ يۇرگۇدەك، كەلگۇسىدە ئۇ تۇرمە ھاياتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بىر ئەسەر يازماقچىكەن، ئۇ ناھايىتىمۇ قىزىق بىر كىتاب بولۇپ چىقار ئىمىش.

ئەلى تۇرمىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇشنى خالايتتى. كىشىنىڭ ئىنسانىي غورۇرىنى يەرگە ئۇرىدىغان ئىشلار — كەمسىتىش، خورلاش، ھوقۇقسىزلىق، ئۇيقۇسىز ئۆتكەن تۇنلەر... يۇرەككە ئازاب سالىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق بىر چۇشكە ئايلىنىپلا، ئۆتۇپ كېتىشىنى ئۇ قانچە قېتىم تىلىگەن. ئۇ بىلمىگەننى بىلىش ئۇچۇن مەكتەپكە كىرگەن سەبىي بالا

www.uyghurkitap.com

ئىدىغۇ، قاچان، قانداق قىلىپ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدى؟ . . . بەزىدە ئۇنىڭ مەن چۇش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، قانداق؟ دەپ ئويلىغان كۈنلىرىمۇ بولغانىدى، ئۇ بىر ئۇخلاپلا ئەتىسى مەكتەپنىڭ تۆت كارىۋات قويۇلغان ئاشۇ كىچىككىنە ياتىقىدا ئويغىنىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دەپتەر - كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئوقۇش بىناسىغا قاراپ مېڭىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغانىدى.

مەيلى چۇش بولسۇن ياكى رېئاللىق بولسۇن، ئون نەچچە يىللىق تۈرمە هاياتى هازىر ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئەلىنىڭ مەهبۇسلۇق هاياتىنىڭ كۆپ قىسمى تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقلىرى بىلەن قارا شەهەر ئەتراپىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدا ئۆتكەن بولۇپ، زەيكەشتە ئىشلەش، كۈن چۇشمەيدىغان زەي كامىرلاردا يېتىش ئۇنى پۇت ئاغرىقىغا گىرىپتار قىلغانىدى. كېيىنچە ئۇنى يەنە تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىشتى. تۈرمىدىن خوشلاشقان ئاخىرقى سائەتلەر هېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، ئېگىز تام ۋە تام ئۈستىگە بەش قۇر قىلىپ تارتىلغان توك سىملىرى بىلەن قورشالغان بۇ تۈرمە چوڭقۇر بىر جىرانىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى دەل - دەرەخسىز ئوچۇقچىلىق ئىدى. تۈرمە دەرۋازىسىدىن باشلانغان يول يىراقتىكى تاشيولغا بېرىپ تۇتىشاتتى. ئەلى لاقا - لۇقىلىرى چىگىلگەن كىچىككىنە بوغچىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئۇنى هېلىلا بىرى قىچقىرىپ قالىدىغاندەك، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارايدىغانلا بولسا يەنە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. پەقەت ئۇ ئەركىن ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ يولغا سالامەت ئۇلاشقاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنگەندەك بولدى. بۇ يولدا ماشىنىلار توپا توزۇتۇپ ئۆتۈشۈپ

تۇراتتى. ئېشەك هارۋىسىدا ئولتۇرغان. بىر دېھقان ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى بەھۇزۇر توۋلاپ كېتىپ باراتتى. ئەلى بوغچىسىنى يەرگە قويۇپ، ئوچۇق ئاسمانغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ بىر كېرىلىۋالدى-دە، تاشيولغا چۈشۈپ مېڭىپ كەتتى.

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، ئۇزۇن يىل نەيزە ئاستىدا ئىشلەپ، خورلۇقتىن ئېزىلىپ كەتكەن بىر مەھبۇسنىڭ قەلبىدە قانداق ھېسسىيات بولسۇن؟! ئەلى: بۇ ئېغىر تۇرمۇش قەلبىمدىكى ھەممە ياخشى نەرسىلەرنى — ئوتلۇق ئارزۇ، گۆدەكلەرچە خىيال، ياخشى تىلەك، مۇھەببەت ۋە سېغىنىشلارنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىپ، ئۆزۈمنى تىرىك بىر مېيىتقا ئايلاندۇرۇپ بولدى، دەپ ئويلايتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئىنسان قەلبىدىكى بارلىق ھېسسىياتلارنىڭ ئانىسى — ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئادەم چىقىش يولىنى يوقىتىپ، قاراڭغۇلۇقتا تەمتىرەپ قالغاندا ئۆلۈمگە رازى بولغاندەك بولسىمۇ، كىچىككىنە ئۈمىد، كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرسىلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتقا ئىنتىلىش يەنە قايتا يالقۇنجاپ ئوت ئېلىپ كېتىدىكەن. كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ۋە شۇ ئېرىق بويىنى قاپلىغان ياپيېشىل ئوتلار، بەرقۇتتەك يېيىلىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرى ۋە شۇ مايسىلار ئىچىدە ئېچىلىپ تۇرغان ياۋا گۈللەر، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىدىن كىشىگە ئۇرۇلىدىغان سوغۇق شامال... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلىنىڭ قەلبىدىكى ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ھېسسىياتلار ۋە ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئۈمىد - ئارزۇلارنى قايتا ئويغاتقاندەك بولدى. ئۇ ئاجايىپ بىر زوقتا چۆمۈلۈپ، ئۆزىنىڭ قاياققا كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەي مېڭىۋەردى. پەقەت يىراقتىن تاشيول بويىدىكى كىچىك مەھەللىلەر كۆرۈنگەندىلا، ئۆزىنىڭ شەھەرگە ئەمەس، يېزا تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەملەپ ئارقىسىغا ياندى.

شەھەرگە كىرگەندە ئەلىنىڭ يۈرىكى نىمىشقىدۇر قىسىلغاندەك قىلدى. بۇ قەدىمىي شەھەر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن گۈرۈلدەيتتى، ئادەملەر توپى ھەر تەرەپكە قاراپ تەرتىپسىز ئاقاتتى. ئەلى ئۇزۇن يىل يىراقلىشىپ ئۇنتۇلۇپ قالغان بۇ قايناق ھايات ئۇنى ھەم خۇشال قىلاتتى، ھەم ئەيمەيدۈرەتتى؛ ئەركىن ئادەملەر توپىغا ئارىلىشىپ كەتكۈسى كېلەتتىيۇ، يەنە نىمىشقىدۇر ياتسىرايتتى... ئەلى بۇ بازاردىن ئۆزىگە بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋالدى، مېھمانخانىغا چۈشۈپ، يۇيۇنۇپ، ئۆزىنى تەرتىپكە سالغاندەك بولدى—دە، ماشىنا بېلىتى ئېلىپ ئەتىسىلا يولغا چىقتى. ئۇ ئەمدى قەيەرگە بارىدۇ، كىملەرنى ئىزلەيدۇ؟...

ئەلى مۇشۇ ماڭغانچە بېرىپ ئۈرۈمچىگە چۈشمەكچى، ئۇنىڭ قالغان رەسمىيەتلىرى ئۈرۈمچىدە بېجىرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان، بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىردان مەكتىپىگە چىقماقچى.

ئەلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنى يېزىدىكى مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان، بۇ مېھرىبان ئايال ئەلى تۈرمىگە كىرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا تارىلىپ كەتكەن، ئۇ كىملەرنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەلى تۈرمىدە ياتقان چاغلىرىدا تولىراق ئۈچ كىشىنى ئەسكە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئەلىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ئوسمان ئىدى. ئوسمان مېھرىبان، يۇمشاق سۆز ئادەم ئىدى. ئەلى بىلەن ئاكىسى ئوتتۇرىسىدا ئون نەچچە ياش پەرق بولغاچقا، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئەلىگە ئۆز ئاتىسىدەك بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ بىرلا ئەيىبى — ھاراقنى كۆپ

ئىچەتتى. بىر ئوبدانلا ئادەم هاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۆزگىرىپ، باشقىچىلا بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇ هاراق ئىچىپ غوۋغا چىقارمايتتى، خۇشاللىقى چەككە يېتىپ ناخشا ئېيتاتتى. كەيپى يەنىمۇ ئۆرلىگەندە قوپۇپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى، بارلىق قوشنا - قولۇم، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارنى بىزار قىلىۋېتەتتى. ئۇ ئەلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ، كىچىك بالىدەك ئەركىلىتىپ سۆيەتتى. ئەتىسى قىلغان ئىشلىرىغا خىجىل بولۇپ، رەنجىتكەن ئادەملىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورايتتى. خىجىللىقتا ئۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچمەيتتى. ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ ئىچىشنى يەنى باشلىۋېتەتتى. هازىر ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ يېشى ئەللىكتىن هالقىپ كەتتى. ئۇ هېلىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىچەمدىكىن؟ ئۇلار دىدارلاشمىغان بۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ مىجەزىگە يەنە نېمە يېڭىلىقلار كېلىپ قوشۇلغاندۇ؟...

ئەلى دائىم ئەسلەيدىغان ئىككىنچى كىشى ئۇنىڭ ئايالى رابىيە ئىدى. رابىيە ئىككىسى داشۆدە بىر سىنىپتا ئوقۇغان. بۇ قىز تال چىۋىقتەك ئورۇق بولۇشىغا قارىماي، تىنىمسىز شوخ ئىدى. ئەلىنىڭ كۆزىگە قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك زىلۋالىق، گۈزەللىك، خۇش خۇيلۇقلارنىڭ هەممىسى مۇشۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملەنگەندەك كۆرۈنەتتى، ئۇلار مەكتەپتىلا توي قىلىشتى. توي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئەلى قولغا ئېلىندى، دەسلەپكى يىلى ئۇ رابىيەدىن خەت - خالتا ئېلىپ تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ خەۋىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىلچە ئۆتۈپ، رابىيەدىن يەنە پوسۇلكىلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇ پەقەت خالتىلا ئەۋەتتى. باشقا خەت، گەپ - سۆزى يوق ئىدى. ئەلى هەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشالمىدى. رابىيە هازىر قەيەردە،

www.uyghurkitap.com

نېمە ئىش قىلىدۇ؟ تۇرمۇشى قانداق كېتىپ بارىدۇ؟ بۇ سوئاللار ئەلگە تېپىشماقتەك بولۇپ قالغانىدى. رابىيە بەزىدە ئەلنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلىنەتتى. بەزىدە ئۇ رابىيەنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيمۇ قالاتتى، ئۇنىڭ چىرايى توغرىسىدىكى تەسىرات توپا بېسىپ كەتكەن ئەينەك ياكى ناچار يۇيۇلغان سۇرەتتىكى شەكىلگە ئوخشاش خىرەلىشىپ قالاتتى.

ئۈچىنچى ئادەم بولسا، داشۆدىكى ئەلنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى راخمان ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ھاياجانلىنىپ دەرس ئۆتىدىغان، ئاجايىپ جۇشقۇن، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى ئىدى. راخمان بىلەن ئەلنىڭ بىرى مۇنبەردە دەرس سۆزلەيدىغان ئوقۇتقۇچى، يەنە بىرى شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن خاتىرە يازىدىغان ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، 1966 - يىلىدىن باشلانغان قالايمىقانچىلىق ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى باراۋەر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئالاھىدە دوستلۇق ئورنىتىلغانىدى.

ئۇ چاغدا، راخمان مۇئەللىم 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە رەھبەرلىككە پىكىر قىلغان، بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان يىللىرى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئاڭلىغان، مەتبۇئاتلاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان «جىنايەت» لىرى ئۈچۈن «توردىن چۈشۈپ قالغان ئوڭچى - مىللەتچى» ، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» ، «ئەكسىيەتچى ئىلمىي نوپۇزلۇقى» دېگەندەك قالپاقلارنى بىراقلا كىيگەنىدى. ئەيتاۋۇر، ئۇ چاغلاردا ئاسماندىن قالپاق يېغىۋاتقان ۋاقىتلار بولۇپ، بۇ قالپاقلارنىڭ ناملىرىمۇ خىلمۇ خىل ئىدى. بۇ ئاتالغۇلارنى قايسى «مۇتەخەسسىس» نىڭ، قانداق كېچىدە، نېمە چۈشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن يوگورۇپ قويۇق ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلمىسە بەندىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئەلنى بولسا «ئەكسىيەتچى كۆز قاراشتىكى

ئوقۇغۇچىلار» قاتارىغا چىقىرىشىپ، ھېچقانداق بىر «ئىنقىلابىي، قوشۇن» ئارىغا ئالماي «يېتىم قالدۇرۇش»-قاندى. مەكتەپتە ئاللىبۇرۇن دەرس توختاپ كەتكەچكە، ئەلى كۈنبويى «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن «قىزىل كىتابلار»نى ئوقۇپ ياتاقتا ياتاتتى.

راخمان مۇئەللىم مەكتەپنىڭ پارخانىسىغا ئوت قالاشقا بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچلىكى ياكى ئەتىگەنلىكى ئەدەبىيات فاكولتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقى ئالدىدىن پارخانىغا قاراپ گۈرجەكنى مۈرىسىگە سېلىپ مېڭىپ ئۆتەتتى. ئەلى كېچىلەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا ياردەمگە كىرەتتى. ئۇلار يالقۇنجاپ ئوت كۈيۈۋاتقان پېچقا كۆمۈر تاشلاپ، ھارغاندا ياندىكى كىچىك ئۆيگە كىرىپ دەم ئالاتتى. مۇئەللىم تام تۈۋىدىكى غېچىرلاپ تۇرغان كونا ياغاچ كارىۋاتقا يانپاشلاپ، خورما رەڭ مۇشتىكىگە قىستۇرۇپ تەييارلاپ قويغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چېكەتتى، ئەلى سىرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا تەتۈر مىنىپ، مۇئەللىمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. بەزىدە ئۇلار مەكتەپ ئاشخانىسىدىن ئەپلەپ ئېلىپ ئاچىققان ياڭيۇنى قوقاسقا كۆمۈپ قويۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. پاراڭنىڭ مەزمۇنى فارابىنىڭ پەلسەپىۋىلىك پىكىرلىرىدىن باشلىنىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغىچە، نىل دەرياسى بويىدا بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتىن تارتىپ، بۈگۈنكى ئىنقىلابقىچە بولغان بارلىق ئىشلارغا بېرىپ تاقىلاتتى. مۇئەللىم ئۆز پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوچۇقلۇقى ۋە يېڭىلىقى بىلەن ئەلىگە تەسىر قىلاتتى. بەزىدە ئۇلار ئوغرىلىقچە چىقىپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كىچىك قاۋاقتىن بىر - ئىككى رومكا قېقىۋېلىپ قايتىپ كىرىشەتتى. ئەلىنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇ چاغدا 20 تىيىنغا بىر سەر ئاق ھاراق بىلەن بىر تال چىلىغان سامساق بېرىدىغان، ئاچچىق ھاراقتىن كېيىن يېيىلگەن ھېلىقى سامساق

ئەلگە ناھايىتىمۇ لەززەتلىك تېتىپ كېتەتتى.

شۇ يىللاردا راخمان مۇئەللىم ئېيىغا بىرىلگەن 20 سوم تۇرمۇش پۇلى بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل، ياش خوتۇنى «ئىستىقبالىمىزغا تەسىر يېتىدىغان بولدى» دەپ يولدىشىدىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىپ، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ كېتىپ قالغانىدى. مۇئەللىمنىڭ ئۇمىد بىلەن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇزۇن قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى كوچىمۇ كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىشقانىدى. جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن كېلىپ تەگكەن بۇ ئېغىر زەربىلەردىن مۇئەللىمنىڭ چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكىرىپ، ئورۇقلىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا بىلىم ئەھلىگە خاس تەمكىنلىك ساقلانغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە ئالدىرىماي يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى يۆتكەپ كىيىپ، تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ، پارخانىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆمۈر دۆۋىلىرى ئارىسىدىن كېتىدىغان يول بىلەن سالماق قەدەم بىلەن مېڭىپ قايتىپ كېتەتتى. . . شۇ قەدىردان ئۇستاز ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدىكىن؟ ئۇ ھازىرمۇ ئەينى يىللاردىكىدەك جاراڭلىق نۇتۇقلارنى سۆزلەمدىغاندۇ؟ . . .

ئەلىنىڭ خىيالى ئۈزۈلمەي، ئۆتمۈش توغرىسىدىكى بىر خاتىرىدىن يەنە بىر خاتىرىگە ئۇلىشىپ باراتتى. قوياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان قارىماي يول ئېقىن سۇدەك كېلىپ ئاپتوبۇس چاقى ئاستىغا قويۇلۇپ، يەنە كۈمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئارقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

## 2

ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ ئادەم ۋە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن بىلىم يۇرتى ــ شىنجاڭ داشۆنىڭ دەرۋازىسى داغدام ئوچۇق

تۇراتتى، ئەلى دەرۋازىدىن كىرىپ، ياندىكى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ دەرۋازىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى.
مانا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇ ئېگىز بىنا مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى، بىر چاغلاردا بۇ يەرلەردە كۆرۈمسىز، بىر قەۋەتلىك كونا ئۆيلەر بولىدىغان، بۇ بىنا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدىلا پۈتكەنىدى. ئەلى قانچە قېتىم ئۇنىڭ يورۇق زاللىرىدا ئولتۇرۇپ كىتاپ كۆرگەن، خاتىرىلەر يازغان، يۇقىرى قەۋەتتىكى دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىياللار سۈرگەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بۇ بىنا «ئىسيانچىلارنىڭ باش شتابى» بولۇپ. پۈتۈن شەھەرگە دەھشەت سالغانىدى. بىنانىڭ ئالدىدىكى بۇ بىر پارچە يەر ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاشلىق ئىدى. ھازىر بۇ يەر تۇتاش كەتكەن كۆكۈل مەيدانلىقا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تەبىئىي پەن ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپتە يەنە بىر نەچچە يېڭى ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.
ئەلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىجتىمائىي پەن بىناسى تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يوپۇرماقلىرىنى كەڭ يېيىپ، سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ دەرخلەر ئۆز ۋاقتىدا تېخى كىچىك كۆچەتلەر ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بۇ كۆچەتلەرنى تىككەن ۋە ھەر باھاردا ئۇنىڭ تۇۋىگە چېلەكلەپ سۇ تۆككەن...
چۈشتىن كېيىنكى ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتى بولغان بولسا كېرەك، فاكۇلتېت بىناسى تەرەپتىن چىرايلىق كىيىنگەن ئوغۇل ـ قىزلار چۇۋۇلدۇشۇپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە تارقاشقا باشلىدى. ئەلى ئۇلارغا خۇددى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تونۇش بىرەرى چىقىپ قالىدىغاندەك سىنچىلاپ قارايتتى. ئەلى ئوقۇغان يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىنىشى بىلەن بۇ ياشلارنىڭ

كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئادەملەر خۇددى باشقا رەڭلەرنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سېرىق بىلەن كۆك رەختلەردىنلا كىيىم كىيىشەتتى. ئەلى قانچە قىشنى مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن پاختىلىق خەي بىلەن چىقارغانىدى.

ئەنە، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغان قارىقۇمچاق قىزغا نېمىلەرنىدۇر دەپ قىزىشىپ سۆزلەۋاتىدۇ؛ قىز بولسا كۆزىنى يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىپ، بىر پۇتىنى ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ قىرىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار نېمە توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندۇر؟ ياكى يىگىت قىزغا مۇرەككەپ بىر ئىلمىي مەسىلىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانمىدۇ ياكى بۇ يېڭى بىر مۇھەببەت ناخشىسىنىڭ باشلىنىشىمىدۇ؟... بۇ يەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يىگىتلىرى رىۋايەتلەردىكى پەرھاتتەك تاغۇ تاشلارنى كەزمەيدۇ، مەجنۇندەك چۆل ـ جەزىرىلەرگە چىقىپ كەتمەيدۇ؛ قىزلىرى كۆز يېشى ۋە ھەسرەتلىرىنى يىپەك ياغلىقلارغا كەچتە قىلىپ تىكىپ يىگىتكە سۇنمايدۇ. بۇ دىياردىكى مۇھەببەت مېۋىسى ئەنە شۇنداق يىراقتىن كۆز بېقىشىش، بىللە دەرس تەييارلاش، بىر ـ بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا ئىزدەپ بېرىشتەك ئاددىي يوللار بىلەن پىشىپ يېتىلىۋېرىدۇ... ئەلىمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇلارغا ئوخشاش غەمسىز ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇمۇ رابىيە بىلەن بۇ مەيدانلاردا بىللە يۈرگەن، بىر چېلەكنىڭ بېغىنى تەڭ تۇتۇشۇپ شۇ كۆچەتلەرگە سۇ قۇيغان، رەڭمۇ رەڭ ئېچىلغان گۈللەر ئۇلارنىڭ تالاي پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغان. بىر ئويلىسا ئۇ تۇنۇگۈنكى ئىشلاردەكلا بىلىنىدۇ، ئاشۇ كېتىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ھېلىلا تونۇش بىرى ئايرىلىپ چىقىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلىدۇ....

ئەلى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا چىقتى. ئاسفالت يېيىتىلغان بۇ چوڭ مەيداندا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار توپ ئويناۋاتاتتى. مەيداننىڭ نېرىقى بۇرجىكىدىكى تورنىكلار قويۇلغان تەرەپتە قىزلار نېمىنىدۇر چۆرىدىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ئەلى مەيدان چېتىدىكى ئاكاتسىيىگە يۆلەنگىنىچە بۇ مەيدانغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدى.

1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەلىنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايتتى. شۇ كۈنى بۇ مەيداندا كۆتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق قارا قويۇندا، تۆت يۇزدىن ئوشۇق كىشى تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش قىلىنغان، كۈرەش قىلىنغانلار ئىچىدە مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئىشچىلىرىغىچە، فاكۇلتېتنىڭ مۇئەللىملىرىدىن تارتىپ ئاددىي ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممە قاتلامدىكى ئادەملەر بار ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ مەكتەپ مەكتەپكە ئوخشىماي قالدى. ئەسەبىيلەشكەن بىر توپ تەلۋىلەر مەكتەپنى بېشىغا كىيىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ قىلمىشلىرىنى «ھەقىقىي ئىنقىلاب» دەپ چۈشىنىدىغان «ساددىلار» مۇ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەي ئەگىشىپ يۈرگەن ئەخمەقلەرمۇ، پىتنە - پاسات تېرىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان چاكىنىلارمۇ، كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان رەزىللەرمۇ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشنى كۆڭلىگە پۈككەن قارا نىيەتچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ، ئاجايىپ «كەشپىياتلار» نى تېپىپ چىقىشقانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى، قەدىمىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قانچە قەدىمىي بولسا شۇنچە خەتەرلىك بىلىنەتتى؛ ئۇلار سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ بىنالارغا ئويغان ئويمىلىرى، نەرسە - كېرەكلەرگە بېسىلغان نەقىشلەر، ئاياغ كىيىملەرنىڭ

پاشىنىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگۈر سىزىقلارنىڭ ھەممىسىدىن «پارتىيىگە قارشى» دېگەن بىر مەنىنى تېپىشقا تىرىشاتتى. كۈتۈپخانا زاللىرىغا ئېسىلغان رەسىملىك جازىلار جاراڭلاپ چۈشۈپ چېقىلدى؛ ئەدەبىيات فاكولتېتى بىناسىنىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى قەدىمىي كىتابلار ساقلىنىۋاتقان ئۆي پاچاقلىنىپ، قانچىلىك ئاۋارىچىلىقلار بىلەن توپلانغان ۋە قانچە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن رەتكە تۈرغۇزۇلغان بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆلى كۆككە ئۈچتى. شۇ كېچە ئىتلار توختىماي ھاۋشىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزچىلىك سالدى، قانچە ئادەملەر ئۇيقۇسىزلىقتىن تۈنىنى تاڭغا ئۇلىدى، تالاي كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلدى، «گۇمانلىق» دەپ قارالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىلىرى يەرگە تاشلىنىپ، مەشق ئۈچۈن يازغان ئەسەرلىرى تارتىۋېلىندى. بۇ تېخى تەلۋىلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە بولغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسە كىممۇ ئىشىنەر؟ شۇ چاغدىمۇ كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتاتتى، دالالاردا رەڭگا رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى، مەكتەپ ئارقىسىدىكى قارىياغاچلىقتا قۇشلار سايرىشاتتى، تەبىئەت تىنچ ۋە زامان ـ زامانلاردىن بېرى قانداق كېلىۋاتقان بولسا شۇ بۇيۇكلۇكى بىلەن تۇراتتى؛ لېكىن جەمئىيەتتە كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار يۈز بەرمەكتە ئىدى: مەكتەپ ئىچى ۋە كوچىلاردا چوڭ خەتلىك گېزىت پارچىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئوقۇش بىنالىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن تاشلار، بىنالارنىڭ ئىشىكلىرىگە تىركەپ قويۇلغان ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىكى جەڭ مەيدانىنى كەلتۈرسە، نەيزە ـ قالقان تۇتۇشۇپ تۇرغان «ئىسيانچىلار» شامال تۈگمىنىگە قارشى «باتۇرلارچە» ئاتلانغان دونكىخوتنى ئەسكە سالاتتى. ئاتا بىلەن

بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، پۇقرا بىلەن ئەمەلدار ئوتتۇرىسىدا بەس - مۇنازىرە قايناۋاتتى؛ كىشىلەر تامدەك تاتىرىپ بىر - بىرىگە قول شىلتىشاتتى، ئۆپكىدەك قىزىرىپ ياقا سىقىشاتتى. مانا بۇ — «ئاما تولۇق قوزغىتىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئىدى.

ئەلى فاكۇلتېت بىناسىغا كىرىپ، پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلدى. بىنانىڭ زاللىرىدا يۇرگەنلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. سىنىپلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكلىرىدىن دوسكىغا نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كۆزگە چۈشەتتى. قايسىبىر سىنىپتا بالىلار قانداقتۇر بىر خورغا ۋارقىراپ، سىنىپنى چاڭ كەلتۈرۈشكەنىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىتىپ بارغان مۇئەللىملەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەلى تونۇدى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى كۆزلىرىگە كۆزەينەك تاقاشقان، يەنە بەزىلىرى خېلىلا مۈكچىيىپ قالغانىدى. مانا بۇ كېلىۋاتقان سالاپەتلىك ئايال ئەلىلەرگە «جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى» دىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئىسمى خەلچەممىدى، ئايشەممىدى؟ . . . بۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى ئەلى دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى.

— راخمان مۇئەللىم قايسى بۆلۈمدىكىن؟ — دەپ سورىدى ئەلى ھېلىقى ئايال ئوقۇتقۇچىدىن.

— ئۆيىدە ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى ئايال ئەلىگە قاراپمۇ قويماي.

«تونۇمىدى، — دەپ ئويلىدى ئەلى، — چىرايىم شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىنا؟»

ئۇ بىنادىن چىقىپ، مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ كەتكەن يول بىلەن مېڭىپ كەتتى.

ئۇ ئازراقلا مېڭىپ، چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا چىقىپ قالدى. بۇ كۆل «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئالدىنقى

www.uyghurkitap.com

يىللىرىدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆچى بىلەن قېزىلغانىدى. كۆلنىڭ سول تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇغان مانا بۇ ئۈچ يېرىم قەۋەتلىك بىنادا بولسا ئەلى بەش - ئالتە يىل يېتىپ - قوپقان. ئۇ ئەينى يىللاردا پۈتۈن مەكتەپكە داڭقى چىققان ئەدەبىيات ئوغۇللار ياتاق بىناسى ئىدى. ئوقۇش توختاپ كەتكەن ھېلىقى قالايمىقانچىلىق يىللىرى بۇ بىنانىڭ ھەربىر ياتىقى ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا سانىلاتتى. قايسىبىر ياتاقتا دۇتار بىلەن ناخشا قاينايتتى، كىملەردۇر ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، ئاخشامقى توپىلاڭدا قولغا چۈشكەن ئولجىلىرىنى تىقىشتۇراتتى. قايسىبىر ياتاقتا بىر خىيالچان ئوقۇغۇچى تۈرۈسقا قاراپ يالغۇز ياتاتتى. كىملەرنىڭدۇر ياتىقىدىن قىز - ئوغۇللارنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قايسىبىر ياتاقتىكى «ئىنقىلاب» توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ ئاخىرى جېدەل - ماجىراغا ئايلىناتتى...

ئەلى كۆلنىڭ يېنىدىكى چوڭ يول بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇ يوللار ئەلىگە ناھايىتىمۇ تونۇش، بىر چاغلاردا ئۇ رابىيە بىلەن بۇ يولدىن تالاي قېتىم ئۆتكەن. نېرىدىكى دۆڭدىن ئۆتۈپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئازراق ماڭغاندا مەكتەپنىڭ تېرىلغۇ مەيدانى باشلىناتتى. ئۇ يەردىكى ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن ئېرىقلارنىڭ بويىدا يوغان قارىياغاچلار سايە تاشلاپ تۇراتتى. بالىلار بۇ جاينى «قارىياغاچلىق» دەپ ئاتايتتى، ئۇ يەردە بۇكىدە كۆچەتزارلىقلار، مەكتەپ ئاشخانىسى ئۈچۈن تېرىلغان ھەر خىل كۆكتاتلار، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا بولسا دولقۇنلىنىپ تۇرغان كەڭ بۇغداي ئېتىزلىرى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرگە دەرس تەييارلىغىلى چىقىشاتتى. ئەلى بىلەن رابىيە بۇ يەرگەن پات - پات كېلىشەتتى. ئۇلار ئاشۇ قارىياغاچلىقتىكى چۆپلۈكلەر ئارىسىدا بىر - بىرىگە سىرلىرىنى ئېيتىشقان، دەۋر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى پىچىرلاشقان، كەلگۈسى

توغرىسىدا ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت مىجەزى كېلىشىپ قېلىشىمۇ، ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇنداقلا بىر يېقىنچىلىقمۇ ياكى كىتابلاردا ئېيتىلغان مۇھەببەتنىڭ ئۆزىمۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ سوئالغا ئەلىنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى.

كېيىن، ئوقۇش توختاپ، ھەر كۈنى كوچىغا چىقىپ شوئار توۋلاشلار باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ئۇرۇش - چېقىش، باش - ئايىغىنى يىغىشتۇرۇپ بولمايدىغان مالىمانچىلىققا بېرىپ يەتتى. ئەلىلەرنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، تەقسىم بولۇش ئىشى ئىككى يىلچە كېچىكتى. ئاندىن قايسىبىر ھەربىي قىسىمنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقسىمات ئىشىنى ئىشلىدى. ئۇلارغا بىر يىللىق مائاشىنى تولۇقلاپ بەردى. شۇ چاغدا، رابىيە بىلەن ئەلى ئاددىيغىنا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكەنىدى. ھازىر ئويلىسا ئەلى شۇ تويىنى قانداق تەييارلىقلار بىلەن قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ئېسىدە قالغىنى، رابىيە ئۆيىنىڭ كېرەكلىك بىر قۇر جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ، دوستلىرى بىلەن يېڭى يوتقان - كۆرپە تىكىشكە تۇتۇش قىلغانىدى. ئەلى بىر قۇر يېڭى كىيىم - كېچەكلەر سېتىۋالغان، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى شەخسلەر ئىگىز- پەس قىلىپ ئۆي سېلىۋالغان ئازگال كوچىدىن ئىجارىگە بىر ئېغىز ئۆي تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ تويى شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، ئەيتاۋۇر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ بىرىدە، كۆڭلى يېقىن ئون نەچچە ساۋاقداشلىرىنىڭ جەم بولۇشى بىلەن ئاددىيلا ئۆتكەن. ئۇ چاغلار يۈرەكلىك ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقىمۇ بولمايدىغان بۇرۇقتۇرما جاھان ئىدى. مېھمانلار دەسلەپتە ئازراقتىن ئىچىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، بۇنداق كەيپىياتقا چىدىمىغان رابىيە ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ: «يولداشلار، بۇھازا ئەمەس، توي، مېنىڭ تويۇم، ئازراق ناخشا بىلەن ساز چېلىپ،

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلۈكرەك ئولتۇرمىساق رازى بولمايمەن» دېگەنىدى.

بىر دەمدە قەيەردىندۇر بىر دۇتار تېپىپ كېلىنىپ، ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئەدىيال تارتىپ قويۇلۇپ، شۇ بىر دۇتار بىلەن ئۇلار ناخشىمۇ ئېيتىشقان. تانسىمۇ قىلىشقان، تاڭغا يېقىن مېھمانلار يېڭى ئائىلە قۇرغۇچىلارغا مەڭگۈلۈك بەخت تىلىشىپ تارقىلىپ كېتىشكەن. لېكىن، بۇ بەخت ئۇزۇنغا بارمىدى، تويي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئەلى قولغا ئېلىندى.

ئەلىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى. بۇ خاتىرىنى «ئىسيانچىلار» قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، خاتىرىنىڭ كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان سەھىپىلىرى قانۇن ـ تۈزۈم ئاياغ ئاستى قىلىنغان؛ پېشقەدەملەر، ئىلىم ئىگىلىرى، گۈزەللىككە تەلپۈنگەن ياشلار زەربىگە ئۇچرىغان؛ ئادەملەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك، گۇمانخورلۇق، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش ئەۋج ئالغان، يالغان گەپ بازار تېپىپ، پىتنە ـ پاسات يامرىغان شۇ دەۋرگە بولغان ئاچچىق كىنايى سۆزلەر بىلەن تولغانىدى. بۇ دەپتەر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، توپتوغرا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش باش شتابى» غىلا يېتىپ باردى. . . .

ئەلى كۆل يېنىدىكى دۆڭلۈكتىن ھالقىپ چۈشۈپ بولغانىدى. ئەلى ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئەينى يىللاردىكى قارىياغاچنىڭ ئورنىدا ھازىر ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن يېڭى بىر مەھەللە يېيىلىپ ياتاتتى.

3

پروفېسسور راخمان مۇئەللىم رادىئو چۈشتىن كېيىنكى سائەت بەشكە سىگنال بەرگەندە، يېزىق ئۈستىلىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سائىتىگە قارىدى. «پاھ، سائىتىم توپتوغرا ئون

مىنۇت كېيىن قاپتۇ. كېچە تولغىمىۋېدىممىكىنا. . . »

دەل شۇ چاغدا بىرى ئىشىكنى چەكتى. پروفېسسور ساپما كەشىنى پۇتىغا سېپىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئىشىك يەنە قاتتىقراق چېكىلدى.

— ھە، كىم؟

مۇئەللىم ئىشىكنى ئېچىپ، ئالدىدا تۇرغان ياش كىشىنى تونۇيالماي بىر دەقىقە تىكىلىپ قالدى — دە:

— ئەلىمۇ سەن؟ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇئەللىم، تونۇيالمىغىلى تاس قالدىڭىز — ھە؟ راستىڭىزنى ئېيتىڭە، شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟ . . .

يىگىت غۇلچىنى كەڭ يېيىپ، ئوقۇتقۇچىسىنى قۇچاقلىدى.

— تونۇدۇم، تونۇدۇم، ئېمىشقا تونۇماي. ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، قەيەردىن پەيدا بولدۇڭ؟

— تۈرمىدىنلا كېلىشىم.

— ئاقلىنىپسەن ـ دە؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزىدە ياش تامچىسى پارقىرىدى.

— ئېمىشقا بوسۇغىدىلا تۇرىمىز، قېنى ئۆيگە كىر.

ئەلى مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن پۇتىنى سۆرەپ ماڭغىنىچە تار زالدىن ئۆتۈپ، چاققانغىنا بىر ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ سول تەرەپتىكى گىلەم تارتىلغان تېمىغا تىرەپ بىر كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئۇستەلنىڭ بىر بۇرجىكىدە قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر نەچچە كىتاب دەستىلەكلىك تۇراتتى. ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قول يازمىلارنىڭ ئۈستىدە ياتقان كۈمۈش رامكىلىق كۆزەينەك، قاپچۇقى ئوچۇق قەلەملەردىن ئەلى ھېلىلا مۇئەللىمنىڭ بۇ يەردە ئىشلىگىنىنى پەملىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— سىزنى ئىشتىن قويىدىغان بولدۇم، — دېدى ئەلى ئۆيگە كىرىپ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، بىز كۆرۈشمىگىلى قانچە يىل بولۇپ كەتتى؟ ئىش دېگەننى قاچانلا بولمىسۇن قىلىۋالىمەن. ئاۋۇ سافاغا ئۆت.

ئۇلار ئۆينىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىگە قويۇلغان بىر جۈپ سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئىككى سافا ئوتتۇرىسىغا بىر چاي ئۈستىلى قويۇلغان بولۇپ، بۇ كىچىك ئۆي مۇشۇ جاھازلار بىلەنلا توشۇپ قالغانىدى. ئەلىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن نېرىقى چوڭ ئۆيدىكى نەرسىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇ يەردە كىيىم ئىشكابلىرى، كىيىم ئاسقۇچ، ساندۇق، خۇرۇم چامادانلار بولۇشىغا تاشلاپ قويۇلغانىدى. تۆردىكى ئىككى كىشىلىك چوڭ كارىۋات ئۈستىگە بىرنەچچە پارچە گىلەم تۈرەپ قويۇلغانىدى. پولدا رەسىم جازىلىرى، كىتابلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

— بۇ ئۆيگە يېڭى كۆچۈپ كىردىم، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئەللىم، — نەرسە - كېرەكلەرنى تېخى رەتلىگۈدەك بولمىدىم. تۇرمىدىنلا كېلىشىم دېدىڭما؟ قاچان بوشانغانىدىڭ؟

— تېخى ئون كۈننىڭ ئالدىدا ئېگىز تاملارنىڭ ئىچىدە ئىدىم. تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. مېھمانخانىغا چۈشۈپ، ئۆزۈمنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپلا ئالدىڭىزغا كېلىشىم، مەكتەپنى، سىزنى سېغىندىم.

— رەھمەت، پات - پاتلا ئېسىمگە كېلىپ قالىسەن، ئۇ چاغدا تېخى ياشلا بالا ئەمەسمىدىڭ، ھازىر يوغانلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەن. سېنى قايسى يىلى تۇتۇپ كەتكەنىدى؟

— 1968 - يىلى.

— ھە مانا، ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سېنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىشقا ھۆكۈم قىلغان ئەمەسمىدى؟

كونىلارنىڭ «كەتكەنلەر كېلىدۇ، كەتمەنلىگەنلەر كەلمەيدۇ» دېگەن سۆزى راست. ئەجەلنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەپسەن. قورسىقىڭ قانداق؟

— ھېلىلا دۆڭكۆرۈكتە تاماق يېدىم. ئۇ يەر قالتىس بازار بولۇپ كېتىپتۇ.

— ھە، ئۇنداق بازادىن ئۇرۇمچىدە بىر قانچە يەردە بار، جىق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. . . . توختا، چۈشتە ئېشىپ قالغان سەيدىن ئازراق بار، ئىسسىتىپ كىرەي. بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى.

— مەكتەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھېلىقى قاۋاقتىنلا ئىچمەيلىمۇ؟

— قايسى قاۋاقتىن دەيسەن؟

— ھېلىقى، سىز پارخانىغا ئوت قالايدىغان چاغدا ئىككىمىز ئوغرىلىقچە چىقىپ ھاراق ئىچىدىغان قاۋاقچۇ؟ شۇ دۇكانچى ھازىرمۇ بارمۇ؟

— ھە، ئۇنتۇماپسەن. ئۇ قېرى ئۆلۈپ كەتتى. قاۋاق ھازىرمۇ بار. ھارىقى تازا ياخشى ئەمەس. ئۇ چاغدا ياخشى جۇن ساتاتتى - ھە! ھازىر پارچە ھاراقلار جالىشىپ كەتتى. مېنىڭدە سىلەرنىڭ يۇرتنىڭ ھارىقىدىن بار، شۇنىڭدىن ئىچەيلى.

راخمان مۇئەللىم چىقىپ كەتتى. ئەلىنىڭ ئېسىگە مۇئەللىمنىڭ ئايالى كەلدى: «ئۇ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدىمىكىنە؟» . . . بېشىنى كەم ئۇچرايدىغان زىراپىدەك غادايتىپ، ئۇزۇن پۇتلىرىنى يېنىك ئېلىپ ماڭىدىغان ئۇ ئايال گۈزەل ۋە تولىمۇ مەغرۇر ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنى كۆرسە: «ئەنە راخمان ئوقۇتقۇچىنىڭ مەلىكىسى كېلىۋاتىدۇ» دېيىشەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قىز ۋاقتىدا قايسىبىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى بولۇپ، بېيجىڭغا بارغاندا ئو يەردە ئوقۇۋاتقان راخمان مۇئەللىم بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن.

— ئايالىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى، مۇئەللىم ئۇستەل ئۈستىگە يېمەكلىكلەرنى قويۇۋاتقاندا.

— ئۇنىڭ گېپىنى قوي. ئۆز ۋاقتىدا قانداق ئادا - جۇدا بولۇشقانلىقىمىزدىن خەۋىرىڭ بار. ئۇ شۇ كەتكەنچە كەتكەن بولدى. يۇگەنسىز ئاتتەك ھەۋەسىنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا مېڭىپ باقتى. كېيىن، مەكتەپ خىزمىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇتۇپ قالغان مائاشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، بىر نەچچەيلەن ئارىغا كىرىپ بىزنى ياراشتۇرۇپ قويماقچىمۇ بولۇشتى، بۇ خوتۇندىن رايىم ناھايىتى قايتىپتىكەن، بولدى قىلدىم. ئۆتكەن يىللاردا بالىلىرىم مائاشىم چىقىدىغان كۈنلىرى پەيدا بولۇپ قالىدىغان، ھازىر ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا جاھان تۇتىشىپ كېتىشتى. مانا مەن تېخىچە يالغۇز، يالغۇزلۇقتا ئۆگىنىپ قالدىم، سەن ھازىرمۇ تاماكا چەكمەمسەن؟

— چەكمەيمەن.

— مانا قىزىق، تۈرمىدىمۇ چەككۈڭ كەلمىدىمۇ؟

— چېكىپ باقتىم، قاملاشتۇرالمىدىم.

مۇئەللىم قولىدىكى ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئىككى شوراپ، كۈلدان ئۈستىگە قويدى - دە، يەنە چوڭ ئۆيگە چىقىپ كەتتى. جىگەر رەڭ چوڭ مۇشتەككە قىستۇرۇلغان سىگارتتىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، ئېگىزلىككە چىققاندا تولغىنىپ بىر چەمبەر ياساپ، ئەتراپقا تەكشى يېيىلىشقا باشلىدى. مۇئەللىم ئىشكاپلارنى تاراقشىتىپ، نېمىلەرنىدۇ ئاختۇرماقتا ئىدى. ئەلىنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئاشۇ مۇشتەك مۇئەللىم پارخانىنىڭ ئوچىقىغا كۆمۈر تاشلاپ يۇرگەندىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيتتى. ھازىر ئۇ تېخىمۇ سىلىقلىشىپ پارقىراپ، قولدا تۇتقان يەرلىرىنىڭ سىرى سۈسلىشىپ، ئاچ مېغىز رەڭگە كىرىپ قاپتۇ. «ئەجەب

ئىش، — دەپ ئويلىدى ئەلى، — قانچە يىل ئۇنىڭ قوينىدا ياتقان ئايال ئاخىردا ئۇنىڭغا ئەسقاتماپتۇ، كىچىككىنە بىر مۇشتەك بولسا هازىرغىچە ئۇنىڭغا سادافەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ قولدىن چۈشمەيۋېتىپتۇ...»

مۇئەللىم «ئىلى ئالىي هارىقى» دىن بىر بوتۇلكا كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاغزىنى ئاچتى.

— شۇنداق گەپلەر ئەلى، ئۆزۈڭنىڭ ئەهۋالىنى بىر سۆزلىگىنە، نېمە جاپالارنى تارتتىڭ؟ چىرايىڭغۇ يامان ئەمەس تۇرۇپتۇ، نېمىشقا پۇتۇڭغا يوغان ئۆتۈك كىيىۋالدىڭ؟

— پۇتۇم ئاغرىيدۇ. بۇ تۈرمىنىڭ ماڭا بەرگەن يالدامىسى. سۆزلىگۈدەك نېمە بار دەيسىز، ئۇزۇن يىل ناهەق كۈلپەت تارتتىم، ئۆلمىدىم، يەنە قايتىپ كەلدىم.

ئەلى چۆل - جەزىرىلەردە يۇرگەندە ياكى سىم نوساقلار ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياتقان چاغلىرىدا مۇشۇ مۇئەللىمگە ئېيتماقچى بولغان نۇرغۇن سۆزلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى؛ بىرەر يېڭىلىقنى ئۇچراتقان ياكى بىرەر ئىشتىن ئاچچىق تەسىرات ئېلىپ، كاللىسىدا يېڭى پىكىرلەر پەيدا بولغان چاغلاردا ئۇ مۇشۇ ئادەم بىلەن مۇڭدىشىشنى ئىستەپ قالاتتى. هازىر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ گەپلىرى قىسقىلا بولۇپ تۈگەپ قالدى.

— توغرا، — دېدى مۇئەللىم، — ياخشىسى ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قال، قېنى ئالە، سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن بىر ئىچىۋېتەيلى.

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىپ، تەنتەنىلىك هالدا رومكا سوقۇشتۇردى.

— هاراقنى ئۇزۇندىن بېرى بۈگۈن ئېغىزغا ئېلىشىم. كۆپ ئىچەلمەيمەن، — دېدى ئىككىنچى رومكىدىن كېيىن ئەلى.

— قورقما، ماۋۇ يامان ئەمەس هاراق. هازىر مەنمۇ كۆپ

ئىچەلمەيمەن. كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى ئەلى. تۇتۇپ قالغان نەچچە مىڭ سوم پۇلۇمنى بىراقلا قايتۇرۇپ بەردى. لېكىن، بىھۇدە كەتكەن ۋاقتىمنى كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ!؟ ھازىر زېھنىم ناچارلاشتى، سالامەتلىكىم ئىلگىرىكىدەك ئەمەس. يېقىندا پروفېسسور ئۇنۋانى ئالدىم...

— دۇرۇس، ئەجرىڭىزگە لايىق ئىش بوپتۇ.

— نەدىكىنى، راستىنى ئېيتسام، يازغان بىر نەچچە ماقالەم، بىر ـ ئىككى كىتابىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنۋانغا چۈشلۇق دەسمايىنىڭ تايىنى يوق... ئىچىم پۇشىدۇ، بەزىدە ئىچىپ قويىمەن. ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بارغۇ، قارىغاندا مەن يەنىلا تەلەيلىك ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپمۇ كېتىمەن. ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، يەنە ئاز ـ تولا ئىش قىلمىسا بولامدۇ دەيسەن. ھەر كۈنى بىرەر سائەت بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قويىمەن. ھەپتىسىگە بىر ـ ئىككى سائەت دەرس سۆزلەيمەن. سەن كۆرگەن چاغدىكىدەك ۋالاقلىغىنىم ۋالاقلىغان. ئەمما، زېھنىم بۇرۇنقىدەك ئەمەس. سىنىڭچىلىك ۋاقىتلىرىمدا كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى تېشىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم. ھازىر ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدىم. بەزى كۈنلىرى ئىشىكنى قۇلۇپلىدىممۇ، قۇلۇپلىمىدىممۇ؟ دەپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىمەن. ئۇستۇمدىكى كۆڭلەكنى چامادانىدىن ئىزدەيدىغان چاغلىرىممۇ بولۇپ قالدى. بەزىدە بازارغا چىقىپ، نېمە ئالغىلى چىققىنىمنى ئېسىمگە ئالالماي يول ئۈستىدە تۇرۇپ قالىمەن....

شۇنداق دەپ تۇرۇپ مۇئەللىم بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ رومكىغا ئېڭىشتۇرىۋىدى. بوتۇلكىنىڭ مىتال ئېغىزى رومكا ئېچىگە جاراڭلاپ چۈشتى.

— مانا دېمىدىممۇ! — دەپ كۈلۈۋەتتى مۇئەللىم.

ئەلىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ مۇئەللىمگە قارىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېلىقى يىللىرى چالىشىشقا باشلىغان چاچلىرى



www.uyghurkitap.com

هازىر ئاپئاق ئاقارغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سالاپەت بەرگەنىدى. شۇ ئۆزگىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن تېخى قىزىللىق يېتمىگەن، كىيىم - كېچەكلىرى يەنىلا پاكىز، رەتلىك ئىدى. تۈگمىلىرىنى ياقىسىغىچە ھەم ئېتىۋالىدىغان تۆت يانچۇقلۇق چاپاننىڭ ئورنىغا ئۇ ھازىر قوڭۇر رەڭلىك كاستۇم كىيگەن بولۇپ ، كاستۇم ئاستىدىن كۆڭلىكىنىڭ ئاپئاق ياقىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان بۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مىجەزى بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەلى ئەزەلدىن ئىچ مىجەز، كەم سۆز بالا ئىدى. ئۇ 11 يېشىدىن باشلاپ شېئىرلار يازغان، 15 يېشىدا دەسلەپكى ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئويلىغانلىرىنى، ھېسسىياتىنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر ئىدى. ئاۋۇتتە، قەلەم بىلەن يېزىلغان خاتىرە ئۇنىڭ بېشىغا چىقىشقا تاس قالدى. راخمان مۇئەللىم بولسا توغما ناتىق. ئۇ 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى بولغان، كېيىن ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە چىقىپ ئوقۇغان، ئۇ يەردىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلىپ، چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قولىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن، كۆڭلىگە كەلگەن پىكرىنى دادىل دەۋېرىدىغان بولغانلىقتىن 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئارقا - ئارقىدىن زەربىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بولۇپ يېشىلىپ چىقاتتى، بۇ ناتىقلىق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى. سىياسىي ھاياتىدا ئۇنى نورغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگىمۇ سالدى. قىسقىسى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى سۆزلەپ، بىرى يېزىپ بالاغا قالغانلاردىن ئىدى.

هاراق يېرىملاشقاندا مۇئەللىم بارغانسېرى ئېچىلىپ، ئىلگىرىكى جۇشقۇن دەۋرىگە قايتقاندەك بولۇپ قالدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم باياتىن بېرىقى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— تۈنۈگۈن، كېلىپلا باش ساقچىغا يولۇققانىدىم، ئۆيگە قايتىپ، ئىككى - ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭغىچە قالغان رەسمىيەتلىرىم پۈتۈپ تەييار بولىدىكەن، مەن ئۆزۈم خىزمەت ئورنى ئوقۇشسامۇ بولىدىكەن، بولمىسا، ئۇلار ئۆزى خىزمەت ئورنى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. مېنىڭ ھۆكۈمەت ئورنىدا خىزمەت قىلغۇم يوق. ئاز كۈن كۆردۈممۇ، يېزامغا بېرىپ كەتمەن چاپىمەن.

— ھا! ھا! ھا!... — مۇئەللىم قاتتىق كۈلۈۋەتتى، — بالىلارچە خىياللىرىڭ تېخى بار ئىكەن-دە، جۇڭگودا كەتمەن چاپىدىغانلار يېتىپ ئاشىدۇ. سەن دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى-دە، ئوقۇغۇچى ۋاقتىڭدىلا ياخشى يازاتتىڭ. تۇرمۇشنى كۆرۈپ پىشتىڭ، ئەمدى تازا ياز. ئۆتكەن ئىشلارغا قېيداپ نېمە تاپىمىز. بىر چاغلاردا مەنمۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بىر سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ناھەق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، دەپ ئازابلانغانىدىم. ئويلاپ باقسام، جۇڭگودەك نەچچە مىڭ يىل فېئودالىزم ئاسارىتىدە تۇرۇپ كەلگەن بىر مەملىكەتنىڭ ئالغا بېسىش تارىخىدا مۇنچىلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن. باشقىلار ماڭمىغان بىر يېڭى يولنى ئىزدەۋاتقان دۆلەتكە داغدام يول نەدە تۇرۇپتۇ. يېڭى يول ھامان تار ۋە ئەگرى - توقاي بولىدۇ...

— ئەمدى نېمىنىمۇ يازارمەن؟

— ئېلان قىلىنمىغان بىر - ئىككى ھېكايەڭنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم. چىقىۋاتقان ھەممە گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەسەر ئەۋەتىپ، ئۆزىنى ئۆزى شائىر، يازغۇچى ساناپ يۈرىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يازغانلىرىنى خەلق ئوقۇپمۇ قويمايدۇ. بەزىلەر بىر پارچە ئەسىرى بىلەنلا خەلققە تونۇلۇپ كېتىدۇ.

— سەۋەبى نېمە؟

— نېمىشقا دېسەڭ، تۇرمۇشتىن تەسىرلەنمەيدىغان ئادەمدىن ياخشى ئەسەر چىقمايدۇ. ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى ئاختۇرۇشى، كىشىلەر قەلبىنى ئىپادىلىشى، ھەرخىل مىجەزدىكى ئادەملەرنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى يارىتىشى لازىم. ھېسسىياتسىز ئەسەر يۈرەكنى يوق ئادەمگە ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭدا ھاياتىي كۈچ بولمايدۇ. ھازىر شېئىر يېزىپ قاملاشتۇرالمىسا، ھېكايە يېزىپ باقىدىغان، ھېكايىسى جايىدا چىقمىسا، بۇزۇپلا شېئىر قىلىۋېتىدىغان، شېئىرنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرالمىسا ئۇزارتىپ داستان قىلىدىغان، ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى چۇشۇرەلمىسە سوزۇپ پوۋېست قىلىۋېتىدىغان؛ كاسىپ ئىتتىك بازارغا مال تىككەندەك، كېلەر يىلى كېلىدىغان بايراملارغا بۇ يىل شېئىر يېزىپ تەييارلاپ قويىدىغان؛ پۈتۈن ئۆمرىدە ئىشلەتكەن قاپىيىسىنى يىغىپ كەلسە يۈزدىن ئاشمايدىغان «ئەدىبلەر» مۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەدىئىي ئەسەر دېگىلىبولمايدۇ...

— سېرىق تۇرغاننىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن ئەمەس ـ دە!

— شۇنداق، بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنى ئالتۇن بولسىمۇ، قەلىمىدىن تامغىنى مىس... سەن ياز، ئەدەبىياتقا ئۆز ئالاھىدىلىكىڭ بىلەن كىرىپ كەل. نېمىنى يازارمەن، دەمسەن؟ ئويلىغانلىرىڭنى، سېغىنغانلىرىڭنى، سېنى ھاياتقا قايتا ئېلىپ ئاچىققان كۆچلەرنى، يۈرىكىڭنى نېمە ھاياجانغا سېلىپ دۈپۈلدەتكەن بولسا شۇلار توغرىسىدا ياز!...

تالاي ئۆمرىنى دوسكىنىڭ ئالدىدا بور چاڭلىرىنى يۇتۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ مۇئەللىم خۇددى سىنىپتا دەرس ئۆتكەندەك قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئەلى سافادىن كۆتۈرۈلۈپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» توغرىسىدا بىر نېمە دېمەكچى بولدى. لېكىن، مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ:

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مەدەنىيەت ئىنقىلابىدەك مۇنداق غەلىتە قۇيۇن ھازىر ئۆتۈپ كەتتى. بارا - بارا ئۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، قىزىق پاراڭلارنىڭ تېمىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ساڭا ئېيتسام، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بىرەر زەربىگە ئۇچرىماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ زادى قانداق ئىنسانلىقى ھەققىدە بىر ئويلىنىشىپ باقسا بولىدۇ. تېخى بۈگۈنكى تاماشىلارنى كۆرمەيسەن، ھازىر كىمنىڭ ئاغزىغا قارىساڭ ئۆزىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئازار يېگەن قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. بەزىلەر ئۆز ۋاقتىدا سۆككەن نەرسىلىرىنى ھازىر مەدھىيىلەۋاتىدۇ، ئەينى چاغلاردا بىزگە سولدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلغان بەزى ئادەملەرنىڭ بۈگۈن ئوڭدىن چىقىپ دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىساڭ، قورقۇپ ئەتراپىڭغا قارايسەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ نىيىتى توغرا بولۇشى مۇمكىن، ئايرىملىرى چىخوپ يازغان خامېلىيوننىڭ ئۆزى. ئۇنداقلار پەسىلگە قاراپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ، شامالغا قاراپ لەگلەك چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى 50 - يىللىرى ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلگەندە، كىيىپ كەلگەن دوپپىسىدىن خىجالەت بولۇپ كەپكىگە ئۆزگەرتكەنىدى؛ 60 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە «خاتا قىلىپتۇق» دەپ بىر سوملۇق لاتا شەپكىدىن باشقىنى كىيمەيدىغان بولۇشتى؛ ھازىر قارىساڭ، ئۇلار يېڭى پاسوندىكى چىمەن دوپپىلارنى كىيىشىپ، خۇددى بارلىق مىللىي ئەنئەنە، مىللىي غۇرۇرنى ئاشۇ دوپپىسىدا نامايان قىلىۋاتقاندەك كېدىيىشىپ يۈرىدۇ. مۇبادا جاھان باشقىچە



www.uyghurkitap.com

بىر داۋالغۇپ قالسا، ئۇلار بېشىدىكىنى يەنە نېمىلەرگە ئۆزگەرتىدۇ. خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. . . .

بۇ مۇلاھىزە ئەلىنى ئويغا سېلىپ قويدى. مۇئەللىم سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. ئادەملەر بۇگۈن قارا بۇلۇت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى نۇرلۇق قۇياشقا ھۇزۇرلىنىپ قارىماقتا؛ بەزىلەر خۇشاللىقىدىن قىيغىتىپ، بەزى شوخلۇقلارنىمۇ قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇزۇن ۋاقىت باغلاقتا تۇرغان تايچاق كەڭ دالاغا چىققاندا ئەنە شۇنداق قىلىقلارنى قىلىدۇ. . . نېمىشقا ئىچمەيسەن؟

مۇئەللىم ئالدىدا تۇرغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋەتتى. ئالدىنقى بىر رومكىدا «ئەمدى ئىچمىسەم بولارمىكىن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئەلىمۇ سۆھبەتنىڭ تەسىرىدىن رومكىنى ئىختىيارسىز ئېلىپ كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھەممە بالا ماڭا شۇ قەلەمدىن كەلگەن، — دېدى ئەلى ئالدىدىكى سەيدىن بىر چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — يەنە قەلەمنى ئېلىپ بىر نەرسە يېزىشقا زادىلا مەيلىم يوق . ئۇنىڭ ئۇستىگە، تازا يازىدىغان ۋاقىتلىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى، دەڭا. . . .

— ۋاقىت دېدىڭما؟ — مۇئەللىم پېشانىسىنى تۇتۇپ بىر نېمىنى ئەسكە ئالغاندەك بولدى، — رىم پەيلاسوپى سىنكامىكىن، ئىشقىلىپ بىرى، ھەممە نەرسە بىزنىڭ ئەمەس، پەقەت ۋاقىتلا ئۆزىمىزنىڭ مۈلكى، دېگەنىكەن، لېكىن بۇ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلماق بەك تەس، بەك تەس! ھەممىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن، بىھۇدە كەتكەن ۋاقىتنى كىم قايتۇرۇۋالالايدۇ؟! ۋاقىت دېگەن نېمە؟ ۋاقىت ئۇ پۇل، ۋاقىت — ئىجادىيەت، ۋاقىتنىڭ ئۆزى ھايات. ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ بىلىكىدە بىردىن سائەت بار. ئۇنى ۋاقىتنى

www.uyghurkitap.com

قەدىرلىگەنلىكتىن تاقايدۇ، دەمسەن؟ سۆلەت ئۇچۇن تاقىشىدۇ، سۆلەت ئۇچۇن! چىكىلداپ مېڭىپ تۇرغان سائەت ئىنسان يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرغان ساداسى، بىلىسەك، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرىمىزنىڭ قەدەم ئاۋازى. ھەي ئەلى، ئامال قانچە؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقتىمىزنىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزگە ئېچىنىپ، يىغلاپ ئۆتكۈزسەك نېمە ئەھمىيىتى؟ يەنە قانچە يىل ئۆمۈر كۆرەرمىز؟ ئۆلۈپ كەتسەك، تۆت ئادەم يۆيۈپ - تاراپ كۆمۈپ قويىدۇ. دۈشمەنلىرىمىز خۇش بولار، دوستلىرىمىز «ھەي ئىسىت، رەھمەتلىك يامان ئەمەس نېمە ئىدى» دەپ قويۇشىدۇ خالاس، شۇنچىلىكلا ئىش...

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويۇشقىنىنى تۇيماي قېلىشتى. ھەر ئىككىلىسى ئوبدانلا تەڭشەلگەنىدى. تالاغا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. قۇرۇق بوتۇلكىغا قاراپ ئۇلار قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

— يۈر، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مۇئەللىم، — دۆڭكۆۋرۈك ئالدىدىكى سەن دېگەن ھېلىقى بازاردىن ئوبدان بىر تاماق يەيلى.

ئۇلار ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىققاندىمۇ راخمان مۇئەللىم سۆزلەشتىن توختىمىغانىدى.

— بۇلتۇر سىلەرنىڭ يۇرتقا بارغانىدىم، — دەپ گەپ باشلىدى مۇئەللىم يولغا چىققاندا، — ھېلىقى سىلەرنىڭ جالالىدى، جامالىدى، بىر ساۋاقدىشىڭلار بار ئىدىغۇ؟

— قايسى؟

— سەل دۇدۇقلاپ گەپ قىلىدىغان، كۆك كۆز.

— ھە، جالال، ئۇ نېمە قىلىۋېتىپتۇ؟

— ھازىر ئۇ كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىلا بۇ بالا بىلەن خوشۇم يوق ئىدى. ئۆتۈلگەن دەرستىن

ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، بېشىنى كۆتۈرمەي شېئىر يازاتتى. يازغان شېئىرلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇنىڭ دۇدۇقلايدىغان كېسىلىمۇ تۈگەپ، كۈرەش يىغىنى ئېچىلسا ھەممە گەپنى شۇ قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. «قېنى، سېنىڭ بۇ ھاماقەتلىكىڭ سېنى قەيەرگە ئاپىراركىن...» دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم.

مۇئەللىم توختاپ، سەرەڭگە بىلەن ئۇزاق ھەپىلىشىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

— سەرەڭگىلەرنىڭ جالىشىپ كەتكىنىنى دېمەمسەن، نېمە دەۋاتاتتىما؟

— جالال توغرىسىدا، سېنىڭ بۇ ھاماقەتلىكىڭ قەيەرگە ئاپىراركىن، دەپ...

— ھە، شۇنداق دەپ ئويلايتتىم. سەن چۈشەنگەنسەن؟ جەمئىيەت دېگەن باشقا گەپ، مەكتەپتە ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنى باراۋەر بولىدۇ، ئىمتىھان سوئالى ئۇلارنىڭ قانداق ئائىلىدىن كەلگەنلىكى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى، چىرايىنىڭ سەت - چىرايلىقلىقى، كىيىمىنىڭ كونا - يېڭىلىقىنى تونۇمايدۇ. كىم تىرىشچان بولسا، ئەتراپلىق پىكىر قىلالىسا، يۇقىرى نومۇر شۇنىڭ. جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. جەمئىيەتتە تالانتلىق ئادەملەر پەگاھدا قېلىپ، ھىيلىگەرلەر تۆرگە چىقىپ قالىدىغان؛ ئاق كۆڭۈللەر جېنىنى باقالماي، ساختىپەزلەر بېيىپ كېتىدىغان؛ تەخسىكەشلەر مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ھەقنى سۆزلىگەنلەر جازالىنىدىغان ئىشلارنى ئاز دەمسەن؟... يەنە گېپىمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، باشقا تەرەپكە كەتتىما... ھە، ھېلىقى جالالنى تونۇمايلا قاپتۇمەن. كۆزىدە قارا كۆزەينەك، ئۈچىسىدا چەتنىڭ پەلتوسى. ۋىلايەتتە بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىكەن. كوچىدا تۇتۇۋېلىپ: «بۇ مېنىڭ ئۇستازىم، ئاتاقلىق ئەدەبىيات نەزەرىچىيىسى،

پروفېسسور راخمان مۇئەللىم بولىدۇ» دەپ يېپىشىۋېلىپ ئۆيگە ئاپاردى. بىر چىنە چايدىن كېيىن، ئالدىمغا يازغان نەرسىلىرىنى ئەكىلىپ دۆۋىلىۋەتتى. ئوقۇپ باقسام، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدىنمۇ دۆتلىشىپ كېتىپتۇ. ئىشلەتكىنى كلاسسىك ئەسەرلەردىن تېرىۋالغان چۈشىنىكسىز سۆزلەر. بەزى سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى مەنمۇ چۈشەنمىدىم، ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ، كىتابخان نەدىن چۈشەنسۇن... ياخشى ئەسەرلەرنى پەقەت داغدۇغىلىق، ئۇلۇغ سۆزلەر بىلەنلا يېزىپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئەخمەقلەرمۇ ئاز ئەمەس؛ ئۇلار خەلق كوندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلىتىۋاتقان ئاددىي سۆزلەرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى چۈشەنمەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن: «بۇنچىۋالا نەرسىنى قايسى ۋاقىتتىمۇ يازغانسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ھەر كۈنى يازىمەن، كېچىسى ھېچ بولمىغاندا بىر - ئىككى سائەت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ» دېدى. قارا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى تېخى ئىجاد قىلىۋاتىمەن، دەپ تونۇيدىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «شېئىر دېگەننى زورلاپ يازىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالماي تۇرغان ۋاقىتتا ياكى قايغۇدىن كۆز يېشى تۆكۈلۈپ تۇرغاندا يازسا بولىدۇ. ھەقىقىي شائىر كىچىك بالىدەك شوخ، ئاق كۆڭۈل، تەسىرچان بولىدۇ. سەن شېئىر يازىمەن، دەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىساڭ بوپتىكەن» دېدىم. ساۋاقدىشىڭ نېمە دېدى، دېمەمسەن، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «مۇئەللىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بىزنى ئۆزىڭىز ئوقۇتقان، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بەش - ئالتە يىل مۇشۇ كەسىپنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگەندۇق. ھازىر ھەممە ئادەم كەسىپنى پۇختىلاۋاتىدۇ. مەن مۇشۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمىسەم، باشقا نېمە ئىش قىلىمەن؟» دېدى. مەن كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا: «سەن، شائىر - يازغۇچىلىقنى بىرەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىپ

كېلىدىغان نەرسە، دەپ قارامسەن؟ باشقا گەپنى قويۇپ تۇرايلى، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىلا ئالساق، يىلىغا يۈزلەپ ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا شائىر ـ يازغۇچى بولىدىغان بولسا، بۇكەمگىچە شائىر بىلەن يازغۇچىنىڭ تولىلىقىدىن كوچىدىمۇ ماڭغىلى بولماي قالاتتى. . . . ئەدەبىي ئىجادىيەت — ئۇ بىر سەنئەت، سەنئەت دېگىنىمىز ھۈنەر ئەمەس، مەسىلەن، ئالايلى، ھەرقانداق كاسىپ ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويالىشى مۇمكىن. لېكىن، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ شائىرنىڭ بالىسى شائىر، يازغۇچىنىڭ بالىسى يازغۇچى بولۇپ چىقالىشى ناتايىن. . . سەن ھازىر باشلىق بولۇپ، تازا ئورنىڭنى تېپىپسەن، باشلىقلىقىڭنى قىلىۋەر، » دېدىم. ئۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يەتتىمۇ، يەتمىدىمۇ بىلمىدىم، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قېلىپ، ئاندىن: «سىز تالانتىنىلا تەكىتلەپ، تىرىشچانلىقنىڭ رولىغا سەل قارايدىغانلاردىن ئىكەنسىز» دېدى. «ھە، ئۇنداق بولسا تىرىشىۋەر! » دېدىم. سىڭىچە قانداق، ئەلى؟ — مۇئەللىم توختاپ، قۇرۇقدىنىپ قالغان تاماكا قېپىنى مىجىقلاپ يەرگە تاشلىدى، — ئۇلۇغ بىر شائىر بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، ھېچنېمە بولالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بىچارىلەر ئازمۇ؟

— تىرىشچانلىقمۇ لازىم، — دەپ سۆز قىستۇردى ئەلى.

— توغرا، تىرىشچانلىق بولمىسا بولمايدۇ، ئازراق خېمىر تۇرۇچ بولمىسىمۇ بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك، پەقەت خېمىرتۇرۇچ بىلەنلا نان ياققىلى بولمىغاندەك، بىر تەڭلە خېمىرغا كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ بولمىسىمۇ بولمىغاندەك گەپ. . . يۈرە، ئاۋۇ ماگىزىندىن تاماكا ئېلىۋالايلى. . .

ئۇلار تاماقلىنىپ قايتقۇچە ئاپتوبۇس توختاپ كەتكەنىدى، بايىقى هاراقنىڭ كەيپى تېخى تارقىمىغانىدى. بازاردىن

مەكتەپكىچە بولغان ئۆرە يولنى ئۇلار پاراڭ بىلەن مېڭىپ تۈگەتتى. ئەلى پۇتىنى سۆرەپ ئاستا كېلەتتى. مۇئەللىم بىر توختاپ، بىردە مېڭىپ هامان سۆزلەيتتى. ئەلىمۇ كەيپچىلىكتە نىمىلەرنىدۇر تالىشاتتى. ئۇلار مەكتەپ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، هېلىقى كونا قاۋاقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىقچىلىق قىلىپ دۇكانغا كىرىپ، يەنە بىر ـ ئىككى رومكىدىن قېقىۋېلىشتى. ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ دۇكاننىڭ ئىچى خېلىلا كېڭەيگەن بولۇپ، هاراقتىن باشقا مال جازىلىرىغا يەنە ئوقۇغۇچىلارغا لازىملىق دەپتەر ـ قەلەم، سالام خەت قەغەزلىرى، يىپ ـ يىڭنە، لۆڭگە ـ سوپۇن قاتارلىق مىلىچماللار تىزىۋېتىلگەندى. ئاغزى ئوچۇق قەغەز يەشىكلەردە هەرخىل كەمپۇت، پېرەنىك، باهاسى ئانچە ئۆرە بولمىغان تاماكىلار تۇراتتى. كونا دۇكاندارنىڭ ئورنىدا ئىككى ياش يىگىت سودا قىلىۋاتاتتى. بىر سەر هاراق 25 تىيىنگە چىققان بولۇپ، زاكوسكىغا چىلىغان سامساق ئەمەس، بىر ـ ئىككى تال ئەرزان باهالىق كەمپۇت تاشلاپ قويىدىكەن.

ئۆيگە كەلگەندە ئۇلار چوڭ ئۆيدە پاراڭلىشىپ ياتماقچى بولۇشتى. مۇئەللىم ئەلى ئۈچۈن كارىۋاتقا ئورۇن سالدى، ئۆزىگە چىچىلىپ ياتقان كىتابلارنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، بىر گىلەمنى قاتلاپ سېلىپ، تۆۋەنگە ئورۇن راسلىدى. يېتىش ئالدىدا، ئۇلار ئارىسىدا «كىم كارىۋاتتا ياتىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە خېلى تالاش ـ تارتىش بولدى. ئەلىنىڭ قارىشىچە، هۆرمەتتە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن كارىۋاتتا مۇئەللىم يېتىشى لازىم ئىدى. مۇئەللىمنىڭ قارىشىچە، ئەلى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئۇلار پارخانىغا ئوت قالاپ يۈرگەن چاغلاردىلا ئاياغلاشقانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلى مېهمان. ئاخىردا ئۇلار گىلەمنى پولغا ئېچىپ سېلىپ، هەر ئىككىلىسى پەستە ياتتى. مۇئەللىم ئېلېكتر

چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ كېلىپ، ئورنىغا كىرىپلا يەنە ئۆز نۇتقىنى باشلىۋەتتى:

— مېنىڭ بەزى ئاغىنىلىرىم هازىرقى ياشلارنى ياراتمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭمۇ ياش ۋاقتىدا تالاي بىمەنە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئېسىدە يوق، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن توغۇلغاندىلا شۇنداق سالاپەتلىك توغۇلغاندەك هېس قىلىشىدۇ. . . ياشلار بولمىسا، بىزنىڭ كەلگۈسىمىزمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنى يامان كۆرۈشكە بولمايدۇ. . . .

— سىزچە قانداق قىلىش كېرەك؟

— ياخشىسى ئۇلارغا تەسىر ئۆتكۈزۈش، ساغلام ياشاش. مەنىلىك ياشاشنى ئۆگىتىش كېرەك.

— ساغلاملىقنى سىز قانداق چۈشىنىسىز؟

ئەلى ئوقۇتقۇچىسىدىن شۇ سوئالنى سورىدى ـ دە، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

— ساغلاملىق دېدىڭمۇ؟ — دەپ سۆزلەپ كەتتى مۇئەللىم، — ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى شۇ ئادەمنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، چىرايىنىڭ كۆركەملىكى، ئۇزۇنغا يۈگۈرەلىشى ياكى ئېگىزگە سەكرەلىشى قاتارلىقلار بىلەن بەلگىلىنىدىغان بولسا، مېنىڭچە بۇ تولىمۇ ھەققانىيەتسىزلىك بولىدۇ. ساغلاملىقنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى ئالدى بىلەن شۇ ئادەمدە ساغلام ئەقىلنىڭ بولۇشىدا. . . مەنىلىك ياشاشنى ئالساق، بۇ تولىمۇ چوڭقۇر پىكىر. ئادەم دېگەن تۇرمۇشتا ياخشى كۆرۈشنىمۇ، كۈلۈشنىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇشنىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئىچىپ، باللاردەك قىيغىتىشنىمۇ، ھەتتا يىغلاشنىمۇ بىلىشى كېرەك. ئەگەر ھاياتنىڭ مەقسىتى قورساقنى توق تۇتۇپ، ئاغرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشلا بولسا، بۇ نېمىدېگەن بىمەنە تۇرمۇش ـ ھە؟! . . . ھەر كۈنى كەچلىكى ئۆيىگە ئالدىراپ

كېتىپ بارغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، سەن نېمە ئويلايسەن؟ ئۇلار خوتۇننى، بالىلىرنى سېغىنىپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس، قورسىقى ئاچقانلىقتىن شۇنداق ئالدىرايدۇ. . . ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىگە بىر ئۇلۇغ غايىنى پۈككەن بولۇشى ناتايىن. قوپالراق ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇنراق ياشاپ، ئىنسانىيەت ياراتقان نېمەتلەردىن جىقراق يەپ ـ ئىچىپ، چېچۈۋېتىپ كەتمەكچى. ھاياتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىدا ئەمەس، قانداق ئۆتكەنلىكىدە، سېنىڭچە قانداق؟

قاراڭغۇلۇققا چۆككەن ئۆيدىن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بولمىدى. «ئۇخلاپتۇ!» دېدى پروفېسسور قولىنى سىلكىپ، ئومۇ يوتقاننى تارتىپ، كۆزىنى يۇمدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مۇئەللىم ئەلىنى ئۇزىتىپ چىققاندا، ئۇنىڭغا قىلماقچى بولغان بىر گېپىنى تاپالماي تۇرۇپ قالدى.

ــ راست، ئاخشام ساڭا ئېيتىمەن، دەپ ئۇنتۇپتىمەن. رابىيەنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىندىم. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئۆز ئاۋارىچىلىقىم بىلەن. . . كەچۈرسەن، رابىيە ئاغرىق چاغلاردا ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. . .

ــ نېمە دەۋاتىسىز، ئۇ قاچان ئۆلۈپ كېتىپتۇ؟!

ئەلى پۈتىدا جان قالمىغاندەك بولۇپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.

ــ سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ بۇ گەپنى ئاڭلىغىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتىغۇ!. . .

ــ خاتا ئاڭلاپسىز، ــ دېدى ئەلى يېنىك تىنىپ، ــ ماڭا يېقىنغىچە ئۇنىڭدىن خالتا كېلىپ تۇرغان.

ــ شۇنداقمۇ! رابىيەنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغۇدەك. بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىم ھازىر ئېسىمدە يوق. . . رابىيەگە مېنىڭدىن سالام ئېيت!

ئەلى راخمان مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. «رابىيە

ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەن ھېلىقى سۆز ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. تۇنۇگۇن ئۇ راخمان مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندىن كېيىن، مەكتەپ ئىچىنى يەنە بىر قېتىم ئوبدانراق ئارىلاپ چىقىمەن، دەپ پىلان قىلغانىدى. ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئائىلىكلەر بىناسى ئالدىدا ئويناپ يۈرگەن كىچىك باللار، ئوقۇش بىناسى تەرەپكە ئالدىراش كېتىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار، سۇ ئوتلىرى بىلەن قاپلانغان يېشىل كۆل، ئۇچ يېرىم قەۋەتلىك ئوغۇللار ياتىقى، يەنە ئەلى بۇ يەردە بولمىغان يىللىرى ياسىلىپ پۈتكەن يېڭى بىنالار ــ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. تۇنۇگۇن ئوقۇش بىناسى ئىچىدە ئۇچرىغان ئايال مۇئەللىم ئەمدى ئۇنى تونۇغاندەك قىلىپ قاراپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى... ئەلى ئىچىدە بىر نەرسىنى پىچىرلايتتى: «رابىيە بار» ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئەلىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇ بار. ھايات قايىنىغان مۇشۇ كەڭ زېمىننىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە ئۇ ياشاۋاتىدۇ. ئەلى ئۇنى چوقۇم ئىزلەپ تاپىدۇ. مەشۇقىنى تاپمىغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپمايدۇ....

## 4

ئەلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىنمۇ شۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئاكىسى ئوسمانمۇ: «ئالدىڭدا خىجالەتمەن ئۇكام، ئايالىڭنى ئىزدەپ تېپىپ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم، كېيىن...» دېدى. ئەلى بۇ گەپلەرگە ئۆزىنى زادى ئىشەندۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رابىيەنى خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغان، دېيىشەتتى. ئۇنداقتا، تۇرمىگە ھازىرغىچە ئۇزۇلدۈرمەي خالتا كىرگۈزۈپ، يېمەك - ئىچمەك، يىپ - يىڭنە، تاماكا - قەغەز، ئىچ كىيىملەرگىچە ئەۋەتىپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل ئادەم زادى كىم؟!..

www.uyghurkitap.com

ئەلى رابىيە خىزمەتكە تەقسىم بولۇپ كەتكەن K شەھىرىگە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئاۋۋال بالىلىق چاغلىرى ئۆتكەن يېزىسىغا چىقىشنى ئويلىدى. تۇرمىدىكى چاغدا بۇ گۈزەل يېزا ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن زادىلا كەتمىگەن، ئۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى يېيىلىپ ئاقىدىغان دەريانى، توپىلىق يول ۋە شۇ يوللار بىلەن كېلىدىغان پادا كالىلارنى، پاكار تاملار يېنىدىكى تونۇر باشلىرىنى، كەچتە قوغۇنلۇقلاردىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يۈگۈرۈيدىغان تولۇنئاينى بەكمۇ سېغىنغانىدى... يەنە ئۇ مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىدى. ئەلى ئۇلاردىن رابىيەنىڭ بار ـ يوقلۇق خەۋىرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئاندىن رابىيە ئۆز ۋاقتىدا خىزمەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن K شەھىرىگە جەزمەن بىر بارىدۇ. ھايات بولسا ھايات رابىيەنى، ۋاپات بولغان بولسا ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئەلىنى ئەجەلنىڭ ئېغىزىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن تەقدىر ئۇنىڭ سۆيگەن ئادىمىنى ئۇنىڭدىن شۇنداق رەھىمسىزلەرچە تارتىپ كېتەرمۇ؟ ياق، ئۇ ھايات. قۇياش نۇرى ئاستىدا يورۇپ تۇرغان بۇ كەڭ زېمىننىڭ قايسىبىر يېرىدە ئۇ ئەلىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ...

× × ×

ئەلى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ توختاپ قالدى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئىككى دېھقاننىڭ قىلىشىۋاتقان گېپى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالدى. ئېگىز كەلگەن، چىرايىدىن چاقچاقچىلىقى چىقىپ تۇرغان بىرى يېنىدىكى ساقاللىق ھەمراھىغا: «بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئەرلىرىمۇ تاز، ئاياللىرىمۇ تاز، شۇڭا ئۇ يەرنى ‹تازمەھەللىسى› دەيدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەرلىرىنىڭ خوتۇن ئالغاندىن

كېيىن، خوتۇنلىرىنىڭ ئەرگە تەگكەندىن كېيىن تېزى ساقىيىپ كېتىدۇ» دەۋاتاتتى. ئەلى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى — «توۋا! — دېدى ئۇ، — بۇ راست گەپمىدۇ، تۇقۇپ چىقىرىلغان چاقچاقمىدۇ؟ ...»

ئەلى بۇ دوقمۇشتا نېمىشقا توختىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى... ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىش كېرەكمۇ ياكى.... ئاكىسى: «بۇ يەردە كامال دېگەن بىر ساۋاقدىشىڭ مەدەنىيەت ئىدارىسىدا تەرجىمانلىق قىلىۋاتىدۇ» دېگەندەك قىلىۋىدى، كامال ھازىر قانداقراق تۇردىكىن، ئۇ رابىيە توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىدىكىن؟... ئەلى ۋېلىسىپىتنى مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرەپكە تارتتى. كامال مەكتەپتىكى چاغدا كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان، مىجەزى ئېغىر، تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ياۋاشتەك قىلغان بىلەن ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى باسالماي تىترەپ كېتەتتى. دادىسىنىڭ ئوڭچى قالپىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى تۆت يۈزدىن ئوشۇق كىشى تارتىپ چىقىرىلغان كۈرەش يىغىنىدا ئۇمۇ سەھنىگە يالاپ چىقىلغانىدى. مەكتەپتە ئەلى ئىككىسى ياخشى ئۆتكەن.

ئەلى مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن «كامال ئۆيىدە» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قايتتى. مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، يولغا بۇرۇلغاندا ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىن كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە چۈشتى. ئەڭ يېڭى مودىدىكى كاستوم - بۇرۇلكا كىيىپ، كالىستۇك تاقىغان، ئىككى مەڭزىنىڭ قىزىللىقىدىن ئىشى ئوڭدىن كېلىۋاتقان غەمسىز ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بۇ ئادەمۇ ئەلىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى، چىرايى ئەلىگە تونۇشتەك قىلدى. «بۇ ئادەمنى مەن قەيەردە كۆرگەن بولغىيدىم؟...» ئۇلار ئۆتۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلى

ئېسىگە ئالدى. «ھوي، بۇ جالال — راخمان مۇئەللىم شېئىرلىرىنى ئوقۇدۇم ، دەپ گېپىنى قىلغان ھېلىقى جالال ئەمەسمۇ!» ئەلى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا، جالالمۇ بىرنەچچە قەدەم نېرىدا توختاپ ئارقىسىغا قاراۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئە — ئەئەلىمۇ سەن؟

ئۇ ئەلىگە قاراپ، قولىنى سۇنۇپ كەلدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟

— قا — قا — قانداق ئەھۋالىڭ؟ سې - سې - سېنى چىقىپتۇ. دەپ ئاڭلىدىم، يو — يو — يوقلاپ بارماقچىدىم. . .

ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ قالغاندا ئاشۇنداق تۇتۇتلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— رەھمەت! — دەپ ئۇنىڭ سۇنغان قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى ئەلى.

— قە — قەيەرگە ماڭدىڭ؟ ئۆ — ئۆيگە باشلايمەن.

— مەن بار، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز.

ئەلى شۇنداق دېدى - دە، بۇرۇلۇپ يولىغا ماڭدى.

ئەلىنىڭ مەكتەپتىكى چېغىدىلا بۇ ساۋاقدىشى بىلەن خۇشى يوق ئىدى. جالالنىڭ ئۆزىنى ياساپ، قىزلارنى ئەگىپ يۈرۈشتىن باشقا ئالاھىدىلىكى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى كىتاب، ياكى كىنولاردىكى قەھرىمانلارغا ئوخشىتىپ گىدىيىپ مېڭىپ كېتىشى باشقىلارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا كەلگەندە جالال قەھرىمانلار يارىلىدىغان دەۋر ئەمدى كەلدى، دەپ ئويلاپ، بىر «قەھرىمان» بولۇپ باقماقچى بولدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئەلىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىمۇ ئاز بولمىدى. ئۇ باشقىلارنى سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىشقا خۇشتار ئىدى. بولۇپمۇ يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ، چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ چاپلاشتا ئۇنىڭ

ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. ئېھتىمال ئۇ شۇ ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە شىلىم چىلىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ پۈتۈن تاملىرىنى ئالا قويماي پاتلاپ چىققاندۇ. . ھە دېگەندىلا مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىغا ئەلىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولدى.

5

ئەلى ئىزدەپ - سوراپ، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى تاركوچىلارنىڭ بىرىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر باينىڭ قورۇسى بولسا كېرەك، ھازىر بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ئۆز ئىسكەتىنى تامامەن تۈگەتكەن، تۈتاش كەتكەن پېشايۋانلار ھەر خىل تاختاي پەنەركە، قەغەز، يەشىكلەر بىلەن بۆلۈۋېتىلگەنىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر كورپۇس ئۆي سېلىنغان بولۇپ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا كۆمۈرخانا، توخۇ كاتەكلىرى سېلىنىپ، سەي ئورىلىرى كولىنىپ كەتكەچكە، ئادەم ماڭىدىغانغا تار بىر يوللا قالغانىدى. توخۇلار قاقاقلايتتى، قايسىبىر ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا دۇنياغا تۆرەلگەندىن بېرى ئېرىق - ئۆستەڭ دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان ئۆردەكلەر ئىغاڭلىشىپ مېڭىپ يۈرەتتى. . . ئەلى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ توختاپ قالدى. ئۇ ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ھەر خىل دىتى بىلەن تۈتۈلغان بۇ ئۆيلەرنىڭ پەردە تارتىلغان - تارتىلمىغان، گۈللەر قويۇلغان - قويۇلمىغان دېرىزىلىرىگە تەكشى قاراپ چىقتى. شۇ چاغدا، قايسىبىر ئىشىكتىن سېمىز بىر ئايال چىقىپ قالدى.

— بىرىنى ئىزدەمسىز؟ — سورىدى ئايال.

— مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان كامال. . .

— ھە، مۇشۇ ئۆيدە.

ئايال ئەلىنى تار بىر دالاندىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى تاشقىرىقى ئۆيدىن سەللا پەرقلىنىدىغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيگە كىرىپلا ئەلىنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى ــ يېڭى تىكمەت كىگىزلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان قېلىن لۇغەتلەر ۋە شۇ كىتابلار ئارىسىغا ئېڭىشكەن، تاقىرلىشىپ كەتكەن بىر باش بولدى. «ئۆز ۋاقتىدىكى قويۇق، قارا چاچلىق كامالنىڭ چاچلىرى شۇنچىۋالا چۇشۇپ كەتكەنمىدۇ؟ . . . »

كامال بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

ــ ئەلى! تېخى بىز سېنىڭ گېپىڭنى ئاخشاملا قىلىشقان. زۆھرە، مەن ساڭا گېپىنى قىلىدىغان ئەلى مۇشۇ ئەمەسمۇ! . . .

ئىككى دوست ئۇزاق قۇچاقلاشتى. مېھمان ئۇچۇن كۆرپە سېلىۋاتقان ئايال ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاربلاپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ تېخى ئەتىگەنلا مەن بۇنىڭغا دېگەن، شۇنداق دېگەنىدىمغۇ كامال؟ چۈشۈمدە ئېگىز ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان تۇرنىلارنى كۆرۈپتىمەن. «ئەجەب يازنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئۇچۇپتۇ بۇلار، كېلىۋاتقان تۇرنىلارمىدۇ، كېتىۋاتقان تۇرنىلارمىدۇ؟ . . . » دېگۈدەكمىشمەن. . . بىزنىڭ ئۆيدىنغۇ سەپەرگە چىقىدىغان ئادەم يوق، چوقۇم ئۆيىمىزگە يىراقتىن بىر مېھمان كېلىدۇ جۇمۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. تۇۋا! دېگەندەك. . . قېنى، يۇقىرى ئۆتىڭە.

ــ كۆرپىگە كەل ئاداش، كۆرپىگە. . .

ئەلى جايلىشىپ ئولتۇردى. كامالنىڭ ئايالى يەنە سۆزلەپ كەتتى:

ــ ھېلىقى، ئەلى دېگەن ئاغىنىڭىز مۇشۇدۇ؟ قاراڭ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى كۆپ قىلىدۇ. قانداقراق يىگىتتۇ، بىر

كۆرسەم، دەيتتىم. سىز تۇرمىدە يېتىپمۇ يەنە ياپپاشلا تۇرۇپسىز. كامالغا قاراڭ، قېرىپلا كەتتى. قۇۋلۇقنى بىلمەيدۇ، كىم ئىشقا بۇيرۇسا كىچىك بالىدەك «ھە» دەپ ئىشلىگىنى ئىشلىگەن....

— بولدى - بولدى. گەپنى ئاز قىل زۆھرە. ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇپ چېيىڭنى ئەكىر!.... خوش، ئەھۋالىڭ قانداق ئاداش؟ سۆزلىگىنە.

— سۆزلىگۇدەك نېمە گەپ بار دەيسەن. قولغا ئېلىندىم، ئەمدى ئۆمرۈم مۇشۇ چۆل - جەزىرىدە تۈگىشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. يەنە يەيدىغان رىزقىم بار ئىكەن. ئالدىڭدا ھايات تۇرۇپتىمەن. ئۆزۇڭنىڭ ئەھۋالىڭچۇ؟

— مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، ئىشقىلىپ، كۆڭلىمىز كېتىپ باردۇ. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر گوڭشېغا قايتا تەربىيىگە چۈشكەنىدىم. ئىشقىلىپ، خەنزۇچىغا سەل پۇختىراقۇدىمىكىن، گوڭشېغا تەرجىمان قىلىپ ئەكىلىشتى. كېيىن، شەھەرگە يۆتكىلىپ مائارىپ بۆلۈمىدە تەرجىمان بولدۇم. ھازىر مانا مەدەنىيەت ئىدارىسىدە تەرجىمان.... زۆھرە بىلەن گوڭشېدىكى چاغدا تېپىشقان، ئىشقىلىپ، يامان ئەمەس. تۆت بالىمىز بار، مەكتەپكە كېتىشتى، كەلگەندە كۆرىسەن...

جوزىغا قەنت - گېزەكلەرنى تىزىۋاتقان زۆھرە يەنە ئېرىنىڭ گېپىنى ئارىلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— قاراڭ ئەلى، بۇ ئادەم ئۆتۈپ كەتكەن ياۋاش، بەش - ئالتە يىل ئەدەبىيات ئوقۇغان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا باشقا خىزمەت تېپىلمامدۇ؟ ئون يىلنىڭ ئالدىدا مەن بۇنىڭ بىلەن تونۇشماستا تەرجىمان ئىكەن، ھازىرمۇ تەرجىمان. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغانلار باشلىق بولۇپ كەتتى...

— ئۇ گەپنى قىلىسىڭىز، مەنمۇ كامال بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغان. ھېچ يەرگە باشلىق بولمىدىمغۇ؟ — دەپ كۈلدى ئەلى.

— گېپىڭىزنى تاتىۋالدىم، سىزنىڭ يولىڭىز باشقا، بۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. قاراڭ، بىز تۆت بالا بىلەن ئالتە جان ئادەم بۇ كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆيگە تىقىلىپ، سىيسىپ قالاي دېدۇق. باشقىلارغا ئوخشاش تېتىپ تۇرۇپ. . .

— بولدى قىل خوتۇن! — دەپ ئايالىنىڭ گېپىنى ئۈزدى كامال، — غاچچىدە بىر تەخسە سەي قىل، بىزنى ئارامخۇدا پاراڭلاشقىلى قوي.

— تېخى گۆشىدىن شەھەرگە كېلىپ تەرجىمان بولغىنى ئۆسكىنىكەن. نىمە پەرقى؟ باينىڭ قولىدىكى ئۆكۈزمۇ ساپان سۆرەيدۇ، گادايىنىڭ قولىدىكى ئۆكۈزمۇ ساپان سۆرەيدۇ. ئوخشاش گەپ. . . .

زۆھرە ئاغزى بىسىلماي سۆزلەپ، دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. كامال بىرىپ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ياپتى- دە، ئەلىگە قاراپ خىجالەت بولغاندەك كۈلۈپ:

— مىجەزى شۇنداق. ئاداش، — دەپ قويدى، — ئۇنى دېمىسىمۇ، — دېدى ئۇ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن رومكىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، — تەرجىمانلىق دېگەننىڭ جاپاسى تولا ئىش دېگىنە، لېكىنىزە، بىزنىڭ بۇ جەمئىيەتتە تەرجىمان دېگەننىڭ نىمە ئورنى بار، دەيسەن؟ تەرجىمان پەگاھقا تاشلاپ قويۇلغان كەشىگە ئوخشايدۇ. ئىشقىلىپ، قايسى باشلىققا كېرەك بولسا، پۇتىغا سىپىپ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش ئىدارىگە ئەتىگىنى باشنى تىقىپ قويۇپلا قاچقىلى بولمايدۇ. دائىم باشلىقنىڭ كۆزىدە يۈرىدىغان گەپ، بەزىدە كەچكىچە ئولتۇرساڭ ھېچ گەپ يوق، ئەمدى قايتاي دەپ تۇرساڭ، بىر خوجامنىڭ يىغىن ئاچقۇسى كېلىپ قېلىپ، «تەرجىمان قېنى؟» دەپ ئىزدىگىلى

تۇردۇ. ئىشقىلىپ، گەپ قىلىپ كەلسەك گەپ تولا. ھالىمنى ئېيتىپلا كەتتىم. سەي تەييار بولغۇچە بىرەر رومكىدىن ئىچىپ قويمايلىمۇ؟

— ماقۇل ئاز قۇي.

— بۈگۈن ئىچمىز ئاداش، سېنى يەنە كۆرەرمىز، دەپ ئويلىمىغۇدۇق، مانا قايتىپ كەپسەن.

كامالنىڭ كۆزەينىكىدە ھويلا ۋە ئۆي ئىچىدىكى جاھازىلارنىڭ شولىسى لاپ ئېتىپ ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ تاقىرلىشىپ كەتكەن بېشى، بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئېغىز جاۋغىيىنى بويلاپ چۈشكەن چوڭقۇر سىزىقلار كامالنى ھەقىقەتەنمۇ ئۇن ياش چوڭ قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئاغزى ئېتىك بولغىنىغا يارىشا قولىمۇ چاققان ئوخشايدۇ، بىردەمدىلا گاڭ - گۇڭ قىلىپ بىر تەخسە گۆشلۈك سەي قورۇپ كىردى.

— قۇرۇق ئىچمەي، ماۋۇنىڭ بىلەن ئىچكەچ تۇرۇڭلار، ھازىرلا تاماق قىلىمەن.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ.

— ياق، نېمە دېگىنىڭىز؟ ئىككى ساۋاقداش بۈگۈن بىر تېپىشتىڭلار، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، ئوبدان بىر مۇڭدىشىۋېلىڭلار. ئۆيىمىز تار بولسىمۇ، كۆڭلىمىز كەڭ. بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىسىز. ئالدىڭىزغا بېرىپ چاقىرىپ كېلىدىغان يولىمىز بار ئىدى، مۇشۇ كامالنىڭ ئېغىرلىقى. مېھماندەك ئولتۇرۇشنى قارىماسىز. قۇرۇق گەپنىلا قىلماستىن ئاغىنىڭىزنى چايغا تەكلىپ قىلماسىز... ئۆي ئىشى بىلەن زادىلا كارى يوق. ئۆيگە كەلسىمۇ ئىدارىدە ئىشلىگىنىنى ئاز دەپ مۇشۇ يوغان كىتابلىرىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىۋېلىپ بىر نەرسە يازغىنى يازغان.

— بولدى، ئاغزىڭنى باس خوتۇن.

زۆھرە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كامال ئەلىگە چۈشەندۈردى.

— ئىككى كۈندىن كېيىن، مەدەنىيەت سېپىدىكى ئاكتىپلارنىڭ يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى. يىغىن ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىۋاتاتتىم. ئىدارىدە ئىشلەي دېسەڭ قالايمىقان، ئىشقىلىپ، دۇنيادىكى ھەممە ساھەنىڭ ئاكتىپلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلىدىكەن، يەنە شۇ يىغىنلارغا تەرجىمان بولمىسا بولمايدىكەن، لېكىنزە، تەرجىمان ئاكتىپلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ باققانمۇ سەن؟

— ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنى باھالايدىغان ئادەم يوق... ئۆي تۇغىرىسىدا زۆھرەنىڭ ماڭا ئاچچىقى بار. قانداق قىلىمەن، ئۇلار ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭغىمۇ بىر كۆز سېلىپ قويايلى، دېمەيدۇ. مېنىڭ ئۇ خەققە يالۋۇرۇشقا تەبىئىتىم تارتمايدۇ... بولدىلا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى، ئەجە!

كامال كۆزەينىكىنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، گەپ بىلەن گۆپۈلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى. ھاراقتىن ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، ئەلىگە ئۇ بارغانسېرى ياشىرىپ، مەكتەپتىكى چىرايىغا قايتىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى.

— سېنى بىر چاغدا قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قاپتىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدىمغۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— ھا! ھا! ھا!... بۇ ئىش سېنىڭ قۇلىقىڭغىمۇ يەتتىمۇ؟ بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا...

كامال ئەلىنى زورلاپ يەنە بىر رومكا ئىچۈرۈپ، ئۆزى يەنە بىرنى كۆتۈرۈۋەتتى-دە، قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۇ قۇلاقنىڭ دەردى مەكتەپتىن قالغان، — دېدى ئۇ ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ھېلىقى، ھەممىمىزنى

تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلغان كۈنى ئېسىڭدىغۇ؟ قارىسام «ئىنقىلابچىلار» نىڭ پەيلى يامان. ھەرقاچان ئوغچىنىڭ بالىسى، دەپ مېنىمۇ ئاۋارە قىلىشىسەنغۇ، دەپ جېنىم تۈيغاندەك بولدى. يىغىن مەيداندىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، بىنانىڭ ئىچىدىكى تەرەتخانىغا كىرىۋالدىم. ئىشقىلىپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. «ئەمدىغۇ بۇ بىر نىمىلىنىڭ پەيلى بوشىشىپ قالغاندۇ؟» دەپ بىنانىڭ ئالدىغا شۇنداقلا چىقمايمەنمۇ، نەدىكىنى، تازا قاينىغان بازارنىڭ ئۇستىگىلا چىقىپتىمەن. بىزنىڭ سىنىپتىكى ئۇچارمەنلەرنىڭ ئۈچ - تۆتى مېنى تاپالماي پىرقىرىشىپ يۈرگەنىكەن، يوپۇرۇلۇپ كېلىپلا سۆرەپ ماڭدى. مەن ئەخمەق تىرەجەپ تۇرۇۋاپتىمەن دېگىنە. شۇ چاغدا ئوشۇق دۇمبا يەپ كەتتىم. قۇلىقىمغا بىر مۇشت بەك قاتتىق تېگىپ كەتكەنىكەن، ئۇ كۈنى تازا سەزمەپتىمەن. كېيىن، ئۇزاققىچە ئاغرىپ يۈردى. بەزىدە غۇڭگىدە قىلىپ ئېتىلىپ قېلىپ، يەنە ئوڭشىلىپ قالاتتى. ئىشقىلىپ، شۇنداق بولۇپ يۈردى . مۇشۇ مەدەنىيەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇلىقىمنىڭ بۇ دەردى يەنە ئەدەپ قالدى. مېنىڭ ئىش ئۇستىلىم كاتىبات ئىشخانىسىدا دېگىنە. بۇ ئىشخانىنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم. . .

شۇ چاغدا دالان ئۆيدە بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى.

— بالىلار مەكتەپتىن كەلدى، — دېدى كامال.

11 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ ، تىلىنى چىقىرىپ قويدى. زۆھرەنىڭ:

— بۇياققا ئۆتۈڭلار، مېھمان بار. بولمىسا تالادا بىردەم ئويناپ تۇرۇڭلار، ھازىر تاماق پىشىدۇ، — دېگەن ئاۋازى بىلەن بالىلار جىمىپ قالدى. كىمدۇر بىرى قىيا ئوچۇق قالغان

www.uyghurkitap.com

ئىشكنى ئىتتىرىپ يېپىۋەتتى.

— ئۇياقتا، قىشنىڭ كۈنى كۆمۈر قويۇپ، يازدا چايخانا قىلىۋالىدىغان بىر كەپىمىز بار، نېمە دەۋاتاتتىما؟ — دېدى كامال.

— بۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىڭ.

— ھە، بۆلۈمنىڭ. . . بۆلۈمدە بەش ئۈستەل بار. بىرىدە ئىدارىنىڭ باش كاتىپى ئولتۇرىدۇ. بۇ كاتىپنى ئىدارىمىزنىڭ ئەركە بايۋەچچىسى دېسەڭ بولىۋېرىدۇ. كەلسە كېلىدۇ، كەلمىسە يوق. بەزى كۈنلىرى ئەتىگىنى بۆلۈمگە بېشىنى بىر تىقىپ قويۇپلا «مەن ئۆيدە ماتېرىيال يازىمەن - ھە!» دەپ بىرلا ئېلان قىلىدۇ، بولدى، بىر نەچچە كۈن يوقىلىپ كېتىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. نېمىشقا؟ دەمسەن. باشلىقلارنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، بارلىق چوڭ - كىچىك باشلىقنىڭ يىغىنلاردا سۆزلەيدىغان سۆزى شۇ ئاكامنىڭ قولىدىن چىقىدۇ. يەنە بىر ئۈستەلدە بۆلۈم باشلىقى بار، ئۇ ۋىلايەتتىكى بىر كاتتىباشنىڭ ئايالى. قالغان ئىككى ئۈستەلدە يەنە ئىككى ماشىنىست قىز ئولتۇرىدۇ. بىزنىڭ ئىدارىدە ئىككى ماشىنكىدا بېسىپ تۈگىتەلمىگۈدەك شۇنچە نېمە ئىش بار. دەيسەن، ئىككىلىسى باشلىقلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن قىزلىرى. ئىشقىلىپ، مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىنى راھەت كۆرۈپ دادىلىرى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھېلىقى بۆلۈم باشلىقىمىز ماشىنكىدا بېسىلىدىغان بىر - ئىككى ۋاراق ئالاقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قىزلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ، تەرجىمە قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى مېنىڭ ئالدىمغا گۈپ قىلىپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بىكار ئادەم يوق. ئاندىن كېيىن بۇ خوتۇن قاش - كۆزىنى سۈزۈپ كېلىپ غەيۋەتنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقى ناھايىتى ئۇزۇن، ئىشقىلىپ، كىم قەيەرگە ئۆستۈرۈلمەكچى، قايسى

ياشلىقنىڭ قايسى باشلىق بىلەن زىددىيىتى بار. كىم - كىم بىلەن يېقىن، كىمنىڭ خوتۇنى كىم بىلەن قانداق. ۋاي - ۋۇي، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشىنى ئاز دەمسەن؟ كىمدۇر بىرى «غەيۋەت - قىچىشقان يەرنى تاتىلىغاندەك ھۇزۇر ئىش» دەپتىكەن. ئاندىن بۇ خوتۇننىڭ گېپىگە ھېلىقى باشلىقنىڭ قىزلىرى قوشۇلىدۇ، قويۇۋەر. ساڭا ئوخشاش يازالايدىغان بىرەرى بولسا شۇ يەردىلا بىر رومان پۈتتۈرىدۇ - دە! بۇ ئۈچ خوتۇن بىرىنىڭ گېپىنى بىرى تارتىشىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە چۇرقىرىشىپ، ئۆينى ئېچىۋەتكىلى تاسلا قېلىشىدۇ. بۇ قالايمىقانچىلىقتا بېشىم قېيىپ، بەزىدە تەرجىمە قىلىۋاتقان نېمەمگە چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرۇپلا قالىمەن، كاللام ھېچنېمىگە ئىشلىمەي قالىدۇ. گەپ قىلاي دېسەڭ، بىرى باشلىقنىڭ خوتۇنى، قالغانلىرى باشلىقنىڭ قىزلىرى. خۇدا ساقلىسۇن، ئىشقىلىپ بۇ نېمىلەرگە كۈلۈپلا قويۇپ، سىر بەرمىگەننىڭ ئۆزى ياخشى، تەرجىمە قىلىدىغان ماتېرىياللىرىمنى كۆتۈرۈپلا ئۆيگە قايتىپ كېلەي دېسەم، ئۇ چاغدا باللىرىم كىچىك، ئۆي قالايمىقان، زۆھرەنىڭ مىجەزىنى بىلدىڭ، ئۆيدىكى قالايمىقاننى ئاز دەپ ئىدارىنىڭ ئىشىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ، دەپ كوتۇلداپ ئارام بەرمەيدۇ. بىر كۈنى ھېلىقى نېمىلەر تازا ۋاتىلدىشىپ بۆلۈمنى بېشىغا كىيىشىۋاتاتتى، نېمە قىزىق گەپ بولۇۋىدىكى، باشقا بۆلۈمدىكى بىكارچىلارمۇ بۇ يەرگە يىغىلىپ، بۆلۈمنىڭ ئىچى يىپ بازىرى بولۇپ كەتتى. بىر چاغدا، بېشىم گاراڭ بولۇپ، قۇلىقىم ۋاڭڭىدە قىلىپ قالدى - دە، جاھان تىمتاس بولۇپ، چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. نېمە بالا بولدى؟ دەپ ئەتراپىمغا قارىسام، ھېلىقى خوتۇنلار ھەدەپ كۈلۈشۈپ، پاراڭ سوقۇۋېتىپتۇ، قۇلىقىمغا ھېچنېمە ئاڭلانمايدۇ. بېشىمنى سىلكىپ باقتىم، قۇلىقىمنى كوچىلاپ

باقتىم، ئوخشاش. . . ئىچىم پۇشۇپ ئۆيگە قايتتىم ۋە يولدا باراڭلىشىپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلىغىنىنىلا كۆرىمەن. يە ئاۋاز، يە ماشىنىلارنىڭ سىگنالى ئاڭلانسا، ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى ئېيسام، خوتۇن بىلەن باللار كۈلۈشتى. كېيىن بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى. بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئۇقمىدىم، پارقىراپلا قاراپ تۇرغان ئوخشايمەن. بىر چاغدا زۆھرە قورققاندەك بولۇپ «راست گەپ قىلىۋاتامسىز، چاقچاقمۇ؟» دەپ قۇلىقىمغا كېلىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى سەل ـ پەل ئاڭلىغاندەك بولدۇم. . .

— قۇلىقىڭىزنىڭ پەردىسى بىر نېمە بولۇۋېدىمىكىنە؟

— كېيىن، بۇ ئىشنى ئوققان ھەممىسى «جىددىي داۋالاتمىساڭ بولمايدۇ» دېيىشىپ كەتتى. بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشىپ، «سوغۇقۇڭ ئېشىپ كېتىپتۇ، قۇلىقىڭىزنىڭ ئارقىسىغا جوزىغا ـ بوزىغا سۈركە، ئوكۇلنى كۆپ سالدۇرغان ئوخشايسەن، قۇلىقىڭنى قاتتىق كوچىلىغانمۇيا؟» دەپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. خەق نېمە دېسە دېسۇن. قۇلىقىمنى داۋالاتمىدىم. نېمىشقا دېسەڭ، ئىشقىلىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر راھەتكە چىقىپ قالدىم دېگىنە. ئىدارىگە بارسام، ھېلىقى خوتۇنلار بولۇمنىڭ ئۆگزىسىنى كۆنگە نەچچە ئېچىپ، نەچچە ياپسىمۇ ماڭا قىلچە تەسىرى بولمايدۇ. ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىم. ئۆيگە كەلسەم، خوتۇننىڭ ۋاتىلداشلىرى بىلەن باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى قۇلىقىمغا كىرىپ باقمايتتى. ھېلىقى باشلىقلارمۇ مېنى «قۇلىقى ئېغىر» دەپ يىغىنلارغا سۆرىمەيدىغان بولدى، يازما تەرجىمە ئىشىدىن باشقا ئىشىممۇ قالمىدى، ئويلىسام، ئۆمرۈمدىكى ئەڭ باختلىق چاغلىرىممۇ شۇ بولغانىكەن. ئىككى يىل شۇنداق ئۆتتى. سەمىرىپ ئوبدانلا بولۇپ قالدىم. بىرنەچچە پارچە ھېكايە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردۇم. نەشرىيات ئەۋەتكەن پۈتۈن بىر

كىتابنى تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرۈۋالدىم. ئىشقىلىپ، ئىشىم ئوبدان يۈرۈشۈپ قالغاندى، قولىقىمنى زادى داۋالاتقۇم يوق ئىدى. بىر كۈنى ئۆيگە بالىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بىر دوختۇر كېلىپ قالدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئەھۋالىنى ئۇقۇپ «ئەگەر ۋاقتىدا داۋالاتماي، ئۇزۇنغا سوزۇۋەتسىڭىز، ئۆمۈرلۈك پاڭ بولۇپ قالىسىز،» دېگەن گەپنى قىلىپ قالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ زۆھرە يەنە ئاللا ـ توۋا سالدى: «مەن ئەمدى كىمنىڭ خوتۇنى دېسە كامال پاڭنىڭ، دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەنمۇ؟ بالىلىرىمىزمۇ كىمنىڭ بالىسى دېسە، كامال گاسنىڭ دېگەن ئاھانەتكە قالامدۇ؟» دەپ سوقۇشۇپ، ھېچ ئارامىمنى قويمىدى. ئاخىر داۋالاتتىم، ياخشى بولۇپ كەتتى. مېنىڭچە بولسا ھازىرمۇ پاڭ بولۇۋالغۇم بار...

— ھا!... ھا!... ھا!.

ئەلى تۇرمىدىن چىققاندىن بېرى بۇگۈن بىر قاتتىق كۈلۈپ باقتى.

— قويە ئاداش، قويە، ھارىقىڭدىن بىر رومكا قوي، — دەيتتى ئەلى تېلىقىپ، — تۇرمۇش دېگەندە ئەجەب قىزىق ئىشلار بولىدۇ ـ دە!

زۆھرە لېگەندە پولۇ كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن ئوغۇل بالا چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالغاندى...

— قورسىقىڭىزنى ئاچۇرۇۋەتتۇق ئەلى. كامالنىڭ مۇشۇنداق ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ھېچ بولمىغاندا مۇنۇ سوۋۇپ قالغان چايلانى بولسىمۇ يەڭگۈشلەپ قويسىڭىز بولمامدۇ، پاھ، ئاغىنىڭىزنى تېپىۋالسىڭىز ئەجەب گەپچى بولۇپ كېتىدىكەنسىزا؟... بىزگە تۇزەكرەك پاراڭمۇ قىلىپ بەرمەيدۇ، خەقلەرگىمۇ ئارىلاشمايدۇ. قاراڭ. سىزنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتىغۇ!

www.uyghurkitap.com

— قىزىق پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەلى كۈلۈپ.

— ھېلىقى قولىقىمنىڭ ئېتىلىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردىم، — دېدى كامال چاي قويۇۋېتىپ.

— ۋاي - ۋۇي! بۇنىڭ ئەپەندىمدەك قىلىقلىرىنى بىر دېمەڭ. بۈگۈن سىلەرنى ئازادە پاراڭلىشىۋالسۇن دەپ ئارىلاشمىدىم، يەنە بىر كەلگەن چېغىڭىزدا سۆزلەپ بېرىمەن. كامال، گۆشلەرنى پارچىلاپ قويۇڭ.

زۆھرە چىقىپ كەتتى.

— قېنى ئاداش، تاماق ئاله. ھاراق بىلەن گۈرۈچ ئاشقۇ قاملاشمايدۇ، ئىشقىلىپ، خوتۇن خەقنىڭ مېھمانغا بولۇ ئەتمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن.

— شۇنداق، پولۇدىن ئالىي تاماق بولامدۇ؟ بۈگۈن زۆھرەنىمۇ ئاۋارە قىلدىم، سېنىمۇ ئىشتىن قويدۇم.

— ئىش دېگەننى قاچان بولمىسۇن قىلىۋالىمىز. تاماقتىن بۇرۇن يەنە بىر رومكىدىن قېقىۋالىمىزمۇ؟

— مەن ئىچمەي...

— بوپتۇ، تاماق ئال. بۇ قولاقنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئەسلى سەۋەبچى جالال دېگىنە. قولىقىمغا مۇشت تەگكەندە ئارقامدا جالال بار ئىدى...

— راست، سورايمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، — دەپ ئىسىگە ئالدى ئەلى، — ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— بىزنىڭ ئىدارىدە باشلىق.

— باشلىق.؟

— ھە، باشلىق.

— قانداق باشلىق؟

— قانداق باشلىق بولاتتى. پۈتكەن ئىشقا قول قويىدىغان، پۈتمىگەن ئىشقا ئۆزىنى ئاۋارە قىلمايدىغان باشلىق. قېنى، چوڭ - چوڭ ئاله. ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم، ئىككىمىز

بۇ يەرگە بىللە تەقسىم بولۇپ كەلگەن. ئۇ باشتا مەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن، مېنى چوڭ بىر يەرگە خىزمەتكە قويىدۇ، دەپ تەمەدە يۈردى. نەدىكىنى، ئىككىلىمىزنى بىر شىاۋدۈيگە «قايتا تەربىيە ئېلىپ كېلىڭ!» دەپ چۈشۈرۈۋەتتى. بىر يىلدىن كېيىن، مەن گۇڭشېغا تەرجىمان بولۇپ يۆتكەلدىم. جالال ئارقامدىن ئۇچچىنىڭ بالىسىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قالپاق كىيگەن نېمىنى گۇڭشېغا ئاپىرىۋالدى، دەپ گەپ تارقىتىپ، غاجاپ يۈردى، كېيىن، ئۇنىمۇ گۇڭشېغا ئەكەلدى، تەرجىمانلىق ئىشىغىمۇ قويۇپ باقتى. بۇ كېكەچ سەھنىگە چىقسا دۇدۇقلاپ، قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي، چۈشىنەلمەي قالغان گەپلىرىنى يالغان تەرجىمە قىلىپ ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنى خەت ـ چەك تارقىتىشقا قويۇپ قويدى. شۇ چاغدا گۇڭشېدا ما فامىلىلىك بىر شۇجى بولىدىغان، جالال بىلەن ئىككىسى زادىلا چىقىشالمىدى، جالال ما شۇجىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم. مېنى تېگىشلىك خىزمەتكە قويمىدى، دەپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقانمۇ بولدى. گۇڭشې مالىيە بۆلۈمىدە يەنە بىر سەتەڭ بولىدىغان، بىر كۈنى مانى ئىزدەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ماشۇجىنىڭ ھېلىقى سەتەڭنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ مېنىڭ قېشىمغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، «كا ـ كا ـ كامال!» دەيدۇ. «ھە نېمە؟» دېسەم، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، «ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟» دېسەم «بۇ ـــ بۇ گۇيىنىڭ ق ـ ق ـ قىلغىنىنى ھە ـ ھە ـ ھەممە ئادەمگە ئېيتىپ، چا ـ چا ـ چا ـ چاۋىسىنى چىتقا يا ـ يا ـ يايىمەن» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: «ما شۇجىنىڭ ئۇ خېنىمنى قۇچقىغا ئېلىپ ئولتۇرغىنىنى سېنىڭدىن باشقا كىم كۆرۈپتۇ؟ بۇ گەپنى دېسەڭمۇ گۇۋاھچىڭ بولمىغاندىن كېيىن ئاقمايدۇ. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇستىگە، سىنىڭ ما بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم سەن ـ پەن دېيىشكەنلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۇجى مىنىڭ ئۇستۇمدىن يالا چاپلىدى، دەپ ئەيىبنى ئۆزۈڭگە ئارتىپلا قويىدۇ، ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن» دەپ بۇ ئىشنى باستۇرۇپ قويدۇم. توۋا! دەيمەن. ئىشقىلىپ، شۇ ئىشتىن كېيىن ما شۇجى بىلەن جالال ئىككىسى قالتىس يېقىن بولۇپ كەتتى. جالال ئۆزى چەكمىسىمۇ يانچۇقىغا بىر قاپ پاپىروس سېلىپ، ما شۇجىنى قەيەردە كۆرسە شۇ يەردە تاماكا تەڭلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاز ئۆتمەي پارتىيىگە كىردى. كېيىن گوڭشېغا جۈرىن بولدى. مانا ھازىر مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. . . قېنى، چوڭ ـ چوڭ ئالە ئاداش.

— مەن تازا ئېلىۋاتىمەن، ئۆزۈڭمۇ ئالە. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى خېنىمنىڭ قۇچاقىغا چىققىنى جالالغا پايدا بولدى، دېگىنە؟

كامال كۈلۈپ ئاشنى پۇركۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ھە، بۇ تازا جايىدا چاقچاق بولدى. . . ئۆزۈڭ قەيەرگە ئورۇنلاشتىڭ؟

— كەلگەن كۈنۈملا ۋىلايەتكە چاقىرتىپتىكەن، بارسام، ۋىلايىتىمىزدە بىر ئەدەبىي ژۇرنال چىقارماقچىمىز، شۇنىڭدا ئىشلەپ قېلىڭ، دەيدۇ. مەن «ئۇرۇمچىدە پۈتتۈرىدىغان رەسمىيەتلىرىم تېخى پۈتمىدى. ئويلىشىپ باقاي» دېدىم.

— ئىشلە ئاداش، قالتىس يازاتتىڭ. . . ھوي راست، ژۇرنال دېسەڭ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ساڭا ئاجايىپ بىر نەرسە كۆرسىتىمەن. ئاۋۋال تاماق يەيلى.

تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، كامال تۆردىكى ئىشكاپنىڭ يېنىغا بىر بەندۇڭنى قويۇپ چىقىپ، ئىشكاپ ئۈستىنى ئۇزاق ئاختۇردى ـ دە، بىر دەستە كونا گېزىتلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— مانا، ئىشنىڭ قىزىقى ماۋۇ يەردە. مۇنۇ شېئىرلارنى

ئوقۇپ باققىنا.
كامال گېزىتلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە يايدى. ئەلى ئۈستەلگە جەينەكلەپ، قولىغا بىر گېزىتنى ئېلىپ ھەيران بولغىنىچە ئوقۇپ كەتتى.
— قانداق، بۇ شېئىرلارنى تونۇغاندەك قىلامسەن؟
— تونۇدۇم. بۇ مېنىڭ شېئىرلىرىمغۇ؟ بۇ قايسى ئوغرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقى؟ . . . «ياڭراق» دېگەن كىم؟
— كىم بولاتتى. ئاشۇ جالال ماز بولمامدۇ. بىر يىللىرى قارىسام ئۇ شائىر بولۇپ قالدى. مەكتەپتىكى چاغدا بىر تاغار بىر نېمىلەرنى يېزىپ بىرىنىمۇ ئېلان قىلدۇرالمىغان بۇ نېمىنىڭ شائىر بولۇپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ، ئېلان قىلغان شېئىرلىرىنى تازا دىققەت قىلىپ ئوقۇپ باقسام، ئىشقىلىپ، بۇ شېئىرلارنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. ئويلىسام، مەكتەپتە سېنىڭ خاتىرىلىرىڭدە ئوقۇغانىكەنمەن. ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، دەپ بۇ گېزىتلەرنى يىغىپ قويۇۋېدىم. قارا، ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن «ياڭراق» دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغىنىنى. . .
ئەلى گېزىتلەرنى قولىغا ئېلىپ، بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. «ياڭراق» شېئىرلارنى 1972 - يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىشقا باشلاپتۇ، شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىغا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، بەزىبىر مىسرالارنى ئىلگىرى - كېيىن قىلىپ، قىسمەن سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇۋەتكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ شېئىرلار ئۇسلۇبى، تىلى، ئىشلەتكەن قاپىيە، تۇراق، ئۇرغۇلىرىغىچە ئەلىنىڭ مەكتەپتە يازغان شېئىرلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۇ ھازىرمۇ يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. مەشق ئۈچۈن يېزىلغان بۇ شېئىرلارنى ئەلى ئىككى دەپتەرگە جەملەپ قويغان، كېيىن «ئىسيانچىلار» ياتىقىنى ئاختۇرغاندا يىغىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مانا بۇلارنى جالال قولغا چۈشۈرۈپتىكەن ـ دە! . .

ــ ھازىر ئۇ رەسمىي شائىر ئاتالدى، ــ دېدى كامال زەردە بىلەن، ــ شائىر دەپ قويسا ئۇنىڭ بەزى سورۇنلاردا ئالقاندەك قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شېئىر ئوقۇپ نايناقلاپ كېتىشلىرىنى ئېيتايمۇ، قىپقىزىل ئالدامچى. ئىشقىلىپ، نام ـ ئاتاق ئۈچۈن ئۇ ھەر نېمە قىلىشتىن يانمايدۇ ـ دە!

ئەلى سارغىيىپ كەتكەن گېزىتلەرنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. بايا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا جالالنىڭ ئەلگە ئۈچراپ قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ قالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە. . .

ئۇلار بۇ شېئىرلار توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىنى تۈگىتىپ، گېزىتلەرنى يىغقاندا ۋاقىت كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقانىدى، زۆھرە بىلەن بالىلارنىڭ دالان ئۆيدىكى ئاۋازىمۇ ئاللىقاچان جىمىپ كەتكەنىدى. كامال زۆھرەنى ئويغاتماقچى بولدى. ئەلى ئۇنى ئويغاتقىلى قويمىدى.

ــ بولدى، ئۆزىمىز ئورۇن سېلىپ ياتايلى، ــ دېدى ئۇ.

ئۇلار ئۈستەلنى ئېلىۋېتىپ، كىگىز ئۈستىگە قاتار ئورۇن سېلىپ ياتتى. كامال يوتقانغا كىرىشتىن ئىلگىرى، تاقىر بېشىغا بىر كونا قۇلاقچىنى كىيىپ، ئەلگە قاراپ:

ــ قۇلىقىمنىڭ ھازىرمۇ ئازراق دەردى بارچۇ، باشنى ئىسسىق تۇتمىسام بولمايدۇ، ــ دەپ كۈلۈپ قويدى.

كامال بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا سەبىي بالىلاردەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئەلىنىڭ خىيالىدىن گېزىتتىكى شېئىرلار چىقمايتتى. پۈتى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۆزۈنغىچە ئۇخلاتمىدى. بىر چاغدا دېرىزىدىن تولۇن ئاي جامالىنى كۆرسەتتى. ئۆي ئىچى خىرە يورۇققا تولدى. ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ تولۇن ئايدەك ساھىبجامال بىر قىز كەلدى، بۇ قىزنىڭ ئىسمى زۇمرەت ئىدى. ئۇ ئەلىنىڭ يېنىدا پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقان ئاشۇ

ساۋاقدىشى كامالنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزى ئىدى. زۇمرەت ئۇلاردىن تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇيتتى. قورچاقتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان، جۇغى كىچىك كەلگەن بۇ قىزغا كامال مەخپىي كۆيەتتى. 2 ـ قەۋەتتىكى سىنىپنىڭ دېرىزىسىدىن (كامالنىڭ پارتىسى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئىدى) كامال پەسكە ـ تەنەپپۇسكە چىقىۋاتقان تۆۋەنكى سىنىپ بالىلىرى تەرەپكە قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزى شۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن زۇمرەتنى ئىزدەيتتى. كېيىن ئۇلار توپ مەيدانى يېنىدىكى كۆچەتلىك ئارىسىدا پات ـ پات پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەر ئىككىسى شۇنچە تارتىنچاق بولسا كېرەك. قىز چېچىنى قولىغا يۆگەپ، توپلىيىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن يەرنى سىجاپ تۇراتتى. كامال ئۆپكىدەك قىزىرىپ، قىزغا ئەمەس. يېشىل يوپۇرماقلارغا، يىراقتىكى ئۆگزىلەرنىڭ تۇرخۇنىغا قونۇپ تۇرغان كەپتەرلەرگە قارايتتى. ئاشۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نېمىلەرنى ئىزھار قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا فاكۇلتېتنىڭ ئىچى ـ تېشى چوڭ خەتلىك گېزىت بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇ گېزىتلەرگە نېمىلەر يېزىلمىغان دەيسىز؟ بىر كۈنى، نەق فاكۇلتېت بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، قارا سىيا بىلەن يوغان قىلىپ يېزىلغان «قاراڭلار، بۇ بۇرژۇئا خېنىمنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىت پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ گېزىت زۇمرەتنىڭ ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «. . . زۇمرەت، سەن، ماڭا يۇقىرى سىنىپ ئوغۇللىرىنىڭ كۆزى چۈشتى، دەپ ھەر كۈنى قېشىڭنى تېرىپ، يۈزۈڭگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركەپ، ناينىاقلاپ يۈرىسەن. يەنە سەن مەن ھازىر يېگىت تاللاۋاتىمەن، مېنىڭ ئاغزىم كىچىك، ئوغۇللار ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن، بۇ قايسى سىنىپنىڭ قىلىقى؟ جاۋاب بەر! . . .» دېگەندەك تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر يېزىلغانىدى.

بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى كىملا ئوقۇسا كۈلەتتى. بەزى تېتىقسىز ئوغۇللار زومرەت دېگەن قايسى قىز؟ دېيىشىپ ئۇنىڭ سىنىپىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ قاراشقانمۇ بولدى. بۇ ئىشنى هارئالغان زۇمرەت يىغلىغىنىچە چىقىپ، ئاچچىقىدا هېلىقى چوڭ خەتلىك گېزىتنى جارت - جۇرتلا قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. ئىش شۇنىڭ بىلەن ئولغايدى. غەزىپى تېشىپ كەتكەن «ئىنقىلابچىلار» شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، زۇمرەتنى: چوڭ خەتلىك گېزىتنى يىرتىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى چىققان، دەپ سۆرەپ چىقىپ، بېشىغا ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈپ، يۈزىگە كۈيە سۈركەپ كۆرەش قىلدى. كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە زۇمرەت ئىچ كىيىملىرى بىلەن ياتاقتىن چىقىپ، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. بۇ قىزدىن كامالغا پەقەت كىچىككىنە بىر پارچە خەت قالدى. خەتتە ئۇ: «كامال، سىزنى ياخشى كۆرەتتىم، هاياتنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، تۆهمەت ۋە ئاهانەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ۋىجدانىم چىدىمىدى» دەپ يازغانىدى.

كۈزنىڭ سۇيى سۈزۈك بولىدۇ. بالا ۋاقىتلىرىدا ئەلى ئېرىق بويىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزى يوپۇرماقلار سۇپسۈزۈك سۇ بېتىگە جۇپلىشىپ چۈشۈپ، خېلىغىچە بىللە ئاقاتتى - دە، ئاندىن دولقۇنلار ئۇلارنى ئايرىپ هەر تەرەپكە ئەكېتەتتى. ئەلى ئۇ چاغدا تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. توپ مەيدانىنىڭ يېنىدىكى كۆچەتزارلىقتا كامالغا تىكىلىپ قاراشقىنمۇ جۇرئەت قىلالماي شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرىدىغان زۇمرەت قېنى؟ ئەلى بىلەن بىر ئاي بىر ئۆيدە بولغان

رابىيە قەيەرلەردە يۈرىدۇ؟ . . .

شۇ خىياللار بىلەن ئەلىنىڭ كۆزى ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى.

6

ئەلى ئويغانغاندا ئەتىگەنلىك قۇياش ئۆي ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. كامال دالان ئۆيگە ئۈستەل راسلاپ، ئەتىگەنلىك چاينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى، زوھرە ئىشقا، باللار مەكتەپكە كەتكەنىدى.

ئەلى يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ئۈستەلگە كەلدى. كامالدىن هاراقنىڭ تەسىرى قايتىپ، ئۆزىنىڭ ياۋاش، كەم سۆز هالىتىگە قايتقانىدى.

— قانداقراق ئۇخلاپسەن؟ — دەپ سورىدى كامال، — ئاخشام ئىچكەن هارىقىمىزنىڭ تايىنى يوق، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.

— سەن بىر - ئىككى رومكىنى ئارتۇقراق ئىچتىڭ.

— بولمىسا بىر بوتۇلكىنىمۇ يېرىم قىلالماپتۇق. ئىچىپ ئۆگەنمىگەن دېگىنە، ئاخشام سېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا ئىچىپ قويدۇم. چاي ئالە.

چايدىن كېيىن ئەلى رابىيە توغرىسىدا گەپ ئاچتى.

— ھە. . . — دەپ تۇرۇپ قالدى كامال، — مەن قاپاقباش ئاخشام ئۆزۈمنىڭلا گېپىگە چۈشۈپ كېتىپتىمەن. رابىيە بەك ياخشى قىز ئىدى - ھە! ئادەمنىڭ ياخشىلىرى كېتىپ، ماڭا ئوخشاش سۆرەلمىلىرى ئېشىپ قالىدىغان جاھان ئوخشايدۇ. ئۇ رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدىغۇ، سەن كېتىپ بىر يىلدىن كېيىنمۇ، ئىشقىلىپ، شۇنداق بىر ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە، ئەجەب، سەن ئۇقمامسەن؟

— ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى، دېگەن گەپنى جەمئىيەتكە چىقىپ

ئاڭلىدىم. تۇرمىدە چېغىمدا ماڭا ئۇنىڭدىن ئۇزۇلمەي خالتا كېلىپ تۇردى.

ــ هازىرغىچە؟ . . .

ــ مەن بۇ ياقىقا مېڭىشتىن بىر ئاي ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ نامىدىن خالتا تاپشۇرۇۋالدىم.

ــ نېمە دەيدىغانسەن؟ ئېشقىلىپ، هاياتلىقى راست بولسۇن ، ئۇنداقتا ئۇ هازىر قەيەردە؟

ــ مەن سەندىن شۇنى ئۇقماقچى، ئۇ هازىر قەيەردە؟

ــ مەكتەپتىن ئۇ K شەهىرىگە تەقسىم بولۇپ كەتكەن. . .

ــ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن K شەهىرىگە ئۆزۈم بېرىپ باقايمىكىن، دەۋاتىمەن. ئاۋۋال سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەهۋاللىشىپ كېتەي، دەپ كېلىشىم ئىدى. ئۇنىڭ پوسۇلكا قەغىزىگىمۇ شۇ شەهەر ئەتراپىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى يېزىلغان.

ــ مۇنداق دە. بىز رابىيەنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ يۈرۈپتۇق. K شەهىرىدە بىزنىڭ ئىسمايىلمۇ بار. . .

ــ قايسى ئىسمايىل؟

ــ بىزنىڭ كونا سىنىپ باشلىقىمىز. هازىر شۇيەرنىڭ ئىلىم ـ پەن كومىتېتىغا باشلىقمۇ، بىر نېمە بولغان ئوخشايدۇ.

ــ ياخشى گەپ بولدى، ئادرېسىنى تولۇق بىلەمسەن؟ يېزىۋالاي.

ئەلى كامالنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاكىسى تۇرغان قورۇغا بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئوسمان دېرىزىنى ئېچىپ، تەشتەكتىكى گۈل يوپۇرماقلىرى ئۈستىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى:

— سىڭلىم، بىرنى ئىزدەمسىز؟
— ئەلى مۇشۇ قورۇدىمۇ؟
— هە، مۇشۇ ئۆيدە. ئۆيگە كىرىڭ.

ئوسمان ئىشىكتىن چىقىپ بولغۇچە، مېهمان پەلەمپەيلەردىن تېز كۆتۈرۈلۈپ، پېشايۋاننىڭ ئۇستىدە پەيدا بولدى.

— ياخشىمۇسىز؟

ئايال دىدىللىك بىلەن ئوسمانغا قول ئۇزاتتى. ئاياللار بىلەن پەقەت باش لىڭشىتىپلا سالاملىشىش ئادەت بولۇپ قالغاچقا، ئوسمان تەمتىرەپ قالدى.

— ياخشىمۇسىز؟ ئۆ - ئۆيگە كىرىڭ.

ئايالنىڭ ئەرلەردەك قاتتىق قول سىلكىپ كۆرۈشكىنىگە قاراپ، ئوسمان «بۇياق شوپۇر بولسا كېرەك» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، — دېدى ئوسمان.
— ئۆيدە هېچكىم يوقمۇ؟
— بالىلار مەكتەپكە كەتتى. بالىلارنىڭ ئاپىسى سەي - پەي ئالغىلى بازارغا ماڭدى. ئەلىنى دەمسىز؟ ئەلى ئىككى كۈندەك بولدى، سەهراغا چىقىپ كەتكەنىدى.
— قاچان كىرىدۇ؟
— قانچە كۈن تۇرىسەن؟ دېسەم، ئاۋۋال بىر چىقىپ كۆرۈپ باقاي، دەپلا چىقىپ كېتىۋېدى. بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالار، ئولتۇرۇڭە.

بۇ كېلىشكەن، گەۋدىلىك ئايال بولۇپ، كالتە چېچىنى چەيزەرەڭ نېپىز ياغلىق بىلەن ياش قىزلاردەك يىغىپ بوغۇۋالغانىدى. كەڭ ئېتەكلىك يىپەك كۆڭلىكى ئۇستىگە كىيىۋالغان ئەت رەڭ پىلاتىنىڭ ئالدى ئوچۇق تۇراتتى. تولۇق كەلگەن كۆكسى ئۇنى تېخىمۇ بەستلىك كۆرسىتەتتى. بۇ

www.uyghurkitap.com

ئايالمىدۇ، قىزمىدۇ؟ هازىر قىز ـ چوكاننى ئاجراتماقمۇ تەس، بەزى يېشى چوڭىيىپ كەتكەن مۇشۇنداق قىزلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى ئوسمان.

ئايال ئولتۇرماي ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى.

ــ پاھ، مۇنۇ ئىشكاپىڭلار قالتىس چىرايلىق ئىكىنە؟

ــ كونا ئىشكاپ، ئەللىك نەچچىنچى يىلى سوۋېتكە چىقىپ كېتىدىغان بىر رۇستىن ئەرزانلا سېتىۋېلىۋىدىم...

ــ ماۋۇ پىكوس بەك شاخلاپ كېتىپتۇغۇ؟

ــ قارىماسىز، شۇڭا مۇشۇ ئۆيدىن باشقا يەرگە يۆتكىگىلى بولمايۋاتىدۇ.

بۇ ئايالنىڭ يېشىنى ئوسمان ئوتتۇزدىن كەم ئەمەس، دەپ مۆلچەرلىدى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئەتىرنىڭ كۈچلۈك پۇرىقىغا قاراپ، بايىقى «شوپۇر بولسا كېرەك» دېگەن پەرىزىدىن يالتايدى. ھېچنىمىدىن قورۇنمايدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئارتىسمىكىن» دەپ ئويلىدى. بەستىگە قاراپ ئاخىردا، تەنتەربىيە ساھەسىدە ئىشلىسە كېرەك. دەپ جەزىم قىلدى. ئۇنى ئەڭ قىزىقتۇرغان نەرسە، بۇ ئايالنىڭ ئەلى بىلەن نېمە ئالاقىسى باردۇر؟ دېگەن سوئال بولدى.

ــ پوھوي، ئۆينىڭ ئىچى نېمىشقا ھاراق پۇرايدىكىن دېسەم، مۇنۇ بوتۇلكىڭىزنىڭ ئاغزى ئوچۇق قالغانىكەن ـ دە.

ئوسمان دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان پوتۇلكىنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ، ئىشكاپنىڭ ئارقىسىغا جىمىقتۇردى. ئۇ ئاخشام بىر پەدە قاتتىق ئىچىشىپ قويغانلىقتىن بېشى ئاغرىپ قوپقانىدى. ئەتىگەندە بىر رومكا ئىچىۋېتىش ئۈچۈن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بۇ ئايال كىرىپ كىرىشى بىلەن ئۇنى ئەستىن چىقارغانىدى.

ــ گىلەملىرىڭىز ئېسىل ئىكەن، ــ دېدى ئايال تامغا

تارتىلغان ۋە يوغان تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قاتلاپ ئېلىپ قويغان گىلەملەرنىڭ ئارقىسىنى قايرىپ كۆرۈپ،
— خوتەندىن ئۆزۈم ئەكەلگەن. بىر يىللىرى شۇ يەردە خىزمەت بىلەن تۇرغانىدىم.
— هازىر مۇنداق ياخشىسىنى تاپماق تەس.
ئايال ئاخىردا تامدىكى سۈرەتلەر ئېلىنغان ئەينەك رامكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— ئەلىنىڭ سۈرىتى يوققۇ؟
— هە، خوتۇن قولىغا چىققان نىمىلەرنىلا چاپلاپ قويۇپتۇ. ئەلىنىڭ سۈرىتى بار، ساندۇقتىكى ئالبومدا. بىزنىڭ قېشىمىزدا يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇپ يۈرگەن چاغدا چۈشكەن سۈرەتلىرى...
— سىز ئەلىنىڭ ئاكىسىغۇ دەيمەن، — دېدى ئايال ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ.
— شۇنداق، بىز بىر ئاتىدىن ئىككىلا بىر توغقان، سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى ئوسمان ئايالنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قىزىقىش بىلەن قاراپ. ئۇ ئىچىدە: قىلغان پەرەزلىرىمنىڭ قايسى توغرا چىقاركىن، دەپ ئويلايتتى.
— مەن ئەلىنىڭ ساۋاقدىشى بولىمەن، ئىسمىم سارە.
— مۇشۇ شەھەرلىكمۇ سىز؟ هازىر نېمە ئىش قىلىسىز؟
— مۇشۇ شەھەردە، گېزىتخانىدا مۇخبىرلىق قىلىمەن.
— هە، مۇنداق دەڭ!...
ئوسمان سارەگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» دىن باشقا گېزىتلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ئەدەبىي كىتابلار قولىغا چۈشۈپ قالسا ئانچە - مۇنچە ئوقۇپ قوياتتى، بەك ئىزدەپمۇ كەتمەيتتى. بەزىدە ئۇ بىرەرىنىڭ ئۆيىدە يېڭى كىتاب كۆرۈپ قالسا، ئاۋۋال قولىغا ئېلىپ، تەۋەككۇل قىلغان بىر يېرىدىنلا

ئېچىپ ئوقۇپ باقاتتى. قىزىق بولۇپ قالسا ئاچقان يېرىدىن باشلاپ شۇ ئوقۇغىنىچە ئوقۇپ تۈگىتىۋېتەتتى ـ دە، «ھوي، ماۋۇ بولىدىغان كىتاب ئىكەن ـ ھە؟» دەپ يەنە بېشىدىن باشلاپ ئوقۇيتتى. «پايدىلىنىش خەۋىرى» دىكى ئىشلارنى يازىدىغان مۇخبىرلارنى ئۇ زادىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. زۇڭتۇڭلارنىڭ سارايلىرىدىن تارتىپ ئۇرۇش مەيدانلىرىغىچە ھەرقانداق يەردە شەيتاندەك ئۇنۇپ چىقىدىغان بۇ ئادەملەرگە بولغان ھېسسىياتىنى ئوسمان «قالتىس نېمىلەر ئىكەن ـ دە!» دېگەن بىر جۈملە سۆزگىلا يىغىنچاقلايتتى. شۇ تاپتا ئۇ، ساره توغرىسىدا قىلغان بارلىق پەرەزلىرىنى ئېسىدىن چىقاردى. «توغرا! — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — مۇخبىر بولغاچقا ئۇ مەن بىلەن قول سىلكىپ كۆرۈشۈپ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قاراپ كەتكەن ئىكەن ـ دە...»

— مۇخبىرمەن دەڭ! — دەپ تەكرارلىدى ئوسمان.

— ئەلى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ — سورىدى ساره.

— ياخشى تۇرۇپتۇ، پۇتى ئازراق...

— پۇتى نېمە بوپتۇ؟

— پۇتىدا ئازراق رېماتىزم بار ئوخشايدۇ. ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ساره ئوسمانغا قاراپ ئۇنىڭدىكى ئىنىسىغا ئوخشاشلىقنى ئىزدىدى. ئورتا بوي، سەل قورساق سېلىپ سەمرىگەن بۇ ئادەمنىڭ كەڭ پېشانىسى بىلەن كېلىشكەن يوغان كۆزلىرى ئىنىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاشاتتى. مىجەز جەھەتتىن ئۇ ئىنىسىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم خۇش چاقچاق، بىغەم ئىدى. ھەر قانداق كىشى بىلەن چىقىشالايتتى. ھاراقتىن باشقا كەيپىنى قىلمايتتى. ئەمما، ھاراقنى قاتتىق ئىچەتتى، مەست بولغاندىمۇ ناھايىتى خۇش كەيپ بولاتتى. ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. بەزىدە سازەندىلەرنىڭ قولىدىكى

دۇتار ـ تەمبۇرنى تالىشىپ چاتاقمۇ قىلىپ قويىتتى. لېكىن، ئۇ ھېچكىم بىلەن سوقۇشۇپ قالمايتتى، كېچىلىرى تازا مەست بولۇپ قايتقاندا ئۇ مۇشۇ تېرەكلىك كوچىغا ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ تاخشىسىنىڭ سۆزىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ دۇنيا دۇنيا بولۇپ ئىجاد بولغان ھېچبىر ئاھاڭغا ئوخشىمايتتى. ئەمما، بۇ شۇ كوچىدىكىلەرگە ناھايىتى تونۇش ئاھاڭ ئىدى. بۇ ناخشا ئاڭلىنىشى بىلەن قوشنىلارنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ «ئاھاي، ئوسمانجىنكام مەست بولۇپتۇ!» دەپ ۋارقىرىشاتتى... ئوسمان ئازادلىقتىن كېيىنلا كادىر بولغان، ئۇ چاغدا ئۇ خېلى غايىلىك ياشلاردىن ئىدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جەنۇبقا بېرىپ، خىزمەت قىلىش چاقىرىق قىلىنغاندا ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، خوتەنگىچە بېرىپ بىرقانچە يىل ئىشلىگەن، كېيىن ئۆسۈپ كىچىكرەك بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىمۇ بولغانىدى... ئوسماننىڭ مۇشۇ شەھەردە خىزمەت قىلمىغان ئورۇنلىرى ئاز ئەمەس. تۆمۈرچىلەر كوپىراتىپى، مەشچىلەر كارخانىسى، شەھەرلىك تازىلىق ئەترەت، ئاھالە كومىتېتى، قۇشخانا، كىگىزچىلىك كوپىراتىپى، ھەتتا بىر قېتىم ئۇ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغىمۇ باشلىق بولۇپ باققان. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە نۇرغۇن سىياسىي ھەرىكەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ھەرىكەتلەردە ئۇ ئاكتىپمۇ بولۇپ باقمىدى، قاتتىقراق زەربىمۇ يېمىدى. ھەر قېتىم سىياسىي ھەرىكەت بولغاندا ئىدارىگە كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ھە دېگەندىلا ئۇنى تۇتاتتى. تەكشۈرۈپ، ھاراق ئىچىشتىن باشقا چوڭراق مەسىلىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاز ئۆتمەيلا ئۇنى «ئازاد» قىلىپ، يەنە ئاكتىپلار قاتارىغا قوشۇپ قويىاتتى، بىر ـ ئىككى قېتىم ھاراق ئىچىپ كېلىپ، پوكاندەك

www.uyghurkitap.com

قىزىرىپ ھىجىيىپلا قاراپ تۇرۇپ ئىشنى بۇزغاندىن كېيىن، ئاكتىپلار ئىچىدىنمۇ ھەيدىلەتتى، ئاكتىپلار بىلەن پاسسىپلار، ئوڭچىلار بىلەن سولچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاي كۈرەشلەرنى ئۇ ئەنە شۇنداق ھارىقىنى ئىچىپ يۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى، شۇڭا بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن قوشاق توقۇپ:

ھەي ئوسمان، ئوسمان.
ئاستىدا مانتا يەيسەن،
ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ئاسمان...

دېگەنىدى. ئوسمان بىلەن بىللە خىزمەت قىلغانلارنىڭ قانچىسى خاتالىشىپ يىقىلدى، بىرنەچچىسى ئۆسۈپ ئۆلكىدىكى نازارەتلەرگىچە يېتىپ باردى. ئۇ تېخىچە شۇ پارچە - پۇرات ئىدارىلەرنىڭ باشلىقى، باشلىق بولغاندىمۇ مۇئاۋىن باشلىق، ئۇ ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ باققىنىنى بىلمەيتتى. بۇ خىزمەت تارىخىي ئۇنىڭدا مەلۇم ئاممۇۋى خىزمەت ئىشلەش تەجرىبىسىنى يېتىشتۇرگەنىدى. ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن، شۇ يەردىكىلەر بىلەن چىقىشىپ، ئارىلىشىپ كېتەلەيتتى. ئۇ يۆتكىلىپ كەتكەندە ئۇ يەردىكىلەر ئۇنى «ئوسمان كۆڭلىدە يامانلىقى يوق نېمە ئىدى جۇمۇ!» دەپ ئەسكە ئېلىشاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوسمان «مۇشۇ ھاراق دېگەن ئىپلاسنى» تاشلىۋېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. دائىم ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى ئالدايتتى. بەزىدە ئۆزىگە: مۇشۇ يېڭى يىلدىن باشلاپ قەتئىي ئىچمەيمەن، دەپ ۋەدە قىلاتتى. لېكىن، شۇ يېڭى يىلغا يەنە تېخىمۇ قاتتىق مەست ھالدا كىرىپ كېلەتتى. ئەلىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپ تارقالغاندىن باشلاپلا ئۇ: «ئاشۇ ئۇكام قېشىمغا قايتىپ

كېلىدىغانلا بولسا هاراقنى ئاغزىمغا قەتئىي ئالماسمەن» دەپ يۈردى. ئەلىمۇ قايتىپ كەلدى. ئوسمان يەنە كېچە ئىچكەن هارىقىنىڭ باش ئاغرىقىدىن يېشىلەلمەي ئولتۇرۇپتۇ....

— ئەلى ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سارە.

— ساقچىدىن بېجىرىدىغان بەزى رەسمىيەتلىرى تېخى پۈتمىگەن ئوخشايدۇ، ۋىلايەتتە ئىشلەيدىغان يېقىن بىر ئاغىنەم بولىدىغان، ئىنىمنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئېيتسام، «ئوبدان بوپتۇ، رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ مۇشۇ يەرگىلا قايتىپ كەلسۇن. بىز بىر ژۇرنال چىقارماقچى، ئادەم تاپالماي يۈرىمىز» دېگەن، كېيىن ئۇلار قىچقارتىپ ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى. ئەلى «ئويلىشىپ باقاي» دەپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئەخمەق بالا- دە، ئويلىشىدىغان نېمىسى بار. هۆكۈمەت ئون نەچچە يىل چىقىم قىلىپ تەربىيىلىگەن، نېمە دېسە «هە» لا دېيىش كېرەك. تېخى بالا - دە، بالا.

— ئەلىنى بالا دەيسىزغۇ، — دەپ كۈلدى سارە، — هەممىمىز قىرىققا يېقىنلىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭمۇ ئويلايدىغان يەرلىرى باردۇ...

— سىزمۇ قىرىققا بېرىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئايال كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن 35، دەپ قويىمەن، بولمىسا، قىرىققا تاقاپ قالدىم.

— ها!.... ها!.... سىڭلىم ئۆز ئادەم ئىكەنسىز-غۇ، خاپا بولمايسىز، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. هاراقتىن بىر رومكا يۇتۇۋالاي.

— ئىچىڭ! — دەپ كۈلدى سارە.

— ئۆگەنگەن خوي، — دېدى ئوسمان هارىقىنى ئىچىپ، ئۇستەل يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — ئەلىنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇ كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ئويلىسام، ئەقلىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەتمەيدۇ. 1 ـ سىنىپتىن 10 ـ سىنىپقىچە ئەلا ئوقۇغان، بىر ئوبدان ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كەتكەن. ھەي، ھۆكۈمەت بىلەن تاقىشىپ نېمە قىلىدۇ... سىلەر بىلەن ئوقۇغاندا قانداقراق ئىدى؟

— دەرستە ئۆتكۈر ئىدى. سۆزنى ئاز قىلاتتى. يېزىقچىلىقتا ماھارىتى قالتىس ئىدى....

— دۇنيالىقتا بىر تاللا ئىنىم دەڭە، ئۆزۈممۇ ياخشى كۆرۈمەن، ھەممە بالانى ئاشۇ يازىدىغان ئىشتىن تاپتى.

ئارىنى بىرئاز جىمجىتلىق باستى.

— مەن قايتاي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سارە.

— ھوي، نېمىشقا؟ باللارنىڭ ئانىسى ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ. تاماق قىلسۇن. ئاڭغىچە ئەلى كېلىپ قالسا كۆرۈشۈپلا كېتىڭ!

— رەھمەت، ئىشىم ئالدىراش. ئەلى كەلسە، مېنى كېلىپ كەتتى، دەپ قويارسىز، يەنە كېلىمەن. خەت يېزىپ تاشلاپ قويايمۇ يا؟

— بولمىسا شۇنداقلا قىلىڭ.

ئەلى ئۆيگە كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى. ۋېلىسىپىتنى پېشايۋانغا يۆلەپ قويۇپ، يوغان ئۆتۈك بىلەن تاقىلداپ دەسسەپ يۇقىرىغا چىقتى. ئاكىسى ياندىكى كىچىك بىر ئۆينى ئۇنىڭغا ھۇجرا قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ قولۇپنىڭ ھالقىسىغا قىستۇرقلۇق تۇرغان خەتنى كۆردى. ئەلى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇدى:

«ئەلى، ياخشىمۇ سەن؟

ئىزدەپ كەلسەم يوق ئىكەنسەن. كەچتە يەنە كېلىمەن. كېلىپ قالساڭ بىر يەرگە كېتىپ قالماي ساقلاپ تۇرارسەن. زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى.

ساۋاقدىشىڭ: سارە»

ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتىدا توپ مەيداندىن كەتمەيدىغان، يۇگۇرۇشتە ھەممە قىزلارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان، ئەرلەردەك بەستلىك بىر قىز كەلدى. ئۇ چىچىنى كالتە قىلىۋېلىپ، بۇرۇلكا كىيىپ، ئەرلەرچە ياسىنىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەلى ئۇنى «ئىلگىرى مۇئەللىملىك قىلغان، ھازىر گېزىتخانىغا يۆتكىلىپ مۇخبىرلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. بۇ مۇخبىرنىڭ مەن بىلەن پۇتىدىغان نىمە زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئەلى. شۇ چاغدا ئوسمان كىرىپ كەلدى.

— كەل ئاكا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئەلى.

— ھە، سەھرالارنى بىر قۇر ئايلىنىپ كەلدىڭمۇ، قانداق؟ . . .

ئىشىكنى بىرى چەكتى.

— كىرىڭ!

ئىشىكنى ئېچىپ، يوغان قەدەم ئالغىنىچە كۇلۇپ سارە كىرىپ كەلدى.

— سالام، قەدىناس ساۋاقداش.

— كېلىڭ سارە.

ئەلى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئىككىسى قول سىلكىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ سىڭلىم ئەتىگەنلا بىر كەلگەن. خېتىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ ئەلىنىڭمۇ ھازىرلا كېلىپ تۇرۇشى، — دەپ سۆز قىستۇردى ئوسمان.

— ياخشى ئۆتكەن ساۋاقداشلار ئىدۇق. ئەھۋال سوراپ قوياي، دەپ كېلىشىم. ئەھۋالىڭ قانداق؟

— رەھمەت! — دېدى ئەلى.

سارە مەكتەپتىكى چاغدا ھەممە ئوغۇللار بىلەن سەنلىشىپ

www.uyghurkitap.com

سۆزلىشەتتى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى مۇشۇ سائەتتىمۇ ئۇنىڭ ئەلىنى سەنلىشى ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنىڭ پورىقىنى ئەكەلگەندەك بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپمۇ قالدى.

— قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ؟ ئۆيگە چىقىپ تاماق يەڭلار. — دېدى ئوسمان.

— تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدىلا يەيمىز. مەن چاقىرىپ كەلدىم. سىزمۇ بارامسىز؟ — دېدى سارە ئوسمانغا قاراپ.

ئوسمان «ئەھۇ!» دەپ يۆتىلىپ ئىنىسىغا قاراپ قويدى-دە:

— رەھمەت، مەن كېيىنچە بارارمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

— يۈر، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشىمىز. تاماقمۇ راسلاپ قويدۇم، — دەپ ئالدىراتتى سارە.

— مۇشۇ يەردىلا پاراڭلاشمامدۇق.

— سەن مېنىڭ ساۋاقدىشىم. تۈرمىلەردە يېتىپ، جاپا چېكىپ قايتىپ كەلدىڭ. ئۆيۈمگە بېرىپ، بىر پىيالە قايناق سۈيىمنى ئىچمىسەڭ بولماس؟

— ئۇغۇ شۇنداق، سېنىڭ يولدىشىڭ بىلەن تونۇشمىسام، ساڭا ئەگىشىپلا ئۆيۈڭگە بارسام...

— ھا! ھا! ھا! — سارە قاتتىق كۈلدى، — سارىڭ، مېنى يولدىشى بار، دەپ كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ تېخىچە بويتاقمەن. يولدىشىم بولغان تەقدىردىمۇ سېنى باشلاپ بارالايمەن. «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن گەپ بار. قانداق دېدىم؟ سەن بولساڭ مېنىڭ بەش - ئالتە يىل بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم. ئارىمىزدا باشقا نېمە ئىش بار؟!

ئەلى ئويلىنىپ قالدى - دە:

— ئەمىسە كەتتۇق! — دېدى.

چوڭ يولغا چىققاندا سارە ئەلىنى قولتۇقلىۋالدى. ئەتىر، چاچ مايلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك ۋە يېقىملىق پۇراق دىماغنى غىدىقلايتتى. يۇمشاق كېلىپ تەگكەن بەدەننىڭ ھارارىتى ئايالىلار دۇنياسىدىن ئۇزۇن يىل نېرى تۇرغان ئەلىنى ساراسىمگە سېلىپ قويدى. ئۇ باشقىلار نېمىدەپ ئويلاپ قېلىشىۋاتقاندۇ؟ دېگەندەك قىلىپ، ئەتراپقا قورۇنۇپ قاراپ قويۇاتتى. شەھەرنىڭ غەربىدىكى تاغ تەرەپكە قۇياش پېتىپ كېتىۋاتاتتى. شەھەر كوچىسى ئىشتىن يېنىپ ئۆيىگە كېتىپ بارغان، كىنوغا ماڭغان ئادەملەر بىلەن يەنىلا ئاۋات ئىدى. سارە كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان بىر ساۋاقدىشىنى تېپىۋالغىنىغا خۇشال ئىدى.

— ئاۋۇ ئېگىز بىنانى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېڭى ماگىزىن، ئىلگىرى ئۇ يەردە ئۈچ بۇرجەك بىر كونا ئىمارەت بولىدىغان، ئېسىڭدىدۇ؟ ماۋۇ تۆت قەۋەت بىنانى كۆردۈڭمۇ؟ تېخى پۈتمىدى. ئەسلىدە بۇنى بەش قەۋەت قىلىپ سالماقچى ئىدى، چېرتيوژدىن چاتاق چىقىپتۇدەك، ئىش كۆتۈرە ئالغۇچىلار بىلەن ئىشنى كۆتىرە بەرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا قاقتى - سوقتىمۇ بار. مەن بۇنى يازىمەن. قارا. ئاۋۇ دۆۋىلەكلىك ئەخلەتلەرنى، بۇنى سۈرەتكە تارتىپ، گېزىتكە بىر بېسىپ داۋراڭ سالمىغۇچە بۇ يەردىكى مەينەتچىلىك تۈگىمەيدۇ. . . مەندە ياخشى فوتو ئاپپارات بار، كېيىن ئاكاڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سېنى بىر سۈرەتكە تارتىپ قوياي. ھازىر ھەممە ئادەم كاستيۇم كىيگىلىۋاتسا بۇ تۆت يانچۇقلۇق چاپاننى قەيەردىن ئالدىڭ؟

— مەن تۈرمىگە ماڭغاندا ھەممە ئادەم مۇشۇنداق چاپان كىيىدىغان، شۇ ئېسىمدە. تۈرمىدىن چىقىپلا مۇشۇ چاپاننى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

سېتىۋاپتىمەن. ھازىرچە كىيىپ تۇرارمەن.

— ماشىنىچىلاردىن تازا ياخشى تونۇشۇم بار. غاچ ـ غوچلا قىلىپ تىكتۈرەمدۇق يا؟

— ئاكام بىلەن بېرىپ بىر قۇر يېڭى كىيىم زاكاز قىلىپ قويدۇق.

— پۇتۇڭ ئاغرىيدىكەن ـ ھە؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يازدامۇنداق كېلەڭسىز بىر نېمىنى كىيمە. ئاياغ زاۋۇتىدىن مەن ئىچى يۇڭ بەتىنكىلەرنى ئۇقۇشۇپ باقاي. شۇ يېنىكرەك...

— چاتاق تىزىمدا، سارە.

— تىزغا ئىچىدىن بىر نەرسە يۆگىسەك بولار...

ئۇلار يان كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئازراق مېڭىپلا يېڭى سېلىنغان بەش قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختاشتى.

— مانا، مۇشۇ بىنادا تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى سارە.

بىنانىڭ ئىچى پاكىز ئىدى. پەلەمپەيلەر پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلار 3 ـ قەۋەتكە چىقىقۇچە، سارە بۇ بىنادىن ئۆي ئالغۇچە قانداق كۈرەشلەرنى قىلغىنىنى سۆزلەپ كەتتى:

— سۇ يولىلىرى، ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق مۇنداق زامانىۋى بىنادىن ئۆي ئالماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ دېگىنە. بۇ بىنا پۈتكۈچە پىلان كومىتېت، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇرۇلۇش ئىدارىسى دېگەنلەرگە كۈندە بىر قاتىرىدىم. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ماختاپ گېزىتكە يېزىپ، باشلىقلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچالماس قىلىۋەتتىم. كېيىن، ئۆي تەييار بولغاندا «تۇل خوتۇنغا نېمە ئۆي» دەپ بىر ـ ئىككىسى چىقىۋىدى، «تۇل خوتۇن تالادا ياتسۇن، دېگەن دۆلەتنىڭ قايسى قانۇنىغا يېزىلىپتىكەن؟ ماڭا بىر كۆرسىتە!» دەپ تازا دېيىشتىم... ئۇرۇمچىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرگەنسەن؟ بىز ئوقۇغان چاغلاردا بىنالىرىنىڭ سۇ يولىلىرى بولمىغاچقا، قىشتا يۇقىرىدىن تۆككەن يۇندا توڭلاپ، 2 ـ قەۋەتنىڭ دېرىزىلىرىغىچە يامىشىپ

چىقاتتى. پاھوي، مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئۇرۇمچى قالتىس ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ.
سارە ئاغزى بېسىلماي گەپ قىلىپ تۇرۇپ ئىشكنى ئاچتى. ئەلى ئۆيگە كىرىپ قايىل بولدى. بۇ ئاشخانا، سۇخانىلىرى تولۇق ئۈچ ئېغىزلىق ئازادە ئۆي ئىدى. بۇ ئۆيلەرنى ئەلى تۇنۇگۇن كېچە قونغان كامالنىڭ كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆيىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق چوڭ ئىدى.
ــ مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟
ــ سىزلىمەي سۆزلىگىنە ئەلى، بىز ئۆز ئادەمغۇ؟ مەكتەپتە ئوغۇللار مېنى سىزلىمەيتتى، مەنمۇ ئوغۇللار بىلەن سەنلىشىپ سۆزلىشەتتىم، بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتىم. سىلەرنىڭ بىزنى سىزلىشىڭلار ھۆرمەتلىگىنىڭلار ئەمەس، كەمسىتكىنىڭلار، مەن شۇنداق قارايمەن. ئەرلەر بىلەن ھەممىدە ــ مۇئامىلىدىمۇ باراۋەر بولسام دەيمەن. . .
ئەمدى سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي: بۇ ئۆيلەردە ئۆزۈم يالغۇز. مانا بۇ ئاشخانا، ئاۋۇ مېھمانخانا، ياندىكى كىچىك ئۆيدە ۋاننىمۇ بار. يۇيۇنۇۋالامسەن يا؟
ئەلى گەپ قىلالماي قالدى.
ــ تارتىنما، يۇيۇنساڭ سۇ ئىسسىتىپ بېرىمەن. ئۇشۇقچە تەكەللۇپ، ياسالمىلىقنىڭ نېمە ھاجىتى؟ كۆڭلىمىز تۈز بولسا بولدى، مەن شۇنداق قارايمەن. يۇرە، مېھمانخانىدا ئولتۇرايلى.
سارە ئەلىنى مېھمانخانىغا باشلاپ، سافاغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
بۇ ئۆي خېلىلا يوغان بولسىمۇ، ئۆي جابدۇقلىرى بىلەن تولۇپ، لىققىدە بولۇپ قالغانىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇستىگە كەشتىلىك ئاق داستىخان يېپىلغان چوڭ ئۇستەل تۇراتتى. ئۇستەل ئۇستىدىكى كۆكۈچ لوڭقىغا بىر دەستە ئەتىر

گۈل چىلاقلىق تۈراتتى، ئەينەكلىك ئىشكاپ، كىتاب جازىلىرى، ئۈستىگە مۇۋت قاپلانغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار، قېلىن ئورۇن - كۆرپىلەر يىغىلىپ، ئۈستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان سىم كارىۋات، سافانىڭ يۆلەنچۈكلىرى، ماموق ياستۇق، چىنە - قاچا ۋە ۋازىلارنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان كەشتىلىك ياپقۇچلار ھەممىسى جاي - جايىغا قويۇلغانىدى، دۇخاۋىدىن قىلىنغان ئېغىر ئىشىك پەردىسى، يېرىم چۈشۈرۈلگەن دېرىزە تورلىرى، پىكۇس نوتىسى چىلانغان ئەينەك قاچىلار، بالكوننىڭ قىيا ئوچۇق قالغان ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تەشتەكتىكى گۈللەر ۋە ئۆي ئىچىگە تارالغان خۇشبۇي ئەتىر پۇرىقى بىلەن ئۆي ئىچىدىكى گۈڭگا قاراڭغۇلۇق قوشۇلۇپ، كىشىگە تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى...

سارە چىراغنى ياندۇرۇۋەتتى - دە، كەمپۈت، پىرەنىك، تۇش، تورتلار تىزىلغان ۋازىلارنى ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈپ كىرىپ، سافانىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلنى تولدۇرۇۋەتتى. ئاخىردا ئۇ ئىككى تەخسە سەي بىلەن چوكىلارنى ئەكىرىپ، ئەلىدىن سورىدى:

— قىزىلنى ئىچەمسەن. ئاقنىمۇ؟

— تېخى ھاراقمۇ ئىچەمدۇق؟ مەن...

— مەن - پەن دېگىنىڭنى قوي، ساۋاقداش دېمەك ئۇرۇق - تۇغقان دېمەك، مەن شۇنداق قارايمەن. مەكتەپتىكى چېغىمىزدا بىر - بىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپتىكەنمىز، تالىشىپتىكەنمىز. مانا ھازىر ھەممىمىز توزغاقتەك توزۇپ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتۇق. سىلەرگە قانداقكىن، مەن ھازىر بىرەر ساۋاقدىشىمنى ئۇچرىتىپ قالسام، ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن يېقىن تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كېتىمەن.

— بوپتۇ، مەن ئاقتىن ئىچەي. لېكىن جىق ئىچمەيمەن جۇمۇ.

— ھەببەللى، ئوغۇل بالا، مەنمۇ ساڭا ئۇلپەت بولۇپ قىزىلىدىن ئازراق ئىچىپ قوياي. تاماكىچۇ؟ ياخشى تاماكىمۇ بار.

— تاماكا چەكمەيمەن.

— شۇ ئىشىڭغا ھەيرانمەن. سېنىڭدەك ئىچى كۆچلۈك ئادەملەر ئاچچىق - ئاچچىق تاماكا چەكمەمدۇ؟ مەكتەپتىمۇ چەكمەيتتىڭ. . .

— ئۆگىنەلمىدىم، — دەپ كۈلۈپ قويدى ئەلى.

سارە ئەلىنىڭ يېنىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ، قولىنى سۇنۇپلا يانىدىكى ئىشكاپتىن ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ ئەلىگە بەردى. ئەلى ھاراقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ:

— ئۆزۈڭ قۇي! — دېدى.

سارە ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ، ئاق ھاراقنى ئەلىنىڭ قولىغىلا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— مېنىڭ دېگىنىم، — دېدى ئەلى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، — ئەركىشى يوق ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىپ كەتسەك، بىرى كىرىپ قالسا. . .

— ئەجەب توخۇ يۈرەك بولۇپ كېتىپسەن. بىرى كىرىپ قالسا نېمە بوپتۇ! ؟ . . . مۇنداق مۇتەئەسسىپلىكنى قاچانغىچە كۆتۈرۈپ يۈرۈيمىز كىنتاڭ! سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن بىر ئىچەيلى، ئىچە.

ئۇلار ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى. سارە چاي قۇيۇپ، ئەلىنى چايغا تەكلىپ قىلدى.

— نېمىشقا يالغۇز سەن، يولدىشىڭچۇ؟

— بۇ گەپنى سوراپ قالدىڭ، سەندىن نېمىسىنى يوشۇراي.

ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا: مېنىڭ يولدىشىم بولىدىغان ئادەم باتۇر، يۈرەكلىك، ھەقىقىي ئەر بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتىم. ئۇ چاغدا، سىنىپىمىزدىكى ئوغۇللارغا، بولار تېخى كىچىك بالا، دەپ ئانچە ئېتىبارمۇ قىلىپ كەتمەيتتىم. كېيىن جەمئىيەتكە چىقتىم، مەن باشقىلارنى ياراتمىسام، باشقىلار مېنى ياراتمىدى. كۆڭلۈمدىكىدەك ئادەمنى تاپمىسام تۇرمۇشقىمۇ چىقماسمەن، دېگەنىدىم. لېكىن ئۆزۈڭ بىلىسەن، جەمئىيەت دېگەن باشقا گەپ ئىكەن. قىز بالىنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتسە بىر مۇنچە قۇرۇق گەپكە قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ئىدارىنىڭ بۆلۈم باشلىقى — ئۆزىنى توختاتقان بىر ئادەمگە ياتلىق بولدۇم. باشتا، كۆزۈمگە خېلى بىر ئەردەك كۆرۈنگەنىدى. بىر ئۆيگە كىرىپلا مىجەزىم قاملاشمايدىغانلىقىنى سەزدىم، ئۇ مەن ئەر دېگەندەك قىلىپ، تولىمۇ گىدىيىپ چىشىمغا تەگدى. ئەرلىك غۇرۇرىغا تۇشلۇق ئىش قىلىسىمۇ مەن ئۇنىڭ ئايىغىدا يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلاتتىم، ئەمدى ئۇ شۇنداق بىر ئىنسان ئىكەن دېگىنە، ئۆيگە ئوشۇقراق ئىككى مېھمان كەلگەن كۈنى خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ، كۈنىگە قانچە نان كېتىۋاتقانلىقىدىن تارتىپ، قازانغا ماينىڭ قانچىلىك قۇيۇلۇۋاتقىنىغىچە ھەممە ئۇششاق - چۈششەككە ئارىلىشىۋېلىپ بىزار قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل ئۆي تۇتۇپ ئاران چىدىدىم. ئاخىر، مىڭ تەسلىكتە ئاجرىشىپ كەتتىم. بىر قىزىمۇ تۇغقانىدىم، بالىنىمۇ ئەكەتتى. . . يەنە بىر رومكىدىن ئىچىۋېتەيلى، ئەلى.

— ماڭا ئازراق قۇي.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلغىنە، تېخى بىر رومكا ئىچتىڭغۇ؟ ئۆچ رومكىنى ئۆز قولۇم بىلەن قۇيۇپ بېرىمەن. ئاندىن سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولىدۇ. مانا، مەن تولدۇرۇپ ئىچتىم.

ئەلى تولدۇرۇپ قۇيۇلغان ھاراقنى ئاغزىغا بىراقلا

قويۇۋالغانىدى، ناھايىتى تەستە يۇتتى.

— شۇندىن بېرى يالغۇزمۇسەن؟

— بىر ھېسابتىغۇ يالغۇزلۇقمۇ ياخشى ئىكەن. مەن شۇنداق قارايمەن. بىراق، تۇرمۇش سېنى بەرىبىر ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىدىكەن. كېيىن، ھەۋەس قىلىپ ئۆزۈمدىن بەش ياش كىچىك بىرىگە تەگدىم. ئۆزى گەۋدىلىك، كېلىشكەن نەرسە ئىدى. ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ، يولدا ماڭسام ئارقامغا كىرىۋېلىپ ئارامىمنى قويمىدى. سۈرۈشتۈرسەم، ئىش ئورنى يوق بالا ئىكەن. بوپتىلا، ياش ئىكەن، ئىش دېگەن تېپىلىپ قالار، دەپ تەۋەككۈل قىلىپ تېگىپ قاپتۇمەن. ئۇمېنى پۇلۇمنى كۆزلەپ ئالغانىكەن، ئايلىقىمنى ئەكىلىپ قولىغا بەرسەم شۇ پۇل تۈگىگۈچە چىرايى ئوچۇق يۈرىدۇ. پۇل تۈگىگەن كۈنى مەست كېلىپ مېنى ئۇرۇپ - تىللاپ، بەك خورلاپ كەتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇمىغان، چىرايىدىن باشقا ھېچبىر دەسمايىسى يوق نېمىكەن. مەن بۇرۇنلاردا: ھاراق ئىچمىگەن، تاماكا چەكمىگەن ئادەممۇ ئەرمۇ؟ دەپ قارايتتىم. خۇدايىم ساقلىسۇن، ئىچسىمۇ چىرايلىق كېلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا كىمنىڭ دەردى، ئاغزى ھاراقتا تەگسىلا جېدەل تاپىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئاجرىشىپ كەتسەم خەق ئۇششاق گەپ تاپمىسۇن، دەپ لېۋىمنى چىشلەپ بىرىيىل ئۆي تۇتتۇم. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇشنى خالىمىدىم. ئاخىردا، قولىغا يەنە خېلى پۇل تۇتقۇزۇپ، ئالداپ - سالداپ ئاران قۇتۇلدۇم. شۇندىن بېرى يالغۇزمەن. ھازىر يالغۇزلۇقنىڭ ئۆزى راھەت ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. تۇرمۇش ئەھۋالىمنى سورىساڭ مانا شۇ گەپ. قېنى، ئاخىرقى ئۈچىنچى رومكاڭنى ئىچىۋەت. ئاندىن ئىچەمسەن، ئىچمەمسەن ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

ئۈچىنچى رومكىدىن كېيىن ئەلىنىڭ كەيپى خېلىلا

كۆتۈرۈلدى. بايىقى گەپلەرنىڭ تەسىرىدە ئۇ سارەگە ئىختىيارسىز كۆز تاشلىدى. سارەنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاستىغا ئىنچىكە قورۇقلار چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تېخى چىڭ تۇرغانىدى. ئۇ سافادا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، بىر چەتكە سۈرۈلۈپ قالغان ھاۋارەڭ يوپكىسىنىڭ ئاستىدىن ئاپئاق يوتىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەلى كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟

— ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— نېمىدەپ؟

— ئۆزۈڭ ياش، شۇنچىلىك ساغلام تۇرۇپسەن. چىرايىڭنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق. لېكىن، يالغۇز ياشاۋېتىپسەن...

— ئۇنداق دېسەڭ ئاچچىقىم كېلىدۇ. تۆت خوتۇن بىر يەرگە كەلگەندە قىلىشقان غەيۋەتلىرىنى ئاڭلاپ باق، ئەرلىك خوتۇنلارنىڭ دەردى مېنىڭكىدىنمۇ تولا. بىراق، ئىنسان ئىكەنمىز، بەزىدە ھەقىقەتەنمۇ ئىچىم پۇشىدۇ. يۈرىكىم قىسىلىدۇ... بولدى. قويغىنا بۇ گەپنى. سەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ تۇر، سەي تەييار، خېمىرنىمۇ پىلتىلاپ قويغان، جىق ئەمەس. بىر تەخسىدىنلا لەڭمەن سېلىپ كىرىمەن. تاماقنى يېۋېلىپ، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

ساره تاماقنى دېگەندەك بىر دەمدىلا تەييار قىلدى.

— گېزىتخانىدا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەلى تاماق يېۋېتىپ.

— مۇخبىرلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ ئىش ئايالالارغا تازا قاملاشمايدۇ، ماڭا ئوخشاش خوجايىنى يوق خوتۇنلارغا بولىۋېرىدىكەن. ئىشكىنى قولۇپلاپلا چىقىپ كېتىپ، ھەپتە - ھەپتىلەپ ناھىيىلەردە تۇرۇپ قالىمەن. سىرتتىكى كەڭ جاھاننى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ، يالغۇزلۇقۇم ئۇنتۇلۇپ

قالدۇ.

سارە تاماق قاچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، بىر پارچە چوڭايتىلغان سۈرەتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— بۇ ساۋاقداشلىرىڭنى بىر كۆرۈۋال.

ئەلى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ، سافانىڭ ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇ بىر قانچەيلەننىڭ داشۆنىڭ ئالدىدىكى باغچىدا چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. ئەنە سارە ھەممىنىڭ ئالدىدا، بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا، قولىنى ئەرلەردەك بېلىگە تىرەپ، مەھكەم دەسسەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى «ياڭراق» شائىر جالال ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچى سېكىلەكتەك بولۇپ، قېشىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈۋاپتۇ.

— جالال بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ كۆرۈنمەي قالغان ئەزىزمۇ قانداق؟

— ھە، تونۇيالمىغىلى تاس قالدىڭ - ھە؟!

مانا، ئارقا رەتنىڭ بىر تەرىپىدە ئەلى ئۆزى تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىدا يەنە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلار بار. ئىككىنچى چەتتە رابىيە دەرەخكە يۆلىنىپ، كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەلى ھەر قېتىم رابىيەنى ئەسلىگەندە ئۇ ئەنە شۇ كۈلكىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى...

— كىمگە قاراپ كەتتىڭ؟ — دېدى سارە.

— رابىيەگە.

— ئەجەب ياخشى قىز ئىدى - ھە؟ خۇشخۇي، گېپى ئوچۇق ئىدى. ھېلىقى سىلەرنىڭ توي كۈنۈڭلار، رابىيەنىڭ چاچراپ تۇرۇپ: «بۇ دېگەن توي، ئازراق بولسىمۇ ساز چېلىپ ناخشا ئېيتمىساڭلار رازى بولمايمەن» دېگىنى ئېسىڭدىمۇ؟ رەھمەتلىك...

— نېمىشقا رەھمەتلىك دەيسەن؟

— بىز قازا قىلغان ئادەمنى «رەھمەتلىك» دەپ تىلغا

ئالىمىزغۇ؟

ئەلى جىم بولۇپ قالدى ـ دە، سارەگە قاراپ:

ــ ھارىقىڭدىن بىر رومكا قۇيغىنا! ــ دېدى.

سارە نېمە بولغىنىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ، تولدۇرۇپ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى. ئەلى رومكىنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

ــ سارە، چىن گېپىڭنى قىلغىنا، رابىيەنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى راستمۇ؟

ــ يوق گەپنى قىلمىغىنا، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ سەن تۈرمىگە كىرىپ، بىرەر يىلغا قالمايلا تۇگەپ قالدىغۇ؟

ــ سەن ئۆلۈمىدە بولغانمۇ؟

ــ بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەردىكى ئۆلۈمگە قانداقمۇ ئۈلگۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ!

ــ ئەمىسە، ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

ــ ئەلـــى، مەست بولۇپ قالدىڭمۇ، مېنـــى گەپكە سىلىنىۋاتامسەن؟ بىز ساۋاقداشلار بىر يەردە ئۇچرىشىپ قالساقلا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلاتتۇق، رابىيەنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا گەپ بولاتتى. بۇ ھەممىگە مەلۇم ئىشقۇ.

ــ ئۇنداقتا، ماڭا خالتا ئەۋەتىپ تۇرغان كىم؟

ــ نېمە خالتا؟

ــ ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن مەكتەپتىنلا تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم، شۇنداق بولدىغۇ؟ تۈرمىگە كىرىپ دەسلەپكى يىلى رابىيەدىن خەت ئېلىپ تۇردۇم. ئۇ K شەھىرىگە تەقسىم قىلىندىم، پالانى يەرگە قايتا تەربىيىگە چۈشتۇم، دېگەنلەرنى يېزىپ تۇرغان، كېيىن، نېمە بولدى، خەتلىـــرى ئۈزۈلۈپ قالدى. رابىيەخەت يازغان بولسىمۇ تۈرمە باشقۇرغۇچىلىـــرى قولۇمغا بەرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. سۈرۈشتۈر-دۇم، ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتۈپ

كەتتى. ئېھتىمال، تۇرمۇشتا قىينالغان بولسا، باشقا بىرىگە تۇرمۇشقا چىقىۋالدىمىكىن. . . دەپمۇ ئويلىدىم. ئۇچىنچى يىلى ئۇنىڭدىن خالتا كىرگىلى تۇردى.

— رابىيەنىڭ نامىدا؟

— رابىيەنىڭ نامىدا. تاكى مەن قايتىپ چىققۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن خالتا ئېلىپ تۇردۇم. قانچە قېتىم خەت يازدىم. بەزى خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى. بەزىسى ئۆزۈمگە قايتىپ كەلدى.

— خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسەن. رابىيەنىڭ روھىي ساقا خالتا ئەۋەتىپ يۈرەمدۇ، قانداق؟

— مەن ئويلايمەن، رابىيە ھايات!

سارە نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىمىپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە يېرىم رومكا ھاراق قۇيۇپ ئىچتى. ئاندىن بېشىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى ـ دە:

— رابىيەنى ھايات دېيىشىڭدىكى ئاساسىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— بىرىنچىدىن، سىلەر ئۇنى «ئون يىلنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن» دەيسىلەر، لېكىن ماڭا ئۇنىڭدىن خالتا كېلىپ تۇرغان. ئىككىنچىدىن، ھازىرغىچە مەن ئۇچراتقان تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى رابىيەنى «ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىدۇق» دېگەن گەپنى قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىدە تۇرغان ئادەمنى تېخىچە مەن ئۇچراتمىدىم. ئۈچىنچىدىن، مېنىڭ يۈرىكىم «رابىيە تىرىك» دېگەندەكلا قىلىدۇ. . .

— ئۇ سېنىڭ ئۈمىدىڭ، — دەپ گەپنى بۆلۈۋەتتى سارە، — سەن رابىيەنى ياخشى كۆرىسەن، يۈرىكىڭ رابىيەنىڭ ھايات بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. . . ساڭا خالتا بېرىپ تۇرغان ئىشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: ئېسىڭدىمۇ، مەكتەپتە بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلارنى «قارا يىپ» دەپ كۈتۈپخانىنىڭ ئاستىدىكى ئامبارغا سولاپ، ئاچ قويغاندا،

ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا دېرىزىدىن تاماق تاشلاپ بەرمىگەنمىدى؟ جەمئىيەتتە ناھاقچىلىككە ئۇچرىغانلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغانلار ئازمۇ؟ . . . مەن شۇنداق قارايمەن. . .

— رابىيە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان K شەھىرىگە بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ راست - يالغىنىنى ئېنىق ئۇقمىغۇچە كۆڭلۈم تىنمايدۇ.

— K شەھىرىگە. . . — دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى سارە، — قاچان ماڭىسەن؟

— ئەتە - ئۆگۈننىڭ ئىچىدە.

— ئىشنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى قارا.

— نېمە ئىشنىڭ؟

— ھېلىقى، ئىشىككە قىستۇرۇپ قويغان خېتىمدە، زۆرۈر بىر ئىشىم بار، دەپ يازغانىدىمغۇ، كەلگەندىن بېرى، نېمە زۆرۈر ئىشىڭ بار ئىدى؟ دەپمۇ سوراپ قويمايسىنا.

— ھە، نېمە زۆرۈر ئىشىڭ بار ئىدى؟

— توختا، ماڭا ئاق ھارىقىڭدىن تولدۇرۇپ بىر رومكا قويۇپ بەرگىنە، كىچىككىنە مەست بولۇۋالمىسام، گېپىمنى خىجىل بولۇپ ئېيتالمايدىغان ئوخشايمەن.

ئەلى ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا بىر رومكا ئاق ھاراق قۇيۇپ بەردى. سارە ئۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى - دە، ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە چوكا سەي ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— سەن K شەھىرىگە بېرىش يولۇڭدا A ناھىيىسىگە بىر چۈشۈپ ئۆتسەڭ قانداق؟

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟

— ئەزىز شۇ يەردە ئەمەسمۇ. . .

ئەزىزنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئەلىگە سارەنىڭ ئېيتماقچى بولغان گېپى ئايدىڭلىشىپ قالدى. دېمەك، ئۇنىڭ بايا ئەلىگە ھېلىقى سۈرەتنى كۆرسىتىشمۇ ئەزىزنى ئېسىگە

سىلىش ئۇچۇن ئىكەن ـ دە؟

— ئۇ هازىر نىمە قىلىۋېتىپتۇ؟

— هازىر دەم ئېلىشتا ئوخشايدۇ. 1976 ـ يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسى بولغان چاغدا ئۇنىمۇ «قالايمىقان گەپ تارقاتتىڭ» دەپ تۇتۇپ كېتىپ، قاتتىق ئۇرغانىكەن. مېڭىسى زەخىملىنىپ، ئاران ئوڭشالدى، دەپ ئاڭلىدىم. ئۆيلەنگەنىكەن، هازىر ئۇمۇ ئايالىنى قويۇۋېتىپ، ماڭا ئوخشاش ياستۇق بىلەن مۇڭدىشىدىغان بەختسىزدىن بولۇپ قاپتۇ. بىلىسەنغۇ، مەكتەپتىكى چاغدا ئۇ مېنى ئەگىپلا يۈرەتتى. مەن ئۇنى ياراتمايتتىم. نېمىشقا ياراتمايدىغىنىمنى ئەمدى خىيال قىلسام ئۇنى «شاللاق» دەپ قارايتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە، مېنىڭ ئۇستىخىنىم مۇنداق يوغان، ئەزىز ۋىجىك، ئۇنىڭ بىلەن يېتىلىشىپ يۈرۈشنى هار ئالاتتىم. هازىر ئويلىسام، قاتتىق خاتا قىلغانىكەنمەن. هېلى ساڭا: يالغۇزلۇق — راهەت، دېگەن گەپنى قىلدىم. بىراق، تۇلچىلىقنىڭمۇ ئۆزىگە توشلۇق دەردى بار، دېگىنە. تۇل خوتۇننىڭ، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش ياش خوتۇننىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇششاق گەپ تولا. بەزى مازلار ئەتەي سېنى كولدۇرلىتىپ گەپكە سېلىپ باقىدۇ؛ بەزى بېزەڭلەر مەست بولۇۋېلىپ ئارقاڭغا كىرىۋېلىپ، كېچىلىرى كېلىپ دېرىزەڭنى چېكىپ بىزار قىلىۋېتىدۇ. بەزىسىگە يالۋۇرۇپ، ياخشى گەپلەرنى قىلىپ باقىمەن. مەستتىنغۇ قورقۇپ قالمايمەن، چىقىپ سوقۇشاي، دېسەم قوشنا ـ قولۇملاردىن نومۇس قىلىمەن. بىلگەنلەر توغرا چۈشىنىدۇ، بىلمىگەنلىرى «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمىدۇ» دەيدۇ. بەزى كېچىلىرى جىلە بولغىنىمدىن يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقىمەن. نېمىشقىمۇ ئايال بولۇپ تۆرىلىپ قالغاندىمەن، دەپ خۇداغا نالە قىلمىغان كۈنۈم ئاز. . .

— قانداق لۈكچەكلەر ئۇ سېنى شۇنچە بوزەك قىلىدىغان؟

— لۈكچەكلەر دەيسەنغۇ، مۇنداق ئىش خېلى تۈزۈك ئادەملەردىنمۇ چىقىدىكەن. بىزنىڭ گېزىتخانىغا شېئىر ئەكىلىدىغان بىر شائىر بار، ئىسمىنى دەپ بەرسەم تونۇيسەن. خېلىلا نامى چىققان شائىر. مەن مۇشۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بىر قانچە قېتىم مەست كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئاۋارە قىلدى. تالانت بىلەن ئەخلاق دېگەن باشقا - باشقا نېمە ئىكەن، مەن شۇنداق قارايمەن. بوپتۇلا، تالانتلىق ئادەملىرىمىزنىڭ بىرى ئىكەن، دەپ چىرايلىق مېھمان قىلىپ، ياخشى گەپ بىلەن يولغا سېلىپ قويسام، قانداق ئويلاپ قالدى، يېقىندا يەنە مەست كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ زادى كەتمەيدۇ. كېچە سائەت ئىككى بولۇپ كەتتى. ئۇيقۇم كېلىپ، ئەسنەپ ئىڭەكلىرىم ئاجراپ كېتەي دېدى. ئۇ نېمە قىلماقچى؟ بىر مىنۇتلۇق لەززەت ئۈچۈن شۇنچە سالاپەتلىك ئادەمنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىشۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ . . . ئايالى بار، بالىلىرى بار. مېنى ئەخمەق كۆرسە كېرەك. «قاراڭ سارە، يوتىلىرىڭىز قالتىس ئاق ئىكەن جۇمۇ، كۆزلىرىڭىز نېمىدېگەن چىرايلىق. كۆكسىڭىزچۇ، نېمىدېگەن تولۇق. ئەكىلىڭە قولىڭىزنى. بەختى - پېشانىڭىز قانداقراق ئىكەن، ئالقىنىڭىزغا بىر قاراپ باقاي» دەپ قوللىرىمغا ئېسىلىپ تارتىشتۇرغىلى تۇردى. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ياقىسىدىن تۇتۇپ، داقىرتىپ سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقىپ بىر ئىتتىرىۋىدىم، پەلەمپەيلەردىن دۇمىلىغانچە تۆۋەنگە چۈشۈپلا كەتتى. ئىشىكنى گۈپپىدە تاقاپ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلىۋەتتىم. . . شۇندىن بېرى ئۇ گېزىتخانىغا ئۆزى كەلمەي، شېئىرلىرىنى بالىسىدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. دەپ كەلسەم گەپ تولا. سېنى يېقىن كۆرۈپ ئېيتىۋاتىمەن. زۆرۈر ئېشىپمۇ شۇ ئىدى، مەن ئۈچۈن ئەزىز بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقساڭ. ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا خاتا مۇئامىلە قىلغانىكەنمەن. كەچۈرسە، ئەزىزلا خالىسا، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا

ئۆمۈرۋايەت تەييارمەن. . .

ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت باستى. سارەنىڭ سۆزلىرى ئەلىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇ ھاياجاندىن جوزىدىكى قۇرۇق رومكىنى ھەدەپ پىرقىرىتاتتى.

— بولىدۇ، — دېدى ئەلى، — سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭنى ئەزىزگە يەتكۈزۈش مېنىڭ دوستلۇق بۇرچۇم.

— رەھمەت ساڭا. قاچان ماڭىمەن دېدىڭ؟

— ئەتە ياكى ئۆگۈن.

— ئەتە ماڭساڭ ئالدىراپ قالىسەن، باشقا كۈنى ماڭ. مۇخبىرلىق سالاھىيىتىم بىلەن بېرىپ، ياخشى ئورۇننىڭ بېلىتىنى ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي.

— ئەزىزنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەر!

سارە ئەينەكلىك ئىشكاپنى ئېچىپ، پىلاتىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر خاتىرىنى ئالدى ـ دە، ئەزىزنىڭ ئادرېسىنى يىرتىۋالدى. ئەلى خوشلىشىپ قايتقاندا كېچە سائەت ئون بىردىن ئاشقان بولۇپ، تۈن ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار كۆڭۈللۈك كۆز قىسىشاتتى. . .

8

ئەلىنىڭ K شەھىرىگە مېڭىشى بىر ھەپتە كېچىكتى. بۇ ئىش ئوسمان بىلەن سارەنىڭ زورى بىلەن شۇنداق بولدى. ئۇلار ئەلىنىڭ ئۈستىدىكى مودىدىن قالغان كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى ياساپ ـ تۈزەپ يولغا سالماقچى ئىدى.

— ياش ئادەم دېگەن چىرايلىق كىيىنىپ، پاكىز يۈرۈشى كېرەك. بىز ياش ۋاقىتلىرىمىزدا. . . ، — دەپ چۈشەندۈرەتتى ئاكىسى.

سارەمۇ ئوسماننىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ:

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىل، ئۈستۈڭدىكى كۆك چاپان، كۆك ئىشتان، يوغان ئۆتۈك، نېمىلەر بۇ! ئەلۋەتتە ياقا يۇرتلارغا ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى، رابىيەنى ئىزدەپ تاپقىلى كېتىپ بارىسەن... كۆڭلۈڭ بەك سۇنۇپ كېتىپتۇ سىنىڭ، ئوقۇغۇچى چاغلىرىڭدا بىر چىرايلىق يۈرەتتىڭغۇ؟ — دەيتتى.

— يېڭىسى نېمە، كونىسى نېمە، ئوخشاش، — دەپ ئېرەڭشىمەيتتى ئەلى.

— قويغىنا، — دەپ قارشى چىقاتتى سارە، — ئادەم دېگەننىڭ دوست - دۈشمىنى بار ئەمەسمۇ! يىگىت دېگەن يىگىتتەك يۈرسە بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، زاكاز قىلىنغان كىيىملەرمۇ ئەپكېلىندى. شۇ كۈنى ئەلى يۇيۇنۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىدى. بۇ ھەممەيلەن دەم ئالغان يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئەلىگە يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ كۆرىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ كىچىككىنە ھۇجرىسى بازارغا ئايلىنىپ كەتتى. كىيىملەرنى ئەكەلگۈچە يولدا ئانچە - مۇنچە قېقىشۋالغان ئوسماننىڭ كەيپى بەكمۇ چاغ ئىدى. ئۇ ئىنىسىغا ئۆز قولى بىلەن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئوسماننىڭ ئايالى بىلەن كىچىك باللار ئىشىك ئالدىغا توپلىشىۋالغانىدى. سارە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، كىيىمنىڭ ياراشقان - ياراشمىغانلىقى، تىكىلىشىنىڭ قانداقلىقى ئۈستىدە مۇلاھىزىسىنى بايان قىلىۋاتاتتى.

— مۇنۇ شەپكىنىڭ ئورنىغا كەپكە تىكتۈرەيلى، دېسەم زادى ئۇنىمىدىڭ، ساڭا كەپكە يارىشاتتى، — دېدى ئوسمان.

— كاستۇمنى ئۈچ تۈگمىلىك قىلماي، ئىككى تۈگمىلىك قىلىپسىلەر، ھازىر ئۈچ تۈگمىلىك پاسوندا كىيىشىۋاتىدۇ... — دەپ پىكىر قىلاتتى سارە.

قانداقلا بولمىسۇن، زىغىررەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا، شۇ رەڭدىكى شەپكە ۋە قاتتىق ياقىلىق ئاپئاق كۆڭلەك ئەلنىڭ چىرايىنى ئاچتى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى سارە تېپىپ كەلگەن ئىچى يۇڭلۇق بەتىنكە سەل قوپال كۆرۈنسىمۇ، بۇرۇلكىنىڭ پۇچقاقلىرى ئۇنى يېپىپ تۇرغاچقا يەنە ئانچە چېنىپ كەتمەيتتى. سارە قەيەرلەردىندۇر تېپىپ، سومكىسىغا سېلىپ كەلگەن چېكىم گۈللۈك گالستۇكنى ئەلگە زادىلا تاقىغۇزالمىدى. ئەلى:

— قويغىنا بۇ نېمەڭنى، مېنى مازلاشتۇرۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — دەپ سارەنىڭ قولىنى ھەدەپ نېرى ئىتتىرەتتى.

— بولدى قويۇڭ! — دەپ سارەنىڭ قولىدىكى گالستۇكنى ئېلىپ، كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ قويدى ئوسمان، — بۇ نېمە بىلەن مېنىڭمۇ خۇشۇم توق.

ئەلنى ياساش ئىشى ئاياغلاشقاندا، باللار چۇقىرىشىپ كىرىپ، ئۇنىڭ يېڭى كىيىملىرىنى تۇتۇپ بېقىشتى. ئوسمان خۇشاللىقىدىن كىيىمنىڭ تىكىش ھەققىنى تۆلەپ، ئېشىپ قالغان پارچە پۇللارنىڭ ھەممىسىنى باللارغا بېرىۋەتتى. ئەلى يېڭى كىيىمدە ئۆزىنى قورۇنغاندەك ھېس قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

— تازا قاملاشتى، — دېدى سارە، — ئەمدى ئىككىمىز شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئورمان تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى!

— شۇنداق قىلىڭلار! — دەپ قوشۇلدى ئوسمان.

ئەزەلدىن تەبىئەتنى ياخشى كۆرىدىغان ئەلى:

— مەيلى! — دەۋەتتى.

ئۇلار بۇ ھويلىدىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن ۋېلىسىپىتلىرىنى يېتىلەشىپ چىقىپ كېتىپ بارغاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوسماننىڭ كۆڭلىدىن: خۇددى قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلاردەك ـ ھە! دېگەن پىكىر كەچتى. مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا بۇ تېرەكلىك كوچىدىكى قوشنا ـ خۇلۇملار ئىچىدە «ئوسماننىڭ تۇرمىدىن چىققان ئىنىسى بىر مۇخبىر خوتۇننى ئالغۇدەك» دېگەن سۆز تاراپ كەتكەنىدى. ئوسمان ئۆزىمۇ باشتا بۇ ئايالنىڭ ئەلىگە تەگكۇسى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، سارەنىڭ ئەلىگە ماشىنا بېلەتلىرىنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭ رابىيەنى ئىزدەپ تېپىشىغا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشى ئوسماننىڭ پەرەزلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى...

ئۇلار شەھەر سىرتىغا ئاچىقىدىغان يول بىلەن شىمالغا قاراپ كەتتى. ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغا بازارلار ئارقىدا قېلىپ، ئۆيلەر شالاڭلىشىپ، ئېتىزلىقلار باشلاندى. يول بويىدىكى تېرەكلىك ئىچىدە بېشىغا سۆگەت شۇمبىلىرىدىن چەمبىرەك ياساپ كىيىۋالغان بىر بالا قولىدىكى چىۋىق بىلەن كۆكتاتلارنى ئۇرۇپ، ئۆچكە بېقىپ يۈرەتتى. سول تەرەپتە تۇتاش كەتكەن بوغدايلىق، ئوڭ تەرەپتە مېۋىلىك باغلار، سەيلىكلەر، ئېتىز ئىچىگە تىكىلگەن كەپىلەر كۆزگە تاشلىنىپ ياتاتتى. سارەنىڭ يېڭى ۋېلىسىپىتىنىڭ روللىرىدا قۇياش نۇرى ئەكس ئېتەتتى. ئەلى مىنگەن ۋېلىسىپىتنىڭ قەيىرىدۇر بىر يېرى رىتىملىق غىچىرلايتتى...

ئەلى چوڭقۇر نەپەس ئالدى. كەڭ جاھان، ئاچ يېشىل رەڭ ئېلىپ تاۋلىنىپ ياتقان بۇ تەبىئەت ئۇنى ھاياجانلاندۇراتتى... يىراقتىن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئورمان كۆرۈندى. ئۇلار ئورماننىڭ ئارقىسىدىكى يېزىغا ئەكىتىدىغان ھارۋا يولغا بۇرۇلۇشتى ـ دە، ئازراق مېڭىپ، بىر ئۆستەڭگە كېلىپ توختاپ قېلىشتى. ھارۋىلار ئۆتۈۋېرىپ كېڭەيتىۋەتكەن بۇ كىچىكتە سۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى.

— مۇشۇ يەردىن ئۆتەمدۇق؟ — دەپ سارەگە قارىدى ئەلى.

— باشقا ئۆتىدىغان يەر يوق ئوخشىمامدۇ، — دەپ ئەتراپىغا قارىدى سارە.

ئەلى ۋېلىسىپىتنى قويۇپ، ئايغىنى يەشمەكچى بولۇپ ئېڭىشتى.

— توختا، سېنىڭ پۇتۇڭ ئاغرىيدۇ! — دەپ ساپما تۇپلىسىنى سېلىپ، يېپەك پايپاقلىرىنى سىيرىپلا قولىغا ئېلىپ بولدى سارە.

سارە ئېتەكلىرىنى بىر قولىدا سەل كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ۋېلىسىپىتلەرنى مۇرىسىگە ئېلىپ ئۆتكۈزدى.

— قاۋۇللۇقۇڭ بىر ئەسقاتتى ـ دە! — دېدى ئەلى كۈلۈپ.

— ئەمدى سېنى كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن.

— قويساڭ، مەن سەكرەپلا ئۆتىمەن، — دەپ ئۆستەڭ ياقىلاپ يۇقىرىلاپ كەتتى ئەلى. ئۇ ئۆستەڭنىڭ تارىيىپ ئاققان بىر يېرىدىكى قارىياغاچنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى-دە، قارىياغاچنىڭ ئۆستەڭگە ئېڭىشكەن شاخلىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ قولىغا يۆگەپ، ئالدىغا تارتىپ تۇرۇپ، بىر سەكرەپلا گۈلەڭگۈچتەك ئۇچۇپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

— خېلى قاملاشتۇردۇڭ، — دېدى تۇپلىيىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان سارە.

— كىچىك ۋاقتىمىزدا يېزىنىڭ ئېرىقلىرىدىن ئاشۇنداق سەكرەپ ئۆتەتتۇق، — دەپ قويدى ئەلى.

ئۆستەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن هارۋا يولى تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئورمان يۇقىرىدا ئىدى. ئۇلار ئورمانغا ئاپىرىدىغان ئاياغ يول بىلەن مېڭىپ، ئورماننىڭ ئىچىگە ئەمەس، ئورمان يېنىدىكى چىمەنلىككە كېلىپ توختاشتى.

— كۈننىڭ قىزىقى كەتتى. مۇشۇ ئوچۇقچىلىق ياخشىمىكىن؟ — دېدى سارە.

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم. ئورماننىڭ ئىچى

www.uyghurkitap.com

زەي، — دېدى ئەلى

ئۇلار ۋېلسىپىتلىرىنى چىملىق ئۇستىگە ياتقۇزۇپ قويدى. سارە ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋالغان ئەدىيالنى ئېلىپ يېيىپ سالدى. ئەلى ئۇنىڭغا راھەتلىنىپ ئۆزىنى تاشلىدى، سارە ئۇنىڭ يېنىدا پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇردى.

— ئاۋۇ يەردە ئۇچقۇلاقلار بار ئىكەن، بەختىڭنى بىر سىناپ باقمامسەن؟

— تۆتقۇلاقنى ھازىرلا تاپىمەن، — دېدى سارە ئىشەنچ بىلەن، — ئۇنداق ئادەم ئالدايدىغان پالغا ئىشەنمەيمەن.

شۇنداق دېسىمۇ ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇچقۇلاقلىق ئارىسىغا باردى ۋە بىر قاراشتۇرۇپلا تېپىۋالدى.

— مانا دېمىدىممۇ، تۆتقۇلاق ئەمەس، بەشقۇلاقتىن بىرنى تاپتىم.

دېگەندەك ئۇنىڭ قولىدا قۇلاقلىرى تولۇق كەلگەن بىر بەشقۇلاق تۇراتتى. پالغا ئىشەنمەيمەن، دېگەن بولسىمۇ، شۇتاپتا خۇشاللىقتىن سارەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى، ئۇ يەنە:

— بۇنىڭ بەختكە كاپالەت قىلىشى بىكار! — دەپ بەشقۇلاقنى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا نېمانچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟

— ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە ئىكەن، ئۇمىدكە ئالدىنىپ يۈرىدىكەنمىز. ئازراق ئۇمىد بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، بەخت... دەپ سەن نېمىنى چۈشىنىسەن؟ — دەپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى سارە.

— بەخت، — دەپ سارە تەرەپكە يېنىچە بولۇپ جەينەكلەندى ئەلى، — بەخت توغرىسىدا مەنمۇ كۆپ ئويلىغان. تۇرمىدە مەھبۇسلار — بەخت، تەلەي دېگەنلەر ئۈستىدە جىق سۆزلىشىدىغان. بەخت نېمە؟ بايلىقمۇ، خاتىرجەملىكمۇ، ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇمۇ؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم... چەت

ئەللەردە ناھايىتى بېيىپ كەتكەن ئادەملەر بولىدىكەن. ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى قانچە كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ تەشۋىشى شۇنچە ئېشىپ ئازابلىنىدىكەن. تۇرمۇشى خاتىرجەم ئادەملەرنىمۇ ئۇچراتتىم، ئۇلار يەنە نېمىشقىدۇر ئىچى پۇشۇپ زېرىكىدىكەن. ئارزۇغا كەلسەك، ئادەمنىڭ ئارزۇسى مەڭگۈ قانمايدۇ، بۈگۈن سەن بىر ئارزۇيىڭغا يەتسەڭ، ئەتە يەنە باشقا بىر نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن...

ئورمان ئىچىدىن بىر توپ قۇش گۇررىدە ئۇچۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. قۇشلار ھاۋاغا تىككىدە كۆتۈرۈلدى ـ دە، تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەلىنىڭ ئۆزىنىڭ يان تەرىپىدە ئېچىلىپ تۇرغان چىغىرتماق گۈلگەكۆزى چۈشتى. كۆكۈچ گۈلنىڭ بەرگىلىرىدە سېرىق چۈمۈللەر ئالدىراش مېڭىپ يۈرەتتى.

— سەن K شەھىرىگە بارغاندا قەيەرگە چۈشمەكچى؟ — سورىدى سارە.

— ئىسمايىلنىڭ ئۆيىگە.

— ھە، ئىسمايىلنىڭ ئۆيىگە چۈشسەڭ بولىدۇ، مىجەزىڭلارمۇ كېلىشىدۇ. ئادرېسىنى بىلەمسەن؟

— كامالدىن يېزىۋالدىم.

— ئۇ يەردە بىز بىلەن ئوقۇغانلاردىن يەنە كىم بار؟... ئىبادەت بار.

— بىزنىڭ سىنىپتىكى ئىبادەت؟!

— ھە! ئۇ شۇ يەرلىك ئەمەسمۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئاكتىپ بولۇپ يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا بۆلۈنۈۋالغان.

— شۇ ئىپلاسنىمۇ شۇ يەردە دېگىن!

— نېمىشقا تىللايسەن؟ يامان ئەمەس قىز ئىدى، دەرستە ئالدىنقىلاردىن ئىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا نېمە بولدى خۇدايىم، خويما لاۋزىلىشىپ كەتتى. بىر چوڭ يىغىندا سەھنىگە

www.uyghurkitap.com

چىقىۋېلىپ: مېنىڭ ئىسمىم «ئىبادەت قىلىش» دېگەن خۇراپىي گەپتىن كېلىپ چىققان، ئىنقىلابىي ئاممىغا بۇگۇندىن باشلاپ ئىسمىمنى مۇنداق (سارە ئىبادەتنىڭ شۇچاغدا ئىسمىنى نېمىگە ئۆزگەرتكەنلىكىمنى ئېسىگەئالالمىدى.) ئۆزگەرتكەنلىكىمنى ئېلان قىلىمەن، دەپ كەتكىنى ئېسىڭدە بارمۇ؟ . . . يالغۇز ئۇمۇ دەيسەن، ئۇ چاغدا ھەممىمىز خەق نېمە دېسە، قولىمىزنى تەڭ كۆتۈرگەندۇق، بەزى بالىلار بىكاردىنلا پالانچىنى قوغدايمەن، پوكۇنچىنى يوقىتىمەن، دەپ سوقۇشۇپ ئۆلۈپمۇ كەتتى. شۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئويلىسام ئىچىم ئاغرىيدۇ. . . ئىبادەتنى ھازىر جىق ياخشى بولۇپ كەتتى، دەيدۇ، بارغاندا ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قوي. . .

— ياخشى بولغىنى قۇرسۇن، بىلەمسەن؟ ئۇ بىر قارا نىيەت ئىپلاس! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالدى ئەلى، — ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەنلىكى، بىزلەرنى سۆرەشتۇرۇپ، سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ كۇرەش قىلغىنى ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى كەچۈرگىلى بولىدۇ. راست، ئۇ چاغدا ھەممىمىز ياش ئىدۇق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بەزىلىرىمىزنى ئىرادىمىزگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. . . لېكىن، مەن ساڭا ئېيتسام، ئۇلار ياتىقىمنى ئاختۇرۇپ، قول يازما ئەسەرلىرىمنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەندە، مەن ھېلىقى كۇندىلىك خاتىرەمنى يەنە ساقلاپ قالغانىدىم. بۇ خاتىرىلەر يوتقان - كۆرپىنىڭ ئاستىدا ئىدى. مەن ئەخمەق، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ خاتىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىۋېرىپتىمەن. ئۇنىڭغا ھەر كۇنى بولۇۋاتقان ئىشلار، بۇ ئىشلارنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى، كۆز قاراش - تەھلىللىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلغانىدى. ئىبادەت مېنى ماراپ يۇرگەنىكەن، بىر كۇنى خاتىرە يېزىۋاتقىنىمنىڭ ئۇستىگىلا چۈشۈپ قالدى. تىقىشتۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمىدىم. «يېزىۋاتقىنىڭ نېمە؟ كۆرسەت!» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئىبادەت، بۇ مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشىم. سىز ئارىلاشماڭ» دېدىم. ئۇ ۋارقىراپ

غوۋغا كۆتۈردى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئادەملىرى پەيدا بولدى. قارشىلىق قىلىپ تاياق يېدىم. يوتقان - كۆرپىلەرنى سۆكۈپ، ھەممىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى... بۇنىمۇ كەچۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، سەن ئاڭلا سارە، مەن نېمىنى كۆردۈم دېمەمسەن؟ دېلويىمدىكى قارا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈلىدىغان چاغدا، ئىبادەتنىڭ ئۇستۇمدىن يېزىپ تاپشۇرغان ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئۆزى مېنىڭ كۇندىلىك دەپتەرلىرىمدىن قېلىن، پۈتۈنلەي بوھتان، يالغان گەپ بىلەن تولغان. ئۇنىڭ پاش قىلىشىچە، مەن ئىنقىلابنىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمىنى ئىكەنمەن. مېنىڭ كۇندىلىك خاتىرىلىرىم جامائەت پىكرى توپلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە چوڭ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تەييارلىقى ئىكەن. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگۈچە ئاممىنىڭغەزىپى بېسىلمىغۇدەك... ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈگەنلىكى ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدۇ... ئىبادەت كۇندىلىك خاتىرىنى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇزۇن - ئۇزۇن تەھلىللىرى بىلەن قوشۇپ، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئىشخانىسى»غا ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ يەردىكى چالا تەرجىماندىن بىرى بۇ ماتېرىياللارنى تازا «كېلىشتۈرۈپ» تەرجىمە قىلىپ، كۇندىلىك خاتىرىدىكى گەپلەر بىلەن تەھلىل ماتېرىيالىدىكى نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەمەسلا بىر نېمە قىلىۋەتكەن. «قۇرماقچى بولغان» دېگەن سۆزلەر «قۇرغان»، «تەييارلىماقچى بولغان» دېگەن سۆزلەر «تەييارلىغان» بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «ئەكسىلئىنقىلابچىلار»نى تازىلايدىغان باشلىقنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە بۇ ماتېرىيال ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىر نېمىگە ئايلىنىپ بولغان... بۇ زىيانكەشلىكنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن سارە؟! بىز زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن؟ ئىبادەت شۇنچە خىزمەت كۆرسىتىپ نېمىگە ئېرىشكەندۇ، k شەھرىگە ھاكىم بولغانمىدۇ؟ مەن

www.uyghurkitap.com

ئۆلۇمگە هۆكۈم قىلىنغانىدىمغۇ؟ مېنىڭ سالامەتلىكىم، بىھۇدە كەتكەن ئۆمرۈم قېنى؟ هايات قالغان يولدىشىم رابىيە هازىر قەيەردە؟ بىزگە شۇنچىۋالا ۋەيرانچىلىقنى ئەكەلگەن زادى كىم؟ . . . يەنە مەن مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەنمۇ؟ !

ئارىنى چوڭقۇر سۈكۈت باستى. ئەلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. يىراقتىكى توپىلىق يولدا چاڭ توزۇتۇپ يادا كالىلار قايتىۋاتاتتى.

— كەچ كىرىپ قالدى، قايتايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سارە.

ئەلى قايتىپ كەلگەندە، هويلىدىن ئاكىسىنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. «مەست بوپتۇ!» دېدى ئەلى، ئۇ هويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاكىسىنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن غىپلا قىلىپ هۇجرىسىغا كىرىپ، چىراغنى ياقماستىنلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئوسماننىڭ ھەقىقەتەنمۇ كەيپى چاغ ئىدى. ئىنىسىنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنىڭ خۇشاللىقىدا ئۇ يەنە بىر نەچچە رومكىنى ئۇشۇق كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئايەي، سەن قاياقتىن —
كېلىسەن، كېلىسەن قاياقتىن. . .

سۆزلىرى قولاشمىغان بۇ ناخشا ئەلىنىڭ قۇلىقىغا ئۇزاقىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

9

ئەزىز تۇرغان ناھىيىگە ئەلى كەچكە يېقىن يېتىپ كەلدى. سارەنىڭ بەرگەن ئادرېسى بويىچە ئىزدەپ ئەزىزنىڭ قورۇسىنى

تاپتى. دەرۋازا چىڭ يېپىقلىق ئىدى. بۇ چوڭ دەرۋازىغا قاراپلا ئەزىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ خېلى ھاللىق ئۆتكەن ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى. دەرۋازىنىڭ ئەينى يىللاردىكى سىرلىرىنى يامغۇر ـ يېشىنلار يۇيۇپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، قايسىبىر ماھىر ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن قېلىن ياغاچلارغا چېكىلگەن نەقىشلەر، دەرۋازا ئۇستىدىكى كۆك خىش بىلەن چىقىرىلغان ئەگمە گۇللەر كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئەلى كۈن نۇرىنىڭ قىزىقى كەتمىگەن تۆمۈر ھالقىنى تۇتۇپ شاراقشىتتى. قورۇدىن ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يەنە قاتتىقراق شاراقشىتتى. ئەمدى ئىتنىڭ غەزەپ بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى دەل دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدىلا پەيدا بولدى. لېكىن، ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلانمايتتى. ئەلى يەنە بىر قېتىم ئۇرماقچى بولۇپ تۆمۈر ھالقىنى تۇتۇۋېدى، ئارقىسىدىن:

— ھوي، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەلى كوچا تەرەپكە قاراپ، يوغان بىر قارا سومكىنى كۆتۈرۈپ ئىغاڭلاپ كېلىۋاتقان ئەزىزنى كۆردى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سىزنى!

— ھوي، ھوي! ئەلىغۇ بۇ...

ئۇ سومكىنى يولغا قويۇپلا، قوللىرىنى كەڭ يېيىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ تار كوچىدا ئويناپ يۈرگەن بىرنەچچە كىچىك بالا ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالدى.

— تۈرمىدىن چىققىنىڭنى ئاڭلىغانىدىم. ئاغىنە دېگەن مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ ـ دە! مەن يوقلاپ بارغۇچە ئۆزۈڭ كەپسەن، — ئۇ ئارقىدا قېپقالغان سومكىسىنى ئەكىلىپ، دەرۋازىنى ئىتتىردى. — قېنى، خوش، ئىت سېنى قەدەم باسقۇزمىغاندۇ؟ ئالامەت جانۋار ـ دە، ئۆيلەرنى ئىشەنچلىك

تاشلاپ چىقىپ كېتىۋېرىمەن. يولۋاس، قايت!

كىچىكرەك كەلگەن بۆرە ئىت ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقىنىچە نېرى كەتتى. ئۇلار قورۇغا كىردى. ئەلى دەرۋازىسىغا قاراپ بۇ ھويلىنىڭ ئىچىنى خېلى كەڭ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. بۇ ئاشۇ دەرۋازىنىڭ كەڭلىكىچىلىكلا تار ھويلا بولۇپ چىقتى. ھويلىنىڭ تارلىقىغا باقماي ھەممە يەرنى كوكات بېسىپ كەتكەنىدى. تام تۈۋلىرىدىن ئۆزى ئۈنۈپ چىققان قارىياغاچلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسۈپ، تەبىئىي جاڭگالغا ئايلانغىلى تۇرغانىدى.

— بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ چېتىدە «جاڭگال باغ» دەپ بىر باغ بولىدىغان، مۇنۇ ھويلا شۇنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغىلى تۇرۇپتۇ - دە.

— ھەممە نەرسىنىڭ ئاشۇنداق تەبىئىي ئۆسۈشىدىن ھۇزۇر ئالىمەن. ئەسلىدە بۇ يوغان قورۇ ئىدى. بۇ قورۇنىڭمۇ بېشىغا نىمە كۈنلەر كەلمىگەن دەيسەن. مەن كىچىك چاغلاردا، مەھەللىدە چوڭراق يىغىن ئېچىلماقچى بولسىلا، ئادەملەر مۇشۇ قورۇغا يىغىلاتتى. كوللېكتىپ ئاشخانا يولغا قويۇلغاندا مەھەللىنىڭ داش قازىنى مۇشۇ قورۇغا ئېسىلغان. كېيىن بۇ ھويلىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدارىسىمۇ قىلىشىپتۇ. مەن كەلسەم، بەش ئاغا - ئىنى قورۇنى بۆلۈشۈپ، ماڭا مۇشۇ تەرەپنى ئايرىپ قويغانىكەن. قېنى ئاداش، ئۆيگە كىر.

ياغاچلىرى ئېگىلىپ، قىيشىيىپ قالغان پېشايۋاننىڭ ئاستىدا قاتار كەتكەن ئۆيلەر تۇراتتى. ئۆگزىنىڭ قىلىن توپىسى ئۈستىدە باھارنىڭ يامغۇر - يېشىنلىرىدا كۆكلەپ، ھازىر سارغىيىپ قالغان كۆكاتلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېرىزىلەرنىڭ نەقىشلىك قاپقاقلىرى كىملەر تەرىپىدىندۇر يۇلۇۋېلىنغان بولۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ياغاچىنىڭ ئېتىبارى يوق زامانلاردا ياسالغان قىلىن كېشەكلىرى قاغجىراپ



www.uyghurkitap.com

يېرىلىپ، يول - يول يېرىقلارنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەزىز پېشايۋان ئۈستىدىكى يازلىق ئوچاقنىڭ بىر يېرىگە قولىنى تىقىپ، ئاچقۇچنى ئالدى - دە، ھەر يىلى قىشتا يوچۇقلىرىغا كىگىز قېقىلىۋېرىپ توقۇملىشىپ كەتكەن كونا ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئاچچىق بىر نالە قىلىپ غىچىلداپ ئېچىلدى.

— قېنى، غېرىب كۈلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىل!

ئەلى ئۆيگە كىرىپ بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. ئۆي ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقتا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىپ كېتەتتى. ئەسلىدە بۇ ئاستى - ئۈستى تاختايلىق پۇختا ئۆيلەردىن بولۇپ، ھازىر تورۇسنىڭ تاختايلىرىنى چىۋىن بېزەپ قىلىپ قارايتىۋەتكەن، بەزى تاختايلار ئاجراپ، ساڭگىلاپ قالغانىدى. تور بېسىپ كەتكەن بولۇڭلارنىڭ بىرىدە يوغان سۇ تۇڭى، تۈۋۈكى يوق قازان، چۆرىسى تىتىلىپ كەتكەن چويلا ۋە ماكچىيىپ كەتكەن ئاياغ كىيىملەر تاشلىنىپ ياتاتتى، يەنە بىر تەرەپتە چىنە - قاچا جازىسى، زىخقا ئۆتكۈزۈپ تامغا سانجىپ قويغان ماي پارچىسى، بىر تىزىق تۆمۈر ياماقتىن ياسالغان تارازا تېشى، قەدىمىي پاسوندىكى ئورۇندۇقلار قېلىن تور بېسىپ ياتاتتى. ئۆينىڭ ئوتتورىسىدىكى پۈتلىرى قىرىپ ياسالغان قەدىمىي چوڭ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىن بىر نەرسىنى ئىزدەپ تاپماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان چوكىلار، داتلىشىپ كەتكەن مىخ، قاچاندۇر بىر چاغدىكى تاماقتىن قالغان ئۈستىخانلار، ئىسكىرىپكىنىڭ قىلى ئۈزۈلگەن كامالچىسى، نان ئۇۋاقلىرى، ئاغزى ئوچۇق قالغان بوتۇلكا، ئوڭدىسىغا تاشلاپ قويۇلغان كونا شەپكە، بىر تىزىق ئاچقۇچ، چېچىلغان سەرەڭگە تېلى، تاماكا قالدۇقىغا تولغان كۈلدان، قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر كونا كىتاب، چايدانىنىڭ ماكچىيىپ كەتكەن ئېغىزى، قىشتا ئۇنتۇلۇپ قالغان بويىچە تۇرغان تېرە پەلەي. . . دېگەندەك نەرسىلەر كۆزگە

www.uyghurkitap.com

تاشلىناتتى. ئىشىك تەرەپتە ئۆز زامانىسىدا ئەتىۋارلىق بولغان، ھازىر نەزەرگە چۈشمەي قارىداپ كەتكىنىچە تاشلىنىپ ياتقان مىس چىلاپچا بىلەن ئاغزى يوق، غاز بويۇن ئاپتۇۋا تۇراتتى. تامغا بىر كۆتمەك سۈپۈرگە يۆلەكلىك ئىدى. دېرىزە تەكچىسىدە ئىككى تەشتەك گۈل تۇراتتى. گۈل قاچىلىرىنى كىمدۇر بىرى ھەربىرىنىڭ ئاستىغا ئۈچ - تۆتتىن ماشىنا يېپىنىڭ غالتىكىنى قويۇپ كۆتۈرۈپ قويغانىدى. بىراق، گۈل قاچىسىنىڭ توپىسى ئاللىقاچان قاغجىراپ قېتىپ كەتكەن بولۇپ، گۈللەر قۇرۇپ بولغانىدى... بۇ ئۆي شارا - باراچىلارنىڭ يايمىسى ياكى بىراك مال ماگىزىنلىرىنىڭ ئىسكىلاتىنى ئەسكە سالاتتى.

— ئىچىدىكى ئۆيگە ئۆتۈپ كەت، — ئەلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلىدى ئەزىز.

ئىككىنچى ئۆينىڭ ئاستى پاكىز سۈرتۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىق ھەر ھالدا دالان ئۆيدىكىگە قارىغاندا ياخشىراق ئىدى. ئۆيگە كىرگەندە ئەڭ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغان نەرسە ئۇدۇلدىكى يوغان، قەدىمىي شەمەي ساندۇقى ئىدى. ساندۇقنىڭ تۆمۈرلىرى قارىداپ، گۈللىرى ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ناھايىتى مەزمۇت تۇراتتى. ساندۇق ئۈستىدە كونا بىر گىلەم بىلەن بىر نەچچە يوتقان قاتلاپ قويۇلغانىدى. ساندۇق يېنىدا تۇرغان ئىشكاپنىڭ ئەينەكلىرىنى توپا بېسىپ، ھېچنېمىنىڭ ئەكسى چۈشمەس ھالغا كەلگەنىدى، دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋات ئۈستىدە يىغىلمىغان ئورۇن - كۆرپىلەر قالايمىقان يېيىلىپ ياتاتتى. ئىشىك يېنىدىكى ۋىكلىيۇچاتىلىنىڭ يېپى ئالىيېشىل بوغقۇشلار بىلەن ئۇزارتىلىپ، كارىۋاتنىڭ بېشىغا تارتىپ قويۇلغانىدى. ياستۇق ئۈستىدە يەنە باتارېيىسى چېگە يىپ بىلەن ئارقىسىغا چېتىپ قويۇلغان كىچىك بىر رادىئو ياتاتتى. ئەزىز قولىدىكى سومكىنى تام تۈۋىگە قويۇپ:

— بۇ مېنىڭ خاس ھۇجرام بولىدۇ! — دەپ جاكارلىدى، — ئولتۇر ئاداش، توختا، ئۇ ئورۇندۇقنىڭ پۇتى سۇنۇق، سەن يۇمشاقراق ماۋۇ كارىۋاتقىلا كەل. مەن رەھمەتلىك دادامنىڭ ئولتۇرىدىغان بىر سافاسى بولىدىغان، شۇنى تېپىپ كىرەي.

كارىۋاتنىڭ يېنىغا بىر كىچىك ئۇستەل قويۇلغانىدى. ئۇستەلنىڭ تامغا تىرەلگەن تەرىپىدە بىرقانچە كىتاب تىزىقلىق تۇراتتى. كىتابلارنىڭ ئۇستىدە قاپچۇقىغا دەز كەتكەن بىر قەلەممۇ ياتاتتى. ئەزىزنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتى مۇشۇ كارىۋات بىلەن ئۇستەلدىن نېرىغا ئۆتمىسە كېرەك، دەپ ئويلىدى ئەلى.

ئەزىز مەكتەپتىكى چاغلادا قىزلارغا ئارام بەرمەيدىغان شوخ ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى، بىراق ئۇنىڭ بويى پاكار، كۆرۈمسىزرەك بولغاچقا، قىزلار ئۇنىڭغا نەزەر سالمايتتى. ئائىلىسىدىن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا پۇل كېلىپ تۇراتتى. سىنىپتىكى ئەڭ باي ئوقۇغۇچىمۇ مۇشۇ ئەزىز ئىدى. ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بولىدىغان، بىر مەزگىل ئۇ فوتو ئاپپاراتقا ھەۋەس قىلىپ، بوينىغا ئاپپاراتنى ئېسىپ، قىزلارنى سۈرەتكە تارتىپ قويىمەن، دەپ ئەگەشتۈرۈپ يۈردى. كېيىن ئاپپاراتنى گارمونغا تېگىشىپ، ئۇنى بىرەر يىلچە غاتىلداتتى. كېيىن، ئىسكىرىپكا ئۆگەنمەكچى بولۇپ، ئۇنىمۇ خېلىغىچە غىڭشىتىپ باقتى. . . ئۇنىڭ قولىدىكى سائەت ئايدا بىر دېگۇدەك يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى — بىرگە تېگىشىۋېتەتتى ياكى سېتىپ، باشقا پاسوندىكى سائەتنى ئېلىپ تاقاپ باقاتتى. . .

ئەزىزنىڭ سافا دەپ كۆتۈرۈپ كىرگىنى خەنزۇ ئۇستىلار ياسىغان كونا پاسوندىكى تۆت چاسا يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق بولۇپ، ئۇستى ئۆچكە تېرىسى بىلەن قاپلاپ قويۇلغانىدى. ئەزىز بۇ «سافا» نى ئۇستەل يېنىغا قويۇپ ئولتۇردى.

— ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان ئاداش. قانداق قىلىسەن،

www.uyghurkitap.com

بويتاقچىلىق. تېخى ئەتىگەنلا، خۇددى بىرى كېلىپ قالىدىغاندەك كۆڭلۈم تۇيۇپ، ماۋۇ ئۆينىڭ ئاستىنى ئانچە ـ مۇنچە سۈرتۈپ قويغانىدىم. خوش، ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ؟ چىرايىڭ بىر ئوبدانلا تۇرۇپتۇ. بىز تۈگىشىپ كەتتۇق.

ــ سەنمۇ يامان ئەمەس تۇرۇپسەن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىساڭ، يەيدىغان رىسقىم بار ئىكەن. تىنچ ـ ئامان قايتىپ چىقتىم، مانا ئالدىڭدا ئولتۇرۇپتىمەن.

ــ ياشا ئەلى، ھەممە ئادەم قورقۇپ تىترەپ تۇرغان چاغدا سەن ئۇلارغا قارشى چىقالىدىڭ، جىڭ گەپ، مېنىڭ ساڭا ھەۋىسىم كېلىدۇ . . .

ــ مەن ھېچكىمگە قارشى چىقمىغان، ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلغانلىرىمنى يازغان.

ــ ئۆز پىكرىنى ئوچۇق يېزىش دېگەنمۇ چوڭ قەھرىمانلىق دېگىنە، بىزمۇ شۇ چاغلاردا ئىشلارنىڭ تازا توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتۇق. لېكىن، سەن يازغان نەرسىلەرنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق.

ئەزىز موخۇركا قۇتىسىنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. گېزىت قەغىزىدىن يېرتىپ ئەلىگە سۇندى. ئەلى قەغەزنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ئەزىز تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى.

ــ شۇ چاغدا، باشقىلارنى دوراپ مەنمۇ كۇندىلىك خاتىرە يېزىپ باققان، كېيىن ئوقۇپ باقسام، بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق، پالانى كۈنى يامغۇر ياغدى . . . . دېگەندەك گەپلەر بىلەن توشۇپ، ھاۋارايى پونكىتىنىڭ خاتىرىسىگە ئوخشىشىپ قاپتۇ . . . ئازراق جوزا راسلاي، بىلگەندەكلا بازاردىن خېلى بىر نېمىلەرنى ئەكىلىۋاپتىكەنمەن. «ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار» دەپ، بىر ھەپتە يەتكۇدەك ئوزۇقۇمنى بازادىن بىراقلا توغرىلاۋالىمەن.

ئەزىزنىڭ داستىخان راسلىشى ئەر - خوتۇنلۇق ئۆيلەردىكىدىن تېز بولدى. ئۇ ھېلىقى ئېغىر سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، پىشقان گۆش، نان، تاتلىقلارنى ئېلىپ ئۇستەلنى تولدۇردى. چايداندىن قىزىق چاي قويدى. ئاخىردا بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن «خۇڭسەن» پاپىروستىن بىرنى ئالدى. تاماكىنىڭ قەغىزىنى يىرتىپ قويدى.

— چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، ئاله.

— ئۆيلەنمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئەلى.

— ئۆيلەندىم.

— ئايالىڭچۇ؟

— مەكتەپنى پۇتتۇرۇپ كەلگەن چېغىمدا دادام تېخى ھايات ئىدى. ھەي كونا ئادەملەر — دە. . . رەھمەتلىك، ئاغرىق يېتىپ مېنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ كويىدا قالدى. تۇغقىنىمىزنىڭ بىر قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇشتى. ئۇنىمىسام، دادام رەنجىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا «بوپتۇ» دەپتىمەن. تېخى ئون بەش - ئون ئالتىلەرگە كىرگەنلا بىر نېمە ئىدى. دېگىنە. ئۇنى «خوتۇنۇم» دېيىشكىمۇ ئادەم نومۇس قىلىدۇ. ئۆزىمۇ نېمە دېسەڭ «خوش، خوش» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قىز ئىكەن. ئىشەنسەڭ، ئۇنىڭ بىلەن تۇزۇكرەك بىر ئورۇندىمۇ ياتمىدىم. جىڭ گەپ، زادىلا كۆڭلۇم چۈشمىدى. دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا خېتىنى بېرىۋەتتىم.

ئەزىز پاپىروستىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— راست، سەن نېمىشقا چەكمەيسەن؟

— ئۆگىنەلمىدىم.

— مەكتەپتىمۇ چەكمەيتتىڭ، تۈرمىدىمۇ چەكمىدىڭ؟

— چەكمىدىم.

— ئىرادەڭ قالتىس نېمە - دە، سەن.

— بۇنىڭ ئىرادە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مانا مەن: تاماكا تاشلايمەن، دەپ مىڭ قېتىم قەسەم قىلغاندىمەن. جىق چەكمىگەن چاغدا بىرەر سائەت چەكمەي چىداپتىمەن... شۇنداق قىلىپ، ئۇ خوتۇننى ئاران يولغا سالدىم. «خېتىمنى ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ دىمەمسەن، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكنى بېرىپ، ئاران قۇتۇلدۇم. قارىمامسەن، ئۆينىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغىنىنى؟ تامدىكى گىلەم، دېرىزە پەردىلىرى دەمسەن، ئەدىيال، ئورۇن ـ كۆرپە، ئەيتاۋۇر، تامغا قاققان مىخنىمۇ سۇغۇرۇپ چىقىپ كەتتى. قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولدۇم. ئاڭلىسام، ھازىر ئۆزىگە ئوخشاش ياش بىر بالىغا تېگىپ بەختى ئېچىلىپتۇ. «ئەزىز دېگەن نېمىگە خوتۇن بولۇپ زايە كەتكەن ئۆمرۈمگە ئېچىم ئاغرىيدۇ» دەپ يۈرگۈدەك، ھا!... ھا!... ھا!... گۆشتىن توغراپ قوياي، ھاراقتا مەيلىڭ قانداق؟

— ئىچمىسەكمۇ چىرايلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋاتىمىزغۇ...

— كۆڭۈل ساناپ ئالاھىدە كەپسەن. ئازراقتىن ئىچەرمىز؟ راستىمنى ئېيتسام، ھازىر مەن ھاراققا كىرىشىپ كەتتىم. مېنىڭ بېشىمغىمۇ خېلى دەرد كەلدى. «تيەنئەنمېن» ۋەقەسى بولغاندا، ئىتتىكلىك قىلىپ، «يائاللا! بېيجىڭنىڭ ئۆزىدىن شۇنچىۋالا ئەكسىلئىنقىلابچى چىققان بولسا جۇڭگونىڭ ئىشىمۇ تۈگىشىپتۇ — دە!» دەپ قويغىنىمغا ساقچىدا يېتىپ، قاتتىق تاياق يېدىم. مىڭەم زەخىملىنىپ ئايىنىپ قالغىلى تاسلا قالدىم. خۇدايا شۈكرى، ھازىر خېلى ياخشى. بىراق بىر ئىش ئۈستىدە قاتتىقراق ئويلانسام مېڭەمگە ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ. جىڭ گەپ، ھاراق ئازراق ئارام بولىدىكەن.

— ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— دەم ئېلىۋاتىمەن، ناھەق جازالىنىپ، سالامەتلىكىدىن ئايرىلغان، دەپ مائاشىمنى تولۇق بېرىۋاتىدۇ.

— ئەزىز چوڭ ئىستاكانغا يېرىم هاراق قويۇپ، بىراقلا ئىچىۋەتتى.

— مەن ئۇنداق كۆپ ئىچەلمەيمەن جۇمۇ.

— مانا، ساڭا كىچىك رومكىغا قۇيدۇم، مەن دەسلەپكى رومكىنى جىقراق قويۇپ ئىچىۋالمىسام هاراق ئىچكەندەك بولمايمەن. . . خوش، بىزنىڭ بۇ ناهىيىگە قانداق قەدىمىڭ يېتىپ قالدى؟

— بىرىنچىدىن، سېنى يوقلاپ، — دېدى ئەلى ئەزىز قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — ئىككىنچىدىن، ساڭا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئېيتقىلى. . .

— رەھمەت، نېمە ئىش ئۇ؟

— كېيىنرەك ئېيتاي.

— ئەمىسە هاراق ئىچەيلى. مەنمۇ ئەمدى كىچىك رومكىدا ئىچەي، بولمىسا، ھېلىلا مەست بولۇپ قېلىپ، ساڭا ئويۇن قويۇپ بېرىپ يۈرمەي . . .

ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئىككى رومكا هاراق ئىچىپ، ئازراق تاماق يېيىشتى. ئەزىز يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، گەپكە چۈشۈپ كەتتى:

— مانا ئوقۇدۇق، جەمئىيەتكە چىقتۇق. يېشىمىز ئوتتۇز بەشتىنمۇ هالقىدى. ئويلىسام، شۇ ياشقىچە ئۆزۈم مۇستەقىل بىر ئىش قىلىپ باقماپتىمەن. ھەممە ئىشتا باشقىلارنى دوراپتىمەن. ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، سالاپەتلىك يۈرۈپمۇ باقتىم، قىسقا يەڭ مايكا بىلەن ئاق چوخەي، كىيىپ تەنتەربىيىچىلەرنى دوراپ ماڭغان چاغلىرىممۇ بولغان. بىر مەزگىل سازغا خۇشتار بولۇپ، گارمون، ئىسكىرىپكا، ھەتتا دۇتار بىلەنمۇ ھەپىلىشىپ باقتىم، ھېچقايسىسىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدىم. شۇ چاغلاردا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدىم. كۆپىنچىسى مۇھەببەت ھەققىدە

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان، بىرەرىمۇ مەتبۇئاتقا چىقمىدى. ھەممىسى بىر ئەخمەقلىق ئىكەن.

— ھازىر يازمامسەن؟

— ھازىرمۇ ئىلھامىم تۇتۇپ كەتكەندە بىر نېمىلەرنى قەغەزگە جىجاپ باقىمەن. مەسىلەن، بىر شېئىرنى:

ساقلانغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس،
بەزىلەر كۈندۈزى ساق، كېچىسى مەست. . .

دەپ باشلىغانىدىم. ئاخىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشۇمنى بىلمەي توختاپ قالدىم. بىر ئولتۇرۇشتا ئىلھامىم قايناپ، قەلەمنى ئېلىپ، غاچ ـ غۇچلا قىلىپ :

رەسىمگە يارىشۇر رامكا،
ئوشۇق پۇلغا بانكا.
پېچەت ھاراقنىڭ يارىشىقى رومكا،
چىرايلىق ئايالنىڭ سومكا. . .

دېگەنلەرنى يېزىپ، ئوقۇپ بېرىۋىدىم. مەستلەر قىقاس سېلىشىپ ماختاپ كەتتى. ئەتىسى ئۆزۈم ئوقۇپ باقسام شېئىر ئەمەس، بىر تېتىقسىز نەرسە بولغانىكەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا قىلغانلىرىمنى ئويلىسامىمۇ ھازىر ناھايىتى خىجىل بولىمەن. دەسلەپتە، نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى زادى ئۇقالمىدىم. پويىزغا ئېسىلىپ بارمىغان يېرىمىز ئاز قالدى. جىڭ گەپ، بۇمۇ ئوبدان تاماشا ئىكەن، دېدىم. قايتىپ كېلىپ، قەشقەرگە بېرىپ مەسچىتلەرنى بۇزۇپ، دوپپىلارغا ئوت قويدۇق. ئاقسۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدۇق، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، پارتكومنىڭ ئالدىدا چېدىر تىكىپ ياتتۇق. كېيىن،

دادامنىڭ پومېشچىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ قېلىپ، ئىسيانچىلار مېنى سەپتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنقىلابتىنمۇ كۆڭلۈم قالدى...

— بۇ يەرگە كېلىپ نېمە خىزمەت قىلغانىدىڭ؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر بالىلارغا دەرس ئۆتۇشكە كاللام چىدىمايدۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭنى كۆتۈرەلمەيمەن.

— ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن، مۇشۇنداق بىكارلا يۈرەمسەن؟

— بەزى كېچىلىرى نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىمەن. مەست بولۇپ قالغان چېغىمدا؛ مەن نېمە بولدۇم؟ رۇسلارنىڭ ئوستىروسكى دېگەن بىر يازغۇچىسى پالەچ يېتىپمۇ كىتابلارنى يازغانغۇ؟ دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ، ئەتىدىن باشلاپ باشقىچە بىر ئادەم بولاي، ھەممە ھەيران قالسۇن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، كۇن چىقاندا ئىشلار يەنە ئىلگىرىكى قېلىپىدا كېتىۋېرىدۇ.... كىچىك چېغىمدا كىتابنى كۆپ ئوقۇيتتىم. كەلگۈسىدە سپارتاكدەك باتۇر، ناۋايىدەك ئۇلۇغ شائىر ياكى تولستويدەك بۈيۈك يازغۇچى بولسام، دەپ ئارمان قىلاتتىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئاخىردا ھېچنېمە بولالماي، يېرىم ئادەم بولۇپ يېتىپتىمەن.... قېنى، يەنە بىردىن ئىچمەمسىلەر!

— مەن سەل توختاپ ئىچەي.

— ئەمىسە مەن ئىچتىم.

ئەزىز ھارىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، گۆشتىن بىر پارچە ئاغزىغا سالدى - دە، قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ قارسىلداتتى.

— بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغىنىڭ ياخشى ئىدى.

— ئاشۇ كارىۋاتتا يېتىپ نۇرغۇن خىياللارنى سۈرىمەن، — دېدى ئەزىز، — تۇۋا دەيمەن. باشقىلار ئايدا، يىلدا بىر قېتىم چۇش كۆرسە، مەن بەزى كېچىلىرى ئىككى - ئۈچ قېتىم چۇش كۆرىمەن. بەزىدە ئويغىنىپ كېتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

تالا ـ تۇزلەرگە چىقىپ كىرىپ، يەنە ھېلىقى چۇشلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆرۈۋېرىمەن. جىـــڭ گەپ، سەن كۇلمە، چۇشۇمدە شۇنداق قىزىق ئىشلارنى كۆرىمەن. يازسام گەپ يوق چوڭ كىتاب بولىدۇ. بەزىدە چۇشلىرىمنى يېزىپ باقماقچىمۇ بولغانىدىم، بىـراق، قولۇمغا قەلەمنـــى شۇنداق ئالدىمۇ، كاللامدا ھېچنېمە قالماي چېچىلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ قەلەم دېگەن نەرسىنىڭ سۇرى بار نېمە ئىكەن. بەزىدە كىشـــى نۇرغۇن نەرسىنى ئويلايدۇيۇ، قولغا قەلەم چىقىشى بىلەنلا ھەممە نەرسە قېچىپ كېتىدۇ. . . كاللىدا ئويلانغان نەرسىلەرنـــى قەلەم ئىشلەتمەيلا كىتاب قىلىپ چىقىرىۋېرىدىغان بىر ماشىنا ئىجاد قىلىنسا قالتىس بولاتتى ـ دە، جىڭ گەپ، شۇ چاغدا ھەقىقىي نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كېلەتتى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىـيەت خەزىنىسى بايلىققا كۆمۈلۈپ قالاتتى. . .

ئەزىز قولىدىكى ئۆچۈپ قالغان تاماكـــنـــى تاشلاپ، تولدۇرۇپ بىر رومكا ھاراق قويۇپ ئىچىۋەتتى.

ــ ھاراق دېگەن ئاجايىپ نېمە ـ دە! ــ دېدى ئۇ ئاغزىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ، ــ ماڭا نوبېل مۇكاپاتىنى تارقىتىش ھوقۇقى بېرىلسە، ھاراق چىقىرىشنـــى ئويلاپ تاپقان ئادەم بىـــلەن ۋېلىسىپىتنى ئىجاد قىلغان ئادەمگە بېرەتتىم. جىـڭ گەپ، نېمىشقا دەمسەن؟ ۋېلىسىپىتنى ئالساڭ تۇزۇلۇشـــى ئاددىي، باھاسى ئەرزان، يېقىلغۇ كەتمەيدۇ، مۇھىتنى بۇلغىـمايدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مىڭلىغان كەمبەغەلنىڭ ھاجىتىـدىن چىقىۋاتىدۇ، بىر ـ ئىككى سائەت ھەپىلىشىپلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ــ ھاراقچۇ؟ ــ قىزىقىپ سورىدى ئەلى.

ــ ھاراق ــ شاھىنىڭمۇ، كەمبەغەلنىڭمۇ دوستى. ئۇ تالاي يىللاردىن بېرى ئادەملەرنى غەمدىن نېرى قىلـــىپ كېلىۋاتىدۇ. توغرىمۇ؟ ئالدىڭدىكى رومكىنىڭ تۇرغىنىغا بىر

سائەتچە بولۇپ قالدىغۇ، دەيمەن؟ ئىچە، بىردەم بولسىمۇ كۆڭلىمىز ئېچىلسۇن.

— راست، قىزىق ـ قىزىق نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسەن.

— ئويلىغان نەرسىلىرىمنى ئېيتىپ كەلسەم، بۇ ئەقلىدىن ئازغىلى تۇرۇپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشىڭ مۇمكىن. ئالايلى، ئادەم ئۆزى بىر پۈتۈن نەرسە، نېمىشقا بىز بېشىمىزغا، ئۇستىمىزگە، ئايىغىمىزغا ئايرىم ـ ئايرىم كىيىم كىيىمىز؟ ئىنسانلارنىڭ كىيىمىنى باشتىن ـ ئاياغ بىراقلا كىيىۋالىدىغان قىلىپ ئىسلاھ قىلىشقا بولامدۇ، يوق؟ ئايروپىلاندىن ھاۋادا چاتاق چىقسا ئۇ موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ، نېمىشقا ئۇنى ھاۋادا توختىتىپ تۇرۇپ رېمونت قىلىشنىڭ چارىسىنى قىلغىلى بولمايدۇ؟ بۇلۇتقا پاتۇرۇپ توختىتىپ قويسىچۇ؟...

— ھا!...ھا!...ھا!... — ئەلى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— نېمىشقا كۈلىسەن؟ 50 يىلنىڭ ئالدىدا ئادەملەرگە: مەن ئايغا چىقىمەن، دېسەڭ، ساڭا ئوخشاشلا كۈلەتتى. ھازىر ئالىملار ئايىنىڭمۇ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ كەتتىغۇ؟... يەنە بىر گەپنى ئېيتاي: ئاياللار توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ. ئۇلارنى توخۇغا ئوخشاش تۇخۇم تۇغىدىغان قىلىشقا بولامدۇ، يوق؟ سەن كۈلمە، بۇ جىڭ گەپ. ئەگەر شۇنداق قىلىشقا بولسا، ئايال بىچارىلەرنىڭ تۇغۇت ئازابى يېنىكلەيتتى، ئۇلار ئايلاپ قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن ئازاد بولاتتى. تۇخۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەر ـ ئايال نۆۋەتلىشىپ بېسىپ بالا چىقىرىۋالسا بولىدۇ، دېگەن گەپ.

— بەزى يامانراق ئاياللار تۇخۇپلا ئېرىگە تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ ـ دە! — دەپ چاقچاق قىلدى ئەلى.

— ئۇ قىسمەن ئەھۋاللار...

— بەزى كېلەڭسىز نېمىلەر تۇخۇمنى ئۇزاق بېسىپ

www.uyghurkitap.com

يېتىپ، پالاق قىلىپ قويسىچۇ؟

ئەلىنىڭ بۇ گېپىگە ئەزىزمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— يۇقىرىقى ئويلىغانلىرىمنى بىر ئالىمغا سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ئادەممۇ ساڭا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «تۇخۇم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىڭىز بولىدىكەن، يەنىمۇ ئىزدىنىڭ» دېدى. جىك گەپ، شۇنداق دېدى. . .

ئەزىزنىڭ سۆزى بارغانسېرى ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرلارغا كۆچكىلى تۇردى. كېچە سائەت ئوندىن ئېشىپ كەتتى. ئەزىز ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىپ، ئارىلاپ ھارىقىنىمۇ ئىچىپ، گەپكە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

— ئەي ئۇلۇغ ئالىم! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئەلى، — سەنلا سۆزلەمسەن، مەنمۇ ئازىراق سۆزلىمەمدىم؟

— سۆزلە ئاداش، سۆزلە، بۈگۈن سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدىغان كۈن.

— بايا، ساڭا بىر ئىشنى ئېيتقىلى كەلدىم، دېگىنىم ئېسىڭدىدۇر؟ سېنى بىرى سورىغانىدى.

— مەن جەمئىيەتتە ئۇنتۇلغان ئادەممەن. مېنى كىممۇ سورىغاندۇ. سادىغاڭ كېتەي. ئايالمۇ، ئەرمۇ؟

— ئايال.

— ئايال؟ ئىسمى - شەرىپى كىم بولىدىكىن؟

— سارە.

— قايسى سارە؟

— بىزنىڭ ساۋاقداش، سېنىڭ. . . .

— سەن ئۇنىڭ بىلەن قاچان، قەيەردە كۆرۈشۈپ يۈرىسەن؟

— نېمىشقا كۆرۈشمەيمەن. ئىككىمىز بىر يەردە تۇرساق.

— توغرا، ئۇ سىلەر تەرەپكە تەقسىم بولۇپ كەتكەن. ھە سۆزلە، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — ئەزىز ئۇستەل ئۇستىگە جەينىكىنى

ئېلىپ، ئەلىنىڭ ئاغزىغا دىققەت بىلەن تىكىلدى.
— ئۇ سىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىساڭ، ئىككى قېتىم تۇرمۇشلۇق بوپتۇ، ھەر ئىككىلىسى بىلەن مىجەزى كېلىشمەي ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. قىسقىسى، تۇرمۇشتا بەختى كەلمەپتۇ. سىنى كۆپ ئەسلەيدىكەن...
— يوق گەپ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئەزىز.
— سەن گېپىمنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمامسەن.
— بولدى، ئاڭلىسام، ئاڭلىمىسام شۇگەپ، بىلەمسەن؟ مەكتەپتە جىن ـ شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرىش دولقۇنى بولغان ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭغا قول سالغان، جىق گەپ.... مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ياخشى كۆرۈش دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ بىلمەيمەن. ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم. ھازىر قانداقراق تۇردىكىن؟ ئۇ چاغلاردا سارەنىڭ تازا تولغان ۋاقتى ئىدى. تولۇق يىگورىسى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى، ئەرلەردەك گۈرسۈلدەپ دەسسەپ مېڭىشلىرى... قىسقىسى، ھەممە قىلىقلىرىغا ھەۋەسىم كېلەتتى. سارە مېنى كۆزگە ئىلمايتتى. جىق گەپ، ئەتەي مېنى ئىچى تېخىمۇ كۆيسۇن دېگەندەك قىلىپ، ھەدەپ باشقا باللار بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشىپ كېتەتتى... شۇ قېتىم، باشقىلار ئۇنى سۆرەپ، بېشىغا قالپاق كىيگۈزۈپ سەھنىگە ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ كۆچى بار ئەمەسمۇ؟ تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇ چاغدا مەن ئەخمەق يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ، سەھنىگە سۆرىگەنىدىم، نېمە ئەقىلسىزلىق قىلىۋىدىمكىن، بىلمەيمەن. بۇ ھاقارەت ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ.
ئەلى نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.
— ئۇ ساڭا بۇ ئىشلارنى ئېيتمىدىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەندىن رەنجىگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— ھە، قېنى، نېمىلەرنى دېدى، توپتوغرىسىنى ئېيتقىنا.

— سارەنىڭ دېگىنى: ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە لايىقىدا جاۋاب بەرمىگىنىگە ئېچىنىدىكەن. سەنلا قىچقارساڭ، ئۇ ھازىر ئۇچۇپ كېلىپ، خىزمىتىڭنى قىلىشقا تەييار ئىكەن. مۇشۇ ئارزۇسىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى. شۇڭا، سېنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىشىم....

— جىق گەپنى قىلىۋاتامسەن، چاقچاقمۇ؟

— شۇنچە يەردىن ساڭا يالغان گەپ كۆتۈرۈپ كېلىپ ساراڭ بولۇپ قاپتۇمەنمۇ؟

ئەزىزنىڭ مەستلىكى يېشىلگەندەك بولۇپ جىمىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىن نېمىلەر كېچىۋاتىدىكىن؟... ئەزىز تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە، دادىسىدىن قالغان تەۋەررۇك «سافا»غا ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلدى. تالادا تۈن قاراڭغۇلۇقى ھۆكۈم سۈرەتتى. قەيەردىدۇر ئىتلار ھاۋشىماقتا ئىدى. يېقىن كوچىلارنىڭ بىرىدىن يولۇچى ئېيىتقان ناخشا ئاڭلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ جىمىپ قالدى.

ئەزىزنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەلى كارىۋاتقا ئاستا سوزۇلۇپ ياتتى ـ دە، تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال بىلەن قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى.

× × ×

ئەلى ھويلىدىكى ئىتنىڭ ھاۋشىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئەزىز ھېلىقى «سافا»دا بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتقان پېتىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئەزىز، ئەزىز! تۇر، مەن ماڭىمەن! — دەپ چاقىردى ئەلى.

ئەزىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئاپلا، ئىت ئاچ قاپتۇ ـ دە، — دېدى ۋە ئاخشامقى زىياپەتتىن ئېشىپ قالغان قاتتىق ـ قۇرۇقلارنى بىر لېگەنگە يىغىشتۇرۇپ، تالاغا ئېلىپ ماڭدى.

— يۈزىمىزنى يۇيۇۋالغۇدەك سۇ بولسا ئالغاچ كىر، مەن ماڭىمەن.

— قەيەرگە ماڭىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەزىز بىر چېلەك سۇنى ئەكىرىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— K شەھىرىگە باراتتىم. سارەنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يول ئۈستىدىلا چۈشۈپ سەن بىلەن كۆرۈشتۇم، كېيىن يەنە كېلەرمەن، سەنمۇ بارارسەن.

— K شەھىرىگە نېمىگە بارىسەن؟

— رابىيەنى ئىزدەپ.

— نېمە دەۋاتىسەن، رابىيە ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟!

— قانداق ئۆلۈپ كەتتى، ئەھۋالنى سەن بىلەمسەن؟

— قانداق ئۆلۈپ كېتەتتى، ھەممىمىز ئۆلىمىز، شۇنداق ئۆلگەندۇ.

— ئەجەلغۇ ھەممىمىزگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان نەرسە. K شەھىرىگە بىر بارمىغۇچە كۆڭلۈم تىنمايدۇ.

— ئەمىسە ئەتە ماڭ. بېلەتمۇ ئالمىدۇققۇ تېخى!

— بېكەتكە بېرىپ باقايلى، بىرەر بېلەت چىقىپ قالار، بولمىسا قايتىپ كېلەيلى.

ئۇلار مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇشتى. ئاغزى ئوچۇق قالغان چايداندىكى سوۋۇپ قالغان قايناقسۇدىن ئازراقتىن قۇيۇپ ئىچىشىپ، بىرەر بۇردىدىن نان يەپ يولغا چىقىشتى.

— ھېلىقى گەپنىڭ جاۋابىنى بەرمىدىڭغۇ؟ — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

ئەزىزنىڭ ئېسىگە سالدى ئەلى يولدا.

— قايسى گەپنىڭ؟

— ئاخشام سەن ساقمۇ، مەستمۇ؟ سارەگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟

— هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ قىلىشقان گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ساڭا ئۇنچىقمىغانىدىم. كېچىكى گەپلەر جىنىڭ بولسا، سارەگە ئېيتىپ قوي، مەن ئۆزۈم يېقىن ئارىدا ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن. . .

ئۇلارنىڭ بەختىگە ماشىنىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىپ قالدى. ئەزىز دوستى بىلەن خوشلاشقاندا كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

10

ئەزىز بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندىن كېيىن، ئەلى ئۆزىنى ناهايىتى خۇشال هېس قىلدى. ئاپتوبۇس كەڭ دالادا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى. يول بويىدىكى دەرەخلەر، كەڭ ئېتىزدا يەلپۈنۈپ تۇرغان زىرائەتلەر، ئېرىق بويىدا كالىسىنى ئوتلىتىۋاتقان بوۋاي، ئېتىزلىقلار ئارىسى بىلەن كەتكەن سوقماق يوللار، هارۋىلىق كېتىپ بارغان يولۇچى، ئېتىز ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇ تۇتۇۋاتقان دېهقان غىل - پال قىلىپ كۆزگە تاشلىنىپ قالاتتى - دە، ئارقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. . . ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بىر خىلۋەت يول كەلدى: ئۇ يول بىلەن ئەزىز يوغان قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئىغاڭلاپ كېلىۋاتقان، سارە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان مەنزىرە شەكىللەندى. ئەلى ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىنىڭ نېمىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەزىز راستىنلا سارەنى ئىزدەپ بارارمۇ؟ . . .

ماشىنا K شەھىرىگە كەچ يېتىپ كەلدى. ئەلى بىر مېھمانخانىدا قونۇپ، ئەتىسى كامالنىڭ بەرگەن ئادرېسى بىلەن ئىسمايىلنى ئىزدىدى.

ئۇ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا زامانىۋى پاسوندا سېلىنغان ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەينەكلىك چوڭ ئىشىكتىن كىردى. ئىشىك باققۇچى ئىسمايىلنى 3 - قەۋەت 12 - نومۇرلۇق ئۆيدە، دەپ ئېيتىپ بەردى. بىنانىڭ ئىچىمۇ سىرتىغا ئوخشاش چىرايلىق ۋە پاكىز ئىدى. يېڭى بىنادىن ياغاچ ۋە سىرنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلەتتى. زاللارغا تەشتەكلىك گۇللەر قويۇلغان، تاملارغا سىزما رەسىملەر ئېسىلغانىدى. كەڭ دېرىزىلەردىن چۈشكەن يورۇقلۇق تاملار، پەلەمپەيلەرنىڭ يان ياغاچلىرى، ئىشىكلەرنىڭ پولات تۇتقۇچلىرىدا يالتىرايتتى. بىنادا ئاجايىپ بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. 2 - قەۋەتتىن باشلاپ سېلىنغان پاياندازلار كىشىنىڭ قەدەم ئاۋازىنى يۇتۇپ كېتەتتى... ئەلى 3 - قەۋەتكە چىقىپ، 12 - نومۇرلۇق ئۆينى چەكتى.

— كىرىڭ!

بىر قىزنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەلى ئىشىكنى ئېچىپ، ئازادە، يورۇق بىر بۆلۈمگە كىرىپ قالدى. بۇ بۆلۈمنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ گىلەم تاشلانغان، تام تەرەپكە خۇرۇم سافالار قويۇلغان بولۇپ، تالاغا قارىغان بىر تېمى پۈتۈنلەي ئەينەكلىك قىلىپ ياسالغانىدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان ماشىنىست قىز.

شۇ چاغدا، نېرىدىكى چوڭ ئۈستەلدە ئىشككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان كىشى ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەلى!

www.uyghurkitap.com

ئۇلار قول ئېلىشىپ تۇرۇپ قېلىپ، بىردىنلا قۇچاقلىشىپ كېتىشتى.

— قانداق تېپىپ كەلدىڭ؟

— خېلى تەستە تاپتىم.

— سالامەتلىكىڭ؟

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس.

ئىسمايىل ئەلىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ كەيپىياتىنى كۆرگەن ماشىنىست قىزمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— ئەلى، ئولتۇر. توختا, بولمىسا ئۆيگىلا بارايلى، ئايگۈلمۇ بۈگۈن دەم ئالغان، — دېدى ئىسمايىل.

— خىزمىتىڭچۇ؟

— سىز كاتىپقا ئېيتىپ قويارسىز، — دېدى ئىسمايىل ماشىنىست قىزغا قاراپ، - بۇ مېنىڭ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ساۋاقدىشىم، يىراقتىن كەلگەن مېھمان...

ئەلىنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، ئىسمايىل ئۇ ئۇچراتقان باشقا ساۋاقداشلارغا قارىغاندا ساغلام ۋە ياش تۇرۇپتۇ. ئىسمايىل ئەلىدىن ئىككى - ئۈچ ياشچە چوڭ بولۇپ، مەكتەپتىكى چاغدا ئېغىر بېسىق، ئۆزىنى تۇتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئەلى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئىسمايىل ئۈچ يىل سىنىپ باشلىقى بولغانىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غا كەلگەندە ئۇنىڭ سىنىپ باشلىقلىق ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان، ئۇ ھېچقايسى تەرەپكە قاتناشماي، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەنىدى.

ئۇلار ئىسمايىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى. بىنانىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ قورۇنى كېسىپ ئۆتۈپ، كەينى دەرۋازا بىلەن تار بىر كوچىغا چىقىشتى. ئازراق مېڭىپ، ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ بىر قەۋەت سېلىنغان ئۇزۇن

كورپۇس ئۆيلەر بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىنى توراپ، چاقىقانغىنە ھويلا قىلىشىۋالغانىدى. ئۇلار يېشىل سىرلانغان كىچىك دەرۋازىدىن كىرىشتى. ئەلى ھويلا ئىچىگە قاراپ، ئايگۈلنىڭ خېلى ئىشچان خوتۇن بولغانلىقىغا كۆزى يەتتى. دەرۋازىدىن ئۆيگىچە بولغان ئارىلىقتا خىشتىن يول ئېلىنغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىلىنغان گۈللۈكتە رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۆيلەر، قورۇق تاملار، ھەتتا بۇلۇڭدىكى تونۇر بېشىغىچە ئاپئاق ئاقارتىلغانىدى. ئىشىك ئالدىدىكى تارتىلغان ئىككى تال ئارغامچىدا يېڭى يۇيۇلغان كىرلەر يېيىغلىق تۇراتتى.

— ئايگۈل، قارا كىم كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسمايىل.

دالان ئۆيدە كىر يۇيۇۋاتقان ئايگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرتۇقىغا قولىنى سۈرتكىنىچە، بىر ئالدىغا - بىر كەينىگە مېڭىپ داسلار ئارىلىقىدا پىرقىراپلا قالدى.

— ئەلىغۇ بۇ؟ ئىچكىرىگە باشلاڭە ئىسمايىل، بۇ ئۆي بەك قالايمىقان. ۋيەي، ئۆلمىسەكلا كۆرۈشىدىكەنمىز - ھە!

— قوزغالماي ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ياخشىمۇ سىز؟ — دېدى ئەلى.

— كىرىنغۇ يۇيۇپ بولغان، ماۋۇ نەرسىلەرنى بىر قۇر چايقىۋەتسەملا بولىدۇ. ئۆيگە كىرىڭلار. ئۆيگە. . .

بۇ ئۆيلەر سىرتىدىن ئاددىي كۆرۈنگىنى بىلەن ئاستى تاختاي، ئۈستى لايلەمپە قىلىپ ئوبدان سېلىنغان ئۆيلەر ئىدى. ئىسمايىل باشلاپ كىرگەن مېھمانخانا ئۆي ناھايىتى ئازادە بولۇپ، تاختايلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە ئوشۇقچە ھەشەمەتلىك جاھازلارمۇ يوق ئىدى. بۇلۇڭدا بىر جۇپ سافا، تام تەرەپتە ئۇزۇن بىر دىۋان تۇراتتى. يەنە بىر بولۇڭدا ئەينەكلىك چوڭ ئىشكاپ بار ئىدى. ئۆينىڭ تۆرىدە ئوچۇق

www.uyghurkitap.com

تۇرغان يەنە بىر ئىشكتىن كىتاب جاھازلىرى، يېزىق ئۈستىلى قويۇلغان كىچىك ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىسمايىلنىڭ ئۆيىدىكى ئىشخانىسى ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئەلى. ئۇنىڭغا خېلىلا ھاردۇق يەتكەنىدى. يۇقىرىغا ئۆتۈپ، دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى.

— خوتۇن كىرىنى بىر نېمە قىلىپ بولغۇچە مەن ئۆزۈملا ساڭا چاي قىلاي، — دەپ چىقىپ كەتتى ئىسمايىل.

ئەلى ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئىسمايىلنىڭ خوتۇن تاللاشتىمۇ دىتى بار ئىكەن، دەپ ئويلىدى. بۇ ئۆيدە جاھازلار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ھەممە نەرسە جاي ـ جايىغا قويۇلغانىدى. كىشى پاكىزلىك، ئازادىلىك ھېس قىلاتتى، قىش كۈنلىرى ئۆي ئىچى بىلەن دېرىزە تەكچىلىرىنى بېزەپ تۇرىدىغان گۈللەرنىڭ ھەممىسى ھويلىغا ئاچىقىۋېتىلگەنىدى.

ئىسمايىلنىڭ ئايالى ئايگۈل بىر تۇرمۇشلۇق بولۇپ، يولدىشىدىن ئاجراپ ئوقۇشقا كەلگەن قىز ئىدى. ئۇ مىجەزى ئېغىر، ئۆز ئىشىغا پۇختا ئىدى. ئايگۈل چىرايلىق بولسىمۇ، باللار ئۇنى «چوكان» دەپ ئانچە نەزىرىگە ئېلىپ كەتمەيتتى. بۇ قىزغا ئىسمايىلنىڭ كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا مۇھەببەتلىشىپ، قايسى ۋاقىتتا گېپىنى پىشۇرۇۋېلىشقىنىنى ھېچكىم سەزمەي قالدى. كېيىن ئۇلار توي قىلىشقاندا ھەممىسى ھەيران بولۇشقانىدى. ھازىر ئۇلار ئىككى بالىغا ئاتا ـ ئانا بولغان، باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغانىدى.

ئىسمايىل چايغا جوزا راسلىدى. ئايگۈلمۇ چاي چۆگۈنىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئايگۈلنىڭ سەمرىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇمۇ ئانچە ئۆزگەرمەي، ياپياشلا تۇرغانىدى.

ئۇلار ئۈچ ساۋاقداش دەرقەمدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى.

— قەيەرگە ئورۇنلاشتىڭ؟ — سورىدى ئىسمايىل.

— تېخى بىر يەرگە ئورۇنلاشمىدىم. ھازىر دەم

ئېلىۋاتىمەن، رەسمىيەتلىرىمنى پۈتتۈرگىلى ئۈرۈمچىگە يەنە بارىمەن.

— قېنى، چاي ئىچ!

— سېنى چوڭ باشلىق بولۇپ كەتتى، دەيدۇغۇ؟

— ھە، ئازراق مەنسەپدار بولۇپ قالدىم، — دەپ كۈلدى ئىسمايىل، — يېقىندا پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا جۈرىن قىلىپ يۆتكەشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا مائارىپ بۆلۈمىدە ئىشلىگەنىدىم. بىرقانچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلدىم. بەش - ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان بولدۇم. شۇ ئىشلارنىڭ كۈچى بىلەن بۇ ئورۇنغا چىقىپ قالدىم. تۇرمۇشىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. ماختاپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس، زارلاپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس. ئەل قاتارى.

— ئايگۈل سىزچۇ؟...

— ۋاي، بىزنى نېمە قىلىدۇ دەيسىز، — دېدى ئايگۈل، — بالا ئوقۇتۇپ، ئۆيگە كېلىپ ئىسمايىل غوجامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، كۈنىمىز كېتىپ بارىدۇ...

— مەن سىلەرنى يوقلاپ، يەنە بىرى... ھە، يەنە بىرى رابىيەنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى ئەلى سوئال نەزەرى بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ.

ئىسمايىل بىلەن ئايگۈل ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— سەن تېخى ئوقمامسەن؟ — دېدى ئىسمايىل، — رابىيە ئۆلۈپ كەتكىلى ئۈزۈن يىل بولدىغۇ!

— قاچان، قانداق ئۆلۈپ كەتتى؟

— بىز بۇ يەرگە تەقسىم بولۇپ كېلىپ بىر يىلدىن كېيىنمىكىن، ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى... ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى گۆڭشې - دۈيلەرگە قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشۈرگەنىدى. ھەرقايسىمىز بىردىن - ئىككىدىن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتۇق. ئىبادەت بىلەن رابىيە خېلى يىراقتىكى بىر يېزىغا چۈشۈپ كەتكەن. . .

— ئىبادەت بىلەن؟ !

— شۇنداق بولغان، ئىبادەت ئىككىسى بىر يېزىغا چۈشۈپ كەتكەن. نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالدى، دېسەڭ، ئىبادەت مەكتەپتىكى چاغدا «ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرىمەن» دەپ بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى باشلىقلارنىڭ خېلى چىشىغا تەگكەنىكەن. ئىبادەت تەقسىم بولۇپ كېلىشى بىلەنلا ئۇلار ئۇنى تونۇۋاپتۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى قىلمىشىغا يارىشا ئۇنى ئاشۇ چەت يېزىغا قوغلىغانىدى. رابىيەنى «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى» دەپ شۇ ياققا بۆلۈۋەتكەن. . . ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت شۇنداق ئىدى، ئەلى. رابىيەنىڭ سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا سالامەتلىكى ياخشى بولماي قالغان، قايتا تەربىيىگە بارغان يېرىدىمۇ ئۇنىڭغا ئېرى تۈرمىدە ئىكەن، دەپ ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان ئوخشايدۇ. كېيىن، ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ، بىراقلا يىقىلىپتۇ. يۇرتىدىن ئاكىسىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر تۇغقىنىنىڭ ئۇنى ئەكەتتىمەن، دەپ كەلگىنىنىڭ گېپى بار. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ۋاپات بوپتۇ. ئۇ چاغدا، ھەممىمىز ھەر تەرەپتە ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن. . .

ئىسمايىلنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئەلىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن توپا، لايقىپ ئاققان سۇ، ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان قان تۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى. مېڭىسىگە ئۆرلىگەن قىزىق قان يەنە بەدىنىگە تارقىغاندەك بولدى ــ دە، كۆزىنى ئېچىپ سورىدى:

— رابىيەنىڭ قەبرىسى نەدە؟

— ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىزمۇ خېلى كېيىن ئاڭلىدۇق. بىر ــ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئايگۈل

ئىككىمىز ئۇنىڭ تۇپراق بېشىغا چىققان. . . شۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر قەبرىستانلىقتا.

— مېنى باشلاپ ئاپار!

— ئاربىلىقى خېلى يول، ماشىنا بىلەن توپتوغرا بەش - ئالتە سائەت ماڭىدىغان گەپ، بۈگۈن كۈن كەتتى. هازىر مەن بېرىپ ئىدارىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى سۆزلىشىپ قوياي، ئەته سەھەردە مېڭىپ كېتەيلى. بېرىپ - كەلگۈچە گەپ يوق بىر كۈن كېتىدۇ.

ئەلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئايگۈل ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قوپرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— خۇدايىم توۋا! — دېدى ئايگۈل، — سىز ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنىپ تىرىك قايتىپ كەپسىز. تىرىك قالغان رابىيە كېتىپ قالدى. نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن ئالەم - هە! مەكتەپتە بىزدىن كېيىنلا سىلەر توي قىلىشقاندىڭلار. . .

— ئەلى بىلەن رابىيە بۇرۇن توي قىلغاندۇ؟ — دېدى ئىسمايىل.

— ۋىيەي، ماۋۇ ئىسمايىلنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنىنى. ئەلىلەر بىزدىن كېيىن توي قىلدى. مېنىڭ شۇنداق ئېسىمدە، ئەلىلەر توي قىلغان ئۆي مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى بىر تار كوچىنىڭ ئىچىدىكى قورۇدا ئىكەن. شۇ كۈنى پاتقاقچىلىق، قايتقاندا ئىككىمىز قولتۇقلىشىپ، تامنىڭ تۈۋى بىلەن مېڭىپ ئاران ئۆتمىگەنمىدۇق؟ . . . توي قىلمىغان بولساق قولتۇقلىشىپ يۇرمەستۇق!

— توي قىلمىغاندىمۇ قولتۇقلىشىپ يۇرگەندىمىز؟ — دېدى ئىسمايىل كۈلۈپ.

— يوقسۇ، — دېدى ئايگۈل، — توي قىلماستىن ئىلگىرى ئىككىمىز تۇزۇكرەك بىللىمۇ مېڭىپ باقمىغان. سىز گەپكە ئۇستا ئىكەنسىز، بىر پارچە خەت بىلەنلا بېشىمنى

www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرۇپ ئېلىۋالدىڭىز. تويدىن كېيىن قولتۇقلاشقان بولساق قولتۇقلاشقاندىمىز. . .

— بولدى، بولدى. بۇ گېپىڭنىقوي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئىسمايىل، — ئەلى بىردەم هاردۇق ئالسۇن، سەن تاماق قىل. مەن ئىدارىگە چىقىپ، كىچىك ماشىنىنى سۆزلىشىپ قوياي.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى چىقىپ كەتتى. ساراي ئۆيدە ئەلى يالغۇز قالدى. ياندىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر ئالبۇم ياتاتتى. ئۇ دىۋانغا سوزۇلدى ـ دە، ئالبۇمنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىدى. ئالبۇمدا ئىسمايىلنىڭ باللىرىنىڭ سۈرەتلىرى، ئايگۈل ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەر تۇراتتى. . . ئەلىنىڭ دىققىتى سۈرەتلەردە ئەمەس ئىدى. ئەلبومنى مەقسەتسىز هالدا ۋاراقلاپ: ئاۋۇ كۈلۈپ تۇرغان قىز كىمكىن، نېمە ئىش ئۇنى شۇنچىۋالا خۇشال قىلىۋەتكەندۇ؟ مۇنۇ كۆچەت تىكىپ تۇرغانلارنى سۈرەتكە ئېلىشنىڭ نېمە هاجىتىكىن؟ ماۋۇ يەڭ بەلگىسى تاقاپ چۈشكەنلەر كىملەر، بۇ قايسى دەۋرىدىن قالغان سۈرەت؟ تيەنئەنمېننىڭ ئالدىدا ئۇزۇندە كىتابلارنى تۇتۇپ چۈشكەن مۇنۇ بىر توپ ياشلار كىملەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايگۈلمۇ بارمۇ، قانداق؟ . . . بىر قولىدا قوچاق، يەنە بىر قولىدا پومزەك تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئوماق بالا كىمنىڭ بالىسىدۇ؟ نېمىشقا بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە رابىيەنىڭ سۈرىتى يوق؟ . . . مۇهەببەت دېگەن زادى نېمە، ياخشى كۆرۈش مۇهەببەتمۇ؟ . . . ماۋۇ جانان كىمدۇ، كىنو ئارتىسىمۇ ياكى ئايگۈل بىلەن ئىسمايىلنىڭ توغقىنىمۇ؟ مۇهەببەت سېزىمىنى قوزغايدىغان نەرسە نېمە، چىرايمۇ؟ . . مۇنۇ ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قايسى شەهەركىنا؟ چاپىنىنى بېلىگە تاشلاپ تۇرغان مۇنۇ يىگىت كىم؟ . . . ئۇ رابىيەگە قانداق باغلىنىپ قېلىۋېدىكىنا، رابىيە گۈزەلمۇ؟ ئۇ ئورۇق، زىلۋا قىز

ئىدى. ھەمىشە بىر قىزنىڭ چىقىرىپ، كۈلۈپلا يۈرەتتى. نېمىشقا ئۇنى ئەلىنىڭ كۆرگۈسى كېلەتتىكىن، رابىيەدىن يىراقتا تۇرغان چاغلىرىدا نېمىشقا ئۇنىڭ كۈلكىلىرىنى سېغىناتتىكىن؟ . . . دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئەلىنىڭ ئېسىگە رابىيەدىن ئايرىلغان ئەڭ ئاخىرقى كېچە كەلدى. ساقچى كىيىمىدىكى ھېلىقى ئادەملەر تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە كېلىشكەندى، رابىيە بىلەن ئەلى ئالدىراپ كىيىنىشتى، ئۇلار رابىيەنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئەلىنىڭ قولىغا كويزا سالدى. رابىيەگە «ئېرىڭ بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، ئارقىدىن ئەگىشىپ چىقما!» دەپ بۇيرۇق قىلىشتى. ئەلى دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا، رابىيەنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان يۈزى دېرىزە ئەينىكىگە يېپىشقىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئەلى بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. مەن ھايات قېلىپ، رابىيە ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگەننى بولسا تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ئەلىنىڭ قولىدىكى ئالبوم سىيرىلىپ، يەرگە پاققىدە چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئېڭىشىپ ئالبومنى قولىغا ئېلىپ، تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ، دالان ئۆيگە چىقتى. ئۇ يەردە ئايگۈل خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى.

— سىزنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇق - ھە؟ — دېدى ئايگۈل.

— ئىسمايىل كەلگۈچە كوچىلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي، — دەپ سىرتقا ماڭدى ئەلى. ئايگۈلنىڭ:

— يىراققا كېتىپ قالماڭ، تاماق ھازىرلا تەييار بولىدۇ! — دېگەن ئاۋازىنى ئۇ ھويلىدا تۇرۇپ ئاڭلىدى.

ئەلى قانداقتۇر بىر تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، چوڭ كوچىغا

www.uyghurkitap.com

چىقىش قالدى ـ دە، تەۋەككۇل قىلىپ بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. . . ئەلى تۇرمىدىن چىقىپ ئۇمىدى تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنىڭ ھەممىسىنى رابىيە بىلەن بىللە تەسەۋۋۇر قىلغانىدى، ئۇ رابىيەنى ئېلىپ يېزىسىغا قايتىپ كەتمەكچى، بوۋىسى ئولتۇرغان كونا جاڭزىغا ئۆي سېلىپ، شۇ يەردە ياشىماقچى ئىدى. ئۇ دېھقانچىلىق قىلىشنى، جاڭزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دەريا بويىغا چۇشۇپ، دەرياغا قارماق تاشلاپ قويۇپ، قىرغاقتا خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇشنى خالايتتى. خىيالىدا ئۇ: ئېتىزدىن ھېرىپ كەلگەندە ئۆي ئالدىدىكى كاۋا ـ قاپاق بارڭى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، رابىيە بىلەن بىللە چاي ئىچەتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكۈپ قويغان يېڭى مەڭگەن ئۇستىدە يېتىپ، يۇلتۇزلارغا قارايتتى، ئۇ دەرياغا چۇشۇپ بېلىق تۇتقاندا رابىيە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، قارماقلارغا سازاڭ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولاتتى. . . . بەزىدە ئەلى: رابىيە ئىككىمىز يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتساق بولامدىكىن، دەپمۇ ئويلايتتى. . . ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى ھەممە پىلانلىرى رابىيە بىلەن مەھكەم باغلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ «رابىيە ئۆلگەن» دېگەن خەۋەرنى راخمان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە چاغدىلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ خەۋەرگە ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمىگەن، بىر ئۇمىد ئۇنى مۇشۇ يەرگىچە ئەكەلگەنىدى. بۈگۈن بۇ ئۇمىد ئوتى ئۆچتى. ئۇ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشنى رابىيەسىز تەسەۋۋۇر قىلىشى، باشقىچە پىلان تۈزۈشى لازىم. لېكىن، ئەلىنىڭ مېڭىسى ھازىر قۇپقۇرۇق ئىدى.

ئەلى ماڭە ـ ماڭە ئاۋات بىر بازارغا كېلىپ قالدى. ئېھتىمال، بۇ شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى كونا بازىرى مۇشۇ جايدا بولسا كېرەك، كوچا تار بولسىمۇ، دۇكانلار، ئۆيلەر ناھايىتىمۇ زىچ جايلاشقانىدى. ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى، قاسقانلاردىن

كۆتۈرۈلگەن ھور، كاۋاپدانلاردىن ئۆرلەۋاتقان تۈتەك، كىشىلەردىن چىقىۋاتقان تەر پۇرىقى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈر بىر پۇراقنى ھاسىل قىلاتتى. . . ئەلى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز نەزەر تاشلايتتى. نېمىشقا بۇ ئادەملەر شۇنچىۋالا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشىدىغاندۇ؟ كۇلۇپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن ئاۋۇ ساقاللىق ئادەمگە يېنىدىكى بۇرادىرى نېمە قىزىق پاراڭ سېلىپ بېرىۋاتقاندۇ؟ كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ كېتىپ بارغان ماۋۇ دوپپىلىق ئادەم نېمىگە شۇنچىلىك ئالدىراشتۇ؟ . . .

ئەلى بۇ ئاۋات مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ، چەتتىرەك تۇرغان بىر كىچىك دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. بۇ دۇكاننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىر زامانلاردا راخمان مۇئەللىم بىلەن ئەلى ئوغرىلىقچە چىقىپ ھاراق ئىچىدىغان قاۋاققا ئوخشىشىپ كەتتى. ئەلى ئەينەكلىك ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىردى - دە، ھەيران قالدى. بۇ راستتىنلا بىر ھاراق دۇكىنى ئىدى.

— پارچە ھاراق بارمۇ؟ — دېدى ئۇ پوكەي ئالدىغا كېلىپ.

— بار، — دەپ پوكەينىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرا ياش بىر ئادەم كەلدى.

— 100 گرام قويۇڭە، چىلىغان سامساق باردۇ؟

— چىلىغان سامساق يوق ئىدى.

— ھەتتىگىنەي، چىلىغان سامساق بولسا قالتىس بولاتتى-دە، — دەپ ھاراقنى قۇرۇقلا كۆتۈرۈۋەتتى ئەلى.

دۇكاندىن كوچىغا چىققاندا ئۇنىڭ كاللىسىغا: رابىيەمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ كوچىلاردا ماڭغان بولغىيدى، دېگەن پىكىر كەلدى - دە، شەھەر كوچىلىرىنى ئوبدانىراق بىر ئايلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ قانداقتۇر بىر يايمىچىلار، ماگىزىنلار ۋە

www.uyghurkitap.com

چوڭ بىر كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، بولنىڭ چېتىگە كونا پالاسنى يېيىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىنى ئاجايىپ خىياللارغا سالىدىغان بىر سىقىم رەڭدار تاشلارنى تاشلاپ ئولتۇرغان رەمچىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ قالدى. لېكىن، رەمچىنىڭ كۆزى شۇ تاپتا يولنىڭ ئۇ چېتىدە كېتىپ بارغان سېمىز خوتۇنغا چۈشۈپ، ھەممە يېرى لىغىرلاپ كېتىپ بارغان بۇ خوتۇننى ھازىر ئۇ قىپيالىڭاچ ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۇ خىيالىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى. رەمچى ئېسىنى يىغىپ:

— كېلىڭ ئۇكام، بەخت ـ پېشانىڭىزگە بىر پال ئېچىپ باقاي! — دېگەن چاغدا ئەلى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئەلى تۇرمىدە مۇنداق پالچىلارنى كۆپ كۆرگەن. ئۇلار ۋاقىت تاپسىلا 41 تال تاشنى يىغىۋېلىپ، زېرىكمەي پال ئېچىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا ھەر خىل قىياسلارغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. ئەلى بۇ نەرسىگە ئىشەنمەيتتى. . .

كۇتۇلمىگەن يەردە ئۇ يەنە ھېلىقى ھاراق دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. دۇكانغا كىرىپ، يەنە 100 گرام ھاراق قۇيدۇرۇپ ئىچتى، كوچىغا قايتىپ چىقىپ، ئەمدى ئىسمايىلنىڭ ئۆيىگە قايسى يول بىلەن قايتىپ كېتىشنى ئۇقالماي قالدى. . . تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ھېلىقى رەمچى كېلىپ، رەمچىنىڭ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى قىزىقتۇرۇپ قالدى ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ، رەمچى ئولتۇرغان جاينى ئىزدەپ تاپتى.

— ماڭا بىر پال ئېچىپ بېقىڭا.

— ئېتىڭىز نېمە، ئۇكام؟

— ئەلى.

رەمچى نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ، ئاخىردا ئەلىنىڭ ئىسمىنى

ئۈنلۈك بىر تەكرارلىدى ـ دە، مايلىشىپ كەتكەن پالاس ئۈستىدىكى سىلىقلىنىپ پارقىراپ كەتكەن تاشلارنى ئىككى قولى بىلەن بىر يەرگە جەملەپ، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!» دەپ ئۈچكە بۆلدى. تاشلارنى تۆتتىن جۈپلەپ تارتىپ، قالغىنىنى پالازنىڭ باش تەرىپىگە ئايرىپ چىقاردى. بۇ ھەرىكەتنى ئۇ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ، توققۇز يەرگە تاش قويۇپ، بىردەم خىيالغا چۆكتى ـ دە:

— ئۇكام، سىز بىرنەرسە يىتتۈرۈپسىز، — دېدى.

— توغرا! — دېدى ئەلى، — شۇ يىتتۈرگەن نەرسەم قەيەردىدۇ، مۇشۇ يورۇق ئالەمدە بارمىدۇ؟

— قارىغاندا، يىتكەن مال خېلى چوڭدەك قىلىپ تۇرىدۇ. ئوغرى ئۆزىڭىزنىڭ مەھەللىسىدە ئەتراپىدا. ھازىر مال قاسساپنىڭ قولىدا، قاسساپمۇ «سويايمۇ، سويمايمۇ؟» دەپ دەككە ـ دۈككىدە تۇرۇپتۇ. تېپىلسا مۇشۇ جۈمەگىچە خەۋىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ كەتسە...

— بولمىدى، — دېدى ئەلى، — باشقىدىن بىر سېلىپ بېقىڭا!

پالچى قۇملاقنى يەنە بىر قېتىم ئاچتى. بۇ قېتىم ئويلانمايلا سۆزلەپ كەتتى:

— باش ئېغىر، ئاياغ يېنىك چۈشتى. مانا، سول تەرەپتە تۇرغان مۇنۇ بىر تال تاش سىز. بىر دەۋا ئۈستىدە تۇرۇپسىز. چىڭ تۇرمىسىڭىز دەۋادا كەتكۈزۈپ قويىسىز. شۇڭا...

— بولدى، بولدى! — دېدى ئەلى، — دەۋادا مەن ئاللىقاچان يېڭىپ، ئازادلىققا چىقىپ بولدۇم. ئوبدانىراق بىر سېلىڭا.

رەمچى بۇ قېتىم تاشلارنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر رەتلا تاش چىقاردى ـ دە، رەمنى ئاچماي يىغىشتۇرۇۋەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئەلى ھەيران بولۇپ.

— پالنىڭ بېشى ئۈچتىن توققۇز چۈشتى. مۇنداق پالنى ئاچمايمىز، ئاتىغىنىڭىزنى تاشلاڭ ئۇكام، قاياققا بارسىڭىز،

www.uyghurkitap.com

يولىڭىز ئوچۇق، بەختى ـ تەلىيىڭىز قولىڭىزدا، دېگەن گەپ!

ئەلى رەمچىنىڭ ئالدىغا بىر سوم پۇلنى تاشلاپ، ھاۋادا قولىنى بىر پۇلاڭلاتتى ـ دە، كېتىپ قالدى. ھاراق ئۇنى خېلىلا تۇتقانىدى. يازنىڭ ئۇزۇن كۇنلىرى ئاخىرلىشىپ، سالقىن گۇگۇم ۋاقتى باشلىنىۋاتاتتى. ئالدىدىن توي تارتىپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنا چىقىپ قالدى ـ دە، كوچىنى بىردەملىك ۋاڭ ـ چوڭغا تولدۇرۇپ، توي ناخشىسى بىلەن ئۆتۈپ كېتىشتى.

سېنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ،
مېنىڭ يارىم ئوبدانمۇ؟
ئەجەب مەززىلىك پۇرايدۇ،
قوينىڭدىكى ئانارمۇ؟ . .

. . . . . .

باغقا كىرسەڭ باغچاڭمەن،
يارىم ـ يارىم، دوست.
ئۆيگە سالساڭ زىلچاڭمەن.
يارىم ـ يارىم، دوست.

سەن يارىم مېنى دېسەڭ ،
يارىم ـ يارىم، دوست.
چېكەڭدىكى غۇنچاڭمەن.
يارىم ـ يارىم، دوست.

ناختا ئاۋازى ئۇزاققىچە ئەلىنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىدى. بۇ ناخشا ئۇ كىچىك چاغلاردا ئاڭلىغان توي ناخشىلىرىغا ئوخشاشمايتتى. دوغىسىغا پەرەڭ ياغلىقلارنى چىگىۋەتكەن خادىك ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىدا يۇگۇرۇپ يۇرۇپ ئۇ ئاڭلىغان ناخشىلار مۇنداق ئىدى:

سايدا يۈرگەن جەرەننى
سەككىز دەڭلار، يارسەنەم.
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى
مېنىڭ دەڭلار، يارسەنەم.
. . .
ئەگرى - ئەگرى كوچىلاردا
ئىز كېلىدۇ، يارسەنەم.
كىمخاب تونغا پۈركۈنۈپ
قىز كېلىدۇ، يارسەنەم.

ئەلى يەنە ئايلىنىپ ھېلىقى ھاراق دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. يەنە 100 گرام ئىچىۋېلىپ ئۆتۈپ كېتەي، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئىككى - ئۈچەيلەن پوكەيگە يۆلىنىپلا ھاراق ئىچىۋاتاتتى.

— ماڭا يۈزنى! — دېدى ئەلى.

ئۇ ھاراقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئۆرە تۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قول سۇندى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ تونۇشۇپ قويايلى.

نېمىشقىدۇر، ئەلىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى. لېكىن، بۇ ئادەمنى قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ھېلىقى كىشى قولىدىكى ھاراقنى ئەلىگە ئۇزاتتى.

— مەن جىق ئىچىپ قويدۇم، رەھمەت!

— قولۇمنى قايتۇرماڭ، كۆڭلۈم تارتىپ قالدى.

ئەلى بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ھاراق چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ، بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچتى. باشقىلارنىڭ ھارىقىنى ئىچىپىلا چىقىپ كېتىشنى توغرا كۆرمەي، يەنە 200 گرام ھاراق قۇيدۇرۇپ، پوكەينىڭ يېنىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— ھوي، بۇ قانداق گەپ! تونۇشۇپ قويايلى، — دېيىشىپ باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، بۇ يەردە ھېچكىم ئەلىنى تونۇمايتتى. ئەلىمۇ ئۇلارنى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى ئەسلەيمەن، دەپ ئۆزىنى بىكار ئاۋارە قىلاتتى. بۇ پەقەت ھاراقتا يېتىلگەن مەستلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۇلپەتچىلىكى ئىدى. خالاس. . .

ئىسمايىل پۈتۈن شەھەرنى دېگۈدەك قېدىرىپ، ئەلىنى تاپقان چاغدا ئۇ ھېلىقى ئۇلپەتلىرى بىلەن دۇكاندىكى ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىرى بېشىنى تامغا تىرەپ، كۆزىنى يۇمۇپ، كونا ناخشىلارنىڭ بىرىگە غىڭشىپ پەيزە سۈرۈۋاتاتتى. ئەلى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەيتتى. «سىلەر بۇ يەردە نېمىشقا سامساقنى زاكۇسكا قىلمايسىلەر؟ چىلىغان سامساق. چىلىغان سامساق. . .» دەپ ئەتراپتىكىلەردىن سورايتتى. ئۇ ئىسمايىلنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ھوي، مېنىڭ ئاغىنەم كەلدى. جانجىگەر ئاغىنەم، 100 گرام ئىچىۋەت!

— ئىچمەيمەن، ئۆيگە بېرىپ ئىچەيلى، — دەپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى ئىسمايىل.

— ھېچبولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ قوي. مەن بۈگۈن ئىچتىم. مەست بولاي دەپ ئىچتىم. بۇ جاھاننىڭ ئايىغۇچىلىكى قالدىمۇ، سەن مېنىڭ يېقىن ئاغىنەمغۇ، دەپ باقە، بۇ جاھاننىڭ ئايىغۇچىلىكى قالدىمۇ؟ ! . . .

ئەلىنى ئۆيگە يەتكۈزۈپ كەلگەندە ئۇنىڭ مەستلىكى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. ئايگۈلنىڭ ئەجرى بىلەن قىلغان تامىقىدىن ئۇ بىر چوكىلا ئېلىپ، بولدى قىلدى. ئۇ ۋارقىرايتتى، سۆزلەيتتى، سوئاللار سورايتتى.

— دوستلىرىم، جېنىم دوستلىرىم. سىلەر مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمغۇ! - دەپ تەكرارلايتتى ئۇ، - ئورۇق بىچارە

رابىيە قېنى! مەن تەقدىرگە نېمە قىلغان؟ مېنىڭ جىنايىتىم زادى نېمە؟ . . . مېنىڭ ۋاقىتسىز توزۇغان گۈلۈمنى، بىھۇدە كەتكەن ئۆمرۈمنى كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ، كىم! ؟ . . .

ئايگۈل ئەلىگە ئىچى ئاغرىپ يىغلىۋەتتى. ئىسمايىل ئاغىنىسىنى ناھايىتى تەسلىكتە بىرنېمىلەرنى قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

11

ئەتىسى ئەلى ئەتىگەندىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئاخشام قاۋاقتا ناتونۇش ئادەملەر بىلەن هاراق ئىچكىنى ئۇنىڭ خىرە ئېسىدە بار ئىدى. لېكىن، بۇ ئۆيىنى قانداق تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئۇ زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى سەل پەسىيىپ قالغان پۇت ئاغرىقى بۈگۈن ئوبدانلا قوزغاپ قالغانىدى. ئەلى سىقىراپ تۇرغان تىزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى. كىچىك ماشىنىمۇ ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ئازراقلا ناشتا قىلىپ ماشىنىغا چىقتى. كېچىدىكى ئىش توغرۇلۇق هېچكىم ئېغىز ئاچمىدى. ماشىنا تار كوچىلاردىن ئىغاڭلاپ ئۆتۈپ، چوڭ كوچىغا چىقتى ـ دە، يېزىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ماشىنا ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ توپىلىق يېزا يولىغا چۈشتى، بىردە ئېگىز دۆڭلۈكلەرگە يامىشىپ، بىردە كەڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ساي سۈيىنى كېچىپ ئۆتۈپ، بىردە يان باغرى بىلەن كەتكەن يوللارنى ئايلىنىپ، ماشىنا ئېگىزلىكتىكى بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ توختىدى. تۆۋەندە سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ بۇ يەردە بىر شىرقىراتما بار، ــ دېدى ئىسمايىل، ـ چۈشۈپ بىردەم پۇت ـ قولىمىزنى سۇنايلى.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە دەريا تار بىر قىستاڭدىن قىسىلىپ ئۆتەتتى. ئاشۇ يەرگە كۆۋرۈك چۈشكەنىدى. كۆۋرۈك ئاستىدىن قىسىلىپ ئۆتكەن سۇ ئۇخچۇپ چىقىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئىسمايىل بىر تال تاماكا چەكتى. ئەلى كۆۋرۈك ئۈستىگە كېلىپ، كۆۋرۈك سالاسۇنىنى تۇتۇپ تۆۋەنگە قارىدى. شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ تۆۋەندە بۇژغۇنلارنى پەيدا قىلىپ، ئاندىن يەنە يىراققا يېيىلىپ ئېقىپ كېتەتتى. قىرغاقلاردا بۇژغۇنلار كۆۋەجەيتتى. شارقىراتمىدىن چاچرىغان سانسىز تامچىلاردا قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— چوڭقۇرمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— چوڭقۇر! — دېدى ئىسمايىل، - مۇشۇ يەرگە بىر كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى پىلان قىلغان، بىراق يەرلىكنىڭ مالىيە كۈچى يېتىشمەيۋاتىدۇ.

شوپۇر سىگنال بەرگەندە ئەلى يەنىلا شارقىراتما سۇيىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ماشىنىغا يۈگۈردى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يىراقتا بۈككىدە دەرەخلىك كۆرۈندى.

— رابىيە تۇرغان يېزا ئەنە شۇ، — دېدى ئىسمايىل.

— ھەقىقەتەنمۇ يىراق ئىكەن، — دېدى ئەلى سائىتىگە قاراپ، — ماشىنىدا تۆت سائەتتىن ئوشۇق يول ماڭدۇق، بۇ پىيادە ئادەمگە تۆت - بەش كۈنلۈك يول دېگەن سۆز.

ماشىنا يېزىغا كىرگەندە توپىلىق يولدا يالىڭاياغ ئويناۋاتقان باللار ماشىنىغا قاراپ چۇرقىرىشىپ يۈگۈردى. قايسىبىر قورۇلاردىن ئىتلار ئېتىلىپ چىقىپ، ھاۋشىپ كېتىشتى. بۇ— ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان قەدىمىي يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەگرى - بۈگرى كەتكەن يېزا كوچىلىرى شالاڭ جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئېتىزلىقلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى.

— قانداق، چۈشۈپ يېزا ئىچىنى بىر ئارىلامدۇق؟ — دەپ

ئەلىگە قارىدى ئىسمايىل.

— رابىيە كىمنىڭ ئۆيىدە تۇرغان؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— يېزىنىڭ ئايىغىدىراق، بىر يالغۇز موماينىڭ ئۆيىدە تۇرغان. ئۇ ئايالمۇ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا تۈگەپ كەتتى.

ئەلى ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ قولىنى سىلكىدى.

— بولدى، قەبرىستانلىقنىڭ ئۆزىگىلا بارايلى!

ماشىنا ئايلىنىپ يېزىدىن چىقىپ كەتتى. يېزا باللىرىمۇ ۋارقىرىشىپ بارغانسېرى يىراقتا قالدى. ئۇلار يانغا بۇرۇلۇپ، لىڭشىپ تۇرغان تار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتتى - دە، شىۋاق بېسىپ كەتكەن تۆپىلىككە ئۇلاشتى.

— كەلدۇق! — دېدى ئىسمايىل.

ماشىنىدىن چۈشكەندە ئەلىنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى شىۋاقلىق دۆڭ ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ سوقۇلغان قۇرۇق تام بولدى. نېرىدا يوغان بىر دەرۋازا قىيا ئوچۇق تۇراتتى.

— ئىلگىرى ھەممە يەر ئوچۇقچىلىق بولىدىغان، مۇنۇ سوقما تام بىلەن دەرۋازىنى بۇ ئەتراپتىكىلەر يېقىندا قىلغان ئوخشايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئىسمايىل.

ئۇلار قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشى بىلەن ئالدىدىن بىر بوۋاي چىقىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئەلى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، كېچە ھاراق دۇكىنىدا پارچىلىغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەدىمىي يوغان گۈمبەزلەردىن بىرنەچچىسى قاتارلىشىپ تۇراتتى. ئېھتىمال، بۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ قەبرىسى بولسا كېرەك، قالغانلىرى ئاساسەن ئاددىي توپا قەبرىلەر ئىدى. بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىگە يوغان تاشلار قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئۆلگەن ۋاقتى قاتارلىقلار يېزىلغان. بەزىلىرىگە ئاددىي تاختاي قادالغان. بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە بەلگە ئۈچۈن بىرنەچچە پارچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېسەكلا تاشلاپ قويۇلغانىدى.

ئۇلار ئىچكىرىلەپ بېرىپ نېرىقى تەرەپكە ئۆتكەندە، ئىسمايىل قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالدى - كەينىگە مېڭىپ پىرقىراپ قالدى.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، رابىيەنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇ يەردىرەك بولىدىغان، — دېدى ئىسمايىل، — رابىيە ئاش - تاماق يەپ يۈرگەن ئۆيدىكى موماي بىزنى باشلاپ چىقىپ كۆرسىتىپ قويغان. ئۇ چاغدا بۇ ئەتراپتا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە بولىدىغان، كېسىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بۇ ئەتراپتا يەنە نۇرغۇن يېڭى قەبرىلەر پەيدا بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن يىل بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

ئىسمايىل كۆرسەتكەن ئورۇندا ئۈستىنى شىۋاق بېسىپ كەتكەن چوڭ - كىچىك، كونا - يېڭى قەبرىلەر ياتاتتى. دېمەك ھېچقانداق بەلگە قويۇلمىغان ئاشۇ يۈزلىگەن ئاددىي قەبرىلەرنىڭ بىرىدە ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يېقىن ئادىمىم ياتىدۇ، دەپ ئويلىدى ئەلى. ئۇ رابىيەنى ئىزدەپ تېپىشنى، ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان - ھە ! بۈگۈن ئۇ يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ سۆيۈملۈكى بىر دۆۋە توپىغا ئايلىنىپ بولغانىدى.

— ھاي بوۋاي! — دەپ قىچقاردى ئەلى قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان ھېلىقى قېرى ئادەمنى، — بۇ يەرگە كېلىپ، بىز ئۈچۈن بىر خەتمىقۇرئان قىلىپ قويۇڭە!

بوۋاي يېتىپ كېلىپ، چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى يىمىرىپ يۈكۈندى. ئىسمايىل بىلەن ئەلىمۇ يۈكۈندى. قىسقا بىر ئايەتتىن كېيىن ئۇلار بوۋايغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بوۋاي پۈتۈن مازايۇ ماشايىق، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئەلى كۆزىگە تىقىلىپ

قالغان ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. . .

— بوۋا! — دەپ سورىدى ئەلى دۇئادىن كېيىن، — بىر دانە قەبرە تېشىنى قانچىگە سېتىۋالغىلى بولار؟

— 20 ـ 30 كويلارغا بېرەر. ئەگەر خەت ئويدۇرساڭ 30 ـ 40 كوي بولۇپ كېتەرمىكىن ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي.

— مانا سىزگە 50 كوي، بىر قەبرە تېشى سېتىۋېلىپ، بىز ئۈچۈن ئورنىتىپ قويۇڭ.

— قەيەرگە؟

ئەلى ئىسمايىلغا قارىدى. ئىسمايىل تەۋەككۈل قىلىپ بىر يەرنى كۆرسەتتى.

— مۇشۇ يەردىرەك بولسۇن.

— قەبرە تېشىغا نېمىدەپ يازىمىز، ئۆغلۇم؟

— مانا مۇنداق دەپ يېزىڭ! — ئەلى قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ يازدى. «رابىيەنى تاپالمىدىم. ئەلى»

بوۋاي ھەيران بولۇپ ئۇلارغا قارىدى ـ دە، كېيىن بىر نېمە چۈشەنگەندەك بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ماشىنا يەنە توپىلىق يول بىلەن ئارقىغا ياندى. «تامام! ـ دېدى ئەلى ئۆز ـ ئۆزىگە، ـ ئۆلۈم دېگەن نېمىدېگەن قەتئىي ھۆكۈم ـ ھە؟ قانۇننىڭ ھۆكۈمىنى قايتۇرۇشقا بولىدىكەنۇ، تەقدىرنىڭ ھۆكۈمى شۇنچىلىك دەھشەت ۋە قايتماس ئىكەن! . . . »

ماشىنا شېغىل يولغا چىقىپ سىلىق كېتىپ باراتتى. ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا راخمان مۇئەللىم كەلدى. بىر چاغلاردا بۇ ئادەم پارخاننىڭ يېنىدىكى ئىسلىشىپ كەتكەن كىچىك ئۆيدە، غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا خىلمۇ خىل مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزەتتى، ئەلى بۇ ئادەمنى يەنە ئىزدەپ باردى. ئۇنىڭغا مۇشۇ بىر ـ ئىككى ئاي ئىچىدە كۆرگەنلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پروفېسسور يەنە قانداق مۇلاھىزىلەرنى قىلاركىن؟

— راخمان مۇئەللىمنى سېغىندىم، — دېدى ئەلى تۇيۇقسىز.

— سەن ئۇنى ئۇرۇمچىدە كۆرگەنمىدىڭ؟

— كۆرگەن.

— قانداق تۇرۇپتۇ؟

— ناھايىتى ياخشى.

— ئالدىمىزدا — چوڭ يول ئۇستىدە بىر ئاشخانا بار. تامىقى يامان ئەمەس، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟

ئىسمايىلنىڭ سوئالىغا ئەلى جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى. ئۇ ھەممە نەرسە ئارقىدا قالدى. رابىيەنى تېپىش ئۈمىدىم ئاشۇ شىۋاقلىق دۆڭگە كۆمۈلۈپ قالدى... خوش، ماڭا رابىيەنىڭ نامىدا ئۈزۈلدۈرمەي خالتا ئەۋەتىپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ئۆزى كىم بولدى. ئەمدى بۇ تېپىشماق قانداق يېشىلەر؟ ... دېگەن خىياللارغا چۆككەنىدى.

ئۇلار ئۆيگە كەچ كىرگەندە قايتىپ كەلدى.

— ئەتە قايتىمەن. — دېدى ئەلى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئايگۈل، — ھېچبولمىغاندا ئەتە بىر كۈن تۇرۇڭ، ئۆيگە مېھمان چاقىرىپ قويدۇم.

— نېمە مېھمان؟

— بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ رەسىم - قائىدىسىدە ئۆيگە يىراقتىن مېھمان كەلسە، تونۇش - بىلىشلىرىنى قىچقىرىپ، تونۇشتۇرىدىغان بىر ئىش بار. بۈگۈنگىلا ئېيتماقچىدىم. سىلەرنى ھېرىپ كەلگەندە ئاۋارە بولۇپ قالامدىكىن، دېدىم. يات ئادەملەر يوق. ھەممىسى سىز بار چاغدا بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان يۇقىرى - تۆۋەن سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن مۇشۇ

ئەتراپتا ئىشلەۋاتقانلار، — دېدى ئايگۈل.

— ھەممىسىگە خەۋەر قىلىۋەتتىڭىز؟

— خەۋەر قىلىۋەتتىم. ئەتە يەكشەنبە، كۈندۈزىلا يىغىلىشىدۇ.

— شۇنداق قىل. ئۆگۈنلۈككە مەن سېنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن. — دېدى ئىسمايىل.

ئەلى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ئون نەچچە يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشتۇق. بىرەر كۈن ئوشۇقراق تۇرسىڭىز ھېچنېمە بولماس، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئايگۈل، — يەنە بىر تەرەپتىن، كۆڭلىڭىزنى ئازراق ئېچىلىپ قالامدىكىن، دەپ ئويلىدىم.

× ×

ئەلى ئەتىگەنلىكى تۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنى بىرئاز تەرتىپكە سالدى. ئىسمايىل بىلەن ئايگۈل تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تاختايلىق چوڭ ئۆينى تازىلاپ، ئۈستەل، ئورۇندۇقلارنى ئەكىرىشتى. ئاندىن ئىسمايىل بازاردىن كەم - كۈتا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتنى مىنىپ يۈگردى. قوشنا ئاياللاردىن بىر - ئىككىسى ياردەمگە كىرىپ، ئاشخانا ئۆيدە دۆشە - پىچاقلارنى تاراقلىتىپ ئىشنى باشلىۋەتتى. ئەلى باشقىلارغا پۇتلاشماسلىق ئۈچۈن ئىسمايىلنىڭ كىچىك ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىپ، شۇ يەردە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇردى.

مېھمانلار چۈشتىن كېيىن، سائەت تۆتتىن باشلاپ كەلگىلى تۇردى. بىرىنچى بولۇپ ئېگىز، ئورۇق بىر ئەر بىلەن پاكار، سېمىز بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— سالام ھەممىڭلارغا! ئەلى ئاكىمىزنى كېلىپ قالدى

دەيدۇ - غۇ؟ — دېدى دالان ئۆيگە كىرىپ ئەر مېھمان.

ئەلى ئولارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مانا، مانا، سالامەتمۇسىز ئەلى؟

— قېنى، يۇقىرى ئۆتۈڭلار.

— بۇلار بىز ئوقۇغاندا تۆۋەنكى يىللىقلاردا ئوقۇغان ساۋاقداشلار، تونۇيدىغانسىز ئەل - ى؟ — دەپ تونۇشتۇردى ئايگۈل، — بۇياق ئابدۇراخمان شاۋقۇنى بولىدۇ. شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدۇ. شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ گۈلنىسا، ئابدۇراخماننىڭ ئايالى، ئىككىمىز بىر مەكتەپتە ئىشلەيمىز.

ئەلى ئابدۇراخماننى مەكتەپتە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى، ئەمما گۈلنىسانىڭ مەكتەپتىكى ۋاقتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىدى. مەكتەپتىكى چاغدا ئورۇق، سېرىقراق كەلگەن بۇ قىز مۇنازىرىلىشىش بىلەن داڭق چىقارغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئاشخانا، چوڭ كوچا، مەيدان، ئىشقىلىپ، ئادەم توپلانغانلا يەر بولسا بۇ قىزنىڭ چاڭىلداپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ھازىر ئۇ سەمىرىپ، يوغانلا خوتۇنلارغا ئوخشىشىپ قاپتۇ.

— شېئىر! — دەپ ئۆز نۇتقىنى باشلىۋەتتى شائىر ئابدۇراخمان شاۋقۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا، — ئېسىل ژانىر، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسى شېئىر. لېكىن، ھازىر كىتابخانلاردا شېئىردىن زېرىكىشتەك كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالدى. قانداق دېدىم ئەلىكا؟

— ئەلى دەڭە، ئاكىڭىز نېمىسى؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئايالى ئۇنىڭغا، - ئەلى سىزدىن چوڭ بولسا ناھايىتى بىر - ئىككى ياش چوڭدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەلى دېسەممۇ بولۇۋېرىدۇ. ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن، دەيمىنا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— نېمە دېسىڭىز ئوخشاش، — دېدى ئەلى.
— شېئىرنىڭ مۇنداق كۆرسىسى چۈشۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى شاۋقۇنى، — ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مەدھىيىۋازلىققا بېرىلىپ، مەزمۇنىنىڭ پۇچەكلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. قانداق دېدىم؟ بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شائىرلاردىن كۆرگىلى بولمايدۇ - دە؟! . . . شائىرنىڭ ئاۋازى - دەۋرنىڭ ساداسى، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، سىياسەت، چاقىرىقلار بىزنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغان. يېڭى دەۋر يېتىپ كەلگەندە شائىرلار يەنە قايناپ تۇرغان ھېسسىياتى بىلەن يېڭى دەۋرنى كۈيلەشتى. بۇمۇ توغرا بولدى. قانداق دېدىم؟
— سىز، ئۇمۇ توغرا بولدى. بۇمۇ توغرا بولدى، دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى.
— شۇنداق، زامانغا باقماي كىمنىڭ ھەددى؟
— ئۇ چاغدا ھەقىقەت قەيەردە قالىدۇ؟
— ھەقىقەت! . . . — دەپ بېشىدىكى كەپكىسىنى ئۈستەلگە ئوڭدىسىغا تاشلىدى شاۋقۇنى.
ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن يېڭى مېھمان سۆھبەتنى بۆلۈۋەتتى.
— گېزىتخانىنىڭ تەھرىرى - قاسىمكام، قاسىمكام كەلدى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى شاۋقۇنى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭلار! — دەپ كىرىپ كەلگەن بۇ ئادەمنى ئەلى تونۇدى. ئۇ شىنجاڭ داشۆنىڭ 64 - يىللىق - يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىدى.
— قاسىمكا، يۇقىرى ئۆتتۇڭ، مانا بۇ يەرگە. . .
شاۋقۇنى ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ دېگۈدەك يۇقىرى ئۆتكۈزدى. قىسقا تىنچلىق سورىشىشتىن كېيىن شاۋقۇنى سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۆتكەندە ئۆيگە چاقىرتساق بارمىدىڭىز. بىر ـ ئىككى مېھمان بار ئىدى، ئەدەبىي ھەۋەسكارلار، سىز بىلەن تونۇشۇپ قالساق دېگەن.

— باللار بىلەن ئاۋارە بولۇپ ھېچ يەرگە چىقالمايدىغان بولدۇم، — دەپ ئەلگە قاراپ ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى تەھرىر، — ئايالىم يېقىندا ۋاپات بولۇپ كەتتى قاراڭ. ئۈچ بالا بىلەن قالدىم.

— ئاغرىقمىدى؟

— راك دېدى، ئاز كۈن يېتىپلا كېتىپ قالدى. ئەيتاۋۇر، راك دېگەن ئەجەل دېگەن گەپ بولۇپ قالدىغۇ، دوختۇرلار داۋالىيالمىغان كېسەللىنىڭ ھەممىسىنى راكلا دەيدىغان بولدى...

— ئۆتكەنكى شېئىرىمنى بەك قىسقارتىۋېتىپ قاپسىلە، — دەپ تەھرىرنىڭ سۆزىنى بۆلدى شاۋقۇنى.

— ھۆكۈمەت بىزگە ئۇزۇننى قىسقارتىدۇ، دەپ مائاش بېرىدۇ، - دە! — كۈلدى تەھرىر.

— كېلىدىغان ئەسەرلەر كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— كۆپ، — دېدى ئۇ قولىدىكى سائىتىنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ، قولىنىڭ بېغىشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىر تامچى پۈتۈن بىر بىنانى پۈتتۈرۈپ چىقىسمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالمايدۇ. بىر شائىرنىڭ شېئىرى بىر كۈپلېت بولسىمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقىدۇ. شۇڭا، شېئىر، ھېكايە يېزىپ نامىنى چىقىرىشقا قىزىقىدىغان ئادەملەرنى ئاز دەمسىز. تەھرىر بۆلۈمگە كۈنىگە نەچچە ئون پارچە ئەسەر كېلىدۇ، شۇنىڭ ئىچىدە كارغا كېلىدىغىنى بىر ياكى ئىككى... مانا سىز بىر چاغلاردا ياخشى نەرسىلەرنى يازغانىدىڭىز. مەكتەپتىكى چاغدا ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭىزنى، بىرنەچچە پارچە قول يازما ھېكايىلىرىڭىزنى ئوقۇغانىدىم ... خىزمەت ئورنىڭىز

مۇقىملاشمىغان بولسا، بىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمگە كېلىپ ئىشلىمەمسىز؟ . . .

يەنە بىر توپ مېھمانلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئىسمايىلمۇ قايتىپ كەلگەنىدى.

— ياخشىمۇ سىلەر؟

— ياخشىمۇ سىز؟

ئەلى كىرگەنلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشتى. بەشىنچى كىشىگە كەلگەندە ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. يازلىق پۇتۇن كۆڭلەك كىيىپ، سومكا تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئايال ئىبادەت ئىدى.

— خوش كەپسىز؟ — دەپ ئېگىلدى ئۇ ئەلى ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە.

ئەلى «ھە» دەپ قويۇپلا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مېھمانغا قولىنى سۇندى.

— ياخشىمۇ سىز؟

مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولار - بولماستىنلا يەنە بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئەلى بۇ ئايالنى تونۇغاندەك قىلىسىمۇ قايسى يىللىقلاردا ئۇقۇغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئايالنىڭ بېشىدا زەر باسقان چەت ئەل ياغلىقى، ئۇستىدە چەت ئەلنىڭ زەرلىك رەختلىرىدىن تىكىلگەن، ۋالىلدەپ تۇرىدىغان كۆڭلەك، ئايىغىدا ئېگىز، ئىنچىكە پاشنىلىق چەت ئەل توپلىسى، قارا تومۇرلۇق نېپىز يىپەك پايپاق، بويۇنلىرىدا ئاجايىپ مارجانلار تۇراتتى. ئاياللار دالان ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، «ۋىيەي نۇرنىسا» دېگىنىچە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا باشلىدى:

— ماۋۇ قەيەرنىڭ مارجىنى دوستۇم؟

— ھەرەمنىڭ.

— ماۋۇ ياغلىقچۇ؟

— سايۇزنىڭ.

— كۆڭلىكىڭىزنىڭ رەختى بەك ئېسىلكىنا؟
— پاكىستاننىڭ.
— ئايغىچۇ، ئايغىنى كۆرمەيسىلەر بۇ خېنىمنىڭ...
— شياڭگاڭنىڭ.
ھەتتا قايسىبىرى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، ئىچىدىكى ڕۇباشكىسىنىمۇ كۆرۈپ باقتى.
— ئاۋستراليىنىڭ! — دەپ ئېلان قىلدى ئۇ تەنتەنە بىلەن.
بۇ ئايال ئەتەي ئۇستەللەرنى پىرقىراپ ئۆتۈپ، تەھرىرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملەرنىڭ ياراشقان ـ ياراشمىغانلىقى توغرىسىدا بىرنېمە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ھازىر ئاتاپ ئۆتكەن مەملىكەتلەرنىڭ ئىسىملىرىلا بىر سەلتەنەت پەيدا قىلاتتى. ھەممە ئاياللار ئاغزىدا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشسىمۇ. كۆڭلىدە مەنسىتمىگەندەك قارىشاتتى. ئەلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ياش ئايال ئۇنىڭغا:
— ۋىيەي قاراڭ. ئىسسىقتا كۆز ـ كۆز قىلىمەن، دەپ ھەممە نېمىسىنى ئۇستىگە بولۇشىغا ئارتىپ كەلگىنىنى، — دەپ پىچىرلىدى، — ئېرى ياشىنىپ قالغان ئادەم. شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە باشلىق، ئۆزىچە نومۇس قىلىپ، تېخى مۇنداق سورۇنلارغا باشلاپ كەلمەيدۇ...
شۇ چاغدا ئايگۈل كىرىپ، ھېلىقى ئايالدىن سوراپ قالدى:
— نۇرنىسا، ھەسەنجىنىڭكام قېنى؟
— ھەسەنئاخۇن كېلەلمىدى.
— ئۇنداق ئاددىي ئادەملەرنىڭكىگە بارامدىم، دەپ ياراتمىدى. دېگىنە؟!
— ۋىيەي، ئۇنداق بولامدىغان! ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن بىرنەچچىسى يىغىلىپ كەتكەن، ئۆيگە كەلگەن ئادەمنى قوغلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۆيىنى شۇلارغا تاشلاپ بېرىپ «مەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولساممۇ باراي» دەپ كەلدىم.

ــ ھەسەنجىنىكامىنى ئالماي كەلگىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ، ــ دەپ چاقچاق قىلدى تەھىر، ــ ھەممەيلەن جۈپ - جۈپى بىلەن كەپتىكەن. مەن يالغۇز ئىچىم پۇشۇپ ئولتۇراتتىم. . .

ئەلى بۇ ئايالنى بوم ئاۋازىدىن ئەمدى ئېسىگە ئالدى. ئۇ باشقا فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىدى. ئاۋازى يوغان چىققاچقا نامايىش بولغاندا باشلاپ شوئار توۋلايتتى. بىر قېتىم ئۇ «ياشىسۇن»، «يوقالسۇن» دېگەن شوئارلارنى ئارقا - ئارقىدىن توۋلاۋېتىپ، دىققەتسىزلىكتىن «ياشىسۇن» دەيدىغان يەرگە «يوقالسۇن» دەپ سېلىپ، جىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ، «شوئار توۋلاش مەنسىپى» دىن ئېلىپ تاشلانغانىدى.

ئايگۈل مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئۈستەلنى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئىسمايىل بىرىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، قەدەھ سۆزىنى باشلىدى:

ــ بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى ئاۋارە قىلىپ، دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ كېتىشكە چاقىرغىنىمىزنىڭ سەۋەبى. . .

ئىسمايىلنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى ئەلىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. قارىماسلىققا تىرىشسىمۇ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىبادەت تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. ئەلىنىڭ بۇ رەقىبىنىڭ پېشانىسى بىلەن كۆزلىرى ئەتراپىنى قورشىغان قورۇقلار تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغىمۇ خېلى ئىشلارنى كۆرسەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئانچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتمىگەنىدى، تېخى ياش، بېجىرىم تۇراتتى. ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ يەنئەندىكى

ئىنقىلابچى ئاياللارنى دوراپ كەستۈرۈۋەتكەن چاچلىرى ھازىر بۇدۇر قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقلۇق سېرىق چاپىنىنى ئىتتىرىپ تۇرىدىغان كېلەڭسىز كۆكسى، ئارقىسىغا دۇگىلەك ياماق سېلىنغان (يىرتىلمىغان بولسىمۇ) بۇرۇلكىغا تىقىلىپ قالغان ساغرىلىرى ھازىر تارتىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۇرۇقلاپ سىپتا، چىرايلىق بولۇپ قالغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. ئەلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال ئۇنىڭ ئىبادەتكە قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىبادەت توغرىسىدا پىچىرلىغىلى تۇردى:

— ئۇنى مەكتەپتىكى چاغدا قالتىس ئاكتىپ ئىدى، دەيدۇغۇ؟ سىزنىڭ تۇرمىگە كىرىپ كېتىشىڭىزگىمۇ شۇ سەۋەبچى بولغانىكەن - ھە! ؟ . . . ھازىرغىچە ئەرگە تەگمىدى. قاراڭ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىپ يۈرۈشى ئاشۇ. . .

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئەلى.

— قايتا تەربىيە ئالغىلى چۈشكەن يېرىدە ئۇزۇن يىل سۆرىلىپ يۈرۈپ، ئاران قايتىپ كېلەلىدى. سۇدا ئىدارىسىگە تەرجىمان بولۇپ ئورۇنلاشقان، باشلىقى بىلەن چىقىشالمايتۇدەك. ھازىر يېمەكلىكلەر ماگىزىنىدا كەمپۈت ساتىدۇ.

— كەمپۈت ساتىدۇ؟ ! — ئەلى بۇ گەپكە ناھايىتىمۇ ھەيران بولۇپ، ئاچچىق كۈلدى.

ئەر مېھمانلار بىر - ئىككى رومكىدىن ھاراق ئىچىشىپ سەل قىزىغاندىن كېيىن، ئەلىدىن يەنە باشقىدىن ئەھۋال سورىشىپ كەتتى. ئەرلەرنىڭ بۇ كەيپىياتى ئاردىكى ياتسىراشنى تۈگىتىپ، ئاياللارمۇ ئازادىلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، گۇدۇڭلىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

— ئايال يولداشلارغا ھاراق قۇيمىدىم. ئىختىيار قىلىدىغانلار بولسا قىزىل ھاراق بار، ئايگۈل مېھمان قىلسۇن، —



www.uyghurkitap.com

دەپ ئېلان قىلدى ئىسمايىل.

ئايالالارنىڭ ئىچىدىن «ئىچەيلى» دەپ جۈرئەت قىلىدىغانلار چىقمىدى.

— ئۆرۈمچىنىڭ خوتۇنلىرىغۇ سۇدەك ئىچىدىكەن، — دەپ گەپ ئالدى ھېلىقى چەت ئەل مالللىرىغا ئورىلىۋالغان نۇرنىسا.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — دەپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى ئايگۈلنىڭ بىر ساددا قوشنىسى.

— ئاۋۋال پىۋىدىن باشلايدىكەن، ئاندىن قىزىل ھاراقتا ئۆتىدىكەن، ئەرلىرى مەست بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېقىنىمۇ نېرى تۇر، دېمەيدىكەن. «خوتۇن كىشىمۇ ھاراق ئىچكەن بارمۇ؟ توۋا!» دەپلا قاپتۇمەن. . .

شۇنداق سورۇنلارنىڭ قانچىسىگە قاتنىشىپ، ئاق ھاراقنى خېلى يۇتقانلىقى كۆزىدىن چىقىپ تۇرسىمۇ، نۇرنىسانىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپلەر چىقتى.

— يولداشلار، ھەنىپە بىزگە بىر - ئىككى ناخشا ئېيتىپ بەرسە قانداق؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئارىدىن بىرى.

ئايالالار تەرەپتىن چاققانغىنا كىينگەن بىرى تۇردى.

— ئاۋازىمغۇ ياخشى ئەمەس، بوپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دەپ ناخشا باشلىدى ئۇ:

ئالماڭنى ئېغىتمامسەن،
سۇيىڭنىڭ ئېقىشىغا.
يازغان خەتلىرىڭ تەگدى،
يۈرەكنىڭ بېغىشىغا.

... ...

ئۇ ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتتى. يېنىك، يېقىملىق بۇ ئاۋاز كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. كۆپچىلىك چاۋاك

چالدى. ناخشچى ئىلهاملىنىپ، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئۆزى پىيەن قىلغان خەلق ناخشىلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىۋەتتى.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئول خۇدانىڭ تەقدىرى،
بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى.

... ...

ئارقىدىنلا ئۇستەللەر تام تەرەپكە تارتىلىپ، تانسا ئۇچۇن مەيدان بوشىتىلدى. نېپىز كىيىم كىيگەن ئاياللاردىن كۆتۈرۈلگەن خۇش پۇراق ھاۋا، ئەرلەرنىڭ ھاراقتىن قىزارغان چىرايلىرى، مول داستىخان، ساھىبخانىنىڭ مېھماندوستلۇقى، تانسىغا چۈشكەنلەرنىڭ جۇشقۇن قىياپىتى بۇ ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئەمما، ئەلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىكسىز بىر غەشلىك قاپلاپ تۇراتتى. مۇشۇ ئۆيدە ئىبادەت پەيدا بولغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلغانىدى. كۈتۈلمىگەندە، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بوسۇغىدا جالال پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئوھوي، ساۋاقداشلار جەم بولۇپسىلەرغۇ؟! سالام ھەممىڭلارغا! بولدى، بولدى، قوزغالماڭلار.

جالال كۆزنەكە تارتىۋالغان قارا كۆزەينەكىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ يۈزى گىرىم قىلىپ چىققان ئارتىسنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ سورۇندىكىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىر يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئا - ئايروپىلاندىن ھازىرلا چۈشۈشۈم. سا - سا ساۋاقداشلارنى بۇ يەرگە جەم بولدى، دەپ ئاڭلاپ، ئۇدۇللا كېلىشىم، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ، — قې— قېنى، تانسا قىلىۋېرىڭلار.

— كەلگەن قەدىمىڭگە رەھمەت. ئەمىسە قاتاردا بىر رومكا كۆتۈرۈۋەت! — دەپ ھاراق سۇندى ئىسمايىل.

جالال ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە ئاپاردى.

— ئۆ - ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ؟ مە - مەن ئىچمەيمەن.

— بىر رومكا ئىچىپ قويۇڭ، — دېيىشتى بىر نەچچەيلەن.

جالال مايىلىشىپ تۇرغان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتتى - دە، ئىسمايىلنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ ئەتراپىغا قارىدى.

— بۇ - بوپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر رومكا ئىچىپ قوياي، مۇ - مۇشۇ رومكىدىن كېيىن زورلىمايسىلەر - ھە؟!

يەنە مۇزىكا ياڭراپ، تانسا داۋاملاشتى، جالال ئورۇندۇقىنى ئەلى تەرەپكە سۈرۈپ يېقىنلاشتى.

— قا - قانداق؟ جەمئىيىتىمىزدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇمۇ؟ سو - سولچىلىق تۈگىدى. خە - خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى.... سې - سېنى ئۆيگە بىر چاقىرىۋالاي، دەپ ئۇقۇشسام كېتىپ قاپسەن... ئۇ كۈنى ئىدارە ئالدىدا چالا - پۇچۇقلا كۆرۈشۈپ قالدۇق، نېمىشقا تا - تا - تانسا ئوينىمايسەن؟

— بىز مەكتەپتىكى چاغدا نەدە تانسا قىلاتتى. كېيىن ھېلىقى ساراڭ ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرۈم تۈرمىدە ئۆتتى... نەدە يۈرۈپ تانسا ئۆگىنىمەن؟!

— راست ئېيتتىڭ، ئۇ چاغدا ئەجەب بىر ئىشلار بولۇپ كەتتىغۇ، تاڭ! ھېلىمۇ سالامەت چىقىپسەن، شۇ - شۇنىسى غەنىيمەت... سا - سا - ساڭا ئېيتىدىغان بىر گېپىم با -

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى.

— ئېيت!

— ئا ـ ئانچە مۇھىممۇ گەپ ئەمەس. بىراق، ئا ـ ئا ـ ئارنى ئوچۇق قىلىۋەتمىسەكمۇ بولمايدۇ. گە ـ گەپ شۇ...

ئەلى ئورۇندۇقنى ئارقىغا تارتىپ، تامغا يۆلەندى. جالال ئورۇندۇقنى يۆتكەپ كېلىپ، تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى.

— گېپىڭنى قىلىۋەر.

— خوش، تا ـ تا ـ تاماكاڭ يوقمۇ؟

— مەن چەكمەيمەن.

— مە ـ مەنمۇ چەكمەيمەن. كۆ ـ كۆ ـ كۆرسەم خۇمارى...

ئۇ نېرىدا تۇرغان ئۇستەل ئۈستىدىكى پاپىروستىن بىر تال ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى.

— خو ـ خوش، — دېدى ئۇ يەنە، — مەكتەپتىكى چاغدا سېنىڭ ياتىقىڭنى ئاختۇرۇپ ئېلىپ ئاچقىپ كەتكەن قول يازمىلىرىڭنىڭ بەزىسى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغانىدى. مەن كېيىن ئەلىنىڭ ئۆزىگە بېرىۋېتەرمەن، دەپ ساقلىغان... ھە، ئىشلار ھېلىقىدەك بولۇپ قولغا ئېلىنىپ كەتتىڭ. سېنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ «ئەي، يامان بولدى، ئەمدى ئەلى ئېتىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۆمرى تۈرمىدە تۈگەيدىغان بولدى» دەپ ناھايىتى ئېچىندىم. قولۇمدا ساقلانغان شېئىرلىرىڭنى ئوقۇپ باقسام، يامان ئەمەس يېزىلغانىكەن. بۇ بىچارىنىڭ ئەسەرلىرى بولسىمۇ ئېلان قىلىنىپ كەتسە بولاتتى، دەپ ئويلىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ چاغدا سېنىڭ نامىڭدا بىرنەرسە ئېلان قىلغىلى بولمايتتى. سالامەت قايتىپ چىقالىشىڭ كىمنىڭ خىيالىغا كەپتۇ دەيسەن؟ ئەسەرلىرىڭنىڭ ئۆلمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قىسىم شېئىرلىرىڭنى مەن ئۆز نامىمدا ئېلان قىلدىم... بۇ ـ بۇ ـ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ قالساڭ، ئۇ ـ ئۇ ـ قوشماي باشقىچە گەپ

بولۇپ يۈرمىسۇن. . .

— ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭنى كۆردۈم. ئەمدى نېمە دېمەكچىسەن؟ ئوچۇق دېگىنە!

— كۆ ـ كۆ ـ كۆردۈڭما؟ نېمە دېمەكچىدىم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا شۇ شېئىرلارنى مەن يازغان، جالال ئۆزىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىۋاپتۇ، دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرمە دېمەكچىمەن، ئە ـ ئەھۋالنى ئېيتتىمغۇ، مەن ئۇنى يا ـ يا ـ ياخشى نىيەت بىلەن. . .

— شېئىرلار مېنىڭ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ دەيمەن ـ دە! . . .

— ئە ـ ئە ـ ئەلى، سېنى غەرەز ئۇقىدۇ، دەپ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتىم، قا ـ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل. جەمئىيەتكە يېڭى چىقتىڭ. بىر ـ بىرىمىزگە تېخى لازىم بولۇپ قالىمىز. ۋىلايەتكە سېنى «ژۇرنالدا ئىشلىسۇن» دەپ تونۇشتۇغان ئا ـ ئا ـ ئادەم كىم، بىلەمسەن؟

— كىم؟

— مە ـمە مەن!

— سەن تونۇشتۇرغان ئىش بولسا كۆتۈر ئۇنداق ژۇرنىلىڭنى!

— ئەلى، مۇ ـ مۇشۇنداق كا ـ كا ـ كاجلىقىڭدىنمۇ جىق زىيان تا ـ تا ـ تارتىسىڭ. . .

— نېمە! ؟

ئەلى ئۇنى بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ، سۆرىگىنىچە ياندىكى ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرغان كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى ـ دە، گۈپ قىلىپ ئىشىكنى ياپتى.

— ھازىر نېمە دېدىڭ؟ راست دەيسەن، مەن كۆپ زىيان تارتتىم. ساڭا ئوخشاش ساختىپەزلەر ھازىرغىچە پايدا ئېلىۋېتىپتۇ. لېكىن، مېنى ئۇنچىلىك بوزەكمىكىن، دەپ قالما، مەن تېخى ساڭا تېتىيمەن.

— قو ـقو ـ قولۇڭدىن نې ـنې ـ نېمە كېلەر؟!

— قولۇمدىن نېمە كېلەتتى. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئەينى ۋاقىتتا قانداق تارتىپ چىقىپ كېتىشكىنىڭنى، كېيىن سېنىڭ بۇ شېئىرلارنى ئۆزگەرتىپ، مەزمۇننى پۇچەكلەشتۇرۇپ، ئۆز نامىڭدا ئېلان قىلىنىۋالغىنىڭنى يېزىپ، چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن. «جالال ـ ئىجادىيەت ئوغرىسى» دەپ خەلقــى ئالەم ئالدىدا رەسۋايىڭنى چىقىرىمەن. .

شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ ئىسمايىل كىرىپ قالدى ـدە، ئىككىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ھەيران بولدى. ئەلى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن، جالال تامدەك تاتىرىپ، كىتاب جازىسىغا يۆلىنىپ قالغانىدى.

— ھوي ئاغىنىلەر، نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدى ئىسمايىل، — ھەرقانچە گەپ بولسا مېھمانلار كەتكەندە قىلىشىڭلار.

ئەلى چىقىپ كەتتى. چوڭ ئۆيدە گېزىتخانىنىڭ تەھرىرى كۆپچىلىككە نېمە توغرىسىدىدۇر ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئاياللار قاتتىق كۈلۈشمەكتە ئىدى. ئاشخانا تەرەپتىن ئايگۈل چىقىپ، ئەلىنى شەرەت قىلىپ قىچقاردى. ئەلى مېھمانلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئاشخانىغا چىقتى.

— نېمە بولدىڭىز، چىرايىڭىز بىر قىسمىلىغۇ؟ — دېدى ئايگۈل.

— ھېچنېمە، سىزگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدىكىن.

— سىزگە بىرىنىڭ ئامانەت گېپى بار ئىدى، گېپىمنى يېرىماي ماقۇل دەرسىزمۇ؟

— نېمە گەپكىن، ئاڭلاپ باقاي. . .

— قاراڭ، — دېدى ئايگۈل چىنە ـ قاچىلار دەستىلەپ قويۇلغان ئۈستەلگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، — باياتىن بىرى ئىبادەت يېنىمغا ئىككى ـ ئۈچ چىقتى. «ئەلىنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ بارساڭلار» دەيدۇ. مېھمان قىلىدىغان ئادەم ئۆز ئاغزىڭ بىلەن

بىرنىمە دېمەمسەن، دېگەنتىم. ھازىر يەنە چىقىپ، «ئەلى مەكتەپتىكى چاغدا مەندىن قاتتىق رەنجىگەن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. جېنىم ئايگۈل، مېنىڭ ئۈچۈن سەن بىر نىمە دەپ باقساڭ» دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى. سىزنى شۇڭا قىچقارغانىدىم. ئەتە. . .

— بولدى! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ئەلى، — بۇ گەپنى قويۇڭ. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە دەسسىمەيمەن.

— ئۇمۇ ساۋاقدىشىڭىز بولغاندىكىن بېرىپ قويسىڭىز يامان كەتمەيتتى. بىچارىنىڭ كۆڭلى يېرىم. ھازىر ئۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى. . .

— ئۇ بىر ئىت! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئەلى، — «ھويت، كۇش ـ كۇش» دەپ بېرىدىغانلارلا بولسا يەنە ئادەم چىشلەيدۇ.

— بوپتۇ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئەمدى ئىبادەتكە نىمىمۇ دەرمەن. . . — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى ئايگۈل.

ئەلى مېھمانلار بار ئۆيگە قايتىپ چىقتى. چىقىپلا كۆزى ئىشىككە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئىبادەتكە چۈشتى. ئەلى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېتىپ قاچۇردى ـ دە، قەيەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. شۇ تاپتا شائىر ئابدۇراخمان شاۋقۇنى ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر قەغەزگە يېزىۋالغان شېئىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋاتاتتى. نېرىقى كىچىك ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن، ئۇ يەردە جاۋالنىڭ ئىسمايىلغا تېخىچە نىمىلەرنىدۇ دەپ داتلاۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. . . نېمىشقىدۇر ئەلىنىڭ بۇ سورۇندىن يوقالغۇسى، ساپ ھاۋاغا چىقىپ، كەڭ بىر دالاغا قاراپ ماڭغۇسى كەلدى. ئۇ تامغا يۆلەپ قويغان ئۇستەللەرنىڭ بىرىدە ئاغزى ئوچۇق تۇرغان بوتۇلكىدىن ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە، تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئەلى قورۇدىكى گۈللۈك يېنىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ،

دەرۋازىنى ئېچىپ يولغا چىقتى. ھاۋا مۇزدەك ۋە تازا ئىدى. ھېلىلا يامغۇر يېغىپ توختىغان بولسا كېرەك، ئاسفالىت يول نەم ئىدى. قاپقارا بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي مۆكۈ-مۈكۈلەڭ ئويناۋاتقان بالىلاردەك بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالاتتى. ئەلى چوڭ كوچىنىڭ چېتىدىكى دەرەخلەر ئاستى بىلەن مېڭىپ كەتتى... ئاز ئۆتمەي ئۇ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئەلى توختاپ قارىدى. چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەلى!

— كىم؟

— مەن!

ئاي يورۇقىدا ئەلى يولنى كېسىپ ئۆتكەن ئىبادەتنى ئېنىق كۆردى-دە، قارىماي مېڭىپ كەتتى.

— ئەلى!

ئۇ تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، يەنە ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكتى. ئەلى تۇرۇپ قالدى. ئىبادەتمۇ ھاسىراپ يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— نېمە، گېپىڭ بارمىدى؟

— مەنمۇ سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىزغۇ، بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىڭىز نېمە بولىدۇ؟!

— مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان گېپىم يوق!

— ئەلى، نېمىشقا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭدىن كۆرىسىز؟...

— كىم ھەممىنى سېنىڭدىن كۆرۈپتۇ؟ شۇ چاغدىكى مۇھىت ساڭا ئوخشاش چايانلارنىڭ ئادەم چېقىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. بۇنى مېنىڭ چۈشەنگىچىلىكىم بار...

ساڭا مەن ھېچنېمە دېمىدىمغۇ، نېمىدەپ كۆزۈمگە كىرىۋالىسەن؟!

— ئۇ چاغدا ھەممىمىز گۆدەك، ساددا ئوقۇغۇچىلار ئىدۇققۇ؟... شۇ چاغدىكى تەشۋىقات، سىياسىي چاقىرىقلار بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانغۇ. سىزنىڭ ماڭا ھېچنېمە دېمىگىنىڭىزنىڭ ئۆزى بىر ئازاب... سىز مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ...

— سېنىڭ ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكىڭ ئوقۇشماي قىلىپ قويىدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. مېنىڭ ئۇستۇمدىن يازغان پاس قىلىش ماتېرىيىاللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئېيتىپ باققىنا، شۇ يازغانلىرىڭنىڭ قانچىلىكى راست، سەن زادى مېنىڭ يۈرىكىمنى قانچىلىك چۈشىنىسەن؟...

ئىبادەتنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— سەنلەر مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىرگەنىدىڭ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەلى، — مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپمۇ بولغان، لېكىن، ئىشنىڭ ئاخىرى سەنلەر كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى.

— ئەلى، — دېدى ئىبادەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — راستىمنى ئېيتسام، بۇ ئىشلارغا شەخسىي غەرەزمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم...

— مېنى؟ مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ؟!

— گېپىمنى ئاڭلىماسىز. مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم. بىراق، سىز مېنى زادىلا كۆزىڭىزگە ئىلىپ قويمىدىڭىز. كېيىن، رابىيە ئىككىڭلار يېقىن بولۇپ كەتتىڭلار. مەندە كۈچلۈك ھەسەت تۇغۇلدى. كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭلۈمدىكى مۇشۇ ئاداۋەت ئارىلىشىپ كەتتى... ئىشىنەمسىز؟ كېيىن مەن قىلغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىپ، قانچە ـ قانچە قېتىم يىغلىدىم. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى... قانۇن بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىنىمۇ كەچۈرىدۇغۇ؟ سىز مېنى زادىلا كەچۈرمەمسىز؟

مېنىڭ جىنايىتىم شۇنچىلىك ئېغىرمۇ؟

— راست ئېيتتىڭ. جەمئىيەت مۇرەككەپ. بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل كەچۈرۈمگە ئىگە بولىدۇ؛ بەزىدە بىگۇناھ ئادەملەر يىللاپ تۈرمىدە ئازابلىنىدۇ... ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكىڭ مېنىڭ بىلەنلا كەتمىدى، بىچارە رابىيە «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى» دەپ خورلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. قانۇن كەچۈرەمدۇ، كەچۈرمەمدۇ، ئۇ قانۇننىڭ ئىشى. لېكىن، مەن سەندەكلەرنى ئۆمۈر بويى كەچۈرمەيمەن!...

بۇلۇتلار ئىچىدىن يەنە ئاي كۆرۈندى ـ دە، ئەتراپ يورۇپ، يول بويىدىكى دەرەخلەر ئۇزۇن سايە تاشلىدى. ئەلى ئىبادەتنى بىرچەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— توختاڭە، ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپىم! — دەپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ، دەل ئەلىنىڭ ئايىغى ئاستىغا كېلىپ يىقىلدى ئىبادەت. ئۇ ئورنىدىن قوپماي سۆزلەپ كەتتى، — سىز تۈرمىگە رابىيەنىڭ نامىدىن خالتا كىرگۈزۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئىزدىگەنسىز؟...

قانداقتۇر بىر گۇماندىن ئەلىنىڭ يۈركى ئېچىپ كەتتى.

— ئىزدىدىم، — دېدى ئۇ.

— تاپتىڭىزمۇ؟

— تاپالمىدىم...

— قىلغان خاتالىقلىرىمنىڭ تۆۋىسى ئۈچۈن، رابىيەدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن خالتىلارنى مەن ئەۋەتىپ تۇرغان...

ئەلىنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ھەممە نەرسە — بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي، تومۇرلاردا ئېقىپ تۇرغان ئىسسىق قان، ھەتتا پىرقىراۋاتقان يەر شارىمۇ بىر مىنۇتقا توختاپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇ مەن ئالدىنىپتىمەن، ئەۋەتكەن ھەممە نەرسەڭنىڭ پۇلىنى ھېسابلاپ

ئال، دېمەكچى ئىدى، بۇ گەپنىمۇ ئېغىزىدىن چىقارماي ئىچىگە يۇتتى ـ دە، نەم يول ئۈستىگە يىقىلغان ئىبادەتنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. قىز ئەلىنىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىچە يىغلىۋەتتى. . . ئۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ئۇنىڭ قەلب دېڭىزىنى چايقاۋاتقان مۇھەببەتمۇ، ھەسرەتمۇ ياكى پۇشايمانمۇ؟. . .

ئەلى قىزنىڭ باغرىدىن تەستە ئاجراپ، بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. ئىبادەت نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئەلى ئالغا قاراپ توختىماي كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىشىنىمۇ ئۇقمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا: بۇ ئالەمنىڭ غوۋغاسىدىن تويۇپ، پاك بولۇۋېلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن كامال، ساختىپەزلىك بىلەن يۇقىرىغا ئۆمىلەپ كېتىپ بارغان جامال، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى جۈپتىنى تاپالماي بەختسىز بولۇپ قالغان سارە، بىر ئۇلۇغ قەھرىمان بولۇپ چىقىشنى ئارمان قىلىپ، ئاخىردا ھېچنېمە بولالمىغان ئەزىز، ۋاقتىنىڭ بىر تىيىنلىق قەدىر ـ قىممىتى بولمىغان شۇ يىللاردا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىلىم ئىگىلەپ، پەقەت ئون نەچچە يىلدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ لايىقراق خىزمەت ئورنىنى تاپالىغان ئىسمايىل ۋە يەنە ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى نەم تۇپراققا كېلىپ يىقىلغان ئىبادەت بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ پىرقىراپ يۈرەتتى. . . شۇ تاپتا ئەلى راخمان مۇئەللىمنى سېغىنغانىدى. ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىنسانلار قەلبى ۋە يەنە نېمىلەر توغرىسىدىدۇر ئاشۇ ئاجايىپ ئادەم بىلەن پىكىرلەشكۈسى كېلەتتى. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ھېلىقى كىچىك قاۋاق مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئوچۇق بولاتتىمىكىن؟ چىلىغان سامساقنى زاكۇسكا قىلىپ بىر رومكا ھاراق ئىچسە. .

12

ئاجايىپ ئىش شۇ بولدىكى، ئەلى شۇ كەتكىنىچە قايتىپ

كەلمىدى. ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن كىشى ئىبادەت بولۇپ قالدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا ئەلى يىراقلاپ كەتكەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئالدىدىن ئۇرغان شامالدا ئۇنىڭ چاپانلىرىنىڭ پەشلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقى ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈنگەنىدى... ئۇنىڭ قەيەرگە يوقالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ئىسمايىل كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئەتراپنى بىرنەچچە كۈن ئىزدىدى. شىۋاقلىق دۆڭدىكى قەبرىستانلىقىقىچە باردى. قايتىشتا ھېلىقى شارقىراتما ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتە ئۇزاق خىيال سۈرۈپ تۇردى. ئەلىنىڭ زادى قەيەرگە يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ئۇنىڭ پەقەت ئەقلى يەتمىدى...

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىككى يىل ساۋاقداشلار تۇرمۇشىغا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئەكەلدى. سارە بىلەن ئەزىز يىراق - يېقىندىكى ھەممە ساۋاقداشلىرىنى دېگۈدەك چاقىرىپ چوڭ توي قىلدى. بۇ تويدا ئۇلار ئەلىنىڭ بولمىغانلىقىغا ناھايىتى ئېچىنىشتى... ئەلىنىڭ ئاكىسى ئوسمان «ئىنىم مېنىڭدىن رەنجىپ قالغانمىدىكىن؟» دېگەن گۇمان بىلەن قىينىلىپ، ھاراقنى بىراقلا تاشلاپ جىمغۇر بولۇپ قالدى.

جالالنىڭ مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى مەنسىپى ئېلىپ تاشلاندى. لېكىن، ئۇ ئەلى يوقىلىپ كېتىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا «ئوغرى شائىر» دېگەن بىر چوڭ رەسۋاچىلىقتا قېلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ يۈرەتتى... كامالنى جالالنىڭ ئورنىغا باشلىق قىلىپ ئۆستۈرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇ: «مەن باشلىق بولمىسام، مېنى مۇشۇ تەرجىمانلىقتىنلا ئازاد قىلۋەتسەڭلار...» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ بىرنەچچە كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشرىياتقا بېرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئايالى زۆھرە ھازىرمۇ ھەر كۈنى

ئەتىگەنلىكى كامالغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ يوقلىپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئاجايىپ قىياسلارنى قىلاتتى.

بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىبادەتنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپلا كەتتى. ئۇنى مائارىپ ئىدارىسى چاقىرىپ، يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن قايتىپ كېلىپ، مۇئەللىم بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ رابىيە بىلەن قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن ھېلىقى خىلۋەت يېزىغا قايتىپ بېرىپ، يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلدى، يېزىنىڭ يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا ئۇ پات - پات چىقاتتى. ئۇ يەردە، سىلىقلانمىغان بىر شىبەن تاشقا مايماق - سايماق قىلىپ يېزىپ قويۇلغان «رابىيەنى تاپالمىدىم. ئەلى» دېگەن سۆزنى قايتا - قايتا ئوقۇيتتى. بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۆتمۈش ھەققىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى سالاتتى. . .

يەنە كىم قالدى؟ ھە، ئىسمايىل. ئۇ رايون مەركىزىدىكى بىر ئىلىم - پەن تەتقىقات ئورنىغا ئۆستۈرۈلۈپ ئۆرۈمچىگە كەلدى. ئۇ راخمان مۇئەللىمنى يوقلاپ پات - پات كېلەتتى. مۇئەللىمنىڭ روھى يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. پروفېسسور، ئەلى كەلگەندە يېزىۋاتقان كىتابىنى قولىدىن چىقارغانىدى. بىرلەشمە سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا يەنە قىزغىن نۇتۇقلارنى سۆزلەيتتى.

— سەن ئەلىنى ئۆلۈۋالدى، دەپ پەرەز قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم بىر كۈنى ئىسمايىلدىن، — سېنىڭچە ئۇ ھېلىقى شارقىراتمىغا ئۆزىنى ئېتىۋالغاندىمۇ؟ . . . ئۇ شۇنداق ئەخمەقلىقنىمۇ قىلغاندىمۇ ـ ھە!

ئىسمايىل مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىدى. راخمان مۇئەللىم ئۆز مۇلاھىزىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.

— ئەلى، ھەي، بۇ بالا چوڭلا ئادەم بولۇپ قالغان

بولسىمۇ، ماھىيەتتە تېخى گۆدەك ئىدى. ئۇ جاھانغا تۆرەلىپ نېمە كۆردى؟ يېزىدا چوڭ بولدى، يېزىدىنلا مەكتەپكە كەلدى، ئاندىن تۇرمىگە كىردى. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلاشقان ۋاقتى پەقەت بىرنەچچە ئايلا بولۇپ قالدى، بىرنەچچە ئاي!... ئىبادەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىققان كېچىسى ئەلىنىڭ قەلبىدە قانداق بورانلار كۆتۈرۈلۈپ، قانداق سۇلار ئۆركەشلىدى، بۇنى كىم بىلىپتۇ؟... ئۆلۈمنى دېسەڭ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، ئادەمنىڭ ئۆمرى بىر تونىلدىن چىقىپ، ئىككىنچى بىر تونىلغا قاراپ كېتىۋاتقان پويىزغا ئوخشىشىدۇ. قۇياش بۇ ھايات ھارۋىسى ئۇستىدەپەقەت بىرنەچچە كۇنلا پارلاپ قالىدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇ يەنە بىر قاراڭغۇلۇققا كىرىپ غايىپ بولىدۇ، مەڭگۈگە غايىپ بولىدۇ...

يەنە بىر كۇنى ئىسمايىل ئىشىكتىن كىرىپلا:

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، — دەپ مۇئەللىمگە يېڭى خەۋەر يەتكۇزدى، — ئەلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى بىر ئۆيدە تۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى كىتاب قىلىپ يېزىۋاتقۇدەك... ھېلىقى چاغدا قەبرىستانلىقتىن قايتقان كۇنىمىز ئەلى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، راخمان مۇئاللىمنى سېغىندىم، دېگەنىدى. ئۇ ھاياتلا بولسا، چوقۇم سىزنى يەنە ئىزدەپ كېلىدۇ.

— شۇنداق بولىدۇ! — دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى ـ ـ ـ ى مۇئەللىم، — ئۇنىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى ئوقۇغۇچىسى چوقۇم مەن بولىمەن...

شۇ كۇنى كەچتە، مۇئەللىم مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى قاۋاقلا كىرىپ بىرنەچچە رومكىنى ئوشۇق ئىچىۋەتتى. ئاخىردا: «سىلەر بۇ دۇكانغا نېمىشقا چىلىغان سامساق ئەكېلىپ قويمايسىلەر؟، چىلىغان سامساق!» دەپ ۋارقىراپمۇ كەتتى. دۇكاندىكىلەر بۇ كونا خېرىدارنىڭ نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولۇشتى.

1985- يىل، غۇلجا.

# نوزۇگۇم

## بىرىنچى باب

### تۇمەن سۈيى قان بولۇپ ئاقتى

تۇمەن دەريا نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى.
شاھىد بولۇپ شۇ تارىخقا،
مىڭلاپ نوزۇك نەزمە قاتتى.

— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن

مىلادى 1827 — يىلى (داۋگۇاڭنىڭ يەتتىنچى يىلى) چىڭ لەشكەرلىرى تۇمەن دەرياسىنىڭ قەشقەر شەھىرى تەرىپىدىكى قىرغىقىنى خان بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن زەمبىرەكلەر بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى قاتتىق توپقا تۇتماقتا ئىدى.

بۈگۈن كېچە تۈن يېرىمىدىن باشلاپ چىققان بوران، قۇم - توپىلارنى ئۇچرىتىپ كېلىپ كۆز ئاچقۇزمىدى. تاڭ يورۇشى بىلەن چىڭ لەشكەرلىرى دەريادىن ناھايىتى ئوڭۇشلۇقلا

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كەتتى. غوجىلار بۇ كېچىدىكى بورانلىق تۈن قاراڭغۇسىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئارىدىن قاچقانىدى، دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا پەقەت ئۆي - ماكانلىرىنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققان خەلق — سۇچىلار، ئوتۇنچىلار، كاسىپلار، كىچىك ئېلىپساتارلار، قەشقەر مەدرىسىنىڭ ياش تالىپلىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن يىغىلغان دېھقانلارلا قېپقالغانىدى. قولىدا تاش - توقماق، ئارا - گۈرجەكتىن باشقا ھېچنىمە بولمىغان بۇ پۇقرالار بىلەن تولۇق قوراللانغان چىڭ لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلاندى.

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپتىن شىددەتلىك باستۇرۇپ كەلدى. خەلق دەريا بىلەن شەھەر جايلاشقان ئېگىز يار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا قىسىلىپ قالدى. ھېچكىمگە قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك كۆلەڭگىسى ھەممىنىڭ ئۈستىگە يېپىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ شۇنداق جەڭ بولدىكى، ئادەملەر: بەرىبىر ئۆلۈم، بىر دۈشمەننى بولسىمۇ ئۇشۇقراق ئۆلتۈرۈپ، مەردانە يىقىلىش كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى قەھرى بىلەن تاشلاندى... دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ ئاچچىق كىشنەشلىرى، ھاۋانى كېسىپ ئۆتكەن قىلىچلارنىڭ ۋالىلداشلىرى، تاش تېگىپ، ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ پەريادى، قىلىچ تەگكەن دېھقانىنىڭ ياۋغا قادالغان كۆزى، «يا خۇدا، مەدەت قىل!» دەپ توپ ئىچىدە ئۈرۈلۈپ — سوقۇلۇپ ئالغا كېتىۋاتقان ئاقساقال ئادەمنىڭ رۇسلانغان گەۋدىسى، يىقىلغان دۈشمەنىنىڭ قولىدىكى قىلىچنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىغا ئىرغىپ مىنىۋاتقان ياش يىگىتنىڭ نۇرلۇق چىرايى، توپ ئىچىدىن چۈلۈۋۈرىنى سۆرەپ چىقىپ قېچىۋاتقان ئىگىسىز ئاتلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن دەممۇدەم

ئۆتۈپ تۇراتتى. . .

بۇ ئاجايىپ جەڭ مەنزىرىسىنى تولۇق تەسۋىرلەشكە مېنىڭ قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. كىمىكى ھەقىقىي رەسسام بولسا، قەھرىمانلارنىڭ ئەندىزىسىنى مانا مۇشۇ يەردىن ئالسۇن؛ كىمىكى چىن شائىر بولسا، كۈچلۈكلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان ئاشۇ كۈچسىزلەر شەنىگە داستان پۈتسۇن؛ كىمىكى ھەقىقىي قەلەمكەش بولسا، قوراللانغان ياۋغا قارشى شىردەك ئېتىلغان بۇ ئاددىي خەلقنىڭ جاسارىتىنى يېزىپ قالدۇرسۇن. . .

چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى قارشى قىرغاقتا ئۆتكەن لەشكەرلەرنىڭ يېقىلىشىغا قاراپ كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئارقا - ئارقىدىن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ جەڭگە تاشلىدى، بىر ئازدىن كېيىن بۇ قوماندان مەسلىھەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، نېرىراقتىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇزۇن دۈربۈن بىلەن جەڭ مەيدانىنى كۆزەتكەندە، باشقىچە ئەھۋالنى بايقاپ قالدى: مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورشىلىپ تۇرغانلار — ئۇ ئويلىغاندەك مۇنتىزىم قوراللانغان قوشۇن بولماستىن، قوللىرىغا تاياق - توقماق تۇتقان ئاددىي پۇقرالار ئىدى. قوماندان ئاچچىق كۈلدى - دە، لەشكەر باشلىقلىرىغا، قارشىلىق قىلغانلىرىنى رەھىم قىلماي قىرىپ تاشلاش، كۆپلىرىنى تىرىك ئەسىر ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

ئاھ، تۇمەن دەرياسى! شۇ كۈنى سەندە سۇ ئەمەس، قىپقىزىل قان ئاقتى، شۇ كۈنى سەن كىملەرنىڭ ئەل ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەردانە بارغانلىقىنى؛ كىملەرنىڭ خەلقنى يىرتقۇچلار چاڭگىلىغا تاشلاپ، خاتىرجەملىك ئىزدەپ، خائىنلارچە قاچقانلىقىنى كۆردۈڭ. ئاخىرقى مىنۇتتا تۇمەن بويىدا قالغانلار — گەپنى چوڭ قىلغان غوجاملار، ساختا نىقابتىكى ھەر خىل «زات» لار ئە-

www.uyghurkitap.com

مەس، ئاددىي خەلق بولدى. چىن قەھرىمان پەقەت ھەقىقىي جەڭ كۈنلا سىنىلىدۇ. تارىخنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى، كەلگۈسىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## چىن لەشكەرلىرى شەھەردە

سەن يىلانمۇ كىمنى كۆرسەڭ
چاقىسەن ئەيلەپ ئازاب،
يا ھوقۇشمۇ نەگە قونساڭ
ئۇشبۇ جاي بولغاي خاراب،

— سەئىدى

چىڭ لەشكەرلىرى چۇشكە يېقىن قەشقەر شەھىرى ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى، قارىقى دەرۋازا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت قىزىل تىلى بىلەن ئاسماننى يالايتتى. لەشكەرلەر كوچىدا ئۇچرىغان ھەرقانداق جاننى ئاتقا چەيلىتىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى، پۈتۈن شەھەرنى نارەسىدىلەرنىڭ يىغا - زارى، سارالسىمىگە چۈشكەن خالايىقنىڭ قالايمىقان قېچىشلىرى، غالجىرلاشقان لەشكەرلەرنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى قاپلىدى. مازارلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى پاچاقلىنىپ، مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭ ئاسمانغا سوزۇلغان مۇنارلىرى غۇلاپ چۈشتى. شەھەرنىڭ ئىس - تۈتەككە قاپلانغان ئاسمىنىدا، يۇزلىگەن كەپتەرلەر

ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تىنچ ماكانىنى ئىزدەپ، سەرسان بولۇپ ئەگىشەتتى. . . قاتار - قاتار كەتكەن رەستىلەر، بايلارنىڭ سودا - سارايلىرى تالان - تاراج قىلىنىدى. بۇ دەھشەتلىك بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق ئۈچ كۈن داۋام قىلدى.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز لەشكەرلىرىنى قەشقەر شەھىرىدى- كى مەشھۇر چوڭ باغلاردىن بىرى بولغان گۈلباغقا ئورۇنلاشتۇر- غانىدى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە بۇ باغنىڭ ھەشەمەتلىك چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئالدى بىلەن ئىككىدىن سەپ تۈزۈشكەن 12 رەت دۇمباقچىلار داقا - دۇمباق چېلىپ چىقىشتى. ئۇلاردىن 20 قەدەم ئارقىسىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئاتلىق لەشكەرلەر كۆرۈندى، بايراقتىن يەنە 20 قەدەمچە نېرىدا بەشتىن سەپ بولۇپ تىزىلغان قوشۇن چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېلىنغانلىقى شە- رىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان «غەلىبە نامايىشى» نىڭ باشلىنىشى ئى- دى.

قوشۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە بېيجىڭ خانلىقى ئەۋەتكەن سې- رىق كىيىملىك ئاتلىق لەشكەرلەر ماڭغان بولۇپ، ئەڭ ئالدىدى- كى ئېگىز تورۇق ئات ئۈستىدە ئاق ساقاللىق قېرى گېنېرال كېلەتتى. ئۇنى لەشكەرلەر «بەيخۇزا ياڭ دارېن» دېيىشەتتى. قەشقەر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى تەرىپى- دىن ئەۋەتىلگەن لەشكەرلەر بولسا، ئاددىي كۆك ماتادىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى توزۇتقان توپا - چاڭلارغا كۆمۈلۈپ، پىيادە، تەرتىپسىز سۆرىلىپ كېلەتتى. ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى چىنگو تۇ- مەن بويىدىكى جەڭدە جېنىدىن ئايرىلغانىدى. قوشۇن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، ئۆلگەن بۇ لەشكەر بېشىنىڭ قارىلىقى ئۈچۈن توققۇز پاي پو ئاتقاندىن كېيىن شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

چىڭ قوشۇنى شۇ تەرىقىدە مېڭىپ، شەھەرنىڭ چوڭ كو-

www.uyghurkitap.com

چىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە بېكىنگەنىدى. بەزىدە ئىگىسىز ئىتلار كوچىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ قالاتتى. يول ئۈستىلىرىدە بۇزۇلغان ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ - تاشلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. يول ياقىلىرىدا سۇندۇرۇلغان ئىشىكلەر، بۇلاپ قۇرۇقداپ قويۇلغان دۇكانلار، كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان رەستىلەر، تاشلىنىپ قالغان دېھقان ھارۋىلىرى، ئۆلگەن ئاتلارنىڭ ئىت يەپ يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

ياڭ دارېن ئات ئۈستىدە خىيالغا پېتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇزۇن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كېلىپ قىلغان بۇ ئۇرۇش ئۇنى خوپ چارچاتقانىدى. ياڭ دارېننىڭ پۈتۈن ئۆمرى دېگۈدەك چىن خاندانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى «توپىلاڭ» لارنى تىنجىتىپ بېرىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقاللىرى ئەنە شۇ يۇرۇشلەر جەريانىدا ئاقاردى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودىكى بامبۇكزارلىقلاردا بولدى. قانچە يىللاپ گەنسۇنىڭ سېرىق توپىلىق ئېدىرلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈردى. نەچچە يىل توپ - توپ قوتازلار يايلايدىغان تىبەت تاغلىرىدا تەمتىرەپ يۈردى. بۇ يۇرۇشلەردە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات قانچە قېتىم يەڭگۈشلەندى، ئەجەل قانچە قېتىملاپ ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئالدىغا كېلىپ، يەنە قايتىپ كەتتى. . . شۇ ئىشلارنى ئويلىسا ياڭ دارېن ئۆزىنى بىر - ئىككى ئەسىر ئۆمۈر كۆرگەندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئاخىرقى يىللاردا شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، پۇقرانىڭ خاندانلىققا قارشى قوزغىلىشلىرىنى باستۇرۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن، بۇ غوۋغالار ئۆچمەس ئۇچقۇندەك ھېلى بۇ يەردە يانسا، ھېلى ئۇ يەردە يالقۇنجايتتى.

ياڭ دارېن بۇ قېتىمقى جازا يۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى يۇرۇش بولۇپ قېلىشىنى خالايتتى. ئۇ قېرىغان، ھارغان، زېرىككەندى، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى پىلانى — قەشقەر «توپىلاڭ» چىلىرد-

نىڭ باشلىقىنى تىرىك تۇتۇپ بېيجىڭغا ئاپىرىپ، خاندىن چوڭ-
راق ئىنئام ئېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى پايتەختتە-
كى ھەشەمەتلىك باغلاردا ھۇزۇر - ھالاۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈش
ئىدى.

ئەپسۇسكى، تۈمەن بويىدىكى جەڭدە ئۇ «توپىلاڭ» چىلار
باشلىقىنى قاچۇرۇپ قويدى.

ياڭ دارېن ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى چىنگونىڭ «ئە-
گەر بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالسام، ئادەملىرىنىڭ
بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن!» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى،
چىنگو بۇ ئۇرۇشتا تارتقان زىيانلىرىغا چىدىماي، ئەلەمدە شۇ-
داق دېگەنىدى. خانلىقىنىڭ «شەھەر ئېلىنسا لەشكەرلەرنىڭ يېرى-
مى شۇ جايدا قالدۇرۇلسۇن!» دېگەن بۇيرۇقى بار. ئەخمەق
چىنگو! ئەگەر شەھەردىكى پۈتۈن ئادەم قىرىپ تاشلانسا، نەچچە
مىڭلىغان لەشكەرلەرنى كىم باقىدۇ؟... چىنگو ئۆزىمۇ شەھەر
سېپىلى ئىچىگە قەدەم بېسىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. تۈمەن بويىدىكى
جەڭدە قاۋۇل تۆمۈرچى ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈپ، چويۈن
توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى.

ياڭ دارېن ھېيتگاھ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈش-
تى. بۇ يەردە ئۇنى شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئىككى كىشى
باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، قول قوشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇراتتى.
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكار بويلۇق، قارا ساقاللىق كەلگەن كىشى
سىدىق غوجا بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىم چىڭ لەشكەرلىرىگە يول
باشلاپ كەلگەنىدى. ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قېرىراق
كەلگەن ئىككىنچى كىشى ئابدۇرېشىت داموللا دەپ ئاتىلاتتى.
ئۇ قەشقەر خەلقى ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بىر زات بولۇپ،
بايلار، غوجىلار، مۆتىۋەرلەر ئۆز جېنىنى دالدىغا ئېلىپ، ھەر
تەرەپكە پىتىراپ كېتىشكەن شۇ كۈنلەردە، ئۇ خەلق ئىچىدە
قالغانىدى. ئۇ كىشىنى لەشكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن تۈنۈگۈن

www.uyghurkitap.com

كېچىدىن بېرى ئىزدەپ، ئاران تېپىپ كېلىشكەنىدى.

ياڭ دارېن ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سۇپىغا چىقتى، جامانىڭ ئىچىگە ئېسىلغان يوغان قازانلاردا پۇرۇقلاپ گۆش قايناۋاتاتتى. چارسىلداپ قۇرۇق ئوتۇن كۆيۈۋاتقان ئوچاق-لارنىڭ ئالدىدا ئاشپەزلەر ئالدىراش ئىدى، ھاۋانى پىشقان گۆش ۋە داغلانغان ماي پۇرىقى قاپلىغان بولۇپ، بۇ يەردە ياڭ دارېنغا ئالاھىدە زىياپەت تەييارلانماقتا ئىدى.

— ھوي، قېنى ھېلىقى ئادەملەرنى بۇياققا كەلتۈرۈڭلار!

تۆۋەندە تۇرغان ھېلىقى ئىككى كىشى دارېننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، ئۇلار قورقۇنچ بىلەن بىر — بىرىگە قاراپ قويىدى — دە، دارېن تۇرغان سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئاغزىدىن قانداق دەھشەتلىك گەپ چىقاركىن، دەپ باشلىرىنى ئېگىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى.

— ئىككىڭلاردىن قايسىڭنىڭ مەرتىۋىسى چوڭ؟ — دەپ سورىدى ياڭ دارېن.

سىدىق غوجا ئابدۇرېشىت داموللامنى نۇقۇپ ئالدىغا چى-قىشقا شەرەت قىلدى، ئابدۇرېشىت داموللام ئۇنچىقماي ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ چىقتى.

— شەھەر خەلقىگە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز! ئۇلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئىش — ئوقەتلىرىنى قىلىشسۇن، كىمى-كى بۇزۇقلارغا ئەگىشىپ، خانغا قارشى تۇرىدىكەن، كاللىسى ئېلىنىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىلىدۇ.

— خوپ! — دەپ باش لىڭشىتتى داموللام.

— ئۇلارغا ئېيت! ئۇلار ھەر ئايدا ئۆزىگە چۈشكەن ئالۋان — سېلىقنى تولۇق بەجا قىلىپ، لەشكەرلەرنى باقىدۇ.

— خوپ!

— ئۇلارغا يەنە شۇنىمۇ ئوقتۇرۇپ قوي! بىزنىڭ لەش-كەر باشلىقلىرىمىز خوتۇن، بالا — چاقىلىرىنى يىراق

يەرلەردە تاشلاپ، سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، كۆپىنچىسى ئۇزاق يىللارغىچە بۇ يەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۆيلىنىشنى خالىسا، پۇقرالار ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىنى بەرسۇن.

— مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى داموللام تاتىرىپ.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟!

— بولمايدۇ، دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ، مەن مۇنداق بۇيرۇقنى خەلققە يەتكۈزەلمەيمەن!

ياڭ دارېن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا يىغىلگەن خەلقنىڭ بىر ۋەكىلى ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىۋاتاتتى. دارېن قولىنى ئارقىسىغا سۇنۇۋىدى، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى لەشكەر قىلىچلىرىنى تەڭلا سۇغۇرۇۋېلىشتى. بىر لەشكەر ئۆز قىلىچىنى ئىككى قوللاپ دارېننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. دارېن قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان پولات قىلىچنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز سىلەردىن قىز ئالسا زادى نېمە بولماقچى؟!

— مانا مۇنداق بولماقچى!

ئابدۇرېشىت داموللام قويىنىدىن ئۆتكۈر خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ياڭ دارېنغا ئاتتى. دارېننىڭ ئارقىسىدىكى بىر مۇھاپىزەتچى ئۇنى توسۇپ ئۆلگۈرگەنىدى، خەنجەر ھېلىقى لەشكەرنىڭ نەق پېشانىسىگە سانجىلىپ، ئۇنى ئارقىغا ئۆرۈۋەتتى. ئابدېرېشىت داموللام لەشكەرنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىلىچنى شاپ قىلىپ ئالدى - دە، ئۆزىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتتى. ياڭ دارېن قورققىنىدىن ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. ئابدۇرېشىت داموللام ھېيتكاھ مەسچىتىنىڭ

سۇپىلىرىنى قانغا بوياپ، شۇ يەردىلا جان ئۈزدى.
— بۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېـ-
سىڭلار! — دېدى قوماندان.
بىر جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، داموللامنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى — دە، شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈردى.
باياتىن ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ يېنىدا تۇرغان سىدىق غوجا ئەمدى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلەلمەي غال — غال تىترەپ تۇراتتى. ياك دارېن ئۇنىڭغا كۆز تىكىشى بىلەنلا ئۇ ئۆزىنى دارېنىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى.
— بۇيرۇقلىرىنى مەن ئۆزۈم يەتكۈزەي، پەرماننى ئىجرا قىلماي، پۇقرانىڭ ھەددى يوق.
— ھاي! ماۋۇنىڭغا بىر جارچى بىلەن بىرنەچچە مۇھاپىـ-
زەتچى قوشۇپ بېرىڭلار. ئۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى قويماي ئايلىنىپ، بۇيرۇقنى يەتكۈزسۇن!
سىدىق غوجا يېنىك بىر تىنىدى — دە، ئۆمىلەپ قويۇپ، ياك دارېنغا تەزىم قىلدى. ئاندىن ئارقىسىغا بىرنەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېيتگاھ مەيدانىدىن تەرەپ — تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن كوچىلارنىڭ بىرىگە قاراپ چاپتى.

## ئۈچىنچى باب

### دەرۋىش

دۇنيادىن سەن مۇساپىردەك
ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن.
— مۇھەممەت

ئۈستىگە قوپال توقۇلغان كاناپ رەختتىن ئۇزۇن جەندە كىيگەن، پاخپايغان چاچلىرى بېشىدىكى يىرتىق كۇلاسىدىن چىقىپ، يەلكىلىرىگە چۇشۇپ تۇرغان دىۋانە سۇپەت بىر كىشى بىرىنچى بولۇپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى. قۇياش پۇتۇن ئەتراپقا ئىللىق نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. ھېلىقى كىشى كۆزلىرىنى قۇياشىنىڭ ئـۆتـكۇر نـۇرىدىن قاچۇرۇپ بىر ئاز قىستى ـ دە، ئۆگزىدىكى غەمسىز ئۇچۇپ يۇرگەن كەپتەرلەرگە دان چاچتى.

— ئال جانىۋارلار! يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ پەيلىدىن سىلەرمۇ ئاچ قالدىڭلار.

بۇ كىشىنىڭ نامرات كۇلبىسى يار ئۈستىدىكى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۆگزىگە چىقىپ قارىغاندا، پۈتۈن قەشقەر شەھىرى دېگۈدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ كەپتەرلەرگە دان تاشلاپ بو-لۇپ، خارابىلىققا ئايلانغان شەھەرگە ئېچىنىش بىلەن كۆز يۇ-گۇرتتى. شەرقنىڭ گۇل تاجىسى بولغان بۇ قاينام — تاشقىنلىق

شەھەر ھازىر سوكوتكە چۆككەن بولۇپ، پەقەت ھېيتگاھ مەيدانى تەرەپتىن چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشقان ئاۋازى كېلەتتى. مەسچىت — مەدرىسلەرنىڭ كۆكتە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك گۇمبەزلىرى، سەلتەنەتلىك مۇنارلار يىقىلغان بولۇپ، بۇ ئېسىل ئىمارەتلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزە، تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان ھەر خىل نەقىشلەر، تام — تورۇسلارغا چېكىلگەن نەپىس گۈللەر، ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان كاھىشلار — شەرق بىناكارلىق شەنئىتىنىڭ ئالەمگە داڭلىق بۇ نادىر ئۈلگىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى. . . . تۆۋەندىكى تار، ئۇزۇن كوچىلار، قاتار كەتكەن رەستىلەر ئادەمسىز، چۆلدەرەپ تۇراتتى. قېنى بۇ كوچىلاردىكى قايىنىغان ھايات، ئېلىپساتارلارنىڭ قىزغىن ۋارقىراشلىرى، مىسكەرچىلەر بازىرىدىكى داراڭلىغان بولقا ئاۋازلىرى، دوغاپچىلارنىڭ «ھەم تاتلىق ھەم سوغۇق!» دەپ خېرىدار چاقىرىشلىرى، چايخانىلاردىكى شاۋقۇنلۇق سۆھبەتلەر، تۈن يېرىمىدىكى راۋاب ئاۋازى. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى قەيەرگە ئۇچتىكىن؟! . . .

— جاڭ! . . . جاڭ! . . . جاڭ! . . . ھاي خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، يېڭى دارىننىڭ بۇيرۇقى! . . .

جاكارچىنىڭ كوچىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازى ئۆگزىدىكى كىشىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— جاڭ! . . . جاڭ! . . . جاڭ! . . . خالايىق! يېڭى دارىن پۇقرانى كەچۈرۈم قىلدى، سىلەرنى ئۆيلىرىڭلاردىن چىقىپ ئىش — ئوقەت قىلىشقا بۇيرۇدى! . . .

ھېلىقى كىشى يىراقلاپ كېتىۋاتقان جاكارچىنىڭ ئاۋازىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى — دە، بېلىنى بىر تال چىگە بىلەن باغلاپ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ دۇمبىسىگە خالتا تاشلاپ، قوللىرىغا ساپايى بىلەن تاياق تۇتقىنى-

چە شەھەر كوچىلىرىدا پەيدا بولدى:

— ئېھ خۇدانىڭ مۆمىنلىرى! ئى، قورقۇنچاق بەندىلەر، ئىشكىڭلارنى ئېچىڭلار، ماڭا نان بېرىڭلار، نان!...

سۆ ۋە ئوزۇقلۇققا مۇھتاج بەزى نامراتلارنىڭ ئىشىك ئېچىپ چىققىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى تېخى ئېچىدىن مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. چاچلىرى گەجگىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن ھېلىقى كىشى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئىشىكلەرنى قېقىپ ۋارقىرايتتى: — ئى، قورقۇنچاق بەندىلەر، ئىشكىڭلارنى ئېچىڭلار، ماڭا نان بېرىڭلار، نان!...

— ھەسەن دەرۋىش، مانا ساڭا نان، بۇ يەرگە كەلگىنە!

كىچىككىنە دەرۋازا ئۇستىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ، ساقاللىق بىر كىشىنىڭ تاتارغان چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ كىشى يۇقىرىدا تۇرۇپلا دەرۋىشنىڭ خالتىسىغا نان تاشلىدى.

— دەرۋىش، ئېيتقىنا، لەشكەرلەر يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ؟ سەن نېمىشقا قورقماي، كوچىغا چىقىپ ۋارقىراپ يۈرىسەن؟

— چۈشىنىپ قورقماي يەرگە قونىدۇ، ئۆلۈم قورققانغا يېپىشىدۇ. ساتىراش ئۇستا، قورقماي ئۆيۈڭدىن چىقىپ دۇكىنىڭنى ئاچ، خاننىڭ لەشكەرلىرى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆلارنىڭ قورسىقىنى كىم باقىدۇ؟!

دەرۋىش ساپايىسىنى شاراقلىتىپ، يەنە ئىلگىرىلەپ كەتتى.

— ئەي، خۇدانىڭ يۈرەكسىز بەندىلىرى، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار...

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ئىككى لەشكەر دەرۋىشنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ھەيران بولۇشۇپ توختاپ قالدى.

«ئۇ نېمىدەپ ۋارقىراۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى بىرى يەنە بىرىدىن.»

— مەن نەدىن بىلەي ئۇ نېمىلەرنىڭ تىلىنى.

— مەن ئۇنى چېپىپ تاشلايمەن!

مەست لەشكەر قولىنى قىلىچقا ئۇزاتقاندى، يېنىدىكى بۇرادىرى ئۇنى توسۇدى.

— قوي، ئۇ يەنە بىزنىڭ ياڭ دارىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ يۈرگەن ئادەم بولۇپ قالمىسۇن. يۈر، ئىتتىكرەك بېرىپ هاراق تاپايلى.

دەرۋىش ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ، قايتىپ كەتكەن ئەجەلدىن خەۋەرسىز، ساپايىسىنى چېلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ بۇلاقبېشىغا چۈشۈپ كېتىدىغان تار كوچىلارنىڭ بىرىگە ئەگىگەندە، ئالدىغا بىر تالىپ بالا چىقتى.

— ھەسەن دەرۋىش، سىزنى ئۇستاز چاقىرىۋاتىدۇ.

بالا دەرۋىشنى كەڭ بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى. ھويلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۇۋرۇكلۇك پېشايۋانلار ئاستىدا قاتار كەتكەن ھوجرىلار بار ئىدى. بۇ — مەھەللە ئىچىدىكى كىچىك مەدرىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەر تالىپ بالىلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازلىرى بىلەن تولغان بولاتتى. ھازىر ھويلا جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ئىشىكلىرى ئوچۇق قالغان ھوجرىلار غېرىبسىنىپ تۇراتتى.

بالا بىلەن دەرۋىش ھويلىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كىچىك بىر ئىشىك ئارقىلىق ئارقىدىكى باغقا چىقتى.

تام ياقىلىرىغا ئانار كۆچىتى تىكىلگەن بۇ گۈللۈك باغنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى چوڭ ئۈجمە دەرىخى ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۈجمە ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىگە كۆرپە بىلەن ياستۇق تاشلانغان بولۇپ، كۆرپىدە ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان بىر كىشى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھەسەن، ئەپۇ قىلغىن، ئورنۇم-

ـدىن تۇرالمىدىم.

ئۇلتۇرغان كىشى ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، دەرۋىشنىڭ ئۇلتۇرۇشىغا جاي كۆرسەتتى. دەرۋىش خالتىسى بىلەن قولىدىكى ساپايىنى ئۇجمە يېنىغا قويۇپ، سوپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ساقلىقىڭ يوقمۇ، قانداق؟ كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ يۇسۇپ.

— قەشقەر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى. مانا، ماڭا بىر قانچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇ يوق. مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى بۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىدىم. سەن سالامەت ئىكەنسەن. ھەسەن، مېنىڭ قىزىمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— قىزىڭ نوزۇك بۇ جەڭدە ئايال ئەمەس، ئەر بولدى. مەن ئۇنى تۇمەن بويىدا ئات ئۇستىدە كۆردۈم، شۇنداق بىر مەردانە پەرزەنت تەربىيىلىگىنىڭگە ئاپىرىن!

— ئۇ تىرىكمۇ؟

— تىرىك، ئەپسۇس، ئۇ ھازىر دۈشمەن قولىدا. لەشكەرلەر تۇمەن بويىغا چىققان مىڭلاپ كىشىلەرنى قىرىپ تاشلىدى. ئاللا ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن! لەشكەرلەر يەنە نەچچە يۈز كىشىنى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ، ھازىر كونا گۈلباغدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە قانچىلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدى. پاراڭلارغا قارىغاندا، قالغانلىرىنى ئىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭار ئىمىش.

يۇسۇپ ئۇستازنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما يۇسۇپ، بۇ يالغۇز نوزۇگۇمغىلا كەلگەن بالا ئەمەس، بۇ ئېغىر كۈن پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئۇستىگە چۈشتى. سەن ھۆرمەتكە لايىق ئاتا، ئۆز نامىڭغا مۇناسىپ ئۇستازسەن، سېنىڭ تەربىيىلىگەن پەرزەنتىڭ، يېتىشتۈرگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شاگىرتلىرىڭ ئەلنىڭ بېشىغا ئاپەت كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلدى.

— سەن ئۇلارنى قاچان ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— مەن ساڭا خەۋىرىنى بېرىمەن.

— ھەسەن، مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى ئېيتىپ قالاي، بەلكىم، مەن ئۆلۈپ كېتەرمەن. قىزىم نوزۇكتىن ئايرىلدىم. سەن مەن بېقىپ چوڭ قىلغان يېتىم ئوغۇل باقىنى بىلىسەن.

— باقى چۆل يوللىرىدا چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا ئاپەت سېلىپ يۈرۈپتۇ. خۇدا ئۇنىڭغا مەدەت قىلسۇن، يۇسۇپ.

— نوزۇگۇم بىلەن ئىككىسىنى بىللە ئوقۇتۇپ، بىللە تەربىيىلىگەندىم. باللىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر — بىرىگە ئامراق بولۇپ ئۆسكەندى. مېنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش نىيىتىم بار ئىدى.

— ئاللا سېنى ياخشى نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن!

— ھەسەن، سەن خۇدانىڭ ئەركىن بەندىسى. سېنىڭ قەدىمىڭ يەتمەيدىغان يەر يوق. سەن بۇ سۆزلىرىمنى كۆڭلۈڭدە ساقلاپ قال. قىزىم خەلققە، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولسۇن، سەن ئۇنىڭغا ئېيت، قىز ئۇچۇن ئۆز نومۇسىنى، پاكلىقىنى ساقلاش ھەممىدىن ئەلا، مانا بۇ خەنجەرنى بىر ئامال قىلىپ نوزۇگۇمغا يەتكۈزۈپ بېرەرسەن.

يۇسۇپ ئۇستاز يالتىراپ تۇرغان قارا ساپلىق خەنجەرنى ياستۇق ئاستىدىن ئېلىپ دەرۋىش قولىغا ئۇزاتتى.

— خوش. مەن بۇ خەنجەرنى، قىلغان ئامانەت سۆزلىرىڭنى بىر ئامال قىلىپ نوزۇگۇمغا يەتكۈزىمەن. سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسىگە چۈشەندىم. ياخشى ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە ياخشى تەربىيە بىلەن ياخشى سۆز قالدۇرىدۇ. قېنى يۇسۇپ، ماڭمۇ ئاتىغد-

نىڭنى بەر، مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي.

— ساڭا نېمە كېرەك ھەسەن؟

— ماڭا نان بەر، نان!

— خالتاڭدا بىرنەچچە كۈن يەتكۈدەك نان تۇرۇپتۇ. بىر كۈن يەتكۈدەك ئوزۇقى تۇرۇپ تىلەشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلىسەنغۇ، ھەسەن؟

— مەن غېرىپ كۈلبەمگە كوچىدا قالغان يېتىم بالىلاردىن ئون نەچچىنى يىغدىم. ئۇلارغا نان توشۇپ يۈرىمەن. قېنى ئالدىڭدىكى ناندىن ئىككىلەنمەي بىرنى ماڭا سۇنغىن، ئۆزۈممۇ كۈن بويى ئاغزىمغا ھېچنېمە سالمىدىم. ماڭىمۇ ھاياتلىق كېرەك. كىم بىلىدۇ، مەنمۇ نوزۇگۇم بىلەن بىللە ئوۋەيس[①] مازارلىرى تەرەپكە بارارمەن.

دەرۋىش يۈسۈپ ئۇستاز بەرگەن ناندىن بىر بۇردا ئوشتۇپ ئاغزىغا سالدى — دە، ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئۈجمە يېنىدىكى خالتىسى بىلەن ساپايىسىنى قولىغا ئېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئېسىڭدىدۇر يۈسۈپ، ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، بىللە ئوقۇدۇق. كېيىن، ھاياتتا ئىككىمىز تاللىغان يول بىر بولمىدى. سەن بۇخارا، ئىران، مەدىنىلەردە بولدۇڭ، ئىلىم تەھسىل قىلدىڭ، قايتىپ كېلىپ مەكتەپ ئاچتىڭ. ئىلىم — مەرىپەت بىلەن نادان خەلقنى تەربىيىلىمەك بولدۇڭ، لېكىن بىلىمسىز يۇرت چوڭلىرى، ياقا يۇرتلاردىن مەنسەپ، مەرتىۋە، بايلىق ئىزدەپ كەلگەن غوجا — ئىشانلار سېنى چەتكە قاقتى، سېنىڭ ئارقاڭدىن پىتنە — پاسات تېرىدى. ساڭا «بىدئەت» دەپ يالا چاپلىدى. سەن ئازار يېدىڭ، ئاغرىقچان بولۇپ قالدىڭ، مەن بولسام نادانلىق، قور-

---

① ئوۋەيس — چىغاتاينىڭ كېيىنكى خانلىقلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ مازىرى ئىلىدا، خەلق ئۇنى «سۇلتانى ئوۋەيس مازىرى» دەپ ئاتايدۇ.

قۇنچاقلىق، ۋىجدانسىزلىق، كاززاپلىق، بىر چىشلەم
لوقما، بىر بالداق مەنسەپ — مەۋتىۋە ئۈچۈن بىر-
بىرىنى سېتىش ۋە ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۇنيادىن
بىزار بولۇپ، ئادەملەردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم. سەن بىلى-
سەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئۆمەر رەزىياللاھۇ ئەن-
ھۇنىڭ مۈرىسىدىن سىلكىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «دۇنيادىن سەن
مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن» دېگەنىدى. مەن ئاشۇ
يولنى تاللىدىم. مال — مۈلۈك، بارلىق دۇنيادىن ۋاز كې-
چىپ، سەپەر خالتامنى مۈرەمگە تاشلاپ، تاغۇ دەشتلەرنى كەز-
دىم. ياراتقان ئىگەم مېنى كەچ قويسا قويدى، ئاچ قويمىدى.
ھەربىر مازار، ھەربىر خانىقا، ھەربىر ئۆتەڭدىكى قايناۋاتقان
قازاندا مېنىڭمۇ بىر چىشلەم رىزقىم بار، ماڭا ئۇنىڭدىن زىيادە
نەرسىمۇ كېرەك ئەمەس . . .
— بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە بىر كىشى بار ئىدى، ھەسەن.
— توغرا، مەن ساڭا ھازىر شۇنى ئەسلەتمەكچىدىم. بىز-
نىڭ ئارىمىزدا يەنە بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ غوجاملار ئەۋلادىدىن
بولغان سىدىق غوجا ئىدى، ئۇ مەنسەپ ۋە بايلىق تېپىش يولىدا
جان كۆيدۈردى، كېيىن ئۇ چوڭ مەنسەپدارمۇ بولدى.
ھەددى — ھېسابسىز بايلىققا ئېرىشتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئامەت-
لىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى. غوجىلارنىڭ بۇ قېتىمقى تالى-
شىشىدا ئۇ يېڭىلىپ قاچتى ۋە نومۇسسىزلىق بىلەن بىزنىڭ
ئۈستىمىزگە قانلىق قىلىچ تۇتقان لەشكەرلەرنى باشلاپ كەلدى.
يېقىندا ئۇ يەنە پۈت — قوللىرى باغلانغان قۇللار ۋە بايلىق
ئارتىلغان تۆگىلەرنى ئېلىپ ماڭىدىغان لەشكەرلەرگە يول باشلاپ
ئىلىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن چوڭ مەنسەپ ئېلىپ قايتىپ كەلمەك-
چى، ئۇ ياش ۋاقتىدا بىز بىلەن ھەققەت، ۋىجدان، ھۆرلۈك
ھەققىدە قىزىشىپ تالاش — تارتىش قىلىدىغانلىقىنى؟! كۆردۈڭ-

مۇ، كىمىكى هارامدىن بايلىققا ئېرىشىپ، نەپسىنىڭ يولىغا
كىرىپ كەتسە، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەت ئۈچۈن بولىدىغان قىزغىن-
لىق ئۆچىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا
بېرىپ قارىسام، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەل-
لەر ئىكەن. بايلار بولسا، ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرۋا-
زىسى ئالدىدا توسۇلۇپ قاپتۇ» دېگەنىدى. بايلىق ۋە مەنسەپكە
بولغان ھېرىس، ئىنساندىكى ھەممە ياخشى خىسلەتلەرنى يۇتۇپ
كەتكۈچى ئەجدىھادۇر. مەن سىدىق غوجىنىڭ پېيىگە چۈشمەن،
ئۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە قويمايمەن. بەلكىم، بۇ يولدا ئۆزۈممۇ
ئۆلۈپ كېتەرمەن، ئۆلۈم مەن ئۈچۈن خۇشاللىق. ئادەملەر
پۈتۈن ھاياتى بويى بەختىنى ئىزدەيدۇ. ئەمما ئۆلۈمنىڭ
ئۆزى بەخت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، بۇ قېچىپ قۇتۇلغى-
لى بولمايدىغان ھەقىقەتتىن ئەخمەقلەرچە قاچىدۇ. كى-
شىنى جاھاننىڭ غەم — غۇسسىسىدىن، جاھاندارچىلىقنىڭ
ھىيلە — مىكىرىسىدىن خالاس قىلىدىغان ئۆلۈمنىڭ ئۆزى خا-
تىرجەملىك، ئۇنىڭ ئۆزى بەخت. خەير، كۆرۈشكىچە ئامان
بول، يۇسۇپ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىسى

# تۆتىنچى باب

## خەير، ئەزىزانە قەشقەر

خەير قىزىم نوزۇگۇم،
ئەقلى تازا يولتۇزۇم.
كۇلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم.

— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن.

تۇتقۇنلارنى ئىلىغا ئېلىپ ماڭىدىغان كونى چىلىك لەشكەرلىرى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا ھەيدەپ چىقتى. ئۇلار خانغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، پۇقرالارنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق بىر مۇجىماقچىدى. دەرۋازا ئالدىدىكى يېڭىدىن ئورنىتىلغان ئېگىز داردا نەچچە ئونلىغان ئادەم باشلىرى پولاڭلاپ تۇراتتى. لەشكەرلەر تومەن بويىدىكى جەڭدە تىرىك قولغا چۈشكەنلەر ئىچىدىن ئىشقا يارايدۇ، دەپ قارىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ، قىرى — چورى، باللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرگە ئاسقانىدى. دەرۋازا ئالدىغا يىغىلغان ئادەملەر ئىچىدە يەكتەك كىيگەن ئاقسالال بوۋايلار، كۆزلىرى ياشقا تولغان مومايلار، توپ ئىچىدە قىستىلىشىپ يۈرگەن يالىڭاچ باللار، قوللىرى قاداقلاشقان كاسىپلار، ئاپتاپتا قارايغان دېھقانلار كۆزگە كۆپرەك چېلىقاتتى. چىڭ ئەمەلدارلىرى شەھەر خەلقىگە: «بىرمۇ جان قالماي

يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقسۇن!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ئادەملەر ئىچىدە ياشلار كۆرۈنمەيتتى. يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئارقا — ئارقىدىن بولغان يېغىلىقلار تۈپەيلى، ياشلار ئۆلۈپ تۈگىگەن، ئاز قالغان بىر قىسىم ئوغۇل — قىزلارنى خەلق چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ يوشۇرۇشقانىدى.

«كەلدى! كەلدى!» دېگەن ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئادەملەر توپى تەۋرىنىپ، شەھەر دەرۋازىسى ئىچىدىكى يولغا ئاقتى. يىراقتىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاتلىق لەشكەرلەر چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىنى رەھىمسىز قامچىلاپ، ئاتقا دەسسىتىپ، ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يول ئاچاتتى. ئارقىدىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈندى. بۇ تۆگىلەرگە يولدا لازىمەتلىك نەرسىلەردىن باشقا، قىممەت باھالىق ھەر خىل ماللار — بايلارنىڭ دۇكانلىرىدىن بۇلۇۋېلىنغان توپ — توپ يىپەك رەختلەر، ھىندى، ئىران سودىگەرلىرىنىڭ سودا سارايلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان تۈرلۈك بوياق، ئىپار ۋە باشقا پۇراقلىق دورا — دەرمانلار، خانغا سوۋغا قىلىنغان ئالتۇن — كۈمۈش، گىلەم، ئېسىل مىس جابدۇقلار، مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەت باھالىق تاشلار قاچىلانغان ساندۇقلار ئارتىلغانىدى. بۇ ماللارنى يۈزلەپ لەشكەر قوغداپ كەلمەكتە ئىدى.

تۆگە كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن بىر — بىرىگە چېتىپ باغلانغان نەچچە يۈز تۇتقۇن سۆرىلىپ كېلەتتى. بۇ سۈرگۈنلەرنىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق لەشكەرلەر قورشىغان بولۇپ، ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۆزلىرىگە سۆرلۈك تۈس بېرىشكە تىرىشىپ كېتىپ مېڭىشاتتى.

— ھەي خالايىق، يول بېرىڭلار! بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار! خانغا قارشى قول كۆتۈرۈش چوڭ گۇناھ!...»

www.uyghurkitap.com

سۇرگۇنلەر توپى ئالدىدا پالاقلاپ كېلىۋاتقان پاكار بويلۇق، ساقاللىق كەلگەن ئادەم كانىيىنى كېرىپ، ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن پەرىجە چاپىنى ئايىغىغا يۆگىشىپ، ئىتتىك مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى. ئارقىدىكى ئاتلىق لەشكەر ئات ئۇستىدىن ئېڭىشىپ، ئۇنى قامچە بىلەن پات - پات نوقۇپ، چاپسان مېڭىشقا ئۈندەيتتى.

— سىدىق غوجا! — دەپ غەزەپكە كەلدى يول چېتىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ھەسەن دەرۋىش ۋە، — تۇفى، مۇناپىق! — دەپ يەرگە تۈكۈردى.

تۇتقۇنلار شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا توپلانغان خالايىق ئارىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇزلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى تونۇغان ئادەملەر قول سۇنۇپ قېرىنداشلىرىغا ئېسىلدى، چىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئاتلارنىڭ كۆكسى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئاتقا چەيلىتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئاياغ ئاستىدىكى توپىلىق يول بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى. ھەسەن دەرۋىش بۇ خورلۇقلارنى كۆرۈشكە چىدىماي كۆزىنى مەھكەم يۇمدى... شۇ چاغ سۇرگۇنلەر ئىچىدىن بىر قىزنىڭ ياڭراق ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى كۆتۈرۈلدى:

نى يىگىتلەر، سولۇن قىزلار،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
زالىم جاللات، مەسۇملەرنىڭ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى.

.....

دەرۋىش ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى تونۇدى. نوزۇگۇمنىڭ ئۇستىدىكى ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ رەڭگى

كۈن نۇرىدا ئۆڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن، قارا چاچلىرى ساغرىسىدىن ئېشىپ تاشلىنىپ تۇراتتى. چېكە چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان قىزىل قان، سول پېشانىسىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ، قاپقارا قاشلىرى ئۈستىدە ئۇيۇپ قالغانىدى. قىز ئەتراپتىكى قېرىنداشلىرىغا تويماي قارايتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى توپ ئىچىدىن كىملەرنىدۇ ئىزدەيتتى.

خەير - خوش، دەردمەن دادا،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ قارىسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن،
يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەھىرىم ياخشى قال.

. . . . .

— جېنىم قىزىم، سېنى خۇدانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم. خۇدا سېنىڭ جىمى مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلسۇن!

توپ ئىچىدە تۇرغان يۇسۇپ ئۇستاز قىزىغا تەلمۈرۈپ ئەنە شۇنداق پىچىرلىدى. ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تېخىمۇ جۇدەپ كەتكەنىدى. يۇسۇپ قىزىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن توپ ئالدىغا ئۆتمىدى. ئۆزىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھاسا تايىقىنى مەھكەم تۇتقىنىچە، ئادەملەر ئارقىسىدا تۇرۇپ، قىزىغا بېغىشلىغان ئەڭ ياخشى دۇئالىرىنى، يۈرەك سۆزلىرىنى، توقۇغان نەزمىلىرىنى پىچىرلاپ ئېيتىپ قالدى. . .

سۇرگۈنلەر يىراقلاشقانسېرى قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئاي-

رىلغان خەلقنىڭ يىغا - زارى ئەۋج ئالدى. ئۇزاپ كېتىۋاتقان سۈرگۈنلەر دەممۇدەم ئارقىسىغا قاراپ، ئەل - ماكانىدىن كۆز ئۈزەلمەيتتى. . . باشلىرىنى يالىڭاچلانغان قىلىچ ئاستىغا تۇتۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ تەقدىرى نېمە بولار؟ ئۇلارغا يەنە ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىپ، تۇمەن دەرياسىنىڭ لەززەتلىك سۇ-لىرىدىن ئوچۇملاپ ئېچىشكە نېسىپ بولارمۇ؟. . .

— خەير، ئەزىزانە قەشقەر!

— خەير ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت ماكانى!

## بەشىنچى باب

## چايخانىدىكى ئۇچرىشىش

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم.
يۈرسەت كۈتۈپ ياتارمەن.
يارغا بەرگەن ئەھدەم بار،
ئۇنى چوقۇم تاپارمەن.

— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن.

بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بىر يىگىت توپىلىق ھارۋا يولىدا ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى دالالاردا چۆل تورغىيى چۇرۇقلىشاتتى. يىراقتىكى توغراقلىقلاردىن كاككۇك ئاۋازى كېلەتتى. يوغان چاقلىق يار — يار ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغان دېھقان سوزۇپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى مايسىرىغان چاقلارنىڭ غىچىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ،



www.uyghurkitap.com

ئاچچىق بىر پەريادقا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئاتلىق يىگىتنىڭ خىيالى قەشقەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگە-رى ئۇ شۇ يەردىن يارى بىلەن خوشلىشىپ چىققانىدى. زىلۋا بويلۇق قىز شۇ چاغدا، نەقىشلىك دەرۋازىنىڭ قانىتىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، يوغان شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قالغانىدى.

— خەير، نوزۇگۇم! دۈشمەن بوسۇغىدا تۇرغان چاغدا ئۆيدە كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرۇش يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس، مەن كەتتىم، ئامان بولۇڭ! — دېگەنىدى يىگىت شۇ چاغدا:

— مەن سىزنى توسمايمەن. چوقۇم قايتىپ كېلىڭ! — دېگەنىدى قىز.

مانا ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتتى. شۇ يىللاردا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپى تىنجىمىدى، يىگىتمۇ ۋەدە قىلغان يارىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارالمىدى. ئۇنىڭ كۆنى تەكلىماكاننى ياقىلاپ كەتكەن چۆل يوللىرىدا، چىڭ لەشكەرلىرىگە ئاپەت سېلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇ بازارلىرى ئادەملەر بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان شاۋقۇنلۇق قەدىمىي شەھىرىنى، قىرغاقلىرى بۈككىدە تاللىقلار بىلەن قاپلانغان تۈمەن دەرياسىنى، ئارقىسىدا ئانارلىق بېغى بار ھويلىنى، كىچىككىدىن بېشىنى سىلاپ ئۆستۈرگەن ئۇستازىنى، ئەپچىل قوشاقلارنى قوشۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىدىغان قەدىردان قىزنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. چۆللەردە ئېچىلغان دالا گۈللىرى، يېگانە ئاڭلىنىدىغان كاككۇك ئاۋازى، باھاردىكى يېشىل مايسىلار، جەنۇبتىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان قوشلار. . . بۇ-لارنىڭ ھەممىسى يىگىتكە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ سېغىنىشىنى كۈچەيتەتتى. چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى باستۇرۇشى يىگىتنىڭ قەشقەرگە قايتىش ئۈمىدىنى بىراقلا يوققا چىقاردى. . .

يىگىت شۇنداق خىياللار بىلەن ئاقسۇ شەھىرى ئىچىگە

يېتىپ كەلدى. شەھەر ئامراتلار بىلەن تولۇپ كەتكەندى. قول سۇنۇپ تۇرغان جۇل — جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەينادا بىر قېرى مەدداھ ئەتراپىغا ئادەم يىغالماي كۆچىنىپ ۋارقىرايتتى. ئادەملەر كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا، چايخانىلارغا توپلىشىۋالغان بولۇپ، چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقى ۋە باشقا ۋەھىمىلەر ئۈستىدە قورقۇنچقا چۆشۈپ پاراڭ قىلىشاتتى. ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن بۇ گەپلەر جەڭنامىلەردىكى ھەرقانداق رىۋايەتلەردىن قىزىق ۋە دەھشەتلىك تۇيۇلاتتى. ھەممە جايىنى ئەنسىزچىلىك باسقانىدى. يوغان سۆگەتنىڭ سايىسىدە چاچ ئېلىۋاتقان «ئۇزۇن قۇلاق» ساتىراش ئەتراپىدىكىلەرگە قەشقەر شەھىرىدىن ھەيدەپ كېلىنىۋاتقان سۇرگۇنلەرنىڭ بۈگۈن — ئەتىنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ئەتراپىدىن ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ، ئەتراپىغا ئولىشىپ گەپ ئاڭلاۋاتقانلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. بازار رەستىلىرىدىكى ئىشىكلىرى قارا سىرلانغان دۇكانلاردا ئولتۇرغان سودىگەرلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ، پوكەينىڭ ئارقىسىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ئۆتكەن — كەچكەنلەردىن نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشەتتى.

يىگىت ئېتىنى يېتىلەپ، ئادەملەر توپىنى ئارىلىماقتا ئىدى. ئۇ بۇ يەردىن ھەسەن دەرۋىشنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ دەرۋىشنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى. قەشقەردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرنى پەقەت ھەسەن دەرۋىشلار سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. يىگىت بېشىغا كۆلاھ، ئۈستىگە ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قارايتتى. ئادەملەر توپلانغان بارلىق سورۇن، ھەممە چايخانىلارغا بىر — بىرلەپ كىرىپ ئۆتەتتى.

ئاتلىق يىگىت ئاقسۇ شەھىرى ئىچىنى ئەنە شۇنداق قېدى-
رىپ يۈرگەندە، ھەسەن دەرۋىش شەھەر چېتىدىكى خىلۋەت بىر
چايخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ چايخانىچىدىن بىر چەينەك چاي
سورىدى. چايچىنىڭ ئۆزىنى دىۋانە دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن ئەن-
سىرەپ، داستىخانغا ئالدىن بىرنەچچە يارماق تاشلىدى. چايچى
چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ قويىندىن بىر پارچە قاتتىق نان
بىلەن بىر سىقىم ئۆرۈك مېغىزىنى ئېلىپ، پەتنۇسقا تۆك-
تى — دە، مۇستەھكەم چىشلىرى بىلەن قاتتىق ناننى كۈرسۈل-
دىتىپ چايناپ ۋە ھەر قېتىمدا بىرنەچچە تال مېغىزنى قوشۇپ
كاپ ئېتىپ، ئىشتىھا بىلەن ئوزۇقلىنىشقا باشلىدى. يىللار
بويى ئوتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قارىداپ كەتكەن پۇچۇق چەينەكنىڭ
چېيى پۇراقلىق ھەم لەززەتلىك ئىدى. ئىسسىق چاي دەرۋىشنىڭ
بەدىنىنى قىزىتىپ، ھاردۇقىنى ئالغاندەك بولدى. دەل شۇ
چاغدا، چايخانا ئالدىغا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ توختىدى.

— ھەي، چايچى ئۇستام! بۇ يەرگە دەرۋىش سۈپەت بىر
مېھمان كەلگەندەك بولدىمۇ؟

— قېنى، ئاتتىن چۈش ئىنىم. شۇ تاپتا سەن ئېيتقاندەك
بىر كىشى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ.

يىگىت ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتنى ئېرىق بويىدىكى
سۆگەتكە باغلىدى — دە، ئاتقا بىرئاز يەم بېرىپ قويۇشنى
تاپىلاپ، چايچىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھەسەن تاغا! — يىگىت چايخا-
نىنىڭ قىيسىيىپ كەتكەن پاكار ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىپ،
دەرۋىشنىڭ قېلىن چاڭ باسقان چاپىنىنىڭ پېشىدىن سۆيدى.

— سالىمىڭ خۇداغا قوبۇل بولسۇن، ئوغلۇم باقى.

دەرۋىش، يىگىتنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، ئۇنى ئورنىدىن
تۇرغۇزدى.

— سىلىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇ-

شال بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى ئىزدەپ چىقتىم.

دەرۋىش باقىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ سۆزلىدى:

ــ ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆپ جايدا پىكىر چېچىلىدۇ. بىكارچى تولا ئورۇندا پىتنە — پاسات كۆپ بولىدۇ. تاغاڭ خالىراق جاينى ئىزدەپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. قېنى، نانغا ئېغىز تەگكىن!

دەرۋىش بىلەن باقى چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى. دەرۋىش قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

ــ چىڭ لەشكەرلىرى نوزۇگۇمنى سۈرگۈنلەر بىلەن بىللە ئەكېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنى شىكەركۆل ① بويىدىكى يولدا يادىداپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇلارنى ئاتلىق 500 لەشكەر قورۇقداپ كەلمەكتە، سىنىڭ ئىشلىرىڭ قانداق؟ ــ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى دەرۋىش.

ــ مېنىڭ ئەتراپىمدا ئون نەچچە كىشى بار، ھەممىسى قورقۇمسىز يىگىتلەر. بىز بۇ ئەتراپتىكى چۆللەردىن ئۆتكەن ھەربىر لەشكەرنىڭ جېنىغا خەۋپ سېلىپ يۈرۈپتىمىز. مەن نوزۇگۇمنى ئۇلارنىڭ قولىدىن چوقۇم ئاجرىتىۋالىمەن، تاغا! بۇ يولدا ياكى مەن ئۆلىمەن، ياكى مەقسىتىمگە يېتىمەن. سىلى قەيەرگە قاراپ سەپەر قىلدىلىكىن، بىلىشكە بولارمۇ؟

ــ مەن سىلەرنى ئىزدەپ تاپماقچىدىم، نىشانەمگە يەتتىم. مېنىڭ مەقسىتىم ــ خائىن سىدىق غوجىنى جازالاش، ئۇنىڭ خەلق ئالدىدىكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشتى، ئۇ يەنە بۇ قېتىم ئىلىغا ماڭغان لەشكەرلەرگە يول باشلاپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن چوڭ مەنسەپ ئېلىپ قايتماقچى، مەن ئۇنىڭ ئىپلاس ھاياتىنى ئۆز قولۇم بىلەن بۇرۇنراق تاماملاشنى خالايمەن.

---

① شىكەركۆل — مارالبېشىنىڭ ئۇستىدىكى بىر كۆل.

— ھەببەللى! — باقى تۇگۇلگەن مۇشتىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى، — بۇ خائىنغا جازا بېرىشنى بىزمۇ خېلى بۇرۇنلا ئويلىشىپ قويغان.

— شۇنداقمۇ؟!

— ئەلۋەتتە، بىز ئۇنى بۇ قېتىم ئامان قويمايمىز.

— خوش، ئۇنداقتا سىنىڭ ئالدىڭدا ئىككى چوڭ ئىش تۇرۇپتۇ. بىرى، ئاشقىڭنى ياۋنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش؛ يەنە بىرى، خائىننىڭ ئەدىبىنى بېرىش. سەن بۇ ئىككى چوڭ ئىشنىڭ قايسىسىنى ئالدى بىلەن ئورۇنلىماقچى؟

دەرۋىش ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى باقىغا تىكتى.

— لەشكەرلەر ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، ئالدىمىزدىكى ئۇزۇن چۆل يوللىرىغا چۈشكەندە، خۇدا نېسىپ قىلسا، ئادەملىرىم بىلەن ئۇلارغا قاپلاندەك تاشلىنىپ، ھەم خائىننى جازالايمەن، ھەم نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن.

— ھاھ! ھاھ! ھاھ! . . . — دەرۋىش ساقاللىرىنى تىترىتىپ كۈلۈپ كەتتى، — خۇدا ياخشى نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن ئوغلۇم. سەن تېخى يەنىلا بالا. ئون نەچچە ئادەم بىلەن 500 كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا چېقىلىش — تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن باراۋەر. بىلىپ قوي، ياخشى يول باشچى ئۆز ئادەملىرىنى خەتەرگە باشلىمايدۇ!

باقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، دەرۋىشنىڭ قولىنى تۇتتى.

— تاغا، ئوغۇللىرى تېخى گۆدەك، ئېيتسىلا، سىلىچە قانداق قىلغىنىمىز تۈزۈك؟

دەرۋىش ئۆز پىلانىنى باقىغا سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇ تەرىقىدە يەنە يېرىم سائەتچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلار چايچى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— قېنى ئوغلۇم، سەن ئېتىڭغا مىن، مەن پىيادە ماڭىمەن، خەير، خۇدا سالامەت قىلسا، سۇرگۈنلەردىن بىر كۈن ئىلگىرى سىلەر تۇرغان يەرگە يېتىپ بارىمەن.

باقى ئېتىغا مىنىپ يولغا چۈشتى. دەرۋىش ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى.

ئېھ، ياشلىق! سەن تەۋەككۇلچىلىك، نادانلىق، ئالدىراقسانلىقا ئوخشاش ھەر خىل ئىللەتلەرگە كۆمۈلگەن بولساڭمۇ، يەنىلا گۈزەلسەن! . . . دەرۋىش شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ ياشلىق كۈنلىرىنى ئەسلىدى. بىر چاغلاردا ئۇ قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەككە يۆلىنىپ كېچە — كېچىلەپ تۇرغانىدى. تولۇن ئاي ئاسماندىن ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكەتتى. يىراقلاردىن يولۇچىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىناتتى. ياش ھەسەن ئۇدۇلىدىكى بالىخانىلىق ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى. بەزىدە ئۇ كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن جانانىنىڭ جامالى پەنجىرىدىن لىپ ئېتىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى — دە، يوقىلىپ كېتەتتى. بىچارە ھەسەن شۇنىڭغا بولسىمۇ قانائەت ھاسىل قىلىپ، خوشال بولۇپ قايتاتتى. بۇ ئۇنىڭ مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. سىنچى موللا بالا تالىپتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ھەسەننىڭ قىزغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا 30 دەررە ئۇرغۇزدى. ھەسەن مۇھەببەتنىڭ بۇ دەسلەپكى ئاچچىق سوۋغىسىنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاشىق بولغان قىزى ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، بۇ قىز دەرۋىشنىڭ كۆڭلىدە بىر ئۆمۈر ساقلىنىپ قالدى. ياشلىق نېمىدېگەن ياخشى، بىرىنچى مۇھەببەتنىڭ ئوتى قانچىلىك ئۆچمەس - ھە! . . . ھەسەن دەرۋىشنىڭ ئېسىگە شۇ تاپتا قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى كېلىپ چۈشتى:

ئەپسۇسكى، يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى،
كۆكلەم ئۇزاپ كەتتى، قىش پەسلى يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ شادلىق قۇشى،
بىلمىدىم، قاچاندۇر كەلدى ۋە كەتتى. . .

«ھە، دۇنياغا كېلىپ، كەتمەيدىغان نېمە بار؟» دەرۋىش ئاچچىق بىر كۈلدى ـ دە ساپايىسىنى چېلىپ يولغا چۈشتى.

دىمەك قاي سارى ئەزىم ئەتكۈڭ، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر،
قازا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانۇ ئىختىيارىمنى.
تۇگەندى ئەشك كۆلگۈن ئەمدى قالمىش زەرپىرانە يۈز،
پەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خازان بىرلە باھارىمنى.①

① نەگە ماڭدىڭ دەپ سورىما، ئىختىيار ئۆزۈمدە ئەمەس ئىختىيار تىزگىنىمنى تەقدىرنىڭ ئىلكىگە بەرگەنمەن. قىزىلگۈلدەك ياشلىقىم تۈگەپ، زەپىران چىرايىم قالدى، پەلەك زۇلمى باھارىمنى خازانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## قونالغۇدا

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ؟
ئېلىخوغا بارغۇچە،
جېنىمىز ئامان بارمۇ؟

— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن.

چىڭ لەشكەرلىرى سۇرگۇنلەرنى قانچىلىك قامچىلىمىسۇن، يول يەنىلا ئاۋۇمىدى. كۇندۇزلىرى چۆل قاتتىق ئىسسىپ، قۇملۇقتا ئاياغ يۆتكەپ مېڭىش ئازاب بولاتتى. ماڭالماي سۆرىلىپ قالغانلارنى لەشكەرلەر رەھىمسىز هالدا چېپىپ تاشلىشاتتى. بەزىدە ئۆلگەن ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ يۇكلىرىنىمۇ سۇرگۇنلەرگە ئارتىپ قويۇشاتتى. چۆل يولىدا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئۇستىدە قۇزغۇنلار ئەگىپ ئۇچۇشاتتى. ئات — تۆگىلەردىن چىقىۋاتقان ئىسسىق تىنىق، ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىن كۆتۇرۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەر پۇرىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتقۇدەك سېسىقچىلىق پەيدا قىلاتتى. پەقەت كۆيدۇرۇپ تۇرغان قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىنلا سالقىن چۆل شامىلى پەيدا بولۇپ، ئادەملەر قېنىپ نەپەس ئېلىشىپ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولاتتى.

يەرلىك هۆكۇمەتلەرگە «قەشقەر توپىلىڭى» نى بىسىقتۇرۇپ قايتقان لەشكەرلەرنى ياخشى كۇتۇۋېلىش توغرىسىدا يارلىق

چۇشۇرۇلگەندى. سۇرگۇنلەر بىلەن ئولجا ماللارنى ئەكېلىۋاتقان بۇ چوڭ — قوشۇن چوڭ — كىچىك بازارلارغا يېقىنلاشقاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى، ھەربىر ئۆتەڭ ۋە قونالغۇلاردا كېلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئالدىن قازان ئېسىلىپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن چىڭ لەشكەرلىرى غىزالىنىپ، ئاندىن ئاشقان — ئاشقان نەرسىلەر سۇرگۇنلەرگە ئۈلەشتۈرۈلۈپ بېرىلەتتى. بۇگۇن ئۇلار ئالدىدىكى ئۆتەڭگە يېتىپ بارالماي، چۆلدىلا توختاپ قوندى.

لەشكەرلەر ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئالدىراپ — تېنەپ بىرقانچە كىگىز ئۆي تىكىشتى. تۆگىلەر ئوچۇق دالىغا دائىرە قىلىپ چۆكتۈرۈلۈپ، سۇرگۇنلەر كېچىسى قېچىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن پۇتىدىن زەنجىرلەر بىلەن بىر — بىرىگە چېتىپ باغلىنىپ، تۆگىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەتراپتا لەشكەرلەر گۇلخان يېقىپ يېتىشتى.

شۇ تاپتا، نېرىراقتىكى چوڭ گۇلخاننىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە لەشكەرلەر ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان قېرىراق لەشكەر نېمە توغرىسىدىدۇر قىزىشىپ ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

— ھە، شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ يىقىلدىمۇ؟ — دەپ سوئال قويۇپ ئالدىراتتى سۆزلىگۈچىنى بىر لەشكەر.

— پاھ، ئۈچىنچى ئادىمىمىزمۇ قىلىچ يەپ يىقىلدى. بىز بىرقانچىمىز ھېلىقى توپىلاڭچىنى قىستاپ كەلدۇق. يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام، ۋاھ، تېخى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن بىر شۇمتەك ئىكەن. مەن ئارقىسىدىن كېلىپ دەل ئۇنىڭ بوينىغا قارىتىپ قىلىچ ئۇردۇم، پاھ، قانداق بولدى، بىلمىدىم، قىلىچ ئۇنىڭ بېشىغا سەل — پەل تېگىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان تۇمىقى بېشىدىن ئۇچۇپ كەتتى — دە، ئۇزۇن چېچى چۇۋۇلۇپ ئارقىغا چۈشتى.

باشتا مەن «هوي، بۇ بىزنىڭ تۆرىلىرىمىزدىن بىرەرىمۇ، قاندىداق؟!» دەپ چۆچۈپ كەتتىم. ئوبدان سەپسالسام، ئالدىمدا تۇرغىنى بىر قىز ئىكەن. مەن «ۋاھ» دەۋەتتىم. يېنىمدا تۇرغان بىرنەچچەيلەنمۇ تەڭلا «ۋاھ» دەۋېتىشتى. ئۇنىڭ چېچىغا قاراپ تېڭىرقاپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ بىرى شۇ زامانلا قىلىچ يەپ يىقىلدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ، بىزنىڭ قورشاۋىمىزنى يېرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى، بىز ئۇنىڭغا بىرقلا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ باغلىۋالدۇق. پاھ، تازىمۇ يامان نېمىكەن، مەن شۇ يېشىمغا كېلىپ، مۇنداق سوقۇشقان ئايالنى كۆرمىگەنىدىم.

— نېمىشقا ئۇنى شۇ يەردىلا چېپىپ تاشلىمىدىڭلار؟

— چېپىپ تاشلىماقچىدۇق، لېكىن لەشكەر باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل نېمە بۇ! ئۇنى ئىلىغا ئاپىرىپ، جياڭجۈننىڭ ئۆزىگىلا سوۋغا قىلىپ، ئىنئام ئالىمىز» دەپ قالدى. سوقۇشتا ئاياللارنىڭ چىرايى ئۆز جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئامان قالدى.

— يول بويى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قىز شۇمۇ؟

— ھە، ئۆزى شۇ!

لەشكەرلەر نوزۇگۇمنىڭ تۇمەن بويىدىكى جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىشىۋاتقان چاغدا، ئۇ سۇرگۈنلەر ئارىسىدا، قوڭۇر چۆل ئاسمىنىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئاغرىقچان ئاتىسى نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ نوزۇگۇمنىڭ ئانىسى كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇ مېھرىبان كىشى ئۇنىڭغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولدى، ھازىر ئۇنىڭ ھالىدىن كىملەر خەۋەر ئېلىۋاتقاندۇ؟ باقچۇ، ئۇ قەيەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟...

نوزۇگۇم يول بويى قېچىش خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلال-مىدى. لېكىن، لەشكەرلەرنىڭ نازارىتى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. نوزۇگۇم پۈتۈن مۇڭىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلدى، ئۇ لەشكەرلەر تىڭشىسمۇ، ئۇرسىمۇ ئېيتىۋەردى. ئاخىر لەشكەر-لەرمۇ ئۇرۇپ — تىللاپ زېرىكىپ، ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەر-دى.

نوزۇگۇم خىيال بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيال-مىدى. چۆل ئاسمىنىدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئەتراپ-تىن تۆگىلەرنىڭ پۇشۇلداشلىرى، ئاتلارنىڭ ئوت يېيىشلىرى، سۇرگۈنلەرنىڭ ئۇلۇغ — كىچىك تىنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. پات — پات، پانۇس كۆتۈرگەن قورۇقچىلار ئۇياق — بۇياققا ئۆتۈپ قالاتتى. تۇتەپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانلاردىن چۆل ئۆسۈم-لۈكلىرى يىلتىزىنىڭ پۇراقلىق ئىسى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلات-تى. كىگىز ئۆيلەردىن مەست بولۇپ قالغان لەشكەر باشلىقلىرى-نىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. «ھەي، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ياشلىقىم تۈگىگەنمىدۇ؟ ئىلىغا بارغاندا ئاجىز بېشىمغا نېمە كۈنلەر چۈشەر؟ . . .» نوزۇگۇم شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشىدە ئاتىسىنى كۆردى. ئاتا ئانار-لىق باغدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ نوزۇگۇمنى چاقىراتتى.

— نوزۇگۇم!

نوزۇگۇم بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— نوزۇگۇم قىزىم، بۇ سىزمۇ؟

ئۇنى راستتىنلا بىرى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ، قېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ساقاللىق كىشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نوزۇگۇم، قورقما قىزىم! بۇ مەن — ھەسەن دەر-ۋىش.

— ھەسەن تاغا!

ھەسەن دەرۋىش قىزنىڭ يېنىغا قىيسايدى — دە، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇدى.

— ئاستىراق.

— تاغا، بۇ چۇشۇمۇ، ئوڭۇمۇ؟ سىلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟

— چۇشۇڭ ئەمەس، ئوڭۇڭ قىزىم. چۆل شامالىلىرى ماڭا سىلەرنىڭ پۇرىقىڭلارنى يەتكۈزدى. قىزىم، ماڭا ئەگىشىپ قېچىپ چىقىپ كېتەلەمسەن؟

— تاغا، بىزنىڭ پۇتلىرىمىز بىر — بىرىمىزگە چېتىپ كىشەنلەنگەن.

ھەسەن دەرۋىش نوزۇگۇمنىڭ ئايغىنى سىلىدى. مۇستەھكەم تۆمۈر زەنجىر ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلدى.

— خەيرىيەت! — دېدى دەرۋىش، — غەيرەتلىك بول، خۇدا ساڭا ئازادلىق نېسىپ قىلغۇچە بوشاشما. مەن بۇ تەرەپكە ماڭغاندا ئاتاڭ ساڭا سالام ئېيتتى. سېنى پاك بولسۇن، خەلقىگە، مۇھەببىتىگە سادىق بولسۇن، دېدى. بۇ ئاتاڭنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن سوۋغىسى.

نوزۇگۇم دەرۋىشنىڭ قولىدىن ئېغىر پولات خەنجەرنى ئالدى — دە، يوشۇردى.

— قىزىم، ئېيتقىنا، سىدىق غوجا قەيەردە؟!

— سىدىق غوجا؟! — نوزۇگۇم سەسكىنىپ كەتتى، — ئۇ يۇزسىز ھېچكىمنىڭ چىرايىغا تىك تۇرۇپ قارىيالمايدۇ. لەشكەرلەرمۇ ئۇنى ئارىغا ئالمايدۇ. ئۇ ئالدى تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكىدە يالغۇز تۇرىدۇ.

— خەير قىزىم، ئامان بول!

دەرۋىش قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى. نوزۇگۇم ئۇنىڭدىن ئاتىسى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقى ۋە يەنە نېمىلەر توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى سورىماقچىدى، ئەمما ئۇلگۈرەلمىدى. نوزۇگۇمغا بۇنىڭ ھەممىسى بىر تىنىق ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن چۈشتەك بىلىندى. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاتىسىنىڭ ئۆتكۈر خەنجىرى يالتىراپ تۇراتتى.

× × ×

چىڭ لەشكەرلىرى سىدىق غوجىنىڭ يوقالغانلىقىنى تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا سەزدى. ئۇلار سىدىق غوجىنىڭ ئۆزى قېچىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنى باشقىلار ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئېنىقلىيالمىدى. سىدىق غوجىنىڭ يولدا مىنىدىغان ئاق قاشقىلىق ئېتى كىگىز ئۆي يېنىدا باغلاقلىق تۇراتتى. غوجىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن — كۈمۈشلىرىمۇ ئۆز جايىدىلا قالغانىدى. لەشكەرلەر ئەتراپقا ئات سېلىپ، خېلى يىراقلارغىچە ئىزدەپ بېرىپمۇ قۇرۇق قايتىشتى. كېچىدىن بىرى چىققان چۆل شامىلى قۇملارنى ھەر تەرەپكە ئېقىتىپ، ھەممە ئىزلارنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى....

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

# خائىنغا ئۆلۈم

ئاتا دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە
دوست تۇتما.

— خەلق ماقالى

ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بۇ خارابە گۇمبەز يىراقتىن قارىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايتتى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا بۇ يەر ھەشەمەتلىك خانىقا، مەسچىت ۋە تونەكخانىلار بىلەن ئاۋات ئىدى. مازارگۇي ئاشىقلار ئۇچۇن يوغان داش قازانلار توختىماي قايناپ تۇراتتى. ھازىر ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ، قايسىبىر ئەۋلىياغا ئاتاپ سېلىنغان مۇشۇ ئېگىز گۇمبەزلا چوقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى. گۇمبەزنىڭ ئىچى — سىرتىغا ئاق گەج بىلەن سۇۋاپ چېكىلگەن گۈللەر ئۆچكەن، ئۇنىڭ ئەگمە قىلىپ ياسالغان تورۇسلىرىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەر خىرەلەشكەنىدى. گۇمبەزنىڭ شەرققە قارىغان كىچىك ئىشىكىنىڭ ياغاچلىرى ھەر تەرەپكە قىيشىيىپ تۇراتتى. باقىنىڭ ئادەملىرى سىدىق غوجىنى مانا مۇشۇ گۇمبەز ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلىغانىدى.

قولى ئارقىسىغا باغلانغان سىدىق غوجا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى كىشىلەرگە يالۋۇرماقتا ئىدى. چىرايلىرى ئاپتاپتا قارايغان ئۇن نەچچە يىگىت ئۇنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن

كۆزىتىپ تۇراتتى.

— رەھىم قىلىڭلار ئوغۇللىرىم، خۇدا رەھىمدىل بولغان. لارنى ياخشى كۆرىدۇ. مەندەك بىر ئاسىي بەندىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىڭلار! . . .

— تۇر ئورنۇڭدىن! — دەپ ۋارقىرىدى باقى، — سېنىڭ ھاياتىڭ ئۆزۈڭنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشتىن نېرى بارمىدى. شۇ بىر قوشۇق قېنىڭ ئۇچۇن تالاي بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى سەل قىلىپ ئاققۇزدۇڭ.

— خۇدا ئازماس، بىز خۇدانىڭ ئازغۇچى بەندىلىرىمىز، مەن ئازدىم، مېنى كەچۈرۈڭلار.

— سېنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللانىڭ ئۆزى كەچۈرسۇن، بىزدە ساڭا رەھىم قىلىش ھوقۇقى يوق، خەلق سېنى ئاللىبۇ. رۇنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بىز ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز.

سىدىق غوجا «ۋاي - داد» سېلىپ، چۆلنى بېشىغا كىيدى. گۇمبەز ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان ھەسەن دەرۋىش شۇ تاپتا چوڭقۇر خىيالىغا چۆككەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۇمەن بويىدا تۆكۈلگەن قانلار، قىرىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئاھۇ زارى، قەشقەر شەھىرى دەرۋازىلىرىغا ئېسىلغان باشلار، چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا سۆرىلىپ كېلىنىۋاتقان سۇرگۇنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. سىدىق غوجىنىڭ يالۋۇرۇپ بىلجىرلاشلىرى دەرۋىشنىڭ جەھلىنى قوزغىدى. قىزىق قان ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا تېپىپ، قولاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۇ يېنىدا تۇرغان يىگىتنىڭ غىلىپىدىن ئۆتكۈر قىلىچنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئوتتۇرىغا كەلدى.

— قېنى يىگىتلەر، ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋېتىڭلار. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسى، ئۆلۈش ئالدىدىن تاھارەت ئېلىۋالسۇن.

يىگىتلەردىن بىرى كېلىپ، سىدىق غوجىنىڭ قولىنى يېـ-
شىۋەتتى، يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قاپاق سۇ كەلتۈر-
دى. لېكىن سىدىق غوجا قولى بوشىشى بىلەنلا ھېچنېمىگە
قارىماي ھەسەن دەرۋىشنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ
پۇتىنى قۇچاقلىدى.

— ھەسەن، سېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولۇڭ
باردۇ. خۇدادىن قورقمامسەن!؟

— ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى ھەممە تەڭ ئېغىزغا ئالىدۇ،
لېكىن كىمنىڭ خۇدادىن ھەقىقىي قورقۇپ پاك ياشىغانلىقى
پەقەت مەھشەر كۈنىلا ئايرىلىدۇ. سېنى ئۆلتۈرۈش گۇناھ بول-
سا، مەيلى، ئاللا بۇ گۇناھنى مېنىڭ زىممەمگە يازسۇن!

— ئېيتقىنا، مېنىڭ نېمە جىنايىتىم بار؟ خەلققە يامانلىق
قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى. لەشكەرلەر مېنى قىلىچ ئاستىغا
ئېلىپ زورلىدى.

— ئابدۇرېشىت داموللامۇ ساڭا ئوخشاش زورلانغانىدى.
ئۇ دۇشمەنىنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلدى.

— شۇنداق، مەن قورقۇنچاق، مەن جىنايىتىمنى يۇيـ-
مەن.

— ئېپلاس! سېنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭ جىنايەت بىلەن تىنىپ
كەتكەن. سەن ئۇنى ئۆز قېنىڭ بىلەن يۇمغۇچە يۇيۇپ تۈگىتەل-
مەيسەن. بىر كۈن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرسەڭ زىممەڭدىكى جىنايەت
بىر ئۆلۈش ئاشىدۇ. مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن
تاماملاش ئۈچۈن سېنى چۆل بويى قوغلاپ كەلدىم، قوپ ئورنۇڭ-
دىن! تاھارەت ئېلىپ، ئىمان ئېيتقۇال. ئۆلۈش ۋاقتىدا بول-
سىمۇ ئادەمدەك ئۆل!

سىدىق غوجا قۇم ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھۆركىرەپ
يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ،
جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان باشقا بىرەر نەرسە يوقمىدۇ؟! دەپ

ئالاق — جالاق قارايتتى. ئاۋازىنىڭ بارچە پەرياد سالاتتى. كىتابخان، چوشقىنى ئۆلتۇرسەڭ چىرقىراپ جان بېرىدۇ، ھەيۋەتلىك قارىغاينى كەسسەڭ، ئۇ ئۇنچىقماي ئۆرۈلىدۇ. . . تاقەت قىلالمىغان دەرۋىش سىدىق غوجىنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ، قىلىچ بىلەن بىر ئۇرۇپلا كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن پەرياد ئاۋازى ئۆچۈپ، گويا گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران بىردىنلا تىنچىپ قالغاندەك ئەتراپنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. خائىننىڭ كېسىلگەن بېشى گۈمبەز ئىشىكى يېنىغا قاڭقىپ چۈشۈپ، قومغا دۈم بولۇپ پېتىپ قالغانىدى.

دەرۋىش قولىدىكى قىلىچنى يەرگە تاشلىدى.

— ھاي، يىگىتلەر! كېلىڭلار، بۇ جەسەتنى ۋاقتىدا كۆمۈۋېتەيلى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەممىگە ئىبرەت بولغۇدەك بىر سۆز يېزىپ قالدۇرايلى. . .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار بۇ خارابە گۈمبەزنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان يېڭى بىر قەبرىنى كۆرگەن. قەبرە يېنىغا قويۇلغان تاشقا ئېنىق قىلىپ، «كىمكى بۇ يەردىن ئۆتسە، خائىنغا لەنەت ئوقۇغاي» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغانىكەن.

× × ×

شۇ ئىشتىن كېيىن، سۇرگۇنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىسىنى يىتتۇرمەي ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باقىنىڭ يىگىتلىرى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ لەشكەرلىرىگە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، لەشكەرلەر سان جەھەتتىن ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. يىگىتلەر ھەر قېتىمدا ئون نەچچە دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ، چېكىنىپ غايىپ بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

چۆل قاپلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئارامسىزلانغان لەشكەر باشلىقلىرى ئاخىر كېڭىشىپ، يۈزدىن ئوشۇق لەشكەرنى «قاراقچىلار»نى قوغلاپ يوقىتىشقا ئاجراتتى. قالغان لەشكەرلەر سۇرگۇنلەرنىڭ مېڭىشىنى ئىتتىكلىتىش ئۇچۇن يول ئۇستىدىكى مەھەللىلەردىن دېھقانلارنىڭ ئېشەكلىرىنى بۇلاپ كېلىپ، ھەربىر ئېشەككە ئىككىدىن تۇتقۇننى — ئەرنى ئالدىغا قارىتىپ، ئايالنى ئارقىغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ باغلاپ، ئۇلارنى جېدەللەپ ھەيدىدى. . . بارا — بارا ھاۋا سالقىنلىشىپ، تاقىر تاغ، قۇملۇقلار ئاخىرلىشىپ، پايانسىز ئوتلاقلار، قارىغايلىق تاغلار ئۇچراشقا باشلىدى. سۇرگۇنلەر ئىلى ۋادىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

«قاراقچىلار» نى قوغلاشقا ئاجرىتىلغان لەشكەرلەر باقىنىڭ يىگىتلىرى بىلەن كىچىك بىر تاغ ئىچىدە دوقۇرۇشۇپ قالدى. جاللاتلارنىڭ قىقاس — چۇقىنى، تۇمۇر قوراللارنىڭ بىر — بىرىگە تېگىپ جاراڭلىشىدىن تاغ قۇشلىرى ئۈركۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇ قاتتىق جەڭدە باقى ئېغىر ياربدار بولدى. كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈككەن ھەسەن دەرۋىش يىگىتلەرنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى.

چۆل يىگىتلىرى ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان چىڭ لەشكەرلىرىنى بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي تويتوغرا ئۇچ كۈن ئەگەشتۇرۇپ يۈردى — دە، ئاندىن غايىب بولۇشتى. چىڭ لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى چۈشەنگەندە، تەكلىماكاننىڭ بارسا كەلمەس قۇملۇقلىرىغا ئاللىبۇرۇن ئىچكىرىلەپ بولغانىدى. بۇ يەردە نە سۇ، نە گىياھ، نە ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. كۈندۈزلىرى قىزىق قۇياش باش ئۇستىدىن نېرى كەتمەي، مېڭىلەرنى قاينىتىۋېتەتتى. كېچىلىرى دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئات — ئۇلاغ، ئادەملەرنى قۇمغا كۆمەتتى. يىگىتلەر چىڭ لەشكەرلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئەنە شۇنداق

تىرىكلا دوزاخقا تاشلىدى. بۇ يەردىن بىرمۇ لەشكەر يول تېپىپ قايتىپ چىقالمىدى.

بىر مەزگىل بۇ چۆل ئاسمىنىنى قۇزغۇنلار قاپلىدى. ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارغا قىلىچ، قالقانلار، قاغجىراپ ئاپئاق ياغاچقا ئوخشىشىپ قالغان ئۇستىخانلار ئۇچراپ تۇردى.

## سەككىزىنچى باب

## قۇل سودىسى

زالىم دوۋاڭ[1]زار يىغلايتتى،
يوقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى.
ياش دېمىدى ياكى قېرى،
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.

— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن.

ئىلىغا ھەيدەپ كېلىنگەن سۇرگۇنلەر غۇلجا شەھىرى يېنىدىكى شەرقى يامۇلغا قامالغانىدى. ئون كۇن ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق گۇندىخانىلارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، سۇرگۇنلەر يامۇل ئىچىدىكى كەڭ بىر مەيدانغا ئېلىپ چىقىلدى. بۇ يەر ھەر قېتىم ئالتە شەھەر دىن كەلتۇرۇلگەن تۇتقۇنلارنى ساتىدىغان رەسمىي بازار بولۇپ قالغانىدى. بۇگۈن بۇ يەردە ئىلىنىڭ كەڭ، مۇنبەت يەر — سۇيىنى بۆلۇشۇۋالغان زېمىندارلار، ئۇزۇن چاچلىق تۆرىلەر، باشلىرىغا ئېگىز موزا كىيىپ، قوللىرىغا يەلپۇ-

① دۇۋاڭ — چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئېينى يىللاردىكى پادشاھى داۋگۇاڭ.

گۈچ تۈتۈپ، تاۋار چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ئە-مەلدارلار ئىغاڭشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇچۇن دېھ-قان، بەزىلىرى ئۇچۇن مالچى، بەزىلىرىگە كۆمۈر قازغۇچى، بەزىسىگە ئۆي چاكىرى ۋە بەزىلىرىگە بولسا چىرايلىق قىزلار لازىم ئىدى. سۈرگۈنلەر چىقىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم بېدىكلە-رى ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئولاشتى. ئۇلار سۈرگۈنلەرنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ، خۇددى مال بازىرىدا مال كۆرگەندەك قا-راشتۇرۇشقا باشلىدى. بەزىلىرى ئالماقچى بولغان ئادىمىنى ئۇياق — بۇياققا ئۆرۈپ. بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ باقاتتى. ئۆزلىرىنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان سۈر-گۈنلەر بۇ چىدىغۇسىز خورلۇقنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئادەم قېلىپىد-دىن چىققان ۋەھشىيلەرگە ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لەنەت ياغدۇراتتى. سودىسى پۈتكەن بايلار ئالغان ئادەملىرى-نىڭ پۇلىنى تۆلەپ، چەتتە تۇرغان چاپارمەنلىرىنىڭ يار-دىمى بىلەن ئۇلارنى خۇددى قاسساپلار مال بازىرىدىن ماللارنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىش-قا باشلىدى.

ئىلىدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ بىرى بولغان شىسەن دالويى خوتۇنپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ قەشقەردىن چىرايلىق قىزلار كەل-تۈرۈلۈپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ مال ئالغۇچىسىنى ئەۋەتكەنىدى. شىسەن دالويى ئەۋەتكەن ئادەم — جۇ فامىلىلىك پاكار، سېمىز نېمە بولۇپ، باشقىلار ئۇنى «جۇ پاڭزا» دەيتتى، جۇ پاڭزا سۈرگۈنلەر ئىچىدىكى ئاياللارغا بىر — بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، نوزۇگۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى — دە، «پاھ، ئادەم بالىسىمۇ مۇنداق قاملاشقان بولىدىكەن — ھە!» دەۋەتتى. بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەر ۋە ئۇزۇن يول ئازابى نوزۇگۇمنىڭ چىرايىنى سارغايتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقىدىن يەنىلا ياشلىق ۋە گۈزەللىك

ئۇرغۇپ تۇراتتى. نوزۇگۇمنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى چىگىشلىنىپ، كۆكلەكلىرى يىرتىلغانىدى، ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن كۆكسىنىڭ ئوچۇق قالغان قىسمىنى جۇ پاڭزىنىڭ ھاياسىز تىكىلگەن كۆزلىرىدىن دالدا قىلدى.

— ھى! . . . ھى! . . . ھى! . . . — جۇ پاڭزا ھىجايغىنچە، سۇرگۇنلەرنى سېتىش ئىشىنى باشقۇرۇۋاتقان ئەمەلدارنىڭ يېنىغا ئىغاڭلاپ كەلدى، — بىزنىڭ دالويىغا ئاشۇ قىزچاقنى ئالساق بولارمىكىن باھاسى قانچىدۇ؟

— دالويىغا بىرەر چەنتۇ قىزنى تارتۇق قىلدىغانمۇ يولىمىز بار ئىدى، لېكىن يولدا كۆپ چىقىمدار بولدۇق، بولمىسا. . .

— بولدى، بولدى، پۇلى قانچە؟

— دالويىدىن كۆپ سورىمايمىز، تاپان ھەققىمىز ئۈچۈن مانا مۇشۇنچىلىككلا بىرنەرسە بەرسەڭلا بولىدۇ.

ئەمەلدار قول ئىشارىسى بىلەن نوزۇگومنىڭ باھاسىنى ئوقتۇردى.

— ۋاھ، بۇ بەك ئۆرە بولۇپ كەتتى. بۇنچىلىك پۇلغا شۇنداق چەنتۇدىن بەشنى سېتىۋالغىلى بولمامدۇ؟!

— ئۆزلىرى مال تونۇيدىغان ئادەم، كۆرۈپ تۇرۇپلا، بۇ چەنتۇ قىزى مۇشۇ مالىلارنىڭ ئالدى. باھاسىغا چىقسا ساتىمىز. بولمىسا، جياڭجۈننىڭ ئۆزىگىلا سۇنساقمۇ خېلى ئىنئامغا ئىگە بولالايمىز.

— بولدى، گەپنى ئۇزارتمايلى، مۇنچىلىك ئالتۇن — كۈمۈش تۆلىسەك قانداق؟

ئەمەلدار جۇپاڭزا ئېيتقان باھاغا كۆنمىدى. ئۇ ئۇزۇن قوللىرىنى جۇپاڭزىنىڭ بۇرنىغىچە سۇنۇپ، نوزۇگومنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساناپ كۆرسەتتى.

— بىرىنچىدىن، ئۆزى گۈزەل، ئىككىنچىدىن، ئىشقا

www.uyghurkitap.com

چېۋەر، ئۇچىنچىدىن، قاملاشتۇرۇپ ناخشا ئېيتالايدۇ.

جۇ پاڭزا نوزۇگۇمغا يەنە بىر قېتىم لاپ قىلىپ قارىدى — دە:

— ھى... ھى... ھى! بوپتۇ، ئۇنداق بولسا، مانا مۇنچىلىك ساپ ئالتۇن تۆلەي، — دەپ باھانى يەنە ئۆرلەتكىننى ئىشارەت قىلدى.

ئۇزاق تالىشىشتىن كېيىن، ئەمەلدار بىلەن جۇپاڭزا نوزۇگۇمنىڭ باھاسىنى پۈتۈشتى. پارقىراپ تۇرغان تىللالار ئەمەلدارنىڭ ئالىقىنىغا تۆكۈلۈشى بىلەنلا ئىككى چاپارمەن كېلىپ، نوزۇگۇمنى سۆرەشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. نوزۇگۇمنىڭ ئايلاپ بىللە بولغان جاپاكەش سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى. سۇرگۇنلەر ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزاتماقتا ئىدى.

— خەير، سالامەت بولۇڭ نوزۇگۇم!

— جاھان زالىملارنىڭلا بولۇپ كەتمەس؟!

— خەير، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز!

نوزۇگۇم كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى تۇتۇپ قالالمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز دەرد — ئەلەملىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتى:

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ،
يولتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ.
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ.

بېشىمىزدا جاللاتلار،
قىلىچىنى ئوينىتار.
بۇ دوراختىن نوزۇكنى،
قانداق بىر جان ئاجرىتار؟!

— ھوي، ھوي! — دەپ سىلكىشتۇردى نوزۇگۇمنى

ئەكتتپ بارغان چاپارمەنلەر، — نېمانچىلا كاكىرايسەن؟ ئالدىرىما تېخى، دالۋىيىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ناخشىنى تازا ئېيتىۋالىسەن.

## توققۇزىنچى باب

### توي

ئەي زالىم، يېتەر خەلققە ئازارىڭ،
قاچانغىچە قايىنار بۇ بازارىڭ؟
سەلتەنەت سۈرمەك نەكېرەك ساڭا؟
خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا!

— سەئىدى

شىسەن دالۋىيىنىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى نوزۇگۇمنى يۇيۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيدۈرگەندىن كېيىن، جۇ پاڭزا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم قىلغان سودىسىغا بەكمۇ مەمنۇن بولدى. نوزۇگۇمنىڭ توپا — چاڭ ئىچىدە قالغان چىرايى پاكىزلىنىپ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قېتىلغانىدى. نوزۇگۇمنى دالۋىيغا كۆرسىتىش ئۈچۈن دالۋىيىنىڭ ياسىداق ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ چوڭ — كىچىك خوتۇنلىرى ئۆز ھۇجرىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ھەسەت بىلەن قاراشتى.

نوزۇگۇمنى ئەكىرگەندە شىسەن دالۋىيى ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى كاڭدا، قارا تاۋار كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ ئەپيۈن چېكىۋاتاتتى. شىسەن دالۋىيى گۆشلۈك، كەڭ يۈزىنى چېچەك ئىزى قاپلىغان چوقۇر ئىدى. ئۆمرى كەڭ جۇڭغار دالالىرىدا

زوراۋانلىق قىلىپ، قان كېچىش بىلەن ئۆتكەن بۇ زالىمنى كىشىلەر ئارقىسىدىن شىسەن مازا ① دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئېغىر گەۋدىسىنى تەسلىكتە قىمىرلىتىپ، قىيسىق كۆزلىرى بىلەن نوزۇگۇمغا سىنچىلاپ قارىدى. نوزۇگۇمنىڭ ئۇزۇن، قارا چې-چى غۇنچە بويى بىلەن بويلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئالدى — كەينى ۋە نازۇك بويۇنلىرىدا باللارنىڭكىدەك مەيىن تۈكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ چىرايى خۇنۇك ئاق چىرايلاردىن بولماي، يېقىملىق، قاراقۇمچاق چىرايلاردىن ئى-دى، ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقى نۇرلىنىپ تۇرغان قىزىل ياقۇتقا ئوخشىشاتتى.

— ھە، يارايدۇ، بۇ تازا مەن ئويلىغىنىمدىن ئىكەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى شىسەن مازا.

جۇپاڭزا يورغىلىغىنىچە دالوينىڭ ئالدىغا كېلىپ، سۇر-گۈنلەرنى ساتقان ئەمەلداردىن ئاڭلىۋالغان گەپلەرنى تەكرارلاپ، نوزۇگۇمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساناشقا باشلىدى.

— ھى... ھى... ھى! مۇنداق چەنتۇ قىزى كەم تېپىلىدۇ، ئانىسى سىلىدەك غوجاملار ئۇچۇنلا تۇغقان — دە، بۇ قېتىم كەلگەن قىزلارنىڭ ئىچىدە ئالدى مۇشۇ ئىكەن، شۇڭا باھاسىمۇ ئۆرىرەك بولدى.

— بولدى، بولدى. كېرەك يوق!

— شۇنداق، مال ياخشى، ئۆزى گۈزەل، ئىشقا چىۋەر، يەنە ناھايىتى ناخشىچى ئىكەن، مەن ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كۆرۈپ ئالدىم.

— ناخشىچى؟! ھا... ھا... ھا! قېنى، ئۇنىڭغا ئېيىت، ئۇنىڭ ناخشىسىنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

① شىسەن مازا — شىسەن چوقۇر.

جۇپاڭزا شىسەن مازىنىڭ تەلىپىنى نوزۇگۇمغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. نوزۇگۇم ھېچقانداق تارتىنىشىپ تۇرمايلا ناخشى-سىنى باشلىۋەتتى:

يۇرتۇمنى مەن سېغىندىم،
ئاتامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن جان باقەم؟
خەۋىرىنى بىلمىدىم.

يۇرتۇمغا يېتەلمەسمەن،
ئاتامنى كۆرەلمەسمەن.
باقەمنى كۆرۈپ ئۆلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئالتە ئايدىن يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن.
خۇدا مېنى ساقلىسا،
سەن زالىمغا تەگمەسمەن.

— ھا! ھا! ھا. . . ئۇ نېمىدەپ ناخشا ئېيتتى؟

— ئۇ بۇرۇن بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى كۆرمىگەنلىد-كىنى، مۇنداق چىرايلىق كىيىملەرنى كىيمىگەنلىكىنى قوشاق قىلىپ ئېيتتى. سىلىنى ماختىدى، — دېدى جۇ پاڭزا.

— ھە، ياخشى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ساز ئىكەن، ماڭا زېرىك-كەندە ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، ئۇنىڭغا ئېيت، ئۇ يول يۈرۈپ ھاردى. بىر — ئىككى كۈن ئوبدان دەم ئالسۇن، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. ئۇ بۇ-نىڭدىنمۇ پۈزۈر ئۆيلەردە تۇرىدۇ، تېخىمۇ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

شىسەن مازا خىزمەتكارىنى چاقىردى . دەتاپان ھەققىـ
ـى ئۈچۈن جۇ پاڭزىغا بىر توپ گۆللۈك تاۋار بېرىشكە
بۇيرۇدى .

× × ×

شىسەن مازا نوزۇگۇمنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن خۇشال بولغا-
نىدى . ئۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق بىر چىرايلىق ، ياش خو-
تۇنغا ئېرىشىشنى ئويلاپ يۈرەتتى . ئەمدى ئۇ بۇ گۈزەل قىزنى
يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ باشقا ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرد-
ۋېتىشنى ئويلىغاندا ، خۇشاللىقى چېكىگە يەتتى . ئۇ نوزۇگۇمنى
رەسمىي توي قىلىپ ئېلىش قارارىغا كەلدى . ئالمان — تالمان
تەييارلىق قىلىپ ، ئۈچىنچى كۈنى توي باشلىنىۋەتتى .

تويغا يىراق — يېقىندىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك چاقىرىلدى . ئىلى جياڭجۈنى ئۆزى كېلەلمىگەن بولسى-
مۇ جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن ئالاھىدە سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ ،
شىسەن دالويىنىڭ تويىنى قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

توي كۈنى ئىچكىرى — تاشقىرى ھويلىدىكى ھۇجرىلارنىڭ
ھەممىسىگە جوزا راسلاندى . ئارقىدىكى كىچىك ئۆيلەرگە ئالاھى-
دە مېھمانلار ئۈچۈن ئەپيۈن جابدۇقلىرى بىلەن ماجاڭلارنى
راسلاپ قويۇشمۇ ئۇنتۇلۇپ قېلىنمىدى . ھويلىلارنىڭ ئىچىگە
ئايلاندۇرۇپ گۈللۈك پانۇسلار ئېسىلدى . مۇھاپىزەتچى چېرىك-
لەرگىمۇ «ئادەمگەرچىلىك» يۈزىسىدىن بۇگۈن يېتەرلىك ھاراق
تارقىتىپ بېرىلدى . كەچكە يېقىن قورۇنىڭ يوغان پانۇسلار
ئاستىدا يورۇپ تۇرغان قارا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چوڭ —
كىچىك مەپىلەر تىقىلىشىپ قالدى . توي ناھايىتىمۇ قىزىپ ،
ئىچىشۋازلىق تاڭ يورۇغۇچە داۋاملاشتى . . .

شىسەن مازا «يىگىت» ئۈچۈن تەييارلانغان خاس ھۇجرىغا

تۆن يېرىمىدىن ئاشقاندا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ دېگۈدەك مەست بولۇپ، ئۆرە دەسسەپ تۇرالمايتتى. نوزۇگۇم ئۆينىڭ تۆرىدىكى چىمىلدىق ئىچىدە، ئاتىسى ھەسەن دەرۋىش ئارقىلىق ئەۋەتكەن خەنجەرنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتقىنىچە، مىڭبىر خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ ئاتىسى ئېيتقان «پاكلىقنى ساقلاش، مۇھەببەتكە سادىق بولۇش» دېگەن ۋەسىيەتلەرنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالارمۇ؟!

شىسەن مازا ئىشىك ئېچىپ كىرىشى بىلەن نوزۇگۇمنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز قاتتىق سېلىپ كەتتى. خىزمەتچىلەر شىسەن مازىنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن بىر — بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. شىسەن مازا ھىجايغىنىچە چىمىلدىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ھى... ھى... ھى! قىز، سەن تارتىنما، — شىسەن مازا چىمىلدىقنى قايرىدى، — قىز، سەن يېقىن كەل. يۈرىكىڭ نېمانچە دۈپۈلدەيدۇ؟ قورقۇۋاتامسەن؟

شىسەن مازىنىڭ چوقۇر يۈزلىرى مەستلىكتىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئىسىلغان بولۇپ، ئاغزىدىن ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى بۇقسۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالماي قىزنىڭ ئۇستىگە تاشلاندى ۋە شۇ ھامان ئاچچىق بىر ئاغرىقنى ھېس قىلدى-دە، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. نوزۇگۇمنىڭ كۈچ بىلەن ئۇرغان خەنجىرى ئۇنىڭ يۈلۈنىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. نوزۇگۇم ئىككىنچى قېتىم خەنجەر ئۇرۇپ، شىسەن مازىنىڭ كۆكرىكىنى بۆسۈۋەتتى. ئۇ خۇددى ئوت ئۇستىدىكى ھۆل قوۋزاقتەك تولغىنىپ، چىمىلدىق يېنىغا گۈپ قىلىپ چۈشتى. بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قان دالويىنىڭ ئوچۇق قالغان ئاغزىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۆمۈر بويى قان ئىچىپ تويمىغان بۇ جاللات بۈگۈن ئۆزىنىڭ تويىدا تويدى...

www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# قاچقۇن

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھا بولۇپ يوتقىلى.
ئونلاپ يايى كېلىپتۇ،
مەن نوزۇگۇمنى يۇتقىلى.

— نوزۇگۇم قوشاقلىرىدىن

نوزۇگۇم شىسەن مازىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا ئۆزىنىڭ قاياققا قاراپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمەي مېڭىۋەردى. ئۇستىدىكى ئېغىر تويلۇق كىيىملەر ئۇنىڭ ئىتتىك مېڭىشىغا كاشىلا قىلىپ، ھەر قەدەمدە ئۇ نېمىلەرگىدۇ پۇتلىشاتتى. بارا — بارا ئۆيلەر شالاڭلىشىپ، نوزۇگۇم بىر ئۇچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. ئېھتىمال، بۇ ئەتراپ تېرىلغۇ يەر بولسا كېرەك، يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھاۋشىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى. نوزۇگۇم توختاپ، ئۇستىدىكى قان يۇقى توي كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى — دە، قولىدىكى بوپىسىنى يېشىپ، ئۆزىنىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيدى.

قەيەرلەردىندۇر بۇلبۇل ئاۋازى كېلەتتى، ئالدى تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇرۇلاتتى. كۈن چىقىش تەرەپ بىلىنەر — بىلىنمەس ئاقىرىپ، يېڭى بىر تاڭدىن بەلگە بەرمەكتە ئىدى. نوزۇگۇم سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۇمۇرۇپ، چوڭقۇر بىر

نەپەس ئالدى - دە، غەيرەتلىنىپ يەنە مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئەركىن-لىك ماڭا راستىنلا قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟ ! دەپ ھاياجانلىناتتى.

ئەركىنلىك! سەن ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈكسەن، تۆمۈر قەپەس-كە سولانغان ساڭا تەشنا قۇش بۇگۇن قەپەسنى بۇزۇپ چىقتى، لېكىن ئۇ ھازىر قاياققا ئۇچۇشنى، قەيەرگە قونۇشنى بىلمەي-دۇ. بۇ يات يۇرتنىڭ ئورمانلىرى، كەڭ ئېتىزلىرى، ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يوللىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش، ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قىزىق توپىلىق يېزا يوللىرىنى، لايقىپ ئاقىدىغان تۇمەن دەرياسىنى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭ-لۇق كوچىلىرىنى تولىمۇ سېغىنغان. ئۇ شۇ مەنزىللەرگە يېتىپ بارالارمۇ؟ . . . نوزۇگۇم بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇش-لارغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا ئاشۇنداق بىر جۈپ قانىتى بولسا، ئۇ بۇلۇتلارغىچە كۆتۈرۈلۈپ، قەشقەر تەرەپكە قاراپ بىراقلا ئۇچۇپ كەتسە. . .

نوزۇگۇم ئۇچۇپ ئەمەس، يەنىلا مېڭىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ شىۋاقلىق كەڭ بوزنى كېسىپ ئۆتكەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، تۇيۇقسىز دەريا بويىدىن چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا ئەتراپ يورۇپ كەتكەنىدى. نوزۇگۇم قىرغاقلىرىغىچە سۇ بىلەن تولۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ھەيران بولدى. ئۆز ئۆمرىدە ئۇ مۇنداق مول سۇلۇق ئېقىننى كۆرمىگەنىدى. دەريا ئوتتۇرىسىدىكى چاتقاللاردىن بىر توپ سۇ قۇشلىرى پالاقشىپ كۆتۈرۈلدى -دە، كۆزدىن غايىب بولدى. نېرىراقتىكى قىرغاقتا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي سۇغا تاشلانغان قارماق يىپلىرىغا قارىغىنىچە، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئارقىدىن كېلىۋات-قان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. نوزۇگۇممۇ ئال-دىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، چۆچۈپ توختىدى.

— ئەسسالام، ئاتا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم، بۇ قاق سەھەردە سەن قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ چىرايىڭ بىر قىسما كۆرۈنىدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ، ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلاشقا چىققان ئوخشىمامسەن؟

بوۋاي ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ قىرغاقلاردا بېلىقچىلىق قىلاتتى. دەرد - ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالىدىغانلار ئۇنىڭغا كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭ تاشلىغان تورىغا بېلىق ئەمەس، دەردمەنلەرنىڭ جەسىتى ئىلىنىپ چىقاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن سەھەردە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ قىزنى چوقۇم، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— قوي قىزىم، پەيلىڭدىن يان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنى ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۆزۈڭگە سەۋرى بەر.

نوزۇگۇم نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟ قانداق ئىشلار سېنى بۇ يەرگە سۆرەپ چىقتى. ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە؟

نوزۇگۇم بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئېيتىپ تۈگىتەلىسۇن، ئۇ سۆزىنى تومەن بويىدىكى جەڭدىن باشلىسۇنمۇ ياكى چۆل يوللىرىدىكى ئازابىنىمۇ؟ ياكى ئۆز نومۇسىنى بۇلغىماقچى بولغان ياۋۇزنى بۈگۈن كېچە قانداق ئۇجۇقتۇرغىنىنى ئېيتسۇنمۇ؟ . . .

نوزۇگۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ بوۋايغا قارىدى. مۇشەققەتلىك يىللار بوۋاينىڭ ئېگىز قەددىنى پۈككەن بولۇپ، دەريادىن ئۇرغان يېنىك شامال ئۇنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق ساقاللىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. كىم بىلىدۇ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بۇ بوۋاي سەھەردە ئۇچرىغان خىزىرنىڭ ئۆزىمۇ؟ . . . نوزۇگۇم بىردىنلا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى - دە، بوۋاينىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنىڭغا



www.uyghurkitap.com

بىرمۇبىر سۆزلىدى. . .

× × ×

چىلىڭ لەشكەرلىرى شىسەن مازىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەقەت كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگەن چاغدىلا بىلدى. دەسلەپتە، دالويى تازا مەززە قىلىپ ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ھېچكىم كىرىپ ئويغىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، لېكىن كۈن ئوبدانلا ئۆرلەپ كەتكەندە، ئۇنى ئويغاتمايمۇ بولمىدى. ئاخشام كېتەلمەي قونۇپ قالغان يۈزلۈك مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنى قائىدە بويىچە شىسەن دالويىنىڭ ئۆزى ئۇزىتىپ قويۇشى لازىم ئىدى. دالويى چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى دالويىنىڭ ئابرويلۇق خوتۇنى لىن تەتەي ئۇزاتتى. خوشلىشىۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى مەنىلىك ھىجىيىشىپ:

— ھىچ ۋەقەسى يوق. دالويى بۈگۈن ئوبدانراق ئوخلىۋالسۇن! — دېيىشتى. بەزىلىرى:

— تەتەي! كىرىپ ئاجرىتىپ قويمىسىڭىز، دالويى ياش خوتۇنغا چاپلىشىپ قالمىسۇن يەنە، ھا! ھا! ھا!. . . — دەپ ئوچۇق زاڭلىق قىلىشتى.

بۇ گەپلەر لىن تەتەينىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتتى. ئۇ:

— ئوھـۇش، بـۇ قېـرى يـۇزىـنـى داپتەك قىلـىـپ، نېمانچە چىقالمايدۇ؟! دېدى - دە، بېرىپ ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئاچچىق بىلەن ئىشىكنى بىر ئىتتىرگەنىدى، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. لىن تەتەي مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىرىپلا دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتى. شىسەن مازا چىمىلدىقنىڭ يېنىدا قاندا چىلىشىپ ياتاتتى.

بۇ خەۋەر جياڭجۈن مەھكىمىسىدىكىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. شىسەن دالويىنىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجىسىنى ھېسابقا

ئالغاندا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بېيجىڭدىكى خانلىق مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىش لازىم ئىدى. ئېلى جياڭجۇنى نوزۇگۇمنى تىرىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا چېرىك چىقاردى.

نوزۇگۇمنى ئىزدەپ چىققان چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە، بېلىقچى بوۋاي نوزۇگۇمنى كونا قولۋۇقى بىلەن ئاللىقاچان يولغا سېلىۋەتكەنىدى. بوۋايدىن نوزۇگۇمنى سوراپ، ئۈچۈرنى ئالالمىغان چېرىكلەر ئۇنىڭ يىكەنلەر بىلەن يېپىلغان كەپىسىنى ئوتتەي - توتتەي قىلىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىتتىك كېتىپ بارغان قولۋاقنى چېرىكلەر كەچكە يېقىن بايقاپ قالدى. ئەللىككە يېقىن ئاتلىق چېرىكلەر كەچكە يېقىن ئات سالدۇرۇپ قوغلاپ كەلگەندە، نوزۇگۇم دەريا بويىدىكى قېلىن قومۇشلۇققا مۆكۈنۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. چېرىكلەر باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان بۇ قەدىمكى قومۇشلۇقنى قانچە قېدىرىپمۇ نوزۇگۇمنى تاپالمىدى. كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. چېرىكلەر نوزۇگۇمنى قومۇشلۇق ئىچىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قومۇشقا ئوت قويۇۋەتتى. ئوت بىردەمدىلا ئۇلغىيىپ، گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. قىپقىزىل يالقۇن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. دەريانىڭ سۈيى قىزىل قاندەك تاۋلىناتتى. قىرغاقتا توپلانغان چېرىكلەر ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، قالايمىقان چۇقان سېلىشاتتى....

نوزۇگۇم تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قومۇشلۇقتىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپ، يەنە تۆۋەنگە يول سالدى. ئۇ دولقۇنلارغا ئۇرۇلۇپ تولۇق بىر كېچە ئاقتى. يەنە بىر يېڭى تاڭ ئاتتى. نوزۇگۇم قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەندىن كېيىن، قولۋاقنى قىرغاققا تارتتى. دەريا بويىدىن باشلانغان يانتۇلۇق يۇقىرىلاپ بېرىپ يىراق-



www.uyghurkitap.com

تىكى قارىغايلىق تاغقا ئۆلىشاتتى. قارىغايلىق تاغ چوققىلىرى
كۆكۈچ رەڭ ئالغان بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. نو-
زۇگۇم قىرغاققا چىقىپ يۈز - كۆزىنى يۇدى. ئۇ ئەپلەك بىر
جاينى تېپىپ، ئازراق سۇ قاينىتىپ ئىچىپ، ئىسسىنىشنى ئىز-
دەيتتى. نوزۇگۇم قولۋاقتىن بېلىقچى بوۋاي بەرگەن مىس كورا
بىلەن بىرنەچچە پارچە قاتتىق ناننى ئالدى - دە، كورىغا سۇ
ئېلىپ، يۇقىرىلاپ مېڭىپ كەتتى.
نوزۇگۇم قارىغايلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ، ئۆزىگە پاناھلىق
جاي ئىزدىدى. قېلىن قارىغايلىق ئىچى تېخى قاراڭغۇلىشىپ
تۇراتتى. دىماغقا چىرىگەن، نەمخۇش تۇپراقنىڭ ھىدى ئۇرۇلات-
تى. قۇرۇپ يىقىلىپ، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن قەدىم-
كى ياغاچلار يولنى توسۇپ تۇراتتى. تىنچ ياتقان ساي - جىرالار،
سىرغىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى كىشىگە تولىمۇ سىرلىق سې-
زىملەرنى بېغىشلايتتى. نوزۇگۇم يوغان بىر قورام تاشنىڭ
ئارقىسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تۆشۈكنى كۆردى. ئۇ
سىلىق تاشلار ئۈستىدىن ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتۈپ، ھېلىقى كا-
مار ئىچىگە كىردى. ① بۇ ئىچى خېلىلا كەڭ قاراڭغۇ غار
ئىدى. ھەر ھالدا، كۈندۈزلىرى ئادەم كۆزىدىن، كېچىلىرى
بوران - چاپقۇندىن دالدا بولغۇدەك يەر تاپتىم، دەپ خوشال
بولدى نوزۇگۇم.
نوزۇگۇم ئەتراپتىكى قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىپ، غار ئاغزى-
دىكى قورام تاشنىڭ ئالدىغا گۈلخان يېقىپ، مىس كورىنى
قويدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بىرى ئۇخلىمىغان ۋە ئاغزىغا ھېچنې-
مە سالمىغانىدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى قىزنىڭ
بەدىنىگە راھەت بېغىشلىدى. . . مۈشۈنداق چاغدا بىرەر تونۇش
ئۇچرىسا - ھە! ئاغرىقچان ئاتىسى ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟

① شۇڭقار تېغىنىڭ ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە بىر غار بولۇپ، ئۇنى
ھازىرمۇ كىشىلەر «نوزۇگۇم» غارى دەيدىكەن.

باقەم قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇ چۆل يوللىرىدا قالغانمىدۇ ياكى بۇ ناتونۇش يۇرتقا يېتىپ كېلەلىگەنمىدۇ؟... نۇرۇگۇم ئۆزىگە قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلغان «دۈشمەن» ئۇيقۇ بولدى. ئۇ قورام تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خىيال بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى...

تاغ ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن چېرىكلەر قارىغايلىق ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنى كۆرگەندە، بۇ يەردە بىرەر مالچىنىڭ قارا ئۆيى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، گۆش، قىمىز تەمە قىلىپ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئىس چىقىۋاتقان تەرەپكە بۇردى.

نۇرۇگۇم ئات تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن ئەندىكىپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، يىگىرمىگە يېقىن ئاتلىق چېرىك ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقىپ بولغانىدى. نۇرۇگۇم بىرىنچى بولۇپ كەلگەن چېرىككە قايناۋاتقان مىس كورىنى ئېلىپ ئاتتى ـ دە، توشقاندەك بىر ئىرغىپلا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چېرىكلەر ۋارقىرىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتتىن چۈشتى. بۇ غارنىڭ ئاغزى تار ئىدى. نۇرۇگۇم غار ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزى يېنىدا تاشقا چاپلىشىپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە قارا ساپلىق «ئاتا خەنجىرى» پارقىراپ تۇراتتى. ئېگىشىپ كىرگەن بىرىنچى دۈشمەن نەق غولىدىن خەنجەر يېدى، چېرىكنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىلىچ تاشقا ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ كەتتى. نۇرۇگۇم چېرىكنىڭ بەدىنىگە چوڭقۇر پاتقان خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىدى. بۇ سېمىز چېرىك ئۆزىنىڭ ئېغىر گەۋدىسى بىلەن خەنجەرنى بىللە ئېلىپ يىقىلدى ۋە ئۆزىنىڭ دەرمانسىز قوللىرىنى سۇنۇپ، نۇرۇگۇمنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى، نۇرۇگۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يەرگە

چۈشكەن قىلىچنى سىپپاشتۇرۇپ دەرھال تاپتى - دە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، چېرىكنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكىگە يېپىشقان قوللىرىنى بىر ئۇرۇپ ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئۆلگەن چېرىكنىڭ ئىككى پۇتى تېخى غارنىڭ سىرتىدا تۇراتتى. قالغان چېرىكلەر ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ سىرتقا چىقىرىۋالدى. بۇ چېرىكنىڭ بىر قولى بىلەن بېشىنىڭ يېرىم قىسمى غار ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. دۈمبىسىدە سېپىغىچە پېتىپ كەتكەن خەنجەر تۇراتتى. بۇ دەھشەتلىك ھالەتنى كۆرۈپ، ھېچكىم غار ئىچىگە قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چېرىكلەر باشلىقى چېرىكلەرگە ۋارقىرىسا، چېرىكلەر بىر - بىرىنى ئالدىغا ئىتتىرەتتى. چېرىكلەر باشلىقى قانچە زورلاپمۇ ئۆز ئادەملىرىنى غارنىڭ ئېغىزىغا ئاپىرالمىدى. ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ تۇرغان بۇ غار ھەممىنىڭ كۆزىگە ئەجەل ئېغىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا، غارنىڭ ئىچىگە كىرىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ بېقىش ئۈچۈنمۇ چوڭ قەھرىمانلىق كېرەك ئىدى.

نوزۇگۇمنىڭ قورشىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر جياڭجۈن مەھكىمىسىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن جياڭجۈن يەنە ئىككى يۈزچە چېرىكنى تاغقا چىقىشقا بۇيرۇدى. چۈشكە يېقىن تاغ ئىچىنى ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى قاپلىدى. ئۈركۈگەن تاغ قۇشلىرى ئېگىز ئۆرلەپ، بۇ تىنچ ماكاندا پەيدا بولۇپ قالغان يېڭى «مېھمان»لار ئۈستىدە ھەيران بولۇپ ئەگىشەتتى.

نوزۇگۇمنى تىرىك تۇتۇش جېڭىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار ئاتتىن چۈشۈپ، ھېلىقى دەھشەتلىك غارغا يىراقتىن ئېگىشىپ قاراپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى.

— ئۇنىڭ قولىدا قانداق قورال بار؟ — دەپ سورىدى ھەربىي ئەمەلدار.

— دۈشمەنىنىڭ خەنجىرى ئۇلجا ئىلىندى. قۇربان بولغان ئادىمىمىزنىڭ قىلىچى غارنىڭ ئىچىدە قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى چىرىك باشلىقى.

— ھوي ئەقىلسىزلەر، بۇ كىچىككىنە تۆشۈكتىن بىر-بىرلەپ كىرىشىدىغان بولساڭ، ئۇ ھەممىڭنى قىرىپ تاشلىمامدۇ؟! ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى بۇزۇڭلار!

چىرىكلەر لوم تۆمۈرلەرنى تېپىپ كېلىشىپ، غارنىڭ ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى. بىرەر سائەت ھەپىلەشكەندىن كېيىن، غار ئاغزى ئۆيدەك ئېچىلدى. غار ئىچىنى يورۇتۇش ئۈچۈن چىرىكلەر قارىغاي شاخلىرىنى قارىمايغا چىلاپ، مەشئەللەرنى يېقىشتى. ھەربىي ئەمەلدار مەشئەل تۇتقان چىرىكلەرنى ئالدىغا، قالغانلارنى ئارقىغا تىزىپ، غار ئىچىدىكى «دۈشمەن» گە قارشى قىقاس-چۇقان بىلەن ھەيۋەتلىك ھۇجۇم باشلىۋەتتى. بۇ يەردە خۇددى ئەرەبلەر ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغاندەك، چىڭگىزخاننىڭ ئادەملىرى سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتكەندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش شەكىللەندى. بىر ئاجىز قىزغا قارشى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق قوراللىق ئەسكەر سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان مۇنداق «ئاجايىپ» ئۇرۇش تارىختىمۇ كەم ئۇچرىسا كېرەك.

ھەر ھالدا ئۇلار «غەلىبە» قىلدى. چىرىكلەر غار ئىچىدىن نوزۇگۇمنى باغلاپ ئېلىپ چىققاندا، يەنە بىرقانچە چىرىكنىڭ ئۆلۈكىمۇ بىللە چىقتى. نوزۇگۇم غار ئىچىدە ھەربىر ئەگىلىشلەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ يىقىتقانىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## مويتۇڭزىدا

ئىنىڭدەك بولسا خۇتۇن سالىمى پاك،
بۇ مانجۇلار زۇلۇمى ئاڭا نېدۇر باك.
بۇنىڭدەك بولسا خۇاتۇنلارچە ئالىي،
تاپار جەننەت بۇزەنلەردە كامالى.
نوزۇگۇم روھىغا ھەق رەھمەت ئېيتسۇن،
شېھىت ئالىي مۇقامى ئۆزرە يەتسۇن.

— مولla بىلال، «نوزۇگۇم» دىن.

نوزۇگۇم كۇرەدىكى غەربىي يامۇلغا قامالغانىدى. خانىنىڭ نوزۇگۇم توغرىسىدىكى بۇيرۇقى 40 نەچچە كۈندە ئاران يېتىپ كېلەلىدى. خانلىق مۆھۈر بېسىلغان بۇ ھۆكۈمنامىگە «بۇ خەت كېچىدە يېتىپ بارسا، كۈندۈزگە قالدۇرۇلماي ئۆلتۈرۈلسۇن؛ كۈندۈزى يېتىپ بارسا كېچىگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن!» دەپ يېزىلغانىدى.

جياڭجۇن مەھكىمىسى نوزۇگۇمنى غۇلجا شەھىرى يېنىدىكى مويتۇڭزىدا ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى شەھەرگە ئېسىپ، خەلققە ئىبرەت قىلىشنى جاكارلىدى.

مويتۇڭزا شەھەرنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى دۆڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ كۈنى مويتۇڭزىغا بارىدىغان چوڭ يولدا ئادەملەر سەل بولۇپ ئاقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى

كۇسىدا مۇكچىيىپ ئولتۇزۇپ ئۆتكۈزگەن مۇزدۇزلار، شەھەرنىڭ ساتىراشلىرى، تۆمۈرچىلەر، قوللىرى سارغىيىپ كەتكەن كۆنچىلەر، ئەتراپتىكى سەھرالاردىن كىرگەن ئاق ماللىخايلىق دېھقانلار ۋە باشقا ھەممە كەسىپتىكى ئادەملەر تېپىلاتتى:

نوزۇگۇمنىڭ پۇتىغا ئېغىر كىشەن، بوينىغا ياغاچ تاقاق سېلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئۈچ ئات قېتىلغان قەپەسلىك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكېلىشتى. چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خالايىقنى رەھىمسىز قامچىلاپ، ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يول ئاچاتتى. خەلق بۇ باتۇر قىزنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن توپ ئىچىدىن باشلىرىنى سوزۇشاتتى. ئۇنى خەيرخاھلىق تۇيغۇلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىشاتتى. چىڭ ئەمەلدارلىرى نوزۇگۇمنىڭ پۇت - قوللىرىنى مەھكەم باغلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ قالالمىدى. قىز ئارزۇ — ئۈمىد ۋە قايغۇلىرىنى ناخشا بىلەن ئېيتىپ، خەلققە ئۆز مۇڭىنى تۆكۈپ كېلەتتى:

مانجۇلارنىڭ ياڭزىسى،
غۇلاچچە بار غاڭزىسى.
چاقاي دېسەم چېقىلماس،
قولۇمدىكى كويزىسى.

مويتۇڭزىدا چاپقاندا،
مەن ئۇ يەردە ئۆلەرمەن.
موللىلارنىڭ سۆزىچە،
ئالىي شېھىت بولۇرمەن.
. . . . . .

ئادەملەر جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ئەگىشىپ ماڭاتتى. ناخشىنىڭ ھەربىر سۆزى، ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزنىڭ ھەربىر تى-

ىنقى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ھەممە بۇ ئىپپەتلىك قىزنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىشاتتى. ئۇنىڭ قەھرىماد-لىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشاتتى.

دۆڭ ئۈستىدىكى كەڭ مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، چېرىكلەر دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ كىشىلەرنى توسۇدى. نوزۇگۇمنى بۇ دائىرە ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ، هارۋىدىن چۈشۈردى، جاللات باشلىقى ئۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغاندا، قىز يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇردى. پۈتۈن مەيدان چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكتى. شۇ تاپتا ھەممىنىڭ يۈرىكىنى غەزەپ ئۆرتەيتتى. ھەر-كىم بۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئىز-دەيتتى. ھەركىم ئۆز ئىچىدە: «بۇ خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ چېكى بارمۇ؟» دەپ مۇشتۇمىنى تۈگەتتى. لېكىن، ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىدىكى بۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، گۈلدۈر-لەپ يانغان يالقۇنغا ئايلاندۇرىدىغان يول باشچى تېخى بۇ مەيداندا يوق ئىدى.

بىر جاللات نوزۇگۇمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، قىلىچىنى شار-تىلدىتىپ بىلەشكە باشلىدى، پۈتۈن مەيداننى ئۆلۈم ۋەھىمىسى باستى. لېكىن، بۇ ئۆلۈمنىڭ نوزۇگۇم ئۈچۈن ھېچقانچە دەھ-شىتى يوق ئىدى. ئۇ تويلۇق چىمىلدىق ئىچىدە شىسەن مازىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىغان چېغىدىلا ئۆزىنى بۇ ئۆلۈمگە ئاتاپ قويغانىدى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇ مەن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇنديال-دىممۇ - يوق؟ دېگەننى ئويلايتتى. ئۆزىنىڭ پاكلىقى، زوراۋان كۈچلەرگە باش ئەگمىگىنىنى ئويلىغىنىدا، ئۇ دۇنيادا ھەرقانداق قېرىندىشىمغا يورۇق يۈزۈم بىلەن قارىيالايمەن، دەپ ھۇزۇرلىد-ناتتى. نوزۇگۇم ئاپئاق بولۇتلار بىلەن بېزەلگەن كۆپكۆك ئاس-مانغان قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدا، ئارقىدىن جاللات باشلىقىنىڭ ئۆزى كېلىپ، قىزغا تويۇقسىز قىلىچ ئۇردى. نوزۇگۇمنىڭ بېشى مەيدانغا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

چاچلىرى تۇپراق ئۇستىگە يېيىلدى. جاللات باشلىقى قان تېمىپ تۇرغان قىلىچنى يالاپ، غىلىپىغا سالدى ـ دە، ئىغاڭلاپ بېرىپ، قىزنىڭ كېسىلگەن بېشىنى ئېلىپ خالتىغا تاشلىدى.

نوزۇگۇمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئەتراپقا ئۇچقاندەك تارقالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كوزىچىنىڭ قولىدىن كوزىسى چۈشۈپ چېقىلدى، چاچ ئېلىۋاتقان ساتىراشنىڭ قوللىرى توختاپ قالدى، موماىلار كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بۇۋايلار قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى، تۆمۈرچى بولقىسىنىڭ سېپىغا ئېڭىكىنى تىرەپ خىيالغا پاتتى. ئارا تۇتقان دېھقان ئاق مالىخىيىنى بېشىدىن ئېلىپ غەزەپتە مىجىپ تاشلىدى...

## ئون ئىككىنچى باب

# قىساس كېچىكمەيدۇ

پەلەككە تەڭرىدەك بولسام ھۆكۈمران،
پەلەكنى تامامەن قىلالتىم گۇمران.
ياسايتتىم يېڭىدىن شۇنداق بىر پەلەك،
يېتەتتى مەقسەتكە ياخشىلار شۇئان.

— ئۆمەر ھەييام

نوزۇگۇم مويتۇڭزىدا چېپىلغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، سېپىل ياقىسى[1] يېنىدىكى چايخانا ئالدىغا بىر توپ ئاتلىقلار كې-

① غۇلجا شەھىرىنىڭ «سېپىل ياقىسى» يېنىدىكى ھازىرقى تېرەك مازار مەھەللىسى ئورنىدا ئۆز ۋاقتىدا تەبىئىي تېرەكلىكلەر بولۇپ، شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە ئارام ئالغىلى چىقاتتىكەن.

لىپ چۈشتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئۈستىنۋېشىنى باسقان قېلىن چاڭغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن كىشى-لەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇلار ھەسەن دەرۋىش بىلەن باقى باشلىغان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ئازادىرەك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش ئۈچۈن چايخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تاللىقتا چىقىشتى. تالللىقتا شەھەرنىڭ بىرمۇنچە بىكارچى ئادەملىرى يىغىلغانىدى. سۇ بويىدىكى كىچىككىنە سۇپا ئۈستىدە بىر قېرى سازەندە ئول-تۇرۇپ، ساتار بىلەن نەغمە قىلىۋاتاتتى. باقىنىڭ ئادەملىرى، بۇ يەردە نوزۇگۇمنىڭ بۇگۈن چۈشتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلى-غاندىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ گېلىدىن بىر چىشلەم نەرسە ئۆت-مىدى، ھەممىسىنى ئېغىر سۈكۈت باستى...

قېرى سازەندە مۇقام ئېيتماقتا ئىدى. ساتارنىڭ تارلىرى-دىن چىقىۋاتقان نالە مۇقامچىنىڭ مىسكىن ئاۋازى بىلەن قوشۇ-لۇپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى. كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ، بالىلىرى ئاچ - يالىڭاچ قالغان يوقسۇلنىڭ، جۇدۇنلۇق كۈنلەردە كەچ قالغان يولۇچى-نىڭ ئېچىنىشلىق ھالى كېلىپ، كۆز ياش تۆكۈۋاتقان ئانىنىڭ پەريادى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. كۆزلىرى يۇمۇلغان مۇقامچىنىڭ ھەربىر تىنىقىدا مىڭبىر ھەسرەت ئىپادىلىنىپ، مۇقامنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنى چىدامسىز، سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى، ئېغىر كۈلپەتلەرگە تاقەت قىلىشقا چاقىراتتى. ئاڭلىغۇچىلارنى غېرىبلىق بېسىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى بارغانسېرى تۆۋەن چۈش-مەكتە ئىدى.

مۇقام توختىشى بىلەن ھەسەن دەرۋىش ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، سورۇننى يېرىپ ئۆتۈپ، مۇقامچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ساتارنى ئالدى.

— بۇ نەرسە بۈگۈنگىچە بىزگە پەقەت تەسەللىلا بېرىپ كەلدى، بىرەر قېتىممۇ كۈرەشكە چاقىرىپ باقمىدى!

www.uyghurkitap.com

دەرۋىش شۇنداق دېدى ـ دە، قولىدىكى ساتارنى سېپىدىن تۇتۇپ، يېنىدىكى تېرەك كۆتىكىگە بىر ئۇرۇپ پېقىش ـ پېقىش قىلىۋەتتى.

— خالايىق! — دەپ ئورنىدىن تۇردى باقى، — بىز نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەندۇق، كېچىكىپتۇق، ئەمما قىساس كېچىكمەيدۇ. بىز بىلەن بىللە ئىنتىقام ئېلىشقا بارالايدىغانلار يۈرۈڭلار!

ئادەملەر دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. قېرى سازەندە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

يىگىتلەر چايخانا ئالدىغا چىقىپ ئاتلىنىشتى ـ دە، نوزۇگۇمنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، كۈرەگە قايتقان جاللاتلارنىڭ ئارقىسىدىن شىددەت بىلەن ئات سالدى.

× × ×

كۈرەگە قايتقان چېرىكلەر بايانداي سېپىلىغا يېتىپ كېلىپ، قەلئە ئىچىدە مېھمان بولدى. ئۇلار هاراق ـ شارابقا يېتەرلىك تويغاندىن كېيىن، جياڭجۇنگە هۆكۈمنىڭ ئىجرا بولغانلىق خەۋىرىنى بۈگۈندىن قالدۇرماي يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يەنە كېچىلەپ يولغا چىقتى.

مەست چېرىكلەر ئات ئۈستىدە ئىغاڭلاپ كېتىپ بېرىشاتتى. قايسىبىرلىرى مۈگدەيتتى. جاللات باشلىقىنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، قانداقتۇر بىر ئاهاڭغا غىڭشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار بايانداي بىلەن كۈرە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چىغلىق دالا يولىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، باقىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يىگىتلىرىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ ئىش شۇنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى، چېرىكلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ،

ئۆزلىرىنى ئۇخشاپ بولغۇچە تامامەن قىرىلىپ بولدى. . . بىر قانچە مىنۇتقا بارمىغان بۇ ئويۇر - توپۇرچىلىق جىمىپ، ئىگىسىز قالغان ئاتلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەندە، باقەم ئېتىدىن چۈشۈپ، چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكىنى ئارىلىدى. ئاي نۇرى ھەر تەرەپكە قېيسايغان چىرايلارنى، بېشى قاتلىشىپ يىقىلغان ئاتنىڭ ساغرىسىنى، تېخى غىلىپىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن قىلىچلار- نىڭ نەقىشلىك دەستىلىرىنى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى. باقەم جالالات باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپتى - دە، قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئاتقا غانجۇغىلىدى.

باقەمنىڭ ئادەملىرى شۇ يەردىن قايتقىنىچە كېچىلەپ توپ- توغرا شەھەرگە كىرىپ، شەھەر يېنىدىكى دۆڭگە ئورنىتىلغان دارغا ئېسىپ قويۇلغان نوزۇگۇمنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاللات باشلىقىنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

تاڭ يورۇغاندا، باقەم ئۆز يىگىتلىرى بىلەن قارىغايلىق تاغ باغرىدىكى كەڭ بىر چىمەنلىككە كېلىپ توختىدى. ئۇلار نوزۇ- گۇمنىڭ مۇبارەك بېشىنى دالا گۈللىرى بىلەن قاپلانغان مۇشۇ ئوچۇقچىلىققا دەپنە قىلماقچى بولۇشتى. باقەم ئۆز يارىنىڭ بېشىدىكى قان داغلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇپ تازىلىغانىدى. قىزنىڭ چىرايى يەنىلا نۇرلىنىپ، قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار قەھرىمانىنىڭ بېشىنى كۆمۈپ، قەبرە يېنىغا يوغان بىر تاشنى بەلگە قىلىپ قويۇشتى.

قەبرە يېنىدا تۇرغان ھەسەن دەرۋىشنىڭ كۆزلىرى يىراققا بېقىپ قىسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياكى خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى، ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— بۇ قىزىمنىڭ ھاياتى پۈتۈن بىر داستان. خەلقىمىز ئۆز قەھرىمانىنى ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا ئۇنتۇمايدۇ، — دېدى دەرۋىش ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

www.uyghurkitap.com

— خەير، ساداقەتلىك يارىم! — دېدى باقەمۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، يېنىدىكى تاغ تېرىكىنىڭ ئېگىلىپ چۈشكەن چوڭ بىر شېخىنى بىر چېپىپ، شىرتتىدە ئۈزۈۋەتتى ـ دە، ئېتىغا ئىرغىپ مىندى.

بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىنىشتى.

— خۇش، ھەسەن تاغا! ئەمدى قاياققا تارتىمىز؟

— قولىمىزدىكى قىلىچنى مەھكەم تۇتايلى. «كىمىكى قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىسا، ئۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدۇ.» ① ئاتلارنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە بۇراڭلار، بۇ تاغلار ئىچىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئەزىمەتلەر گۇلخان يېقىپ تۇرۇپتۇ، بىز ئۇلارنى تاپايلى. بۇ تېخى قىساس ئېلىشنىڭ باشلىنىشى، — دېدى دەرۋىش.

## خاتىمە

ئېھتىمال، كىتابخانلار ھەسەن دەرۋىش بىلەن باقىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق بولغىنىغا قىزىققان كېرەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھاياتى بىر كىتاب بولىدۇ. لېكىن، مەن بۇ يەردە قىسقىچىلا سۆزلەپ ئۆتەي.

ھەسەن دەرۋىش ئۇزۇن تايىقىنى قولىغا تۇتۇپ، سەپەر خالتىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، كىشىلەر ئارىسىنى ئارىلاپ، ئۇلارنى قوزغىلىشقا، زالىملار تەختىنى گۇمران قىلىشقا چاقىرىپ، يەنە بىرقانچە يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. باقەم بۇ ئاجايىپ ئادەمنى نوزۇگۇم قەبرىسىگە يانداشتۇرۇپ دەپنە

---

① ۋ . گ . يان: «چىڭگىزخان»

قىلدى.
ئارىدىن يەنە 30 يىلچە ئۆتتى. ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى بۈيۈك قوزغىلاڭ پارتلىدى. كىشىلەرنىڭ ئىچىگە تىنىپ كەتكەن دەرد - ئەلىمى غەزەپ - نەپرەتكە ئايلىنىپ، بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى. دېھقان ئارىسىنى، ياغاچچى پالتىسىنى، تۆمۈرچى بازغىنىنى — ھەركىم قولىغا چىققان قورالنى ئېلىپ مەيدانغا يۈگۈردى... شۇ كۈنلەردە، كىشىلەر بېشىغا يىرتىق كۆلا، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن ئۇزۇن جەندە كىيگەن بىر كىشىنىڭ ئات ئۈستىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشتى. خۇددى ۋاپات بولغان ھەسەن دەرۋىش بۇ ئۇلۇغ ئىشلاردىن تەسىرلىنىپ، يەنە ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندەك ئىدى. قويۇق قارا ساقاللىق بۇ قورقۇمسىز كىشى، ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى، دۈشمەن لەشكەرلىرىنى رەھىمسىز قىلىچلايتتى. بۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرىكى ياش باقەم ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى. باقەم بۇ جەڭ كۈنلىرىدە، ھەسەن دەرۋىشنىڭ تەۋەررۈك كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاتلىنىپ چىققانىدى.
كۈرە يېنىدا بولغان بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئادەمنى يىقىلغان ھالدا كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئەتراپى چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ قانچىلىك قايتماسلىق بىلەن، مەردانە جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نىشانى ئىدى. ئۇ قان ئىچىدە ياتقان ئېتىغا يۆلىنىپ قالغان بولۇپ، قوللىرى قىلىچنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقۇنچە قېتىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا، بۇ يەرگە ئولاشقان ئادەملەر يېنىغا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ توختاپ، ئاتتىن چۈشتى. كىشىلەر توپى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئاق مالىخاي كىيگەن، بەستلىك بۇ ئادەمگە يول ئاچتى. بۇ كىشى ئاجايىپ سەركەردە سادىر پالۋان ئىدى. سادىر قەھرى-

ماننىڭ جەستى يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇرمەت بىلەن ئېگىشىپ، ئۇنىڭ دۇشمەنگە قادالغان پېتى ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سىيلاپ يۇمغۇزدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، توپ ئىچىدە تۇرغان بىر يىگىتكە سۇندى:

— بۇنى تۇت يىگىت. قەھرىماننىڭ قىلىچى بىلەن دۇشمەننى ئاداققىچە سۇر!

كىشىلەر بۇ جەسەتنى ھۆرمەت بىلەن قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ كېتىشتى. بۇ شېھىتنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدا ئۇنىڭ قوينىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. خەتكە: «مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، جەسىتىمنى شىمالىي تاغ ئېتىكىدىكى بىر جۈپ قەبرە يېنىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىنغانىدى.

كىتابخان! سىز مەندىن: ئۇلارنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ بارمۇ؟ دەپ سورارسىز. يىللارنىڭ شاماللىرى بۇ قەبرىلەرنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى. ئۇ يەردە ھازىر رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۈچ كىشى تىخى ھايات، قەھرىمان تۇپراقتا كۆمۈلمەيدۇ، خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى: جالالىدىن بەھرام

# مەمتىمىن ھوشۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانما

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 12.125
1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 5,000
ISBN7—228—05080—0/I • 1893
باھاسى: 16.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى تادرىسى

责任编辑:买买提伊明·西帕
封面设计:加拉力丁· 巴哈拉木

**买买提明·吾守尔中篇小说选**（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 12.125 印张 2 插页
1999 年 6 月第 1 版 1999 年 6 月第 1 次印刷
印数:1 —— 5,000

ISBN7—228—05080—0/I·1893 定价:16.00 元